ئابلىز ئەمەت

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



# نەشرىياتتىن

تەتقىقاتچى ئابلىز ئەمەت 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىخابا تەۋەلىكىدىكى كۆنچى مەھەللىسىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1955 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك مەركىزىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئاندىن گۇچۇڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. 1984 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ، لۇغەت تۈزۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پېشقەدەم تەتقىقاتچى ئابلىز ئەمەت ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن مەزگىللەردە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (ئالتە توملۇق)، شۇنداقلا مەزكۇر لۇغەتنىڭ بىر توملۇق قىسقارتىلمىسى ۋە «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە پەن - تېخنىكا لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان؛ بۇ خىل ئىلمىي ئەمگەكلىرى بەدىلىگە 1988 - يىلى «ياردەمچى تەتقىقاتچى»، 1998 - يىلى «كاندىدات تەتقىقاتچى» ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن. ئۆز خىزمىتى جەريانىدا ئۇ روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ تىل - يېزىق تەتقىقاتىغا بارلىقىنى بېغىشلاش ئاساسىدا «مىلادىيە، ھىجرىيە ۋە جۇڭگو سۇلالىلىرى يىلنامىسى كالېندارى» (1985 - يىل)، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىزاھلىق لۇغىتى» (1991 - يىل)، «يىلنامە لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئەرەب يېزىقى ۋە ئەبجەد»، «دۇنيادىكى ۋاقىت رايونلىرى»، «‹بېلىق يىلىمۇ ياكى ئەجدىھا يىلىمۇ›غا جاۋاب» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. قولىڭىزدىكى بۇ «لۇغەت» ئۇنىڭ ئەڭ يېڭى ئەمگەك مېۋىسىدۇر.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ئورنىدا ........ 1
لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە 4
ئا ........................... 1
ئە ........................... 40
ب ........................... 52
پ ........................... 87
ت ........................... 103
ج ........................... 136
چ ........................... 143
خ ........................... 156
د ........................... 170
ر ........................... 187
ز ........................... 190
س ........................... 194
ش ........................... 222
غ ........................... 227
ق ........................... 231
ك ........................... 269
گ ........................... 290
ل ........................... 299
م ........................... 301
ن ........................... 318
ھ ........................... 324
ئو ........................... 335
ئۇ ........................... 347
ئۆ ........................... 353
ئۈ ........................... 370
ۋ ........................... 372
ئې ........................... 374
ئى ........................... 384
ي ........................... 398

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «لۇغەت»كە 4000 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلدى. كىرگۈزۈلگەن ھەربىر ماقال - تەمسىل مەنبەلەرگە ئاساسەن ئىزاھلاندى. شۇنداقلا ئىزاھلارنىڭ ئىخچام ۋە توغرا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

2. «لۇغەت»تىكى ماقال - تەمسىللەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

3. «لۇغەت»كە كىرگۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەرگە بېرىلگەن ئىزاھلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە ئىستېمال مەنىسى ئاساس قىلىنىپ، چۈشىنىشلىك بولۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. «لۇغەت»كە كىرگۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەر ئىزاھلانغاندا، تەڭداش ئىزاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش ( ، ) قويۇلدى. تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىتلىك پەش ( ؛ ) قويۇلدى. ئىزاھ تۈگەپ مىسال ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئىزاھتىن كېيىن قوش چېكىت ( : ) قويۇلدى.

5. «لۇغەت»كە كىرگۈزۈلگەن ۋارىيانتلىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەسلىي دەپ قارالغىنى ئىزاھلاندى، ۋارىيانتى دەپ قارالغىنى ئىزاھلانماي «قاراڭ» سۆزى بىلەن ئالدىنقى ئىزاھلانغان ماقال - تەمسىلگە ھاۋالە قىلىندى.

**ئابدال ئاتقا مىنسە باي بولدۇم دەر،**
**چامغۇر ئاشقا كىرسە ماي بولدۇم(دەر)**

بۇ، تۇرمۇشتا ئاز - تولا مەنپەئەت، راھەتكە ئېرىشىپ، بۇرۇنقى رىيازەتلىك، غۇربەتلىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىلەرنىڭ ماختانچاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئابدال تەكىيىدە، ھاجى مەككىدە**

بۇ، ھەركىم، ھەرنەرسە ئۆز خىلى، ئۆزدائىرىسىدە، ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئورۇندا تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئابدالغا كەپسەن بەرسە،**
**جىنىڭ راستمۇ، دەپتۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ خالىسانە ياردىمىگە مىننەتدارلىق، رازىمەنلىك بىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنساپسىزلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئابدالنىڭ دوستلۇقى كەنت كۆرۈنگۈچە**

بۇ، بىر كىمگە ھاجىتى چۈشۈپ، ئىشىنى پۈتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈزسىز، نامەردلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئابرۇينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس**

بۇ، ئادەم ئېسىل خىسلىتى بەدىلىگە ئېرىشىدىغان ھۆرمەت، ئىناۋەت، نوپۇزنى ماددىي نەرسە ياكى ساختىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئابرۇيۇڭنى ياشلىقتىن ساقلا،**
**چاپىنىڭنى يېڭى چېغىدىن(ساقلا)**

بۇ، كىشىلەرنى ئۆز ئابرۇيىنى ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ساقلاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

**ئابرۇيۇم ئالاچاپان**

بۇ، ياخشى كىيىم - كېچەك ئادەمگە ھۆسن ۋە زىننەت بېغىشلايدىغانلىقىنى، ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا تاشقى كۆرۈنۈش، سالاپەتمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ، ھوشيار بول**

«ھوشيار بولساڭ، ئاپەت كۆرمەيسەن» دېگەن ماقالنىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئات ئاتاخمۇ ئىشەنچ قىلغىلى،**
**قاق قوزۇقنى باغلىۋەت**

بۇ، ھەرقانداق بىر ئىشتا ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇش، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماسلىق، ئېھتىمالغا يېقىن، كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر**

بۇ، ئادەم ياشانغانسېرى ئەقىل - ئىدراك ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، ياشلارغا، ھەتتا بالىلارغا ئەگىشىپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى، بالىلىق مىجەزگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،**
**خوتۇن ئالساڭ يىل(كېچەش)**

بۇ، ھەركىم كۆڭۈلدىكىدەك خوتۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئۇزاق ئويلىنىپ، كۆپ سىردىشىپ، بىر - بىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن توي قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر،**
**چىنە ئالساڭ چېكىپ(كۆر)**

بۇ، ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالىدىغان چاغدا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىملىقى، تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا سېتىۋالغاندا زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئالساڭ يېقىندىن ئال،**
**خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن(ئال)**

بۇ، يىراقتىن ئات ئالغاندا قاچسا تۇتماق، يوقالسا تاپماق مۇشكۈل؛ يېقىن يەردىن خوتۇن ئالغاندا ئورۇنسىز بېرىش - كېلىش، قۇرۇق گەپ - سۆز كۆپىيىپ، باش ئاغرىقى، ئاۋارىچىلىك تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايلىخانغا،**
**يول سارىخانغا**

بۇ، گەپنى باشقىچە قىلىپ، يولنى باشقا ياققا سالىدىغان ئالانىيەت، لەۋزىدە تۇرمايدىغان، سەممىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايلىنىپ قوزۇقىنى تاپار**

بۇنىڭ مەنىسى «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەن تەمسىلنىڭ ئىزاھى بىلەن ئوخشاش:

ئېسىمدە، سەن شۇ چاغدا —
سولانماستا،
دېگەنتىڭ قۇلىقىمغا شۇنى ئاستا.
«ئۈچىدۇ ئوتمۇ ئاخىر يېنىپ -
يېنىپ،
تاپىدۇ قوزۇقىنى ئات ئايلىنىپ».

**ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار**

بۇ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆز يۇرتىنى، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، باشقا ياققا كەتكەنلەر ئاخىر ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەقىل تېپىپ يۇرت - ماكانىغا، ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايىغان ئات مىنەر،**
**كىيىم ئايىغان تون كىيەر**

بۇ، ئېھتىياجلىق مال - مۈلۈك، نەرسە - كېرەك، بۇيۇملارنى تېجەپ، ئاسراپ ئىشلەتكەندە ئۇنىڭدىن ئۇزاق مۇددەت پايدىلانغىلى، ئورۇنسىز چىقىملارنى تېجەپ قالغىلى، ھال - كۈننى ياخشىلىغىلى بولـ

دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايغىنى تاي باسار**

بۇ، بالىلار ئاتىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ،
ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇرى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات — ئەر كىشىگە قانات**

بۇ، قاتناش قوراللىرى ماشىنىلاشمى-
غان دەۋرلەردە ئات ئەڭ ياخشى ۋە تېز قات-
ناش قورالى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئات — بىر قىلىقى يات**

بۇ، ئات ئۆي هايۋىنى بولسىمۇ، يەنىلا
ئادەم بىلەلمەيدىغان يوشۇرۇن خۇيى بولى-
دۇ، ئۇنىڭدىن سەگەك بولۇش كېرەك دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن**

بۇ، تۇرمۇشتا هەركىم ئۆزىنىڭ ئەهۋا-
لىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، زورمۇزور سۆ-
لەتۋازلىق قىلماسلىق كېرەك، ياخشىنى تاپ-
قۇچە، تېپىلغىنىغا شۈكۈر قىلىش كېرەك،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ**

بۇ، هەرقانداق ئىشنى باشلاشتىن بۇ-
رۇن زۆرۈر تەييارلىق بولۇش، چوڭ نەتىجە
يارىتىش ئۈچۈن كىچىك ئىشلارنى ياخشى
ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتتىن چۈشسە ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسى**

بۇ، ئەمەلدىن، نام - ئابرۇيىدىن ئاي-
رىلسىمۇ، خەلقئالەم ئالدىدا ئوسال بولسى-
مۇ، بىرەر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويسىمۇ، گۇ-
ناهىنى گەدىنىگە ئالمايدىغان، چوڭچىلىق
قىلىپ، ئۆزىنى هېچكىمگە تەڭ قىلماي،
هېچكىمگە گەپ بەرمەي يۈرىدىغان كىشىلەر-
نىڭ مەنمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتقا مىنگەشمە،**
**مىنگەشكەندىن كېيىن ئۈندەشمە**

بۇنىڭ مەنىسى «ئات كەينىگە مىنگەش-
مە، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە» دېگەن
تەمسىل بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىر ئىشقا
ئالدىراپ تۇتۇش قىلماسلىق، تۇتۇش قىلغان
ئىكەن، قەتئىي ئىرادە باغلاپ تۈرلۈك قى-
يىنچىلىقلارغا چىداش ۋە يېرىم يولدا يالتى-
يىۋالماي، ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتقا ئېگەر كېرەك،**
**ئېگەرگە ئەر (كېرەك)**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭغا
لازىملىق ماتېرىيال ۋە ئۇنى جايىدا ئىشلىتە-
لەيدىغان ئادەم بولغاندىلا ياخشى نەتىجە ها-
سىل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئات قولدا سىنىلار،**
**دوست يولدا، قۇش ئۇۋدا (سىنىلار)**

بۇ، هەرقانداق نەرسىنىڭ يارامىلىق -
يارامسىزلىقى ئىشلىتىلىش جەريانىدىن؛ ئا-
دەمنىڭ سەمىمىي - سادىق، ۋاپادار ياكى
ۋاپاسىزلىقى ئەمەلىيەتتىن مەلۇم بولىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات كىشنەشكىچە،**
**ئادەم سۆزلەشكىچە**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئادەمگەرچىلىك قائىدىسى بويىچە سالاملىشىش، ئەھۋاللىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات كىشنىشىپ تېپىشار،**
**ئادەم سىردىشىپ**

بۇنىڭ مەنىسى «ئات كىشنەشكىچە، ئادەم سۆزلەشكىچە» دېگەن تەمسىلنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

**ئات مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم**

بۇ، ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىققا ئېرىشكەندە ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان، ئۇلارغا مېھىر - شەپقەت قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنى بەيگىدە سىنا،**
**مەردنى مەيداندا**

بۇ، ئاتنىڭ ياراملىق - يارامسىزلىقى چاپقاندا، بەسلەشكەندە مەلۇم بولغىنىدەك، مەرد ئادەم ئېغىر كۈنلەردە ئەل - يۇرت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان باتۇرلۇق ئىشىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،**
**ئىتنى چىشلىمەيدۇ (دېمە)**

بۇ، ئات بىلەن ئىت ھايۋان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن دائىم ھەزەر ئەيلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ھوشيار، سەزگۈر بولۇپ، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ**

بۇ، بىر تۈردىكى ھايۋانلار بىر - بىرىنىڭ تېپىكلىرىگە چىدىغاندەك، مەرد ئادەملەر ئۆزئارا جېدەللىشىپ، زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ قالسىمۇ، ئاداۋەت ساقلاشماي، كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس،**
**ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار**

بۇ، مەرد، باتۇر، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا قىلغان - ئەتكىنى، خاپىلىقى بىر - بىرىگە ئېغىر كەلمەيدۇ؛ يات - غەيرىي، يامان ئادەملەرنىڭ قىلغان - ئەتكىنى ياخشىلارغا ھار كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بولار**

بۇ يەردە، ئات — ئەل - يۇرتنى سۆيىدىغان، ئاق كۆڭۈل، مەرد - سېخىي، ياخشى ئادەملەرنىڭ سىمۋولى؛ ئىت بولسا قارانىيەت، رەزىل، نىيىتى يامان ئادەملەرنىڭ سىمۋولى. بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسى ياخشىلار بەختسىزلىككە، پىشكەللىككە، زىيانغا ئۇچرىسا، ۋاقىتسىز قازا قىلسا، يامان ئادەملەر گويا توي بولغاندەك خۇش بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنىڭ يامىنى ئالا،**
**خوتۇننىڭ يامىنى بالا**

بۇ، خۇيلۇق (چىچاڭشىيدىغان، تەپ-
كەك...) ئات خەۋپلىك بولۇپ، جانغا ئەس-
قاتماي، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى؛
ئەدەپ - ھاياسىز، ئەخلاق - پەزىلەتسىز،
ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان، بىشەم، ھازا-
زۇل خوتۇن ئەرنىڭ جېنىغا جاپا، ئاپەت
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ھارسا ئېغىل ياخشى،**
**ياتقاقتا شېغىل (ياخشى)**

بۇ، ھەرقانداق ئىش ۋە نەرسىلەرنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىغا، ئېھتىياجىغا قاراپ چارە
قىلىش، تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئات - ھارۋاڭ كەتسىمۇ كەتسۇن،**
**غاڭزاڭنى چالا قاقما**

بۇ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانماي
ئىرادە باغلىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ
نەتىجە قازىنىش، ئوتتۇرا يولدا تاشلاپ قوي-
ماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئېغنىغان يەردە تۈك قالىدۇ،**
**ئوق تەگكەن يەردە ئىز (قالىدۇ)**

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر ياخ-
شىلىق ياكى يامانلىق ئەمەللىرى بىلەن ئەل
- يۇرت ئىچىدە تونۇلىدۇ، ياخشىلارنىڭ
ئىش - ئىزلىرى تىلدىن تىلغا مەدھىيىلە-
نىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياخشىلىقتىن
داڭقى قالىدۇ. يامانلارنىڭ دەرد - ئەلىمى،
زورلۇقى بالىدىن - بالىغا ئۇنتۇلماي،
خەلقنىڭ قەلبىدە جاراھەت ئىزى بولۇپ،
يامانلىقتىن دېغى قالىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئىگىسىنى ئات كەينىگە**
**مىنگەشتۈرمەپتۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ مال - مۈلۈك، نەرسە
- كېرەك، جابدۇق - سايمانلىرىنى ئارىيەت
ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ قىلىۋا-
لىدىغانلارنىڭ مۇتتەھەملىك، يولسىزلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئات يوق يەردە ئېشەكمۇ ئات**

بۇ، ئات تېپىلمىغان ئەھۋالدا ئېشەكنى
ئاتنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولغاندەك،
ئىختىساسلىق كىشىلەر بولمىغان ئەھۋالدا
ئاددىي ئادەملەرمۇ زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ
ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھاجەت-
تىن چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا - ئانا دۇئاسى**
**ئوتقا - سۇغا پاتۇرماس**

بۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىمىنى، نەسى-
ھىتىنى ئاڭلاپ شۇ بويىچە ئىش قىلغان پەر-
زەنتلەر ھەرگىز يامان كۈنگە قالمايدۇ،
بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا - ئاناڭغا دېيەلمىگەن گېپىڭنى**
**مورا بېشىغا يېزىپ قوي**

بۇ، بىراۋغا يۈزمۇيۈز دېيىشكە ئوڭاي-
سىزلىنىدىغان مەقسەت، مۇددىئانى مەلۇم

شەرتلىك بەلگە قالدۇرۇش ياكى ئىما ـ ئىـ
شارە ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈش لازىم،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا ـ ئانام يانچۇقۇمدا،**
**ئۇرۇق ـ تۇغقان ساندۇقۇمدا**

بۇ، يانچۇقىدىكى پۇلنى ئاتا ـ ئانىـ
دىن، ساندۇقىدىكى مالنى ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرىدىن ئەلا كۆرىدىغان، ھەممە ئىشتا
پۇلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ۋاپاسىز-
لىق ۋە ئاچكۆزلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا بالىسى بولغۇچە،**
**يۇرت بالىسى بول**

بۇ، ھەركىم ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلە-
مەي، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، ياخ-
شى ئىش قىلىدىغان، پەزىلەتلىك، ئۇلۇغۋار
كىشىلەردىن بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس**

بۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى قەدىرلىمەي،
ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي، بويۇنتاۋلۇق
قىلىپ قاقشىتىدىغان، ۋاپاسىز، نادانلار ئاتا
ـ ئانىنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇلۇغلۇقىنى، ئا-
تا ـ ئانا بولۇشنىڭ تەسلىكىنى ئۆي ـ ئو-
چاقلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆرگەندىلا چۈشى-
نىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما**

بۇ، ئاتا خالىمىغان ئىشنى قىلماس-
لىق، ئاتا يامان كۆرگەن، تاپىنى چىققان،
ئاداۋەتخور ئادەملەر بىلەن باردى ـ كەلدى
قىلماسلىق، ئۇنداق ئىش ـ ھەرىكەت ۋە
ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا رازى ـ خۇدا رازى**

بۇ، ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىش پەر-
زەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان قەر-
زى، مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئا-
نىنى رازى قىلغان پەرزەنتلەردىن خۇدامۇ،
ئەل ـ يۇرتمۇ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئاتا سۆزى ئېتىلغان ئوق**

بۇ، ئاتىنىڭ گەپ ـ سۆزى، نەسىھىتى
پەرزەنتلەر ئۈچۈن مۇقەددەس قارار، ئۇنى
ئۇلۇغ، ئەھمىيەتلىك بىلىش، ئەستە ساق-
لاش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا قارغىشى ئوق،**
**ئانا قارغىشى دوق**

بۇ ماقالىنىڭ خەلق ئارىسىدا «ئاتا قار-
غىشى ئوق، ئانا قارغىشى پوق» دېگەن ۋارى-
يانتىمۇ بار بولۇپ، بىر ۋاقىتتا فېئوداللىق
ئەر ـ ئاياللار ئورنى قارىشى ئۆز ئىپادىسىنى
تاپقان، يەنە بىر ۋاقىتتا، «يىگىت سۆزىدىن
قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن» دېگەندەك، ئا-
تىنىڭ ئاسانلىقچە ئاغزىدىن «سۆز» چىقار-
مايدىغانلىقى، ئەمما ئاغزىدىن چىقىپ كەت-
كەن «سۆز» نىڭ ئاتقان ئوقتەك يانمايدىغان-
لىقى، ئەمما ئانىنىڭ باغرى ئاتىغا نىسبەتەن
يۇمشاق بولغاچقا، ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزى-
دىن چىقىرىپ تاشلىغان «سۆز» دىن ئەقىل

تىزگىننى قولىغا ئالغان ھامان يېنىۋالىدى-
غانلىقى، قىسقىسى، 10 ئاي قورساق كۆتۈ-
رۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تەۋەللۇت قىلغان
ئانىنىڭ ھەرقانچە «ئەسكى» بالىسىغىمۇ
كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە چىدىمايدىغانلىقى
قەيت قىلىنىدۇ.

**ئاتا كەسپى بالىغا مىراس**

بۇ، ئاتىنىڭ ياخشى ياكى يامان ھۈنەر - كەسپىنى بالىسى ئىگىلەيدۇ. ئاتىنىڭ ياخشى كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر روناق تاپىدۇ، يامان كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر خاراب بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا كەسپىنى تاشلىغان،**
**پېشانىسىنى قاشلىغان**

بۇ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ھۈنەر - كەسپىنى ئىگىلىمىگەن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلمىغان پەرزەنتلەر غورىبەتچىلىكتە قالىدۇ، ئۆمۈر بويى پۇشايماندا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى**

بۇ ماقالىنىڭ «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى» ياكى «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، لاتا ئەسكىسى» دەيدىغان ۋارىيانتلىرىمۇ بار بولۇپ، بىراۋنىڭ كىيىمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى، ئەسكى كىيىم كىيىۋالغان ئادەملەر ئىچىدىمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق، يۈكسەك پەزىلەتلىك، پاك ۋىجدانلىق، بىلىم ئىقتىدارلىق نى - نى ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا كۆرگەن ئوق ياسار،**
**ئانا كۆرگەن تون پىچار**

بۇ، ئاتىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن پەرزەنت كەسىپ ئەھلى بولىدۇ؛ ئانىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن پەرزەنت تۆشۈك ئىشلىرىغا پىششىق، يىپ - يىڭنە ئىشىغا ماھىر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتاڭ باردا دوست ئىزدە،**
**ئېتىڭ باردا يول (ئىزدە)**

بۇ، ھەركىم دوست - يار، لايىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ بارىدا تاللاش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش كېرەكلىكىنى؛ ياش ۋاقتىدا، مادار، ئىمكانىيەتنىڭ بارىدا تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئەقىل تېپىپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىش، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئىگىلىك تىكلەپ، كەسىپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار**

بۇ، ئورۇنسىز، كۆڭۈلسىز ھەر قانداق بىر ئىش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىم، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئادەم كۆپ يەردە، تېخىمۇ مۇھىمى بازاردا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ،**
**بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن**

بۇ، ھەركىم ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەش، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ رازى قىلىش كېرەكلىكىنى؛ ياخشىلىق قىلغان ھالاۋەت، يامانلىق قىلغان مالامەت كۆرىدىغانلىقىنى؛ ئاتا - ئانىنى قاقشاتقان، رەن-

جىنتكەن كىشى باللىرىدىن ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭ كىم بولسا،**
**سەن شۇنىڭ ئوغلى**

بۇ، ھەرقانداق جانلىق ئاز - تولا بولسىمۇ، ئۆز نەسلىنى تارتىدۇ. ئادەملەر قانداق ئائىلىدىن چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقىلىپ ئاتا - ئانىسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ(يەر)**

بۇ، يەر ئاتا - ئانىدەك مېھرىبان، سېخىي، تىرىكچىلىكنىڭ دەسمايىسى ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرگە تۈگىمەس مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى، ئەجىر قىلغانلارنى نائۇمىد قويمايدىغان ئالتۇن قوزۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭ مىراب بولغۇچە،**
**بېرىڭ باشتا بولسۇن**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئاتا - ئانىنىڭ ئەمەلىگە، باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقى - ئىلتىپاتىغا تايىنىپ نەتىجە يارىتىش، ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىش خىيالىدا بولغاندىن كۆرە، ئۆز كۈچىگە، ئۆزىنىڭ نەپسىي ئىمكانىيىتىگە تايىنىپ نەتىجە يارىتىش، تىرىكچىلىك قىلىش ھالال بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر**

بۇ، پايدا - مەنپەئەتنى دەپ ئەل، خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئات-

قان، ئۇلارنىڭ قولى بولۇپ قۇۋمىغا تالاپەت يەتكۈزگەن ۋىجدانسىز ئادەملەرگە قىلىنغان كىنايىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،**
**ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن**

بۇ، خەلق ئاتا - ئانىدىنمۇ ئۇلۇغ تۇرىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئامانلىقى ئاتا - ئانىنىڭ ئامانلىقىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، پەقەت خەلق ئامان بولغاندىلا خاتىرجەملىك، بەختلىك تۇرمۇش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ**
**«بارىكاللا»سىغا يەتمەپتۇ**

بۇ، ئائىلىسىگە، تۇرمۇشىغا كۆيۈنمەي، ھەشەمەتچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىككە بېرىلىپ، ئېرىنىڭ تاپقىنىنى كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتكە، ئۆزىنى ياساشقا سەرپ قىلىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدىغان ئاياللارنىڭ ماختانچاق، بەتخەجلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا باراشتى،**
**چەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى**

بۇ، بىراۋنىڭ پېشكەللىككە، ئوڭۇشسىزلىققا، زىيانغا ئۇچرىشى يەنە بىرىگە ئوڭۇشلۇق، خۇشاللىق، پايدا - مەنپەئەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم،**
**بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ بېرەردىم**

بۇ، ھەر قانداق بىر كىشى كەلگۈسىدە

يۈز بېرىدىغان تاسادىپىي ھادىسىلەرنى ئال-
دىن بىلەلمەيدىغانلىقىنى؛ كۈتۈلمىگەن ھا-
دىسە يۈز بەرگەندە پۇشايمان قىلىش، ئەپ-
سۇسلىنىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى؛ ئېھتى-
ماللغا قارشى ھوشيار، ئېھتىياتچان، تەد-
بىرلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاتا ئۆلمەي، ئاتا قەدرىنى بىلمەس

بۇ، ھەركىم بېشىغا كۈن چۈشكەندە، كەلگۈلۈك كەلگەندە، ئاتا - ئانىدىن ئايرىل-
غاندا كۈن كەچۈرۈشنىڭ، تىرىكچىلىكنىڭ
تەسلىكىنى بىلگەندە ئاتا - ئانىنىڭ قەدرى-
نى، ياخشىلىقىنى چۈشىنىدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ.

ئاتىدىن ھىممەت، ئوغۇلدىن خىزمەت

بۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربى-
يىلەيدىغانلىقىنى، ئىللىق مېھرى بىلەن
غەمخورلۇق قىلىپ ئۆستۈرىدىغانلىقىنى؛
پەرزەنتلەر بۇنىڭغا جاۋابەن ئاتا - ئانىنىڭ
خىزمىتىنى قىلىپ ئۇلارنى رازى قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئانىسى ئاتالمىغان قوشغۇزنى،
بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى

بۇ، ئەجدادلار قىلالمىغان، ئەمەلگە ئا-
شۇرالمىغان ئىشلارنى ئەۋلادلار قىلالايدىغان-
لىقىنى، ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىنى،
ئەۋلادلار ئەجدادلاردىن ئېشىپ كېتەلەيدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئانىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق،

ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ

بۇ، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى زىيادە
ئەركە، قىلىقسىز ئۆگەتمەي، ئەدەپلىك،
ئەخلاقلىق تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ
ئۇششاق - چۈششەك تالاش - تارتىشلىرىغا
ئورۇنسىز بولۇشۇپ، جېدەلگە ئارىلاشماس-
لىق كېرەكلىكىنى، بالىلارغا بولۇشۇش بىر
خىل ناچار ئادەت بولۇپ، چوڭلار ئوتتۇرى-
سىدا ئاغرىق - ئاداۋەت پەيدا قىلغاندىن باش-
قا، بالىلارنى بۇزىدىغانلىقى، بىشەم قىلىپ
قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاتىسى تۇرۇپ، ئوغلى سۆزلىگەندىن بەز

بۇ، ئاتا - ئانىسى، مۇيسىپىت، چوڭ-
لار بار سورۇندا ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ
قويۇپ، ھېچكىمگە گەپ بەرمەي مەمەدان-
لىق، بىلەرمەنلىك قىلىدىغان يېتىم ئاقسا-
قال، ئاتىكاچى، ئەدەپسىز، نادانلار بىلەن
ئالاقە قىلماسلىق، ئۇلارغا ئارىلاشماسلىق،
ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىل-
دۈرىدۇ.

ئاتىسى غورا يېسە،
بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ

بۇ، بەزى ئاتا - ئانىلار ئەسكى ئىشلار-
نى قىلسا ئۇنىڭ ئىزا - ئاھانىتىنى بالىلىرى
تارتىپ، خەلقئالەم ئالدىدا نومۇسقا قالىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئانىلىق يېتىم — كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم — گۆل يېتىم

بۇ، ئانىسىز بالىلار ئاتىنىڭ تۇرمۇش
ھەلەكچىلىكىدە تالانىڭ ئىشلىرى بىلەن بو-

لۆپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆشۈك،
يىڭنە ئىشلىرىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك
كىيىم - كېچەك، يورۇش - تۇرۇش، يې-
مەك-ئىچمەك جەھەتلەردە غورىگىل، ئاچ-
توق، روھى سونۇق، غەمكىن ئۆتىدىغانلى-
قىنى؛ ئاتىسىز بالىلار ئانىنىڭ مېھرىبانلى-
قى، جانكۆيەرلىكى، غەمخورلۇقى، بالا تەر-
بىيىلەشكە، ئۆي ئىشلىرىغا ماھىرلىقى بى-
لەن ئاتىسىز بالىلارغا قارىغاندا ياخشىراق
كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتىنىڭ بەرگىنى كۆرۈملۈك،**
**ئەرنىڭ بەرگىنى ئۆمۈرلۈك**

بۇ، ئاتا - ئانا قىزلىرىنى ياتلىق قىلى-
غاندىن كېيىن ئۇلارغا داۋاملىق ئىقتىسادىي
ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ياردەم بەرگەن
تەقدىردىمۇ ئاندا - ساندا، ۋاقىتلىق بولىدى-
غانلىقىنى، ئۇلارغا پەقەت ئېرىلا ئۆمۈرلۈك
ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا،**
**بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا**

بۇ، ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ بەختى
ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ نى - نى
جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ، ئۇلارنىڭ
سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيىدۇ؛ بەزى بالى-
لار چوڭ بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئويۇن -
تاماشا، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئاتا -
ئانىلىرىنىڭ ئەجرىنى، ئۈمىدىنى ئۇنتۇپ،
ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي، ئۇلارنى را-
زى قىلماي قاقشىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئاتاقتا بار، ساناقتا يوق**

بۇ، قۇرۇق نام - ئاتىقى بار، لېكىن
ئەمەلىي كۈچى، ھوقۇقى، ھۆرمەت - ئىنا-
ۋىتى، بىلىم - ئىقتىدارى، خىزمەت تۆھپى-
سى، دەسمايىسى، ئەھمىيىتى، رولى يوق-
لۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، دائىم
لاپ سۆزلەپ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان،
ئەمەلىيىتى يوق پوچىلارنىڭ ماختانچاقلىقى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ،**
**چىچالمىغان پوقىدىن (كۆرىدۇ)**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ئۆ-
زىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىگە تەن بەرمەي،
ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامانلاشقاندا باشقىلاردىن
كۆرىدىغان، ئۆزىنى ئاقلاپ، مەسئۇلىيەتنى
ئۆزگىگە ئارتىپ قويىدىغان سەممىيەتسىز
ئادەملەرنىڭ يارامسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ،**
**قايتىپ كېلىپ خوتۇنىدىن (كۆرىدۇ)**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ئۆ-
زىنىڭ يارامسىزلىقىغا تەن بەرمەي، ئوڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرىغاندا ئايالىدىن كۆرىدىغان،
ئۆزىنى ئاقلاپ ئايالى بىلەن جېدەللىشىدىغان
نامەردلەرنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس**

بۇ، ئېغىزدىن چىققان سۆزنى، ۋەدىنى
قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، گەپنى
بايقاپ سۆزلەش كېرەكلىكىنى، ئېيتىلغان

سۆزگە ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى؛ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت، ئۆمۈر قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆمۈرنى ئاسراش، قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتمىشنىڭ پۈتەر، ئالتىنىڭ قالار**

بۇ، يۈز - ئابرۇيى بار، پۇلدار، بايلارنىڭ ئىشلىرى زىيانغا، كاشىلىغا ئۇچرىماي ھايالسىز پۈتىدۇ؛ يولى يوق، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلىرى زىيانغا، كاشىلىغا ئۇچراپ پۈتمەيدۇ، يۈرۈشمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتمىش ياشلىقتىن سورىما،**
**ئالتە ياشلىقتىن سورا**

بۇ، ئەقىل ياشانغانلاردىلا بولماستىن، بەلكى كىچىك ۋە ياشلاردىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئادەم قېرىغاندا ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىنمۇ چېكىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەقىل، مەسلىھەتنى چوڭلاردىنلا ئاڭلىماي، كىچىكلەردىنمۇ ئاڭلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر**

بۇ، ① ئۇزاق ۋاقىت ئاچ قالغان ئادەم ئاچلىقنىڭ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئۇنتۇمايدۇ، مول ئوزۇق - تۈلۈككە، مال - دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، كۆڭلىدە يوقسۇزلۇققا قېلىش ۋەھىمىسىدىن خالىي بولالمايدۇ، شۇڭا قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئاچ كۆزلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② قول - ئىلكىدە يېتەرلىك مال - دۇنيا تۇرۇقلۇق خەقنىڭ قولىدىكىگە كۆزى چۈشىدىغان تەمەخورلاردىن ھەزەر ئەيلەش، يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ توق بىلەن ئويناماس**

بۇ، ① ئاچ ئادەم ھەمىشە قورسىقىنىڭ غېمىدە باشقا ئىشلارنى ئويلىمايدۇ، ئويۇن - تاماشىنى خالىمايدۇ. ھېچكىم بىلەن ئارلاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە مەنىدە، يوقسۇل، نامراتلار ئۆز خېلى، قاياشى بىلەن ئارىلىششىنى، ئۆزئارا ھال - مۇڭ، ھەمدەم بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەرگىز بايلار، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچچىق ئالدىدا، ئەقىل كەينىدە**

«ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ،**
**ئەقىل كەينىدە (يۈرىدۇ)**

بۇ، ھەر قانداق ئىشتا سالماق، ئېغىر - بېسىق بولۇش، ئويلىنىپ ئىش قىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق، قىزىققانلىق، تېرىككەكلىك قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ**

بۇ، خاپىلىق، پەرىشانلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك ئادەمنىڭ زېھنىنى چاچىدۇ، ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ، ھەسرەت - پۇشايماندا قالدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ**

«ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاچچىقنىڭ دورىسى — سۈكۈت**

بۇ، ئادەم بىرەر ئوڭۇشسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك، خاپىلىققا دۇچ كەلگەندە تېرىكمەي، ئاچچىقلانماي، ئۆزىگە ھاي بېرىپ، سەۋرچان، ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچچىقنىڭ كەلگەندە لېۋىڭنى چىشلە**

بۇ، بىرەر خاپىلىق، قايغۇ، غەزەپ، رەنجىشكە ئۇچرىغاندا يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئېغىر - بېسىق، سەۋر - تاقەتلىك، تەمكىن بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق**

بۇ، بىرەر خاپىلىق، قايغۇ، دەرد - ئەلەم، ئىنتىقام تۇپەيلىدىن بولغان غەزەپنى يۇتماق، ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك — خۇددى تاغنى تالقان قىلغانغا ئوخشاش كۈچلۈك بىر نەرسە ئۈستىدىن غالىب كېلىش روھى بىلەن ئاچچىقنى يېڭىشنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ قالغان ئاماق تاللىماپتۇ**

بۇ، ① يوقسۇزلۇقتا قالغان كىشى نېمە تاپسا شۇنى يەپ، قورسىقىنىڭ تويغىنىغا قانائەت قىلىپ، ئاماقنى ئىلغىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ② كۆچمە: قىيىنچىلىقتا قالغان يوقسۇللار جان ساقلاش ئۈچۈن ئېرىشكەن ئېرىكچىلىك شارائىتىغا شۈكۈر قىلىپ، ئىش، ئورۇن، مەرتىۋە قوغلاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ كۆز تويماس، بېخىل بېيىماس**

بۇ، ① كۆزى ئاچ، نەپسى يامان ئادەملەر يېمەك - ئىچمەكنى كۆرگەندە نەپسىنى يىغالمايدۇ، تويغىنىنى بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ② كۆچمە: پىخسىق، دۇنيا خورلارنىڭ مال - مۈلكى كۆپەيگەنسېرى شۈكۈر - قانائەت قىلماي، تېخىمۇ كۆرەيتىشكە، بېيىشقا تىرىشىدۇ، ئەمما بېخىللىقىدىن راۋاج تاپالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما**

بۇ، يوقسۇزلۇق، جاپا - مۇشەققەتلىك ئېغىر كۈنلەردە شۇغۇللانغان كەسىپنى، كەچۈرمىشلەرنى ئۇنتۇماي، باياشات، بەختلىك، راھەت كۈنلەرگە ئېرىشكەندە ئەسلەش، ياد ئېتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچلىقتىن خومارلىق يامان**

بۇ، ئوزۇقلىنىش، يېمەك - ئىچمەك، قورساق تويغۇزۇش ئارزۇ، تەشنالىقىدىن كۆرە، ئىشق - مۇھەببەت، يار ۋەسلىگە يېتىش، كەيپ قىلىش، ھاۋايى - ھەۋەس ئىستىكى، تەلىپى كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ،**
**ئانا - ئاناڭنى تاشلىما**

بۇ، يوقسۇزلۇق ۋە نامراتلىقتىن ھەر قانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ زارلانماي، ئاتا - ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىش، بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ ئېمىنى يېمەيدۇ،**
**ئەل ئېمىنى دېمەيدۇ**

«ئاچ ئېمىنى يېمەيدۇ، توق ئېمىنى دېمەيدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاچ ئېمىنى يېمەيدۇ،**
**توق ئېمىنى دېمەيدۇ**

بۇ، يوقسۇزلۇقتا قالغان كىشى تاماق تاللىماي، يېگىلى بولىدىغان ھەر قانداق يېمەكلىكنى يەۋېرىدۇ؛ تۇرمۇشى ياخشى، «توققۇزى تەل» كىشىلەر باياشات، خاتىرجەملىكتىن باشقىلارنىڭ ئەيىب، قۇسۇرىنى كوچىلاپ، ياخشى - يامانلىرى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس**

بۇ، ① يوقسۇزلۇقتىن قورسىقى تويماي ئۆتۈۋاتقان بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىنى «توققۇزى تەل»، قورسىقى توق كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ② كۆچمە: بېشىغا كۈن چۈشمىگەن، تۇرمۇشى باياشات، توققۇزى تەل، غەمسىز كىشىلەر يوقسۇل، نامراتلارنىڭ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈك، قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشەنمەيدۇ، يار - يۆلەك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،**
**توقنىڭ كۆزى ئۈستۈۋاشتا**

بۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئاچ قالغان ئادەم ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، مول ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشسىمۇ، يەنىلا دىققەت - ئېتىبارى ئاشقا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى، قورسىقى توق، غەمسىز ئادەم «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقار» دېگەندەك، كىيىم - كېچەك، ھەشەم - دەرەمگە بېرىلىدىغانلىقىنى، يۇقىرى تۇرمۇش مەئىشىتىگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچنىڭ ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس**

بۇ، ① كۆزى ئاچ، نەپسى يامان ئادەملەر يېمەك - ئىچمەكنى كۆرگەندە نەپسىنى يىغالمايدۇ، قورسىقى تويسىمۇ تويمىغاندەك، يېگۈسى كېلىپ ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: پۇل - مالغا تويمايدىغان دۇنياخورلارنىڭ مال - مۈلكى كۆپەيگەنسېرى شۈكۈر قىلماي، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، تېخىمۇ كۆپەيتىشكە، بېيىشقا ئۇرۇنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس**

① يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، كۆزى ئاچ، ناسناس ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە ھېچ نەرسە تۇرمايدۇ، ھېچ نەرسە ساقلىيالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: يوقسۇز، نامراتلارنىڭ تۇرمۇشى يوقسۇزلۇقتىن ئالدى - كەينى ئۇلاشماي قىيىنچىلىق، غورىگىل ئۆتكەچكە، ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئېشىنىش ئىمكانىيە-

تى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ ئېيىق ئوينىماس**

بۇ، پايدىسىنى كۆرۈۋاتقان، مەنپەئەتى تېگىۋاتقان ئادەمنى رازى قىلماي، ئېھتىياجىنى قاندۇرماي تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا، نەپ ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاختارمىنىڭ چالمىسى يامان،**
**خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسى (يامان)**

بۇ، يەر كۆچسىزلىنىپ قۇۋۋىتى قالمىغاندا بەزلىشىدۇ، ئاغدۇرغاندا چالما بولۇۋالىدۇ، چالمىلىق يەر تېرىقچىلىققا پايدىسىز، ئۈنۈمسىز بولۇپ، يانجىمىسا بولمايدۇ؛ گەپ تاپقۇر، ساياق ئايال لالما كېلەدۇ، ئۆيمۇئۆي قاتراپ پىتنە - پاسات تارقىتىپ، ئائىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى، مەھەللىنىڭ تىنچلىقىنى، خاتىرجەملىكىنى بۇزدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاخشىمى خوتۇننىڭ سۆزى راست،**
**كۈندۈزى ئانىنىڭ سۆزى (راست)**

بۇ، ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈندىلىك ئىشلاردا ئايالىنىڭ سۆزىنى قوللاپ كەتمەي، ئانىنىڭ مەسلىھەت، يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئانىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش، سۆزىنى ھەرگىز رەت قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا،**
**يېقىنلار بىلەن كېڭەش قىل**

بۇ، ھەركىم ھاياتلىقىدا قەدىرلىنىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ياشىشى ئۈچۈن خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش بولۇپ، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، كېلەچىكى ئۈچۈن ئاساس يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاداشقانغا ياماشقان**

بۇ، ئازغان، خاتالاشقان كىشى قىلمىشىنى تونۇپ، توۋا قىلىپ، توغرا يولنى تېپىۋالمىغاندا پالاكەتتىن، پېشكەللىكتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم ئادەم بىلەن،**
**پىستە بادام بىلەن**

بۇ، ① ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئۆز خىلى، تەڭتۇشى بىلەن ئارىلاشقاندا، داستىخانغا تىزىلغان مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەكتەك بىر - بىرىگە ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ② كۆچمە: كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر قانداق ئادەم جامائەتكە ئارىلىشىپ، چىقىشىپ ئۆتۈش لازىملىقىنى، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر**

«كۆز — قەلب دېرىزىسى» بولغىنىدەك، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى - ئەپتىگە قاراپ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن، ئەپتىگە ئاساسلىنىپ ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق بىلىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئاساسەن توغرا چىقىدۇ. ئادەتتىكى

گەپ - سۆزلىرىمىزدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان: «قارا، ئەپتىڭگە، نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن؟»، «ئۇنىڭ كۆزلىرى جاللاتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن»، «ئۇنىڭ تۇرقى ئوغرىنى ئەسلىتىدۇ» دېگەندەك ئىبارىلەر «ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر» نىڭ ئىزاھى بولالايدۇ. دېمەك، بۇ ماقالدا ئادەمنىڭ ياخشى - يامان، سەممىي - سەممىيەتسىز، خۇشامەتچى ياكى غۇرۇرلۇق دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرى ئەپتىدىن بىلىنىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

**ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ قەدىرلىشىدۇ ياكى بىر - بىرىنى مەنسىتمەي كەمسىتىشىپ پەسلىك قىلىشىدۇ، مۇبادا بىر كىم سېنى ھۆرمەتلەپ قەدىرلىسە، سەنمۇ ئۇنى ئىززەتلەپ قەدىرلىگىن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم بالىسى دۇكان كۆرمىگۈچە**
**ئادەم بولماس**

«مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئادەم بالىسىنى باقساڭ**
**ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر،**
**ھايۋان بالىسىنى باقساڭ**
**ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر**

بۇ، يامان ئادەم ھايۋاندىن بەتتەر ۋەھشىي، قارانىيەت، ياۋۇز بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە ياخشىلىق، رەھىم - شەپقەت كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا مۇناسىۋەتتە ئادەمنىڭ سىرتىغا، گەپ - سۆزىگە ئىشىنىپ ئالدانماسلىقنى، رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇرمۇشتا، بالىلىرى قاڭغىر قاقشاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ: «ئىست، ھايۋان بالىسى باقسامچۇ سېنى باققۇچە...» دەپ ۋايساشلىرى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان.

**ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن**

بۇ، ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئىلىم كىشىگە چەكسىز كۈچ-قۇدرەت، ئەقىل— پاراسەت، شان - شۆھرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئادەم ئىلىم ئىگىلىگەندىلا ھەر قانداق مۇشكۇلات ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقىنى، يۈز - ئابرۇي، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى؛ بىلىمسىز، نادانلىق ئىنسان ئۈچۈن مەھكۇملۇق بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا خارلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن،**
**ئەخمەق بولىسەن ساقلىڭ بىلەن**

بۇ، ھەركىم كىچىكىدىن باشلاپ ئەخلاق، مەدەنىيەتتە ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىنىپ يېتىلىشنى، گەپ - سۆزدە، ئىش - ھەرىكەتتە كۆپ ئويلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىشنى؛ ئەقىلسىزلىق بىلەن ياشىغان ئادەم ھەممە ئىشتا كەمستىلىپ، مەسخىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم تىلىدىن كېتەر،**
**ھايۋان مۈڭگۈزىدىن (كېتەر)**

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم ئويلىماي سۆزلەپ قويۇپ، ئۆز ئاغزى بىلەن بالاغا قېلىش بىلەن ئۆمۈر بويى پۇشايمان يەيدىغانلىقىنى؛ ئۇسكەك، خۇيلۇق هايۋان ئۆزىنىڭ يامان خۇيى بىلەن هالاك بولىدىغانلىقىنى؛ شۇڭا هەركىم گەپ - سۆز، ئىش - هەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇپ، پاراسەت، سەزگۈرلۈك بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم خىسلىتىنىڭ بىرى ئۆزىدە بولسا،**
**توققۇزى توندا**

بۇ، ياخشى كىيىم ئادەم هۆسنىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە كىشىگە زىننەت بېغىشلايدىغانلىقى، مەلۇم هۆرمەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن سالاپەت، تاشقى كۆرۈنۈشمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمدە يۈز بولمىسا، جىنمۇ قورقىدۇ**

بۇ، يۈزسىز، مۇتتەھەم ئادەم نەپسىنى قاندۇرۇش، پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنساپسىزلىق ۋە ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، ئەخلاق، ئار - نومۇس، قائىدە - يوسۇننىمۇ بىلمەيدۇ، پۈتۈن خەلقنى قاقشىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ،**
**هايۋان تۇياقتىن (سەمرىيدۇ)**

بۇ، پاساھەتلىك ياخشى سۆز، پەندى - نەسىھەت، ئىللىق مۇئامىلە ئادەمنىڭ روھىنى ئۇستۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى، مەنىۋى خۇشاللىق ۋە بىلىم ئاتا قىلىدۇ؛ هايۋان يېتەرلىك شارائىت دائىرىسىدە ياخشى ئاسرىلىپ، ئوبدان كۈتۈلۈش ئارقىلىق ئەت ئېلىپ يوغىنايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمگە ئەقىل كېرەك،**
**پاتقاقتا شېغىل (كېرەك)**

بۇ، ئەقىل ئادەمنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان چىراغ، كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى كۈچ. شۇڭا، بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئادەم ئەقىلگە تايىنىپ هايات كەچۈرىدۇ؛ شېغىل پاتقاقنى قاتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئامىلى. شېغىل ياتقۇزۇلغان يەردە پاتقاق هاسىل بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنى ئارزۇ ئۇچۇرىدۇ،**
**قۇشنى قانات (ئۇچۇرىدۇ)**

بۇ، ئارزۇ — ئۈمىد دېمەكتۇر. ئۈمىد — ئىنساننىڭ قانىتى. ئۈمىدۋار ئادەم هەر قانداق ئىشتا پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ، نەتىجە قازىنىپ، شان - شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ؛ قانات — قۇشنىڭ يەلكىنى. قاناتسىز قۇش ئۇچالمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنى غەم يەيدۇ،**
**تۆمۈرنى نەم (يەيدۇ)**

بۇ، غەم — ئادەمدىكى روھىي يۈك، تۆمۈرنى خورىتىدىغان زىياندىش، نەم — مېتال، ياغاچ قاتارلىقلارنى چىرىتىدىغان زىيانلىق ئامىل ئىكەنلىكى، شۇڭا ئادەم ئۆز هاياتىدا دۇچ كەلگەن ئوڭۇش-

سىزلىقلارغا سەۋرچان بولۇشى، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى، ئورۇنسىز غەم، خىياللارنى قىلماسلىقى، سالامەتلىكىنى ئاسرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ ئادەملىكى**
**ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئادەم دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىر ئىشتا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، تەمكىن بولۇشتەك ئېسىل خۇي - پەيلى، ياخشى پەزىلىتى ئارقىلىق تونۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ ئالدى گۇل، كەينى تىكەن**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەر قانداق ئادەم كەمچىلىك، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ؛ كىشىلەر ئادەتتە بىراۋنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقى ئۈستىدە يۈز تۇرانە سۆزلەشكە پېتىنالمايدۇ، يوق يەردە ئارقىدىن گەپ قىلىشنى ياقتۇرىدۇ، بىر - بىرىنى ئورۇنسىز رەنجىتىپ، چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،**
**ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا**

بۇ، ئىنسان مۇرەككەپ شەيئى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەيىب - قۇسۇرى، خۇي - مىجەزى، قىلىقلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن بىلىشكە بولمايدىغانلىقىنى؛ ھايۋاننىڭ ئەيىب - قۇسۇرى، خۇي، ئىللەتلىرىنى تۇرقىدىن، ئەپتىدىن بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ تېشىغا باقماي، ئىچىگە باق**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىشتە، ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئەخلاق - پەزىلىتى، بىلىملىكلىكىدىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسىغا قاراش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ جېنى چىقسا،**
**گالزاڭنىڭ كۆلكىسى كېلەر**

بۇ، مەلۇم ئادەم بىرەر ئىشقا ئالدىرىغاندا، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا تەگمۇتەك، قولمۇقول ھەمكارلاشمايدىغان، ھەتتا ھېسداشلىقمۇ قىلمايدىغان گىرى ئادەملەرنىڭ بىغەملىكىنى، پەرۋاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ دېگىنىگە قارىما،**
**قىلغىنىغا قارا**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى، پەزىلەتلىك ياكى پەزىلەتسىزلىكىنى ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئىش - ھەرىكىتى، كۆرسەتكەن نەتىجىسىگە قاراش ئارقىلىق ئۆلچەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ قىممىتى سۆز بىلەن،**
**ئاشنىڭ تەمى تۇز (بىلەن)**

بۇ، ئادەم تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئابرۇيى، كەم سۆزلۈكى بىلەن، پاساھەتلىك، مەنتىقىلىق،

گۈزەل ئۆتۈق قابىلىيىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ، تونۇلىدۇ؛ تۈزى تەڭشەلگەن غىزانىڭ تەمى مەززىلىك، يېيىشلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە،**
**ئىتنىڭ كۈچۈكى بول**

بۇ، چوڭلارنىڭ ھە دېگەندە كىچىكلەرنى بوزەك قىلىدىغانلىقى، قارشىلىق قىلالمايدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ قالايمىقان ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلار تېزراق چوڭلار قاتارىغا ئۆتۈپ ھۆرمەتكە ئېرىشىش، ئىختىساسلىق بولۇشقا تىرىشىش لازىملىقىنى، ئىختىساسلىق بولالمىغان، ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن، قەدىر - قىممىتى يوق كىشى ھەر جەھەتتىن ئېتىبارسىز قارىلىپ، ئۇنى ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدۇ، مەنسىتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنىڭ بېتى يوق،**
**ئالتۇننىڭ دېتى(يوق)**

بۇ، ئادەم ئۆزئارا تونۇشۇپ سىرداشسا، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، باردى - كەلدى قىلىشسا ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ؛ ئالتۇن بولغانسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەركىبىنىڭ ساپلىقى بىلەن داتلاشمايدۇ، چىرىمەيدۇ، سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،**
**توشقاننى قومۇش(ئۆلتۈرەر)**

بۇ، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ئابرۇيى ئەخلاق ۋە ئار - نومۇس-

… چانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، …
شىپ، تاپتىن چىققان، نومۇسنى يوقاتقان كىشى خەلقئالەم ئىچىدە رەسۋالىشىپ، ئەزا - ئاھانەتلىك كۈنگە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ،**
**غەم قاقشىتىدۇ**

بۇ، ئۈمىدلىك ئادەم ھەر قانداق ئىشتا ئۆتۈق، نەتىجە قازىنىپ، بەختلىك ياشايدۇ؛ غەملىك ئادەمنىڭ روھى يۈكى ئېغىرلاپ، تەشۋىش بىلەن زارلىنىپ، ھەسرەت چېكىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس**

بۇ، ئادەم ھايات بولسىلا تىرىكچىلىك ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئىشلەپ، جېنىنى بېقىپ، تۇرمۇشىنى قامدىيالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم ئۆلمەس، كۆزى تويماس**

بۇ، تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىگە بېرىلگەن ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغىنىغا، تاپاۋىتىگە قانائەت قىلماي، تېخىمۇ ھاللىق ئۆتۈشكە، بېيىشقا ئىنتىلىدۇ، كۆپلەپ مال - دۇنيا، تەئەللۇقات توپلاشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم يەرنى ئالدىمىسا،**
**يەر ئادەمنى ئالدىماس**

بۇ، يەر ئىنساننىڭ تىرىكچىلىك قىلىش مەنبەسى، بايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك نەپكە ئېرىشىش سىڭدۈرۈلگەن ئە-

جىرگە باغلىق، يەرگە تىرىشىپ، تۆجۈپىد-
لەپ ئىشلىگەندىلا يەرمۇ كىشىلەرنى نا ئۆ-
مىد قويمايدۇ، تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئېرىش-
تۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادىمى يوق ئۆيدە
ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان
بۇ، بىر يۇرت ياكى بىر مەھەللىدىكى
جامائەتنىڭ ئىچىدە بىرەر بىلىملىك، ئوقۇ-
مۇشلۇق، دانا، ئۆلىما كىشى بولمىسا، بىر
قارىتۇرۇك، نادان كىشى ئالىم ئاتىلىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كالىلار
بۇ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى، خۇشاللى-
قىنى كۆزلەپ، پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنمەيدى-
غان، كارى بولمايدىغان، ئاتىلىق مېھرىنى
سىڭدۈرۈپ، بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان باغ-
رى قاتتىق، تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭ خۇي
- پەيلىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالىمەن دېمە
بۇ، ئەقىلدىن تاشقىرى پايدا - مەنپە-
ئەت قوغلىشىدىغان، ئاز ئەجىر قىلىپ كۆپ
نەپ ئۈندۈرۈش غەرىزىدە بولغان ھىيلىگەر،
ساختىپەزلەرنىڭ شۇملۇقى ئەمەلگە ئاشماي-
دۇ، بەتنىيەتنىڭ ئىشىدىن ھېچقانداق نەتى-
جە چىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارپا - تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە - مارجان تاش(ئىكەن)

بۇ، ئىنسان ئاشقا تايىنىپ ياشايدىغان-
لىقىنى، ئاش بولمىسا جان ساقلىغىلى،
كۈن كەچۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ قىم-
مەت باھالىق زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ئاش-
لىقنىڭ ئورنىدا يېگىلى بولمايدىغانلىقىنى،
شۇڭا ئاشلىقنى قەدىرلەپ، زايە قىلماسلىق
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارپا چامدا پۇل،
كۆمۈر كاندا(پۇل)
بۇ، ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ چىققان، پەيدا
بولغان، ساقلانغان يېرىدە ئەتىۋارلىق، خې-
رىدارلىق بولىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ
ئۇنى ھەقسىز، سەۋەبسىز ئىگىلىۋالالماي-
دىغانلىقىنى، ئېلىۋېلىشىغا يول قوي-
ۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ئۇ كۆزىنى مېنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا
يەرگە قارىغىنىچە روھسىزلىق بىلەن:
— مۇدىر، «ئارپا چامدا پۇل، كۆمۈر
كاندا (پۇل)» دېگەندەك، بۇ نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ئىسكىلاتتا، بىز ئىگىدارلىق قى-
لالمايمىز، — دېدى.

ئارتۇق دۇنيا باشنى يارماس
بۇ، تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان ھەر
قانداق بىر نەرسىنىڭ زاپاس، ئارتۇق بولغى-
نى كىشىگە ھەرگىز زىيادىلىك قىلمايدۇ،
ئۇ بەرىبىر لازىم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

ئارتۇق دۆلەت باش يارماس
«ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس» نىڭ

ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئارغامچانىڭ پۇلى تۇرۇپتۇرسۇن،**
**كولامنىڭ پۇلىنى بەر**

بۇ، بىراۋنىڭ كۆپلىگەن ياردىمى، ياخشىلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي، كۆز يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بىراۋغا قىلغان ئازغىنە ياردىمى، ياخشىلىقىنى ھەر ۋاقىت ئاغزىدىن چۈشۈرمەي پەش قىلىدىغانلارنىڭ مىننەتخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق**

بۇ، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ماددىي شارائىت يوق تۇرۇقلۇق ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ، تىلەكتە بولۇش — قۇرۇق خام خىيال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئارىدا قاڭشار بولمىسا،**
**ئىككى كۆز بىر - بىرىنى يەر**

«ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشقا ئىككىلىنىپ، كۆڭۈل توختىتالمايدىغان، جۈرئەت قىلالمايدىغان، تۇراقسىز، مەيدانسىز ئادەملەر پالاكەتكە ئۇچراپ، زاۋال تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز بولسا كۆپكە تاۋاپ قىل**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن ماددىي شارائىتىغا، تۇرمۇش ھالاۋىتىگە تى-
ساپ، قانائەت بىلەن قاراپ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلىغاندا سان قوغلاشماي، سۈپەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ياراملىق، ئەستايىدىل، پۇختا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلا؛**
**ئاز يە، كۆپ چاينا**

بۇ، ئادەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەمتەر، كەم سۆز بولۇپ، پېشقەدەم، ئاقىللارنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ، مەدانىلىق قىلماسلىقنى؛ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، پاك ياشاپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز سۆزلە، ئۆز سۆزلە**

بۇ، ئادەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەمتەر، كەم سۆز بولۇپ، مەنتىقىلىق، پاساھەتلىك، چىرايلىق سۆزلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئازغا قانائەت قىلمىغان كۆپتىن قۇرۇق قالار**

بۇ، ئاز نەرسىدىن كۆپ نەرسىلەر ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن تاپاۋىتىنى ئاز كۆرمەي، قانائەت قىلغاندا كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تاپاۋەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئازنى دەپ كۆپتىن قۇرۇق قايتۇ**

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇرنىنىڭ ئۇ-
چىنىلا كۆرۈپ يىراقنى نەزەر سالمايدىغان،
كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ
كەلگۈسىدىكى چوڭ پايدىنى ئويلىمايدىغان،
نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەرگە قارىتىلغان
بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ ھېچقانداق نەتىجىگە
ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز ئېشىم — غوۋغىسىز بېشىم**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لى، ماددىي شارائىتىغا يارىشا پىلانلىق ئىش
كۆرۈپ ياشىغاندا، تۇرمۇشى خاتىرجەم، با-
ياشاتلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز يەپ ئاسان تىرىل**

بۇ، ھەركىم تاپقان تاپاۋىتى، ماددىي
شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، قانائەتچان-
لىق بىلەن ئاددىي - ساددا ياشاپ، كۆڭۈل
ئاغرىقى، خاپىلىقتىن ساقلىنىش كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز يېگەن كۆپ يەر،**
**كۆپ يېگەن نېمە(يەر)**

بۇ، تاپقىنىغا، نورمال ئۆتۈۋاتقان كۈ-
نىگە قانائەت قىلغان كىشىنىڭ تۇرمۇشى
كۈنسېرى روناق تاپىدۇ، قانائەتسىزلىك ئىش
ئۇزاق داۋاملىشىدۇ، ھالال نېسىۋىسىگە،
كۆرۈۋاتقان كۈنىگە رازى بولماي، ئاچ كۆز-
لۈك، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان كىشىنىڭ
تۇرمۇشى زاۋال تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئاز يېگەن كۈندە يەر،**
**جىق يېگەن نېمە(يەر)**

«ئاز يېگەن كۆپ يەر، كۆپ يېگەن
نېمە يەر»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ**

بۇ، ھەركىم ئەقىل - پاراسىتىگە تايى-
نىپ، توغرا كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك
قىلىپ، ئاز تاپسىمۇ باشقىلارنى ئالدىماي،
قاقتى - سوقتى قىلماي، پاكلىق بىلەن ئې-
رىشكەن ئەجىر مېۋىسى ئارقىلىق بېيىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاستا ماڭغان تاغ ئاشار،**
**يۈگۈرگەن باغ(ئاشار)**

بۇ، ① سەپەردە ئالدىراپ ماڭغاندا كا-
شىلىغا ئۇچراپ مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ؛ ئالدى-
رىماي، سالماق ماڭغان ئادەم مەنزىلگە خا-
تىرجەم يېتەلەيدۇ؛ ② كۆچمە: ئادەم ھەر
قانداق بىر ئىشنى ئېغىر - بېسىق، سەۋر-
چانلىق بىلەن ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغاندىلا
نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان،**
**توختاپ قالغان يامان**

بۇ، ①ئادەم ئالدىراپ، تېز مېڭىپ،
يېرىم يولدا ھېرىپ توختاپ قالغاندىن كۆ-
رە، ئاستا بولسىمۇ، توختىماي ماڭسا سەپى-
رى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ؛ ② كۆچمە:
ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلىغاندا غەي-
رەتلىك، ئىرادىلىك بولۇپ، ئىشەنچنى بو-
شاشتۇرماي، ئاخىرغا قەدەر بەرداشلىق بې-
رىپ داۋاملاشتۇرغاندىلا نەتىجە قازانغىلى بو-

لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاسقۇدا گۆش بولسا،**
**بىر كۈنى مېھمانغا يارايتۇ**

بۇ، ① ئۆيدە يېمەك - ئىچمەك مول
ۋە زاپاس بولسا، ساھىبخان كۈتۈلمىگەندە
كەلگەن مېھماننى تەمتىرىمەي ئوبدان كۈتە-
لەيدۇ؛ ② كۆچمە: بىراۋغا قىلىنغان ياخ-
شىلىق، ئۆتكۈزۈپ قويغان ئالغۇ - بەرگۈ
ھامان قايتىدۇ، ھاجەتكە، ئېھتىياجغا
ئەسقاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئاسمان بېسىۋالسا،**
**ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر**

بۇ، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ، ھېچنې-
مىدىن غەم يېمەيدىغان، كەلگۈلۈككە پەرۋا
قىلمايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى بىغەم ئا-
دەملەرنىڭ بىپەرۋالىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق**

«ئاسمان يىراق يەر قاتتىق، ئۆلەي دې-
سەم جان تاتلىق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كى-
شىلەر ماڭا ئوغرىكەن دەپ، نەپرەت بىلەن
قاراپ تۇرۇشاتتى، بۇ ھال مەن ئۈچۈن ئاس-
مان يىراق، يەر قاتتىق بولدى، ئىزا -
ئاھانەتنىڭ ھەر قانداق تاياق - توقماقتىنمۇ
ئېغىر ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىل-
دىم.

**ئاسمان يىراق يەر قاتتىق،**
**ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق**

بۇ، بىرەر ئىشنىڭ بېشى، تۈرتكە-
سى تۈپەيلىدىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى
بىلەلمەي، ئامالسىزلىقتىن گاڭگىراپ قال-
غان كىشىلەرنىڭ باش قېتىنچىلىق ئەھۋالى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئاسمان يىقىلىپ چۈشسە**
**ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر**

«ئاسمان بېسىۋالسا، ئاستىدا يېتىپ
مانتا يەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاش بەرگەن قازاننى چاقما**

بۇ، باشقا كۈن چۈشكەندە، ئېغىر كۈن-
لەردە جانغا ئەسقاتقان كىشىنى ياكى كەسپ-
نى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەندە ئۇنتۇماس-
لىق، يۈز ئۆرۈمەسلىك، ۋاز كەچمەسلىك
كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن**

بۇ، بىراۋنىڭ باققان، تەربىيىلىگەن
ئەجرىگە، ياخشىلىقىغا ۋاپاسىزلىق، ۋىجدان-
سىزلىق قىلغان قارا يۈز، نائەھلىلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاش بولسا ئىش بولمىسا،**
**باز بولسا قىش بولمىسا**

بۇ، ئىشلىمەي، بىكار يۈرۈپ يېيىشنى
ياخشى كۆرىدىغان، ئويۇن - تاماشىغا ئا-
راق، راھەت - پاراغەتنى ئىزدەيدىغان،
ئىش خۇش ياقمايدىغان، بىكار تەلەتلەرنىڭ
ھۇرۇنلۇق پىسخىكىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش پەيغەمبەر، نان ئەۋلىيا**

بۇ، ① ئاش – ئوزۇق ھاياتلىقتا ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز ئادەم ياشىيالمايدىغانلىقىنى، ئاش – ناننى قەدىرلەش، ئىسراپ قىلماسلىق ھەممىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: تۇرمۇشتا قولۇم – قوشنا، يېقىنلار ئوتتۇرىسىدا باردى – كەلدى مۇناسىۋەت قىلمايدىغان، يېمەك – ئىچمەك، ئوزۇقنى چىڭ تۇتىدىغان، باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان قىزغانچۇقلارنىڭ پىخسىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش تەڭ، نان تەڭ،**
**سول نېمىشقا كەڭ**

بۇ، تۇرمۇشتا توغرا بولمىغان ئىش – ئەمگەك، ھەق – دارامەت تەقسىماتىدىكى ناھەقچىلىك ئىستىلىنى؛ كۆز بويامچىلىق بىلەن ئاز ئەمگەك قىلىپ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە چاڭ سالىدىغان ساختىپەزلەرنىڭ ئىش – ئەملىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز،**
**ئىشنى كۆرسە قېچىڭ (تاز)**

«ئاش بولسا ئىش بولمىسا، ياز بولسا قىش بولمىسا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ،**
**ئاچلىق بەرسۇن جازاڭنى**

بۇ، تۇرمۇشتا ئاز – تولا ياخشى كۈنگە ئېرىشىپ، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاش – ئوزۇقنى ئىسراپ قىلىدىغان ئازغۇنلار ئاخىر يامان كۈنگە قېلىپ، ئاچلىقنىڭ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس،**
**تاپقان بىلەر**

بۇ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ئەجىر قىلغان، شۇ نەرسىنى ئىشلەپ تاپقان كىشى بىلىدۇ، ئەجىر قىلماي، بىكاردىن نەپكە ئېرىشكەنلەر ئۇنىڭ قەدىر – قىممىتىگە يەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،**
**سۆز كەلسە سۆڭگۈچنى (ئاچ)**

بۇ، ئېرىشكەن رىزقى، مەنپەئەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىماي بەھرىمەن بولۇش، خاپىلىق، ھادىسىگە دۇچ كەلگەندە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ**

بۇ، بىرەر پايدا – مەنپەئەت، ياخشى كۈنگە ئېرىشكەندە يېقىن – يورۇق، قېرىنداشلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان، رەھىم – شەپقەت، ياخشىلىق قىلمايدىغان، ئىنساپسىز، بېخىللارنىڭ نامەردلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش كەلسە يە، سۆز كەلسە دە**

بۇ، داستىخان ئۈستىگە، تاماق تۆپەسىگە كەلگەندە تارتىنماي يېيىش كېرەكلىكىنى، گەپكە گەپ كەلگەندە ئىككىلەنمەي، ئۇيالماي، يۈرەكلىك دېيىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشنى باداڭدىن سورا،**

**ئىشنى كارداڭدىن (سورا)**

بۇ، ھەر ئىش، ھەر نەرسىنى شۇ ئىش، شۇ نەرسىنىڭ ئەھلىدىن، كۆپنى كۆرگەن كىشىدىن سوراپ بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشنى سىڭگەندە ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە (ماختا)**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنى، نەرسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، نەتىجىسىگە قاراپ خۇلاسىلەش؛ دوستىنى، ھەمراھىنى، يوق يېرىدە، كەينىدىن تەرىپلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشنى كۆرۈپ ئىشنى ئۇنتۇما**

بۇ، بىرەر پايدا - مەنپەئەت، ياخشى كۇنگە ئېرىشكەندە كەسىپنى تاشلىماسلىق، كەسىپدىن يۈز ئۆرۈمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش ئۆتنە، ئىش لاپقۇت**

بۇ، بىراۋ بىلەن ماددىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئالغۇ - بەرگۈ، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قىلغاندا ھەر قايسىسىنى ئۆز يولى بىلەن ۋاقتىدا قايتۇرۇش، ئادىل بىر تەرەپ قىلىش، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى نارازى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاش يوق، ئىشتەي يوق**

بۇ، يوقسۇزلۇقتا يەي دېسە غىزا بولمىغاندىكىن ئۇنىڭغا بېقىپ كىشىدە ئىشتەيمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭدەك بىرەر ئىشتا ئارزۇ - تىلەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ماددىي شەرت - شارائىتنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا باغلىق. ماددىي شەرت - شارائىتى بولمىغان كىشىدە ئارزۇ - تىلەكمۇ بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشقان - تاشقان بارات تازىنىڭ**

بۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا پايدا - مەنپەئەت، راھەت، ھالاۋەت، ياخشىلىققا ئالدامچى، قارانىيەت، «نوپۇزلۇق» لار ئېرىشىپ، دەردۇبالا، جاپا - مۇشەققەت، تارتقۇلۇق ئاجىز، بىچارە، مىسكىنلەرگە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئەستايىدىل ئويلاپ بىر نىيەتكە كېلىشى لازىملىقىنى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئۇجمە كۆڭۈللۈك قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، پۇشايماندا قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشىقچىلىقتا ئۆلۈم كۆزگە كۆرۈنمەس**

بۇ، ئىشق - مۇھەببەت ۋەسلىگە يەتمەكچى بولغان ھەقىقىي ئاشىق ئۈچۈن ھەر قانداق خەۋپ - خەتەر، جاپا - مۇشەققەت توسالغۇ بولالمايدۇ، بارلىقىنى بېغىشلاپ ھەممىدىن كېچىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشىققا باغداد يىراق ئەمەس**

بۇ، يارىنى، مەشۇقىنى كۆرمەك بولغان، بىرەر نەرسىگە ئىشتىياق باغلىغان كىشىگە ھەر قانداق قىيىنچىلىق، جاپا -

مۇشەققەت، ئارىنىڭ يىراقلىقى توسالغۇ بو-
لالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاشقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس**

بۇ، بىرەر ئىش، نەرسىگە ئىشتىياق
باغلاش، كۆڭۈل بېرىش، قىزىقىش ئوڭاي،
لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىش (ھىجران)
مۇشكۇل بولۇپ، كىشىگە ئېغىر كۆڭۈل-
سىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئاشقلىق يولى — ئازاب يولى**

بۇ، بىراۋغا كۆڭۈل بېرىش، مەپتۇن
بولۇش، سۆيگۈ رىشتىسىگە باغلىنىش ئا-
شىققا نىسبەتەن جاپالىق، مۇشكۇل، قىيىن-
چىلىق ئۆتكىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىق بولساڭ ئۆلۈپ قۇتۇل،**
**قەرزدار بولساڭ بېرىپ (قۇتۇل)**

بۇ، سالامەتلىكىنى ئاسرىمىغان كىشى
ئاغرىققا دۇچار بولىدۇ، داۋالانمىسا ھاياتىغا
خەۋپ يېتىدۇ؛ تۇرمۇشى پىلانسىز، چېچە-
لاڭغۇ كىشى قەرزدار بولىدۇ، قەرزنى تۆلى-
مەي بولمايدۇ؛ دېمەك، ئاغرىش ۋە قەرزدار
بولۇشنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىنسان ئۈچۈن
بىر - بىرىدىن پەرقى يوق ئاقىۋەت ئىكەنلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىق پاتمانلاپ كىرەر،**
**مىسقاللاپ چىقار**

بۇ، ئادەم سالامەتلىكىنى ئاسرىما-
لىق، مىجەز تەكچىزلىكىنىڭ بۇزۇلۇ-
شى سەۋەبلىك بىردىنلا كۈتۈلمىگەن ئېغىر
كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئۇشتۇم-
تۇت يېقىتقان كېسەللىك ھەر قانچە داۋالان-
غان تەقدىردىمۇ تەدرىجىي شىپا تاپىدۇ، شۇ-
ڭا ئاغرىق كىشى كېسەللىككە جىددىي مۇئا-
مىلە قىلىپ داۋالىنىش بىلەن بىر چاغدا
ساقىيىشنى سەۋرچان پوزىتسىيەدە تۇرۇپ
كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىق قالسىمۇ، ئادەت قالماس**

بۇ، ئاغرىغان كىشى كۆڭۈل قويۇپ دا-
ۋالانسىلا كېسەلدىن قۇتۇلىدۇ؛ ئەمما ئۇ-
نىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى، خۇي -
مىجەزى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ئاسان-
لىقچە ئۆزگەرمەيدۇ. «ئەسكى» خۇي - مى-
جەزگە پەندى - نەسىھەت، تەربىيىلەرمۇ كار
قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىق كېلەر ئاشتىن،**
**بالا كېلەر قاياشتىن**

بۇ، نەپسىنى يىغماي ئۈچرىغانلىكى
نەرسىنى يېگەن كىشى ئاسانلا ھەر خىل كې-
سەللىككە دۇچار بولىدۇ، شۇڭا ھەركىم
سالامەتلىكىنى ئاسراپ، نەپسىنى يىغىش
كېرەك؛ كۈتۈلمىگەن ئۆچ - ئادا-
ۋەت، خەۋپ - خەتەر، كۆڭۈلسىز ئىشلار
كۆپىنچە ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىدىن
كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىقنىڭ تۈزەلگۈسى كەلسە،**
**تېۋىپ ئۆزى كېلەر**

بۇ، بىرەر قىيىن ئىشنىڭ ھەل بولغۇ-
سى كەلگەندە كاشىلىسىز ئۆزلۈكىدىن
ئوڭغا تارتىپ، تۇرلۈك شەرت - شا-

رائىتلار ئەپلىشىپ، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا**

بۇ، ھەر قانداق ئەيىبلىك، يامان ئىشنى بىراۋدىن يوشۇرۇپ، ئۇزاق ۋاقىت خۇپىيانە تۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، خۇپىيانە تۇتۇلغان قىڭغىر ئىش ھامان بىر كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، رەسۋا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قومۇل قوزغىلىڭىغا دائىر خەۋەرلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلەشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇمچى ئەتراپى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردىن ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ قومۇل تەرەپكە يولغا سېلىۋاتقانلىقى ھەممە ئىشنى ئاشكارىلاپ قويالتى.

**ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق**

بۇ، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالغان كىشى ئاقىۋەتتە بىھۇدە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ، كۆڭۈل چەكلىك تۈپەيلىدىن كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقىغا قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە**

**بۇرنى ئاۋۋال تاشقا تېگىپتۇ**

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق**

بۇ ئىبتقانلىرى بىلەن ئەمەلىيىتى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى كىشىلەرنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى، ۋاپاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۆيىنغۇچ ئوبدان نېمە،
يازلىقى بار، كۈزلۈكى يوق.
يېڭى يار ئوبدان نېمە،
ئاغزىدا بار كۆڭلىدە يوق.

**ئاغزىدا كۆلكە - چاقچاق،**

**قوينىدا پالتا - پىچاق**

بۇ، قارىماققا ئوچۇق چىراي، خۇش پېئىل كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن ماھىيەتتە دائىم باشقىلارنىڭ بەختىگە، شاد - خۇراملىقىغا، قازانغان نەتىجىسىگە، شان - شۆھرەتلىرىگە چىدىماي، ھەسەتخورلۇق قىلىپ، سۇيىقەست، رەزىللىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ،**

**كۆڭلىدىن زەھەر (تامىدۇ)**

«ئاغزىدا كۆلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاغزى شېكەر، دىلى زەھەر**

«ئاغزىدا كۆلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق**

«ئاغزىدا كۆلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاغزىڭ ئەپچىل بولغۇچە، قولۇڭ ئەپچىل بولسۇن**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەر ۋاقىت ئېھتىياتچان، كەم سۆز بولۇپ، كۆپ سۆزلەشتىن ساقلىنىش، ئەقلىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، ئىجتىھاتلىق، ئىشچان، تېتىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى**

بۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا، سۆھبەتكە ئارىلىشىۋالىدىغان، سۆزگە لوقما سالىدىغان، گېپىنى ئارتىۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاتىكاچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە**

بۇ، ھەركىم گەپ - سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇپ، ئويلىنىپ سۆزلەش، قالايمىقان سۆزلەپ بالاغا قېلىشتىن ساقلىنىش؛ قالايمىقان ئوزۇقلانماي، ئەھۋالىغا قاراپ ئوزۇقلىنىپ، ئاغرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلىسەڭ، ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولماس**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە گەپ - سۆزگە دىققەت قىلماي، كۆپ سۆزلەيدىغان، كۆڭلىگە نېمە كەلسە ئويلانماي دەۋېرىدىغان كىشىنىڭ خەلقئالەم ئىچىدە ھېچقانداق ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىناۋىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىنى باسسا كۆتى، كۆتىنى باسسا ئاغزى**

بۇ، مۇناسىۋەتتە ئار - نومۇستىن كېچىپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئايىمايدىغان، پۇرسەت تاپسا بىشەملىك بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلەپ، ئېغىز ئاچقۇرمايدىغان جاۋىلداق ئادەملەرنىڭ ئۆكتەملىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىدىغان، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئايايدىغان، ئېھتىياتچان، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئاغزى لەۋەن، ئىشچان، تېتىك كىشى ھەر قاچان مەئىشەتتىن مەھرۇم بولماي، توق ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزى يۇمشاق گۆش يەپتۇ، ئاغزى قاتتىق مۇشت (يەپتۇ)**

بۇ، مۇناسىۋەتتە كەمتەر، چىقىشقاق، گېپى يۇمشاق كىشى مەئىشەتتىن قىسىلماي توق ياشايدۇ؛ كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدىغان، تەكەببۇر، قوپال، مەمەدان ئادەم تاسقىلىپ، دەشنام - ئاھانەت ئاڭلاپ، خار - زەبۇنلۇقتا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر**

بۇ، ① تىلى يۇمشاق، ياۋاش موزاي ئۆز ئانىسىنى ئەمگەندىن باشقا يات ئىنەكلەرنىمۇ ئېمەلەيدۇ؛ ② كۆچمە: باشقىلار بىلەن چىقىشىپ، مۇناسىۋەتتە مۇلايىم بو-

كـ-
لۇپ، ئىناق، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆتكەن
شىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ،
تۇرمۇشى غەمسىز، توق ياشايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاق سۆيدۈرەر، قارا كۆيدۈرەر**

«ئاقنىڭ ئېتى، قارىنىڭ ئوتى» نىڭ
ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئاققا قارا يوق، قارىغا چارە يوق**

بۇ، ① ئاققا قارا مىلەنسە، يۇيۇپ ئا-
قارتقىلى بولىدۇ، قارىنى ھەرگىز ئاق قىل-
غىلى بولمايدۇ؛ ② كۆچمە: پاك نەرسىگە
داغ يۇقمايدۇ، پاسكىنا نەرسىنى ھەرگىز
پاك قىلغىلى بولمايدۇ؛ ③كۆچمە: ئاق كۆ-
ڭۈل كىشىلەر قارانىيەت بولمايدۇ، قاراند-
يەت ئادەم ئاق كۆڭۈل بولالمايدۇ؛ ④
كۆچمە: دوستنى قارىلاشقا بولمايدۇ، دۈش-
مەننى ئاقلاشقا بولمايدۇ، دېگەن مەننى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاق قويدىن قارا قوزىمۇ تۇغۇلىدۇ**

بۇ، ئېسىل نەسەبتىن ھامان ئېسىل
ئەۋلادىنىڭ تۇغۇلۇشى ناتايىن، شۇ ئائىلىنىڭ
ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا يامان، يارىماس ئەۋ-
لادمۇ تۇغۇلۇپ قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئاق كۆڭۈلنىڭ ئېتى ھارماس،**
**كىيىمى توزۇماس**

بۇ، پاك دىيانەتلىك، پەزىلەتلىك، ياخ-
شى ئادەمنىڭ ئەل ئىچىدە مۇشكۈلى ئاسان،
ئىشى ئوڭۇشلۇق، توققۇزى تەل، ئىززەت

- ھۆرمىتى چەكسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئاقنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،**
**قارىنىڭ چىرايلىقلىقى (بىلىنمەس)**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك ئادەمنىڭ
كۆرۈمسىزلىكىنى ئېسىل پەزىلىتى بىلىن-
دۈرمەيدۇ؛ نىيىتى يامان، رەزىل ئادەمنىڭ
گۈزەللىكى ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ياپالمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاقنىڭ ئېتى، قارىنىڭ ئوتى**

بۇ، گۈزەل، چىرايلىق ئاياللار ھۆسن
- جامالى، ناز - خۇلقى بىلەن كىشىنى
مەپتۇن قىلىدۇ، ھۆسنسىز، كۆرۈمسىز ئا-
ياللار ئۆزىنىڭ پاك قەلبى، چىن مۇھەببىتى
بىلەن كىشىنى كۆيدۈرىدۇ، ھۇزۇر بېغىش-
لايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاقىل بولساڭ مەزۇر بولما پارىغا**

بۇ، ھەركىم خىزمىتىنىڭ قولايلىقىد-
دىن، ھوقۇق، مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ،
نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقى، پايدا - مەن-
پەئەتنى دەپ ئاينىماسلىقى، پاك - دىيانەت-
لىك بولۇپ، ئادىل، توغرا يول تۇتۇشى
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز**

بۇ، چېچەن، دانا ئادەم ھەر ۋاقىت
ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدۇ. سەزگۈرلۈكى،
ئەقىللىقلىقى بىلەن كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى
تېپىپ ئىش قىلىدۇ؛ ئەقىلسىز ئادەم ئۆزد-
نىڭ دۆتلۈكى، نادانلىقىدىن باشقىلارنىڭ

بۇيرۇقى، ھەيدەكچىلىكى، دەككە - دەشىنى-
مىسىز ئىش قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئاقىللاردىن ھۆرمەت يانار،**
**نادانلاردىن كۆلپەت(يانار)**
بۇ، بىلىملىك، دانالاردىن كىشىلەرگە
ھەر ۋاقىت رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق
كېلىدۇ؛ بىلىمسىز، قارا قورساقلاردىن
كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت دەرد - ئەلەم، خاپى-
لىق كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاق ئىت، قارا ئىت**
**ھەممىسى بىر ئىت**
بۇ، ① ئىتنىڭ كۆرۈنۈشى، رەڭگى
ئوخشاشمىسىمۇ، ھايۋانلىق خۇسۇسىيىتى
بويىچە ھەممىسى بىر ئىت ئىكەنلىكىنى بىل-
دۈرىدۇ. ② كۆچمە: ئىتتىپاقلىقتا، ئەل -
يۇرتنىڭ مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىد-
غان يامان نىيەتلىك، سۇيىقەستچى، بۇزۇق
ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشى، جىنسىي، مىللى-
تى ئوخشاشمىسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ
مۇددىئاسى ئوخشاش، بىردەك بولغان دۈش-
مەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاق ئىت كەتسە، قارا ئىت كېلىدۇ**
بۇ، بىر سۇيىقەستچى، قارانىيەت يو-
قالسا، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭدىنمۇ يامان،
ياۋۇز ئەسكىسى ئىگىلەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاكاڭ بىلەن ئويناشما،**
**شىلىپاتاڭ يەيسەن؛**
**يەڭگەڭ بىلەن ئويناشما،**
**نوغۇچ بىلەن يەيسەن**
بۇ، كىمكى چوڭلارنىڭ، باشلىقنىڭ
ياكى خانىملىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇلار-
نى خاپا قىلسا، ھەر تەرەپتىن زەربىگە ئۇچ-
راپ، تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بو-
لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ**
بۇ، يۇرتنى كىم سورىسا، كىم رەھ-
بەر، كىم باشلىق بولسا، ئۇنىڭ كىم بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر شۇنىڭغا بويسۇنۇش،
ئىتائەت قىلىش لازىم، دېگەن قۇلچىلىق خا-
ھىشنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاكا - ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ،**
**بىزارى يوق**
بۇ، قېرىنداشلار ئۆزئارا بىر - بىرى
بىلەن سەۋەبلىك ياكى سەۋەبسىز يىرىكلى-
شىپ، رەنجىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، قې-
رىنداشلىق مۇھەببىتى، رىشتىسى ئۈزۈل-
مەيدۇ. بىر - بىرىگە نىسبەتەن قارشىلىق،
ئۆچ - ئاداۋىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئاكا - ئىنى يامان دەپ،**
**تۇغقاننى نەدىن تاپىسەن**
بۇ، بىر ئائىلىنىڭ جەمەتلىرى بىر -
بىرى بىلەن ئورۇنسىز ئۆچلىشىپ، ئاداۋەت-
لىشىپ، يامانلاشماسلىق، كۆڭۈلدە كىر
ساقلىماي، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، كۆي-
ۈنۈپ، بىر - بىرىنى قەدىرلەپ، ئىناق

ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق**

بۇ، ئىشەنچلىك بولمىغان، ئېنىقسىز
يۈرگەن سۆزلەر خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى،
بۇنداق ئىغۋا، ئەپقاچتى سۆزلەرنى ئاڭلە-
ماسلىق، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك، هوشيار
بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق**

بۇ، بىراۋنىڭ ئەپقاچتى گېپىنى ئاڭلى-
غان كىشى ئەيىبكار بولمايدۇ، ھەممە ئەيىب
گەپ توشۇغان كىشىدە. گەپ توشۇپ، سۇ-
خەنچىلىك قىلىش — تىنچ، ئىتتىپاقلىقىقا
بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ئەڭ يامان ئەسكى
ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالاقاغىدا ئېلىشىڭ بولسا،**
**بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ**

بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق، ئۆت-
كۈزۈپ قويغان ئالغۇ - بەرگۈ بىر كۈنى
بولمىسا، بىر كۈنى قايتىدۇ، ئۇ ھامان ھا-
جەتكە، ئېھتىياجغا ئەسقاتىدۇ، ھەرگىز بى-
كار كەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق**

«ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق**

بۇ ماقالىنىڭ «ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى
چار قۇيرۇق» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ،
ھەر بىر پەرزەنت ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىش

- ئەمىلى، مىجەز - خۇلقى، ئەخلاق -
ئىستىلى بويىچە يېتىلىپ، ئاتىنىڭ ئىش -
ئەمىلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە ئاي ئاتقان پاختا**
**بىر پوغا يارىماپتۇ**

«ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا
يەتمەپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالتە ئاي ئاتقان پاختام**
**بىر چاپانغا يەتمەپتۇ**

بۇنىڭ «ئالتە ئاي ئاتقان پاختا بىر پوغا
يارىماپتۇ» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، بى-
رەر ئىشتا ئۇزاق ۋاقىت ئەمگەك سەرپ قى-
لىپ، ئاقىۋەتتە ئەجىرگە لايىق نەتىجە،
كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، ئارماندا
قېلىشتەك مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ،**
**قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ**

بۇ، بىرەر ساھە، بىرەر كەسىپ ياكى
باشقىلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىشلەپ، ئەجىر
قىلىپ، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي،
قۇرۇق قول بولۇپ، داغدا قالغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە تەڭگەم بار، ئات ئالىمەن،**
**بەشتە تەڭگەم بار، قىز ئالىمەن**

بۇ، بىرەر ئىش قىلماقچى بولغان كى-
شى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ،
كۈچ - مادارىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، كۈچ

- قۇدرىتى يەتمىگەن، شەرت - شارائىتى يار بەرمىگەن ئىشقا بەل باغلىماسلىق، كۆچمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە كۈنلۈك مېھمان**

بۇ، ھايات ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، ئۆمۈر ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئۇنى قەدىرلەش تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە**

بۇ، ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەلەردە ئەمەلىي ئىشلىگۈچىدىن باشقۇرغۇچىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى، پۇقرادىن ئەمەلدارنىڭ جىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە ياشلىق كەلسە،**
**ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ**

بۇ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان قەھرىمان، تۆھپىكارلار خەلقنىڭ چەكسىز ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن قەدىرلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھاجى پاتىھەدىن كېيىن داستىخان ئۈستىدە، بىز ئۇيغۇرلاردا «ئالتە ياشلىق كەلسە، ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ» دېگەن گەپ بار ئىدى. بىز پەتىگە بارغۇچە ئۆزىڭىز كەپسىز، دېدى.

**ئالتۇن ئالما، دۇئا ئال**

بۇ، ھەر قانچە كۆپ مال - دۇنيا تاپقاندىن كۆرە، ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقىنى، رەھمىتىنى ئالغانغا تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىنىڭ، خەلقنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى مال - دۇنيادىن ئەلا، ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن باشلىق داداڭ بىلەن قالغىچە،**
**پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال**

بۇ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئاتىسىنىڭ قولىغا قالغان پەرزەنت ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا خارلىنىدۇ؛ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، ئانىنىڭ قولىغا قالغان پەرزەنت ئۆگەي ئاتىدىن خارلىق كۆرمەي، ئانا مېھرىگە قېنىپ ئەركىن ئۆسىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،**
**ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىچەرسەن**

بۇ، ھايات ۋە سالامەتلىك، ساغلاملىق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق بولۇپ، ئادەم سالامەت بولغاندىلا ئەمگەك قىلىپ، ماددىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ھايات كەچۈرەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن كۆرگەندە پەرىشتە يولدىن ئېزىپتۇ**

بۇ، پۇل، مال، بايلىق، پايدا - مەنپەئەتنى كۆرگەندە نەپسانىيەتچىلىك كويىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئار - نومۇستىن كېچىدىغان، قارانىيەت، شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلۇر**

بۇ، ئېسىل نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ياخشىلىقىنى شۇ نەرسىنىڭ ئەھلى،

شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان كىشى، ماھىرى بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر، ئادەم مېھنەتتە**

بۇ، ئالتۇننىڭ ساپلىقى ياكى ساپ ئەمەسلىكى تاۋلاشتىن مەلۇم بولىدۇ؛ ئادەمنىڭ ئىشچان ياكى ھورۇن ئىكەنلىكى ئىش ـ ئەمگەكتە مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز**

بۇ، ھەركىم، ھەر نەرسە ئۆز دائىرىسىدە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئورۇندا تۇرۇش، بىر ـ بىرىگە ماس، جۈپ ـ جۈپىگە كېلىش ئارقىلىق يارىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان،**
**ئون ئىككىنچى ئايدا كالتە چاپان**

بۇ، ھەر ئىش، ھەر نەرسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، لايىقىدا، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ قىلىش، ئۆز شارائىتىغا يارىشا كىيىنىپ يۈرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدى چاق نەدە ماڭسا،**
**كەينى چاق شۇ ئىزدا ماڭىدۇ**

بۇ، باشتىكىلەر قانداق يول تۇتسا، ئۇنىڭ كەينىدىكىلەر شۇنداق يول تۇتىدۇ؛ باشقۇرغۇچى نەگە باشلىسا، باشقۇرۇلغۇچىلار شۇ يەرگە ماڭىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىش ئەقىلسىزلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ، ئۇ كىشىگە كۆڭۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىغان مۇرادىغا يەتمەس**

بۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، سالماق، ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلغان كىشى پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۈگىمەس ھەسرەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىپتۇ**

بۇ، ئالدىراقسان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىدىن ھەر قاچان يوچۇق چىقىپ، پېشكەللىك، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىغاننىڭ ئېشىكى يېتىۋاپتۇ**

«ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالدىرىغان يولدا قالار،**
**ماڭغىلىغان ئۆيگە بارار**

بۇ، ھەر قانداق چاغدا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىش قىلغان كىشى ئارا يولدا قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي، مەغلۇپ بولىدۇ؛ سەۋرلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئىش قىلغان ئادەم نەتىجە قازىنىپ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنى ياخشى ئويلانماي، ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قىلغاندا يامان نىيەتلىك ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك، مەغلۇبىيەت يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر،**
**تېڭىرقىماڭ تاڭلا (كېلەر)**

بۇ، ھەركىم بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈك، ھادىسىگە ھەيران قالماي، مەسخىرە قىلماي، ئۆزىدىكى ئەيىب، ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، كۈتۈلمىگەن كەلگۈلۈككە دۇچار بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىرىماڭ يارەي،**
**سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي**

«ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر، تېڭىر قىماڭ تاڭلا كېلەر»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالدىڭ پۈتتى، ساتتىڭ يىتتى**

بۇ، ئېھتىياج ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان نەرسە تۇرمۇشتىكى ھاجەتنى تەمىنلەپ، يوقلۇقنى تولدۇرىدۇ؛ ئېھتىياجلىق نەرسىنى بەھۇدە سېتىپ قولدىن چىقىرىۋېتىش، مېلىنى يوقاتقانلىق بولۇپ، ئېلىنغىنى پايدا، سېتىلغىنى زىيان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىڭغا ماڭساڭ، كەينىڭگە قارا**

بۇ، ① بىرەر ئىشنى قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلاش بىلەن بىر چاغدا، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ سەل قارىماي، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ھەركىم ياخشى كۈنگە، توق تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە ئۆتمۈشىنى، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىماققا كىچىك بالا ياخشى،**
**خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى**

بۇ، كىچىك بالىنى، ئىش كۆرمىگەن، ساددا ئادەمنى گوللىماق ئاسان، لېكىن بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن قۇۋ ئادەمنى گوللىماق تەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە،**
**ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلىمە**

«ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ،**
**ئارقا ئىشىكتىن ھارۋا قاتنايدۇ**

بۇ، كۆرۈنۈشتە نەپسىگە بېرىلمەيدىغان، ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇقىغا تايىنىپ نەپ ئېلىشقا ئادەتلەنگەن پارىخورلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالسا بازارى، ئالمىسا سازايى**

بۇ، ئېھتىياجلىق، سۈپەتلىك، ئېسىل

نەرسە ھەر ۋاقىت خېرىدارلىق، ئالارمەن كۆپ بولىدىغانلىقىنى، ئېھتىياج چۈشمىگەن، سۈپەتسىز، ناچار نەرسە خېرىدارسىز، ئالارمەن يوق، كاسات بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالسام، بەرمىسەم**

بۇ، تۇرمۇشتا كىشىلەر بىلەن ئالغۇ - بەرگۈ قىلغاندا بىراۋدىن ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ئالغاننى بەرگۈچە بېشى ئاغرىيدىغان ئادەملەرنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالغاندا بىسمىللا،**
**بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا**

بۇ، بىراۋغا ھاجىتى چۈشكەندە چىرايلىق سۆز بىلەن نەپكە ئېرىشۋېلىپ، قايتۇرغۇسى كەلمەيدىغان، بەرگۈچە قارشىلىق قىلىپ ئاچچىقلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالغۇ - بەرگۈدىكى يولسىزلىق، بىشەملىك، ساختىپەزلىك قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك**

«ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالغۇچە ياپىر، بەرگۈچە كاپىر**

«ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئالقىش ئالغان ئامان،**
**قارغىش ئالغان يامان**

بۇ، بارلىقىنى خەلق مەنپەئىتىگە بېغىشلاپ، پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشى خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ شاد - خۇرام ياشايدۇ؛ خەلققە زىيانلىق، رەزىل ئىشلارنى قىلغان كىشى خەلقنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراپ، نەزەردىن چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،**
**چىقماقنىڭ چۈشمىكى (بار)**

بۇ، تۇرمۇشتا كىشىلەر بىلەن ئالغۇ - بەرگۈ قىلغاندا بىراۋدىن ئالغان پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى قەرەلىدە قايتۇرۇش، قەرزنى سۆرىمەسلىك كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالۋاڭنى گالۋاڭ تۆلەيدۇ**

بۇ، ئاجىز، يوقسۇللار كۈچ - قۇدرەتى بار ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ پايدا - مەنپەئەتى، بەختى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن بوزەك بولىدۇ، ھەر خىل بەدەل تۆلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

بۇيرۇق كەلسە يۇقىرىدىن بىر تىيىنلىك ئالۋاڭغا،
«بىرنى يۈز قىپ چىچىڭلار، بۇ ئالۋاڭنى گالۋاڭغا»
ئۇندۇرۇڭلار نېسىۋە دوتەي، ئامبال ھەم ۋاڭغا،
تۆلىمىسە ھەيدەڭلار زىندان بىلەن گوداڭغا.

**ئالىمەن دېسەڭ، ئاۋۋال بەر**

بۇ، بىرەر نەرسە ياكى پايدا - مەنپەئەت، نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلە-

لەن تېگىشلىك بەدەل تۆلەش، ئەپ يەتكۈ-
زۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى**

بۇ، ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقتا بىلىم
ئېلىش ھەممىدىن مۇھىم ئۇلۇغ ئىش، ئادەم
بىلىملىك (ئالىم) بولغاندىلا ھەممىگە ئېرى-
شەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئامانەتكە خىيانەت**

بۇ، بىراۋنىڭ ئىشەنچىسىنى، ئۈمىدىنى
يەرگە ئۇرغانلىقنى، يامان نىيەت، قارا يۈز-
لۈك، سەمىمىيەتسىزلىك قىلغانلىقنى بىل-
دۈرىدۇ:

ئامانەتكە خىيانەت
نامەرد ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىقى
قورقاق كىشىدۇر.

**ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ**

بۇ، تەلەيلىك ئادەمگە ئۈستى - ئۈستى-
گە بەخت، ئامەت كېلىپ، ئىشلىرى ئوڭغا
تارتىپ، راۋان يۈرۈشىدىغانلىقىنى،
مېلىغا - مال، پايدا ئۈستىگە پايدا قوشۇ-
لۇپ، تۇرمۇشى روناق تاپىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئامەت كەلسە، ئىشەك - توڭلۇكتىن كىرەر**

«ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» نىڭ ئىزا-
ھىغا قاراڭ.

**ئامەت كەلگەندە قاپمۇ تولىدۇ،**
**خۇرجۇنمۇ (تولىدۇ)**

«ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» نىڭ ئىزا-
ھىغا قاراڭ.

**ئانا ئايىغىدا جەننەت بار**

بۇ، ھەر قانداق ئانا ئۆز پەرزەنتىنى
ساغلام، يارامىلىق قىلىپ ئۆستۈرۈشتە بار-
لىقىنى بېغىشلايدىغان كۆيۈمچانلىق قەلبى
ۋە ئىللىق مېھرى بىلەن پەرزەنتلەر ئۈچۈن
جەننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانا كۆرۈپ قىز ئال،**
**قىرغاق كۆرۈپ بۆز (ئال)**

بۇ، رەختنىڭ سۈپەتلىك ياكى سۈپەت-
سىز توقۇلغانلىقى قىرغىقىدىن مەلۇم بول-
غىنىدەك؛ قىز بالىنىڭ ياخشى - يامانلى-
قى، ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقى ئانى-
سىغا ۋە ئۇنىڭ تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭمۇ پۇل، ئاتاڭمۇ (پۇل)**

بۇ، پۇل تۇرمۇشتا تىرىكچىلىكنىڭ
بىردىنبىر مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ، ياتنى
ئۆز، ئۆزنى يات قىلىدىغان، يوقنى بار،
بارنى يوق قىلىدىغان، «ھەممىگە قادىر»
بولغان ماددىي ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە**

بۇ، تۇرمۇشتا ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئۆز
لايىقىدا ياساپ، پەردازلاپ، گىرىم قىلىپ
چىرايلىق، گۈزەل تۇتقاندا ھۆسنىگە ھۆسن
قوشۇلۇپ، باشقىلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرە-
لەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاناڭ ئۆگەي بولسا تويۇڭ بۇزۇلار**

بۇ، ئۆگەي ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە كۆرۈنمەيدىغان، شەپقەت قىلمايدىغان، بەختلىك بولۇشنى خالىمايدىغان، دائىم خارلاشنى، ئازابلاشنى، رەزىللىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆچمەنلىك تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانام بارغۇچە لەيلىقازاق توزۇپتۇ**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشقا سۇسلۇق قىلماي، ياخشى ئويلىنىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دەرھال ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم،**
**بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەيتتىم**

«ئاتامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم، بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەردىم» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،**
**رەڭگىرويىڭ سامان بولماس**

بۇ، ۋەتەندە تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق مۇھىتى بولغاندىلا كىشىلەر شاد ـ خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئالمىسى چوڭ**

بۇنىڭ «ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ، دادىسى باشلىمىغاننىڭ پوردىقى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن پەرزەنتنى چىڭ تۇتۇپ، قاتتىق باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سەل قارالسا، بالىلار تاپتىن چىقىپ ئەخلاققا خىلاپ ئىشلار بىلەن شەرمەندىلىك ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ گۆشى ئاغرىماس**

«ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئانىسى غورا يېسە قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ**

«ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە**

بۇ، ① تىكىلگەن دەرەخنىڭ تۇتۇپ ئايىنىشى سۇ، تۇپراق، كىلىمات قاتارلىق بىر قانچە شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك. ئانار قۇرغاقچىلىققا (سۇسىزلىققا) چىدامىلىق؛ ئەنجۈر ـ نەملىككە (سۇغا) موھتاج بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا كۆچەتنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈش شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ تىكىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ھەركىم بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ئورۇن ـ ماكان، پەيت ـ پۇرسەت، ئەمەلىي شارائىتقا قاراش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانت ئىچكۈچىنى يامان دېسەڭ،**
**قان ئىچكۈچىگە ئۇچرارسەن**

بۇ، بىراۋنى ئەسكى، يامان دەپ نەپرەتلىنىپ بىزار بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەسكىگە يولۇقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانت ئىچكۈچىگە كۈنمىسەڭ،**
**قان ئىچكۈچى كېلەر**

«ئانت ئىچكۈچىنى يامان دېسەڭ، قان ئىچكۈچىگە ئۇچرارسەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئانىنى ئانى تاپمىساڭ،**
**قىيامەتتە سورىقى بار**

بۇنىڭ «بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئاجىز، يوقسۇللارنى ھەر كىمنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ، بوزەك قىلمىسا كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ، دېگەن مەنەنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋايلىماي ئۇرۇۋىدىم،**
**ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى**

بۇ، ھەر قانداق ئىشقا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، مۇبادا ئېھتىياتسىزلىق قىلغاندا ئۇنىڭدىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال ئائام، ئاندىن كالام**

بۇ، ھەر قانداق ۋاقىتتا تاماق يېيىش، ئوزۇقلىنىش بىرىنچى ئورۇندا، ئىش - ھەرىكەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ (ئەت)**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زۆرۈر تەييارلىقلىرىنى، شەرت - شارائىتنى ھازىرلاپ، ئاندىن رەسمىي ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن**
**كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ**

بۇ، شاگىرتلار ئۇستازلاردىن، ئەۋلادلار ئەجدادلاردىن، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىش تارىخىي ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال ئويلا، ئاندىن سۆزلە**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىش - ھەرىكەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە كەمتەر، ئېھتىياتچان، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، كۆپرەك ئەقىل ئىشلىتىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، كەم سۆز بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق،**
**ئاندىن ناغرا قاق**

بۇ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - قۇسۇر، نۇقسانلىرىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ ئەيىب - قۇسۇر، نۇقسانلىرىغا سەپسالىدىغان، سۆز - چۆچەك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ داۋراڭچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاياغ ئاتلىمىسا، باش يۈگۈرمەس**

بۇ، ① بىرەر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش، ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ② پۇقرالار ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىلا، ئاندىن ھاجىتى ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاياغ تەگدى، بالا تەگمىسۇن**

بۇ، بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامانلىق ۋە

كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشماسلىقى ئۇ-چۇن ئۇكۆڭۈشسىز ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئې-لىپ، بۇرۇنراق چارە - ئامال قوللىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاياغقا تارتساڭ باشقا يوق،**
**باشقا تارتساڭ ئاياغقا(يوق)**

بۇ، نامراتلىق، كۆپ پەرزەنتلىك بو-لۇش تۇپەيلىدىن تاپقىنى ئېھتىياجنى تەمىن ئېتەلمەي، نورمالسىز تۇرمۇشتا ئۆتۈۋاتقان-لارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاياغقا چىقماي، باشقا يوق**

بۇ، ھەر قانداق ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، كەم - كۈتە-سىنى تەل قىلىپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ غې-مىنى يەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاياغ يۇگۇرۇكى ئاشقا،**
**ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا**

بۇ، ھەركىم ئويلانماي، يېنىكلىك قى-لىپ، كەلسە - كەلمەس، قالايمىقان سۆز-لىسە يامان كۈنگە قالىدىغانلىقىنى؛ زېرەك، ئېغىر - بېسىق، ئىشچان، تېتىك، مۇلايىم بولغاندىلا ياخشى كۈن كۆرىدىغانلىقىنى بىل-دۈرىدۇ.

**ئايال كىشى دۈنى قورقۇتىدۇ**

بۇ، بىر قىسىم بىشەم، غەرەز ئۇقماي-دىغان، جېدەلخور ئاياللارنىڭ ئۆكتەملىك خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاي تۇندە كېرەك،**
**ئەقىل كۈندە(كېرەك)**

بۇ، ئاي كېچە ئالەمنى يورۇتىدىغان ئىككىنچى قۇياش، ئاي بولمىسا كېچىنى قا-راڭغۇلۇق قاپلىغاندەك؛ ئەقىل ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، زېھىن چىرىغى. شۇڭا ئادەم ئەقىلگە موھتاج ئې-كەنلىكىنى، ئەقىلگە تايىنىپ ياشايدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئايدا كەلگەنگە ئاياق،**
**كۈندە كەلگەنگە تاياق**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەر قانداق ئىشنىڭ قىممى-تى، ئەتىۋارى، ھۆرمىتى، لەززىتى بولماي-دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئايدا يېگەن توق، كۈندە يېگەن ئاچ**

بۇ، قانائەتلىك، سەۋرلىك ئادەم تاپقان-دا يېسىمۇ، يەنىلا يېگەن - ئىچكەندەك كۆز - قارنى توق بولىدۇ؛ قانائەتسىز، ئاچ كۆز ئادەملەر دائىم يەپ - ئىچىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا يېمىگەن - ئىچمىگەندەك ئېچىرقاپ تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،**
**ئەقىدەمگە يىغلايمەن**

بۇ، بىراۋنىڭ مۇھەببىتىگە، دوستلۇ-قىغا، ياردىمىگە ئېرىشىۋېلىپ، ئاقىۋەتتە نامەردلىك، ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان كىشى-لەرنىڭ يۈزسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران

بۇ، ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنىڭ ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئاممىدىن ئاي-رىلغان كىشىنى نەس بېسىپ بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئاما بىلەن ئىتتىپاقلى-شىپ ئىناق ياشىغان كىشى ھەر جەھەتتىن روناق تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە(يەر)

«ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە(ياغار)

بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت-لىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ھاسىل قىلغان تەجرىبە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھاۋا رايىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزى-تىپ يەكۈنلىگەن خۇلاسە ھۆكۈمىنى بىلدۈ-رىدۇ.

ئاي كۆرۈپ كۈن ئال

بۇ، ۋاقىتنىڭ ھەممىدىن قىممەت ئى-كەنلىكى، بىرەر ئىش قىلغاندا زۆرۈر بول-غان پەيتنى قولدىن بەرمەي چىڭ ئىگىلەپ، يىل ئىچىدە ئاينى، ئاي ئىچىدە كۈننى تال-لاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئايىنىپ كەتكەن دوست ئەمەس

بۇ، ھالاۋەتتە بىللە بولۇپ، مۇشەققەت-تە يۈز ئۆرۈيدىغان، ئىچ - سىرىنى ئىگىلەپ زىيانكەشلىك، دۈشمەنلىك قىلىدىغان قارا-نىيەت ئادەمنى دوست دەپ ئىشىنىشكە بول-مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاينىڭ بېشىدىن قورققۇچە
بەشىدىن قورق

بۇ، بىرەر ئىش قىلغاندا پەيتنى چىڭ تۇتماي، ئىشنىڭ دەسلىپىدە ۋاقىتنى ئۆتكۈ-زۈۋېتىپ، كېيىن ئالدىرىغاندىن كۆرە، ھەر ئىشنىڭ پەيتنى دەسلىپىدە چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتنى كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ،
ئون بەشى قاراڭغۇ

بۇ، ۋەزىيەت ھەمىشە بىر دەك تۇرۇ-ۋەرمەيدۇ. يامان ئەھۋالنىڭمۇ ياخشى ئەھ-ۋالغا ئۆزگىرىدىغان، قولدىن كەتكەن بەخت، تەلەيىنىڭمۇ قايتىدىن قولغا يېنىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئايساڭ ئۆتسەن، يامساڭ پۈتسەن

بۇ، تۇرمۇشتا ھەممە ئادەم بارغا قانا-ئەت قىلىپ، ئاددىي - ساددا، پىلانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرغاندا تۇرمۇشى كەڭتاشا، كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئە

**ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى**

بۇ، كېيىن كېلىدىغان پايدا، كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتتىن ھازىرقى، كۆز ئالدىدىكى دەمال جانغا ئەسقاتىدىغان مەنپەئەتلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەتىگەن تۇرۇپ قوشنىڭغا باق**

بۇ، بىرەر ئىش قىلىشتا ۋەزىيەتكە قاراش، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش، ئەمما بىلەن بىللە بولۇش، ئەممىدىن ئايرىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەتىگەن ئۈنمىغان كەچ ئۈنمەس**

بۇ، ھەركىم بالىلىق چېغىدىن باشلاپ يامان ئادەت، بۇزۇق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ يېتىلمىسە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگەنگەن خۇي، ئادەتلىرىدىن ۋاز كېچەلمەي، يامان نام - ئاتاق بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەتىيازدا قويماق يەپ،**
**كەچ كۈزدە كېكىردىم**

بۇ، ھەمىشە بىر ئىشنى ئويلىماي قىلىپ قويۇپ، نەتىجىدە ئۇنىڭ خاتاسىنى ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ھېس قىلىپ پۇشايمان يەيدىغان كىشىلەرنىڭ پەمسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەتىيازلىقى توخۇ تويماس**

بۇ، يىلنىڭ بېشى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ئاياغلاشقان قۇرۇقچىلىق، سېرىقتال مەزگىل بولغاچقا، ئادەم، ھايۋان، قوش قاتارلىق جانلىقلار ئوزۇقچىلىق تەپەيلى تويغۇدەك ئوزۇقلىنالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنىڭنى سال،**
**كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىڭنى (سال)**

بۇ، ئەتىيازنىڭ ئاپتىپى خام، شاماللىق بولغاچ، ئادەمنى چېقىپ، كۆيدۈرۈپ ئۆڭنى قارايتىۋېتىدۇ؛ كۈزنىڭ ئاپتىپى پىشقان، تىنىق بولغاچ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇپ، ئادەمگە ياقىدۇ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ، دېمەك، مۇشۇ خۇسۇسىيەت بويىچە كېلىنلىرىنى ئاسرىمايدىغان، كۆيۈنمەيدىغان قېيىنانىلارنىڭ شەخسىيەتچى، زالىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەجەل كەلسە ئەقىل قاچار**

بۇ، ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، كۆرىدىغان كۈنى تۈگىگەن ئادەم جان قايغۇسىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئەقلى ئىشلىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەجەل يەتمەي جان چىقماس،
بېخىل بايىدىن نان (چىقماس)

بۇ، ئادەم پېقىرلىق، يوقسۇزلۇق تۇر-مۇشتا ئۇچرىسىمۇ، قازا يەتمىسە ھەرگىز ئۆل-مەيدۇ؛ بېخىل ئادەم ھەر قانچە بېيىسىمۇ، پېقىر، مىسكىنلەرگە قىلچە نەپ بەرمەيدۇ، رەھىم قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەجرىلىك كىشى نائۇمىد قالماس

بۇ، ئىشلىگەن، ئەمگەك قىلغان، تەر تۆككەن ئادەم چوقۇم ئەجرىگە يارىشا نەپكە ئېرىشىدۇ، ھەرگىز قۇرۇق قول قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەجىلى يېتكەن قاغا قارچىغا بىلەن ئوينار

بۇ، پالاكەت باسقان، زاۋال تاپقان ئا-دەم ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ھالا-كەتكە تۇتۇپ بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-رىدۇ.

ئەخمەق ئەلچى ئىككى ئەرەپنى بۇزار

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئە-قىلسىز، نامەرد كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ھەر قانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇر-غىلى بولمايدۇ، روياپقا چىقىش مۇمكىنچى-لىكى بار ئىشمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەقتىن ئەقىل سورىما

بۇ، ئەقىلسىز، نادان كىشىلەر ھەر قاچان باشقىلارغا توغرا، ئاقىلانە مەسلى-ھەت، كۆرسەتمە بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە تو-گىمەس ئاۋارىچىلىككە دۇچار قىلىدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى

بۇ، دوستلۇق — ئەقىل - پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلۇپ داۋام قىلىدىغانلىقىنى، ھېسسىيات بىلەن بولغان ئىش ئۇزاق داۋام قىلمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەخمەق، نادان بىلەن دوست بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىل-دۈرىدۇ.

ئەخمەققە توقماق

بۇ، ئەخمەق ئادەم ئەقىلسىز، نادان بولغاچقا، زېھنى ئاجىز، غەرەز ئۇقمايدۇ، ئىززەتنى بىلمەيدۇ، دەككە - دەشنەم بەر-سىمۇ ھار ئالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-دۇ.

ئەخمەققە يۈز بەرمە، ئابدالغا سۆز (بەرمە)

بۇ، ئەقىلسىز، نادان كىشىلەرگە ھەد-دىدىن زىيادە چىراي ئېچىپ، ئارىلاشماس-لىقنى، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەس-لىكنى، شۇنداقلا ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئىچ سىرىنى ئېيتماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ،
يېغى تۈگەپ كېچىسى ئايغا باقىدۇ

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەت ئادەم كېيىن-لىكىنى ئويلىماي، تۇرمۇشتا بەتتەخەجلىك قىلىپ تاپقىنىنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈ-گىتىدۇ، كېيىن يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن قىينىلىپ موھتاجلىق دەردىنى تارتىدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەق مېھمان ساھىبخاننى كۈتەر

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەت ئادەم ئۆزد-
نىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماي، مۇناسىۋەتسىز
ئىشقا ئارىلىشىۋېلىپ، تېگىشلىك بولمىغان
ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەقنى ئەيىبلىمەي ئىشقا سال

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەت ئادەم ماختاش-
نى، گوللاشنى، كۆپتۈرۈشنى ياخشى كۆرد-
دۇ. شۇڭا بۇ خىل ئادەملەرنى ئالداپ -
ئۈچۈرۈپ، لاپ بىلەن ئىشلەتكەندە ھارغىنى-
نى بىلمەي ئىشلەيدۇ، دېگەن مەنى-
سى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەت ئادەم ئاقىۋد-
تىنى ئويلىماي قىلغان ئىشىنىڭ خاتاسىنى
مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا سېزىپ،
تەجرىبە - ساۋاققا ئىگە بولۇپ، ئەس -
ھوشىنى تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەقنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم چوڭ ياكى كىچىك
دەپ ئايرىمايدۇ، پەقەت ھاماقەتلىك بىلەن
قىلىپ يۈرگەن ئەخمىقانە ئىشلىرى ئەخمەق-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەقنىڭ دوستى كۆپ

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم ئۆزىنىڭ ھاماقەت-
لىكىدىن ھېسسىياتقا بېرىلىپ، كۆرۈنگەن
ئادەم بىلەن دوست بولىدىغانلىقىنى، ئاقى-
ۋەتتە ۋاپاسىزغا ئۇچراپ ساختا دوستلۇقنىڭ
دەردىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەق ئۆتۈكىنىڭ تېشىدىن قاشلار

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم ھاماقەت بولغاچقا،
ھەمىشە ئويلىماي، ئەقلىنى ئىشلەتمەي، خا-
تا ئىش قىلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ مەسخى-
رىسىگە، كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى بى-
دۈرىدۇ.

ئەخمەق ئىتنى يول قېرىتار

بۇ، پىلانسىزنىڭ ئىشى پۈتمەيدۇ، بىر
ئىشنى نەچچە قېتىم قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن
نەتىجە چىقىرالماي، ئۆمرى مۇۋەپپەقىيەت-
سىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دېگەن مەن-
نى بىلدۈرىدۇ.

ئەدەپتىن ئەمر ئۇلۇغ

بۇ، ئەدەپلىك بولۇش ئۈچۈن قائىدە -
يوسۇنغا، قانۇن - تۈزۈمگە، بۇيرۇققا ئەمەل
قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىل-
دۈرىدۇ.

ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن

بۇ، ئەدەپنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەدەپ-
سىزلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىش - ھەرىكە-
تىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئەدەپسىزلىكىدىن داۋاملىق ئىبرەت ئېلىش
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەر ئارسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس)

بۇ، ۋىجدانى بار، ئىنساپلىق ئادەم ھەر
قاچان ئار - نومۇسلۇق بولىدۇ؛ قۇرامىغا

يېتىپ ئۆيلەنمىگەن مەرد ئوغۇل ھەر قاچان
جورىسىز – خوتۇنسىز قالمايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەر دېگەن بېرىم خۇدا**

بۇ، ئەر - خوتۇنچىلىقتا بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئەر كىشى ئاياللارنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى، مۇرەببىي ئىكەنلىكى، ئايال كىشى ئېرىگە سەممىي، سادىق، ۋاپادار بولۇش بىلەن ئىناقلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆڭۈللۈك ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس،**
**دان بەرمىگەن يەر (ئەمەس)**

بۇ، تۇرمۇشتا ھەركىم بىر - بىرىدىن كېيىن قېلىشنى خالىمايدۇ، كۈنسېرى باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشتەك رىقابەت بەيگىسىدە ياشايدۇ؛ يەر ئىشلىگەننى بىلىدۇ، ئەمگەك قىلغاننى نائۈمىد قويمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازاردا نەرخى بار**

بۇ، ① بازاردىكى ھەر قانداق ئېسىل - ناچار مالنىڭ خېرىدارلار قويغان ئۆزىگە ئۇشلۇق باھاسى بولىدۇ؛ ② كۆچمە: ئەسكى ئادەم بىلەن ياخشى ئادەمنىڭ قىممىتى ئەل ئىچىدە بەلگىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى تېتىماس**

بۇ، ① قېرى، ئورۇق مالنىڭ گۆشى ئەرزان بولىدۇ ۋە شورپىسىنىڭ تەمى بولمايدۇ؛ ② كۆچمە: مەنپەئەت بەرمەيدىغان سۈپەتسىز، ناچار مالنىڭ باھاسى تۆۋەن بولىدۇ؛ ③ كۆچمە: جاپا تارتماي، تەر تۆكمەي، ئەجىر قىلماي، بىكاردىن كەلگەن تەييار نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئەتىۋارى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق**

«ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى تېتىماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئەرسىز خوتۇن – يۈگەنسىز بايتال**

بۇ، نوختىسىز ئات ھەر تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ، قېچىپ كەتسە تۇتقىلى بولمايدۇ؛ تۇل ئايال ئىگىسىز، ساياق بولىدۇ، كۆڭلى خالىغان ئىشنى قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ،**
**خوتۇن كۈنلىسە ئۆي بۇزۇلىدۇ**

بۇ، ① ئەر كىشى خوتۇنىنى باشقۇرسا ئۆيى گۈللىنىپ، روناق تاپىدۇ، خوتۇن كىشى ئېرىنى باشقۇرسا ئىناقلىق بۇزۇلۇپ، ئۆيى توزۇيدىغانلىقىنى؛ ② بىر ئۆيدىكى ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، ھۆرمەتلىشىپ، بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، يول قويۇشۇپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەركىشى تۇشۇككە ئارىلاشسا**
**سۈپۈرىسىدا ئۈن قالماس**

بۇ، ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ ئىشىغا، قازان بېشىغا ئارىلىشىۋالسا ئىنتىپاقسىز-

لىق تۇغۇلۇپ، كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ئۆينىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ، پەرزەنتلەرگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز**

بۇ، ھەر ئادەم ياشلىقىدىن باشلاپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كۆپلەپ بىلىم ئېلىش، ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، قانچىكى كۆپ ئۆگەنسە كۆپلۈك قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى كېلەچەككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت**

بۇ، ھاياتلىقتا ئادەم ھەمىشە بىر خىل ئۆتۈۋەرمەيدۇ، جاپا - مۇشەققەت، رىيازەتتىن كېيىن ھالاۋەتكە، بەخت - ئامەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،**
**يەر قىلغانمۇ خوتۇن**

بۇ، ئەر - خوتۇنچىلىقتا ئايالنىڭ ئائىلىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئائىلىدىكى تۇرمۇشنىڭ ھەر جەھەتتىن ياخشى - يامان بولۇشى، تاپقان - تەرگەننىڭ بەرىكىتى ئايالغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن**

بۇ، ھەر قانداق ئادەم بىرەر ئىشتا ۋەدىسىگە، لەۋزىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ۋەدىسىدىن، لەۋزىدىن قەتئىي يانماسلىقى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ غېمى ئەلدە**

بۇ، يۇرتىنى سۆيىدىغان پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئادەم ھەر قاچان ئۆز يۇرتىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، يۇرتىغا كۆيۈنىدۇ، يۇرتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم**

بۇ، خەلقىنى سۆيىدىغان پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ھەر قاچان باغرى يۇمشاق بولۇپ، ئۆز خەلقىگە مېھىر - شەپقەتنى ئايىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، سۆزى**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىگە ئەمەل قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، سۆزىدىن يېنىۋالماي، ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ھەقىقىي ئەرلىك خىسلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ ئېزىتقۇسى خوتۇن**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئەر كىشى خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلە - مىكرىسى، ئازدۇرۇشى، ئالدىشىغا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ يالغىنى — ئۆلگىنى**

بۇ، ھەر بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھەق، راست سۆزلەش، توغرا ئىش قىلىش، سەممىي بولۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكە-

نى، يالغانچى، ئالدامچى ئادەمنىڭ ئەل ئىچىدە ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ھېچقانداق ئەتىۋارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەزرائىل جان دېسە،**
**بەش بالا نان دەيدۇ**

بۇ، يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن تۇرمۇش-نىڭ قىيىنلىقى، جان بېقىشنىڭ تەسلىكى-نى، يوقسۇللار ئۇچۇن كۈن كەچۈرۈش ئۆ-لۈمدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەزمە ئويلانغۇچە،**
**تەۋەككۇلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ**

بۇ، ھەر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىشتا جۈرئەتلىك، چەبدەس، چاققان، پەم - پارا-سەتلىك، تەدبىرلىك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ**

بۇ، قىلغان ئىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىنى، قاملاشمىغانلىقى-نى، چاك باسماي، قېلىپتىن چىقىپ كەت-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېسە،**
**بەش تەڭگەمنى بەر دەپتۇ**

بۇ، ھەر كىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىشنى، بىغەرەز، نائىنساپ ئادەم-لەرگە يېقىنچىلىق قىلماسلىقنى، مۇبادا چىراي ئېچىپ، يېقىنچىلىق قىلغاندا ئۇلار-دىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈ-رىدۇ.

**ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،**
**نامراتقا پۇتلاش (تولا)**

بۇ، تام كونىرىغاندا كامار كۆپىيىدۇ، قۇشقاچ ئۇۋىلىغاندا ئەسكى تامغا ئولىشىدۇ؛ ئادەم نامراتلاشقاندا تۇرمۇش قولاشماي، يوقسۇزلۇق دەردى قىينايدۇ، ھەر تەرەپتىن غەم بېسىپ كاشىلا ئاۋۇيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەسكى تۇماققا سېسىق كاللا خېرىدار**

بۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا تەڭدى-شى، خىلى بولىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن لايىقى، جۈپتى چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-دۈرىدۇ.

**ئەسكى چاپان ئىچىدە ئادەم بار**

بۇ، كەمبەغەل، نامرات، ئېتىبارسى-ز ئىلىدىنمۇ نى - نى يارامىلىق، قابىلىيەت-لىك، مەشھۇر ئادەملەر تېپىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،**
**يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ياخشى)**

بۇ، ھەر نەرسىنىڭ قەدرى شۇ نەرسە لازىم بولغاندا بىلىنىدۇ؛ ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلار ھەر قانچە يامان، ئەسكى بول-سىمۇ، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەسكى ھارۋا يول بۇزار،**
**يامان ئادەم يۇرت (بۇزار)**

لىدۇ؛ يامان، ئەسكى ئادەملەر دائىم خەلققە زىيانلىق، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ، ئەلنىڭ ئامانلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەشمىدە قىشلاپ، پوسكامدا يازلاپ**

بۇ، تاپشۇرۇلغان بىرەر ئىشقا ئاتلىنىپ ئۇنى بېجىرمەيلا ئارا يولدا باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەمدەم خىياللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقلى كورنىڭ كۆزىمۇ كور**

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەقىلسىز، نادان ئادەم ھەر ۋاقىت ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلمەي، ھەق - ناھەقنى ئايرىيالماي ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقلى يوق باشتىن**
**سۈيى يوق قاپاق ياخشى**

بۇ، كاللىسى ئىشلەيدىغان، زېرەك، چېچەن ئادەم خاسىيەتلىك ئىش - ئىزلىرى بىلەن ئەل ئىچىدە ماختىلىدۇ؛ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەخمەق، نادان ئادەم مەسخىرىلىك ئىش - ئەمىلى بىلەن خارلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل بولمىسا، كۆز دېگەن نام تۆشۈكى**

بۇ، ئەقىل — ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى بولۇپ، كۆزنىڭ كۆرۈشى ئەقىلگە باغلىق ئىكەنلىكى، كۆزى كۆرگەن بىلەن ئەقلى، ئەس - ھوشى يوق ئادەمنىڭ كۆزى كامارغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل تۇزۇماس، بىلىم خورىماس**

بۇ، ئەقىل — ئىنساننىڭ بىلىم ئىگىلەيدىغان، پىكىر، تەپەككۇر قىلىدىغان زېھىن قابىلىيىتى. ئادەم بىلىم ئىگىلىسە، تەپەككۇر قىلسا ئەقلى، بىلىمى كېمەيمەي، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق**

بۇ، ئەقىل — ئىنساننىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان زېھىن قابىلىيىتى. ھەركىم تۇرمۇشتا قابىلىيەتكە تايىنىپ ياشىغاچقا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ**

بۇ، ئويلىماي، ئەقىل ئىشلەتمەي قىلىنغان ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. ئەكسىچە بىر مۇنچە كاشىلا، ئاۋارىچىلىك يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ زىيىنىدىن ئەتراپتىكىلەرمۇ خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق،**
**ئۆتۈكنىڭ چەمى يوق**

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم ھەر قانداق ئىشتا پەم - پاراسەتسىز، چارە - تەدبىرسىز بولىدۇ، ئاپقىنىنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. تۇرمۇشى ئىلگىرى باسماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق،
تىڭشىغۇدەك گېپى يوق

بۇ، ئەقىلسىز ئادەم پەم - پاراسەت-سىز، چارە - تەدبىرسىز بولىدۇ. ئەل ئى-چىدە گېپى ئۆتمەيدۇ، ئىناۋىتىمۇ بول-مايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز

«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇ-رۇز» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: «ئاقىلغا ئىشا-رەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دەپ، مېنىڭ دې-مەكچى بولغانلىرىمنى كۆڭلۈڭ تۇيۇپ تۇرى-دۇ - يۇ، لېكىن بىلمەسكە، ئۇقماسقا سې-لىۋاتىسەن. ئوچۇق دېۋېتەي، ئىككى يىل بولدى، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم، سەن قاچ-تىڭ، مەن قوغلىدىم، دەردىمنى ئۆزۈم بى-لىمەن، — دېدى زىۋىدە خېنىم ھېيتەمگە يې-لىنىپ.

ئەقىللىق بولاي دېسەڭ،
ئەقىلسىزدىن ئۆگەن

بۇ، ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ئەخمەق-لەرنىڭ ھاماقەتلىك، نادانلىقتا ياتىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن ئىب-رەت ئېلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىللىق خوتۇننىڭ سادىغىسى بول

بۇ، ئەرلەر كاللىسى ئىشلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، چېچەن، زېرەك خوتۇنلارنى قەدىرلەپ، ئەتىۋارلاپ، ھۆرمەتلەيدىغان-لىقىنى ۋە بارلىقىنى بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ ئېتى ھارماس، تونى تۇزۇماس

«ئاق كۆڭۈلنىڭ ئېتى ھارماس، كى-يىمى تۇزۇماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

ئەقىللىق ئويلىماي ئىش قىلماس

بۇ، كاللىسى ئىشلەيدىغان، چېچەن، زېرەك ئادەم ئۆزىگە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت تەلەپچان بولۇپ، ھەر بىر ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ ھوشيارلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر،
ئەقىلسىز ئۆزگىنى (ئەيىبلەر)

بۇ، كاللىسى ئىشلەيدىغان، چېچەن، زېرەك ئادەم ھەر ۋاقىت تەلەپچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ؛ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەخمەق، ھاماقەت، نادان ئادەم دائىم ئۆزى-نى قالتىس چاغلاپ، باشقىلاردىن قۇسۇر تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا

بۇ، ئەقىل ياشقا باغلىق ئەمەس، ئىن-ساندىن ھەر قانداق ياشتا ئەقىللىق ئادەم چىقىدۇ، ياشانغان ئادەمنىڭلا ئەقىللىق بو-لۇشى ناتايىن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگرى تاياقنىڭ ئۈچى بۇرنۇڭنى يارار

بۇنىڭ «ئەگرى تاياق بۇرنۇڭنى يارار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، قانۇنسىز قى-لىنغان ناتوغرا، ساختا ئىش ئادەمنى ھەر ۋاقىت كاشىلا، ئاۋارىچىلىك، زىيان - زەخ-مەت، كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتا قارشى تەرەپنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ماھىرلىق بىلەن ئۆزلىرىنى باپلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەگرى كىشى ئازىدۇ،**
**توغرا كىشى ئۇزىدۇ**

بۇ، شەخسىيەتچى، قارانىيەت، يامان ئادەم بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تاپتىن چىقىدۇ؛ ئاق كۆڭۇل، سەمىمىي ئادەم باشقىلار ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، خاسىيەتلىك ئىش - ئىزلىرى بىلەن ئەل ئىچىدە يۈز تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى**

بۇ، تاپتىن چىققان، قارانىيەت، شەخسىيەتچى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە ئەۋلادىمۇ تاپتىن چىققان، قارانىيەت، شەخسىيەتچى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل ئارىلىغان سىنچى،**
**توقاي ئارىلىغان ئويچى**

بۇ، يۇرت كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، كۆپنى بىلىدۇ؛ باغ ۋە ئورمان كەزگەن ئادەم يالغۇزلۇق تۈپەيلىدىن خىيالپەرەس بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل ئامانلىق تىلەر،**
**دۈشمەن يامانلىق (تىلەر)**

بۇ، خەلق تىنچ، خاتىرجەم، مۇقىملىقنى، شادلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ رەقىبلەر پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ئەنسىزلىك، خارابلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل بار يەردە ئەر بار**

بۇ، خەلق ئارىسىدىن نى - نى ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك، قەيسەر، باتۇر ئادەملەر چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۇرمە**

بۇ، ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان، چەت - ياقا، يالغۇز جايلارغا بارماسلىق، ھەمراھسىز تەنھا يول يۇرمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل بىلەن ئەر**

بۇ، ھەركىم جامائەتكە ئارىلىشىپ، ئامما بىلەن چىقىشىپ، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەندىلا يۈز - ئابرۇي، ھۆرمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي**

بۇ، ھەرۋاقىت ھەممە ئىشتا ئاممىدىن ئايرىلماي، جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ جامائەت بىلەن بىللە بولۇش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: يوقسۇ، ئاغىچا، دېدى توختەنىياز، يىلتىز بىلەن غول ئامان بولسا تېرەكنىڭ بېشى يەنە ئۈسۈۋېرىدۇ. يىلتىز بىلەن غول بولمىسا تېرەكتە باش نېمە قىلغاي! «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» دەپتىكەن، نېمە بولساق بىللە بولايلى!

**ئەل جىنى بىلەن، ھەشقىز ئىرى بىلەن**

بۇ، ئاپەتلىك ئىغىر كۈنلەردە خەلق
جان كۆچۈرۈش غىمى بىلەن بولۇۋاتقاندا،
بىغەم، بىپەرۋا ئادەملەر ئۆز ئىشى بىلەن
مەشغۇل بولۇپ پەرۋا قىلمايدۇ، دىگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلچىگە ئۆلۈم يوق**

بۇ، بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە، كىلىش-
تۈرگۈچى بولغان كىشىدىن ھەر قانداق سە-
ۋەب بىلەن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ، دىگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلدىن ئەلگە نەپ**

بۇ، ھەركىم ئۆزئارا ئالدى - ساتتى،
ئالغۇ - بەرگۈ قىلغاندا ئادەمگەرچىلىك يۈ-
زىسىدىن بىر - بىرىگە تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش كىرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل رەھمىتى — خۇدا رەھمىتى**

بۇ، ھەر قاچان خەلقنىڭ، جامائەتنىڭ
ئارزۇ - ئۈمىدى، رازىلىقى بويىچە قىلىن-
غان ئىش ئاللانىڭ رازىلىقى، رەھمىتىگە
سازاۋەر بولىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل سۆيمىگەن ئەر — مىۋىسىز**
**قاقشال دەرەخ**

بۇ، خەلققە ئاسىيلىق قىلغان، يۈز ئۆ-
رۈگەن، زىيان سالغان ئادەم ئىنسانىي قەدىر
- قىممىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، خۇددى مىۋ-
ۋىسى يوق قۇرۇپ قالغان دەرەختەك ئاقى-
ۋەتكە قالىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل قايان، سەن شۇيان**

بۇ، ھەر قانداق بىر كىشى تۇرمۇشتا
جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ ئامما بىلەن بىللە بو-
لۇپ، ئامىنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىپ،
ئامىدىن ئايرىلماسلىق كىرەكلىكىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار**

بۇ، قەيەردە زۇلۇم كۆپەيسە، شۇ يەردە
قارشىلىق كۈچىيىدۇ، خەلق ئىتتىپاقلى-
شىپ، بىر نىيەتكە كىلىپ كۈرەش قىلسا،
مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلىدۇ، دىگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلقىساسۇ مىنەلھەق**

بۇ، قىساس ئىلىش ھەق ۋە توغرا،
ئىنتىقام ئىلىش قىلىشقا تىگىشلىك ئىش،
قىساس بەرىبىر ئىلىنماي قالمايدۇ، ئىنتى-
قام ئىلىش يوللۇق، دىگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ: ئالەمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدە «ئەل-
قىساسۇ مىنەلھەق» دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.
باشقىلارغا ئورا كولىسا، شۇ ئورىغا ئۆزى
چۈشىدۇ، مۇبادا ئۆزى چۈشمەي قالسا، ئۇ-
نىڭ پۇشتى - پاناھىنىڭ بىشىغا كىلىدۇ،
دىدى شەيخ سۇلايمان بوۋايغا.

**ئەلگە باققان خار بولماس**

بۇ، ھەركىم يۇرتىنى، خەلقىنى سۆ-
يۈپ، بارلىقىنى خەلقىگە بىغىشلاپ، ئىتتى-
پاقلىقنى قوغدىغاندىلا ئىززەت - ھۆرمەتكە
ئىرىشىپ، قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاي-

دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت**

«ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مەن بۇ كەمگىچە كۆپنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ، كۆپنى كۆرۈپ، تېگىشلىك ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانمەن، «ئەلگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دېگەندەك، ماڭىمۇ بىر نۆۋەت كەلدى، مېھمانلارنى ئېپى - سىپىدا ئۇزاتمىسام ئۇياتقا قالىمەن، دېدى تىللاخان.

**ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،**
**ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر (بولىسەن)**

بۇ، يۇرتنى، خەلقنى سۆيۈپ، خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر نام - شۆھرەت، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى؛ يۇرتتىن، خەلقتىن يۈز ئۆرۈگەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىش قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغانلار لەنەتكە ئۇچراپ، زاۋال تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە كىرسەڭ ئېلىكچە،**
**سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە**

بۇ، ھەركىم قەيەرگە بارسا، قانداق ئىش قىلسا شۇ يەرنىڭ شارائىت، ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش، ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ**

بۇ، قىلىۋاتقان ياكى قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشىنى ئاياغلاشتۇرماي تۇرۇپ، باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ بىغەم، بىپەرۋالىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە ياققان خار ئەمەس**

«ئەلگە باققان خار بولماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئەلنىڭ جېنى چىقسا،**
**گالۋاڭنىڭ كۈلكىسى (چىقار)**

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەت ئادەملەر خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، مۈشكۈل ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئوڭشاشقا ماسلاشماي، پىداكارلىق كۆرسەتمەي، بىغەملىك بىلەن بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك**

بۇ، خەلق، ئاما بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ھامان سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، ھوشيار، زېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل ھىممىتى دەريا**

بۇ، خەلقنىڭ دوستقا ۋە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كىشىلەرگە نىسبەتەن قوينى كەڭ، مېھرى - شەپقىتى چەكسىز، مەرھەمىتى، ياخشىلىقى، ياردىمى ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل ئۈچۈن ئەل بول،**

بولمىسا يەر (بول)
«ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەل-
دىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن» نىڭ ئىزاھىغا
قاراڭ.

**ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك**

بۇنىڭ «ئەل قوينى ئالتۇن بۆشۈك»
دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، خەلقنىڭ
ھىممىتى، مېھىر - شەپقىتى زور بايلىق،
خەلق دوستقا، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئا-
دەمگە قوينىنى كەڭ ئېچىپ، ئىللىقلىق ئاتا
قىلىدۇ، غەمخورلۇقىنى ئايىمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر،**
**يامغۇر بىلەن يەر (كۆكىرەر)**

بۇ، ئەمگەك ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قى-
لىدۇ، ئەمگەك قىلغان، ئىشلىگەن ئادەم
شاد - خۇرام، باياشات ياشايدۇ؛ سۇ ۋە
يامغۇر جانلىقلار ئۈچۈن ھاياتلىق بېرىدۇ،
سۇغا، يامغۇرغا قانغان يەر يېشىللىققا پۈر-
كىنىپ، چىمەنلىككە ئايلىنىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار،**
**قىلمىساڭ جانقىڭ (چىقار)**

بۇ، ئەمگەك قىلغان، ئىشلىگەن ئادەم
ئۆز ئەجرىدىن ھوزۇرلىنىپ، شاد - خۇ-
رام، كۆڭۈللۈك ياشاپ، شان - شۆھرەت،
ياخشى نام قازىنىدۇ؛ ئەمگەكنى خالىمايدى-
غان، ئىشلىمەيدىغان، ئىشتىن قاچىدىغان
ئادەم ھۇرۇنلۇق خۇي - پەيلى بىلەن كىشى-
لەرگە ئاۋارىچىلىك، كاشىلا تۇغدۇرىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي**

بۇ، يەر ئىنسانلار ئۈچۈن تۈگىمەس
بايلىق. ھەركىم جاپادىن قاچماي، يەرگە
تۇجۇپىلەپ ئىشلىسە، ئىشلىگەن ئەجرىگە
تۇشلۇق نەتىجىگە، مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ،
ھەرگىز قۇرۇق قول، نائۇمىد قالمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،**
**ھۇرۇننىڭ جېنى (تاتلىق)**

بۇ، جاپادىن قاچماي ئىشلەپ ئېرىشكەن
نېمەت كىشىگە تەم، لەززەت، ھۇزۇر بې-
غىشلايدۇ؛ ئىش خۇش ياقمايدىغان ئېرىن-
چەك ئادەم ئاچ قالسىمۇ بىكار يۈرۈشنى خا-
لايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمگەك يەردە قالماس**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشقا سەرپ قى-
لىنغان ئەجىر، سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەك ھەر-
گىز بىكار كەتمەيدۇ، كىشىگە ھۇزۇر -
ھالاۋەت بېغىشلايدۇ، بەخت ئاتا قىلىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەمەلىي يوق سۆپىدىن،**
**تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى**

«ئەل سۆيمىگەن ئەر — مېۋىسىز قاق-
شال دەرەخ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

# ب

**باپكار قېرىسا بۆزدىن كېتەر،**
**زەرگەر قېرىسا كۆزدىن (كېتەر)**

بۇ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ماھىرلىقى ياشقا، جىسمانىي قۇۋۋىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ياشانغانسېرى كۈچىدىن، كۆزدىن ئاجىزلاپ، ئىشنى كۆپ، تېز، چىرايلىق، نەپىس قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇر جەڭدە، ھۈرۈن كاڭدا**

بۇ، قەيسەر، جەسۇر ئادەم ھەر قانداق خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي باتۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ؛ قورقۇنچاق، يۈرەكسىز، ئاقنانچى ئادەم ئېرىنچەكلىك، تەييار تاپلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇر چامدايدۇ، قورققان توختايدۇ**

«باتۇر جەڭدە، ھۈرۈن كاڭدا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

— ئۇكام قادىر، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، «باتۇر چامدايدۇ، قورققان توختايدۇ» دېگەن گەپ بار، كىشى ئالدىغا قاراش كېرەك. مەڭ! بۇ خەتلەرنى بىر ئوقۇپ چىقىڭ، — ئالىم ئاكا قادىرغا بىر سىقىم خەتلەرنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

**باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر**

بۇ، قەيسەر، جەسۇر ئادەم ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى، تىنچ، ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى سەزگۈرلۈكىنى بوشاشتۇرمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇرغا ئوق كار قىلماس**

بۇ، قەيسەر، جەسۇر ئادەمگە ھەر قانداق قارشىلىق، سۇيىقەست، زىيانكەشلىك، خەۋپ ـ خەتەر تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتا قەتئىي ئىرادە، جاسارەت، قەيسەرلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز جىسمانىي كۈچكە تايىنىپلا باتۇرلۇقنى ئەمەلدە كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت،**
**ئەقىل بىلەن تۈلكە (تۇت)**

بۇ، دۈشمەننى يوقىتىشتا جۈرئەت، جاسارەت، غەيرەت بولۇشتىن باشقا، يېتەرلىك پەم ـ پاراسەت، يۈكسەك چارە ـ تەدبىر بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**باتۇرنى مەيداندا سىنا،**
**سۆزمەننى دەۋادا(سىنا)**

بۇ، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قورق-
ماس، جەسۇرلۇقى بىرەر كەسكىن ھەرى-
كەت، خەۋپ - خەتەرلىك پەيتتە مەلۇم بو-
لىدۇ؛ سۆزگە ماھىر، گەپدان كىشىنىڭ
ناتىقلىقى بىرەر مۇرەسسە، كېلىشىم، دەۋا
سورۇنلىرىدا مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**باجا باجىنى كۆرسە، تاپىنى قىچىشار**

بۇنىڭ «باجا باجىنى كۆرسە كۆتى قى-
چىشار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئىك-
كى باجا بىر - بىرىنى كۆرمىسە، ئىزدەش-
مىسە، ئۆزئارا سېغىنىپ تۇرالمايدۇ، باردى
- كەلدى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، كۆرۈشكەندە
چىدىماسلىقتىن ھەسەت قىلىشىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارات ئېيىدا قۇيماق يەپ،**
**سەپەر ئېيىدا كېكىرىپتۇ**

«ھوشۇر ئېيىدا قۇيماق يەپ، سەپەر
ئېيىدا كېكىرىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**باراڭ لازىم ئەمەس، قاپاق لازىم**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشتا رەڭۋازلىق،
شەكىلۋازلىق، ساختىلىق، ھىيلە - مىكىر
ئىشلىرى ئەسقاتماي، راستچىللىق، توغ-
رىلىق، سەمىمىلىك، ھەققانىيلىق كېرەك
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

گەپنى مەن لىللا قىلاي،
سەن مەيلى تۇر - تۇرمە قاپاق.
بۇ زامان باشقا «پاراڭ -
لازىم ئەمەس، لازىم قاپاق»

**بار بارى بىلەن، يوق ھالى بىلەن**

بۇ قولىدا بار، ھاللىق ئادەم بايلىقىنى
تېخىمۇ كۆپەيتىشنىڭ كويىدا غەم يەيدۇ؛
قولىدا يوق، نامرات ئادەم يوقسۇزلۇق، پې-
قىرلىق تۈپەيلىدىن تىرىكچىلىك، جان بې-
قىش كويىدا غەم يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،**
**قالغىنىنى رەمچى**

بۇ، مەلۇم بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن يو-
قىتىش، زىيان بولغانىنىڭ ئۈستىگە تۆپىلەپ
يەنە بىر يوقىتىش، زىياننىڭ يۈز بەرگەنلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم،**
**بولمىسا ئارىدا سۇن تاۋىقىم**

بۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى، ياردىمى-
نى، سوۋغا - سالىمىنى قوبۇل قىلىپ،
زىياپىتىگە داخىل بولۇپ، ئۇنىڭغا يارىشا
جاۋاب قايتۇرمىغاندا ئوتتۇرىدىكى يېقىنچى-
لىق بۇزۇلۇپ، باردى - كەلدى مۇناسىۋەت
ئۈزۈلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بار چاغدا ھورى چىقىدۇ،**
**يوق چاغدا شورى (چىقىدۇ)**

بۇ، جاپادىن قاچماي ئىشلىگەن، ئەجىر
قىلغان ئادەم غەمسىز، باياشات ياشاپ داڭقى
چىقىدۇ؛ جاپادىن قېچىپ ئىشلىمىگەن ئادەم
يوقسۇزلۇق، نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كا-
شىلىسى، چاتىقى چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ.

**بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ،**
**قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي**

بۇ، ھەركىم ئۆزى سادىر قىلغان سەۋەنلىك، كەمچىلىك، خاتالىقىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىش لازىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن كۆرۈشكە، باشقىلارغا دۆڭگەشكە بولمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«تۇۋا خۇدايىم، بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرسا، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي، دېگەندەك، تاغامنىڭ ئاچچىقى تېخى يانماپتۇ  دە!» ئىچىمدىن خۇددى ئۆپكەم ئاغزىمدىن قېچىپ چىقىۋاتقاندەك بىر ئۇھ ئېتىلىپ چىقتى.

**باردا پۇلدۇرۇك  پۇلدۇرۇك،**
**يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك**

بۇ، تۇرمۇشتا پىلانسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق قىلىپ، تاپقىنىنى بۇزۇپ  چېچىپ، كېيىنلىكىنى ئويلىماي، بەتخەجلىك قىلغانلار يوقسۇز كۈنگە قېلىپ، ئاچلىق، موھتاجلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**بار دەپ تۇكمە، يوق دەپ كۆيمە**

بۇ، ھەركىم قولىدىكى بايلىقىنى، ئىقتىسادىنى پىلانلىق، تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىش، بۇزۇپ  چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق؛ نامراتلىقتا ئۆتۈۋاتقان كەمبەغەل، يوقسۇللارنى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىمەسلىك كېرەكلىكىنى، ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بار دېسە بېرىدۇ، يوق دېسە قەسەم**

بۇ، ھال  ئوقىتى ياخشى مەرد ئادەم باشقىلاردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدۇ، سورىغىنىنى بېرىدۇ. نامراتلىقتا ئۆتۈۋاتقان كەمبەغەل ئادەم پېقىرلىقتىن بىراۋغا لەۋزىدىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارغا رازى بول، يوققا سەۋر قىل**

بۇ، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇلۇق، بەتخەجلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماي، بار  يوققا شۈكۈر  قانائەت قىلىپ، پىلانلىق، تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارلىق بەزدۈرىدۇ، يوقلۇق ئۆگىتىدۇ**

بۇ، ئادەم «توقتۇزى تەل» بولغاندا بېخىللىشىپ، باغرى قاتىدۇ، يېقىنلىرىدىن زېرىكىدۇ؛ ھېچ نەرسىسى بولمىغاندا يوقسۇزلۇققا كۆنىدۇ، موھتاجلىقتىن ھەممىنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارلىق بولساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ،**
**يوقلۇق بولساڭ بېشىڭ سىغمايدۇ**

بۇ، ئادەم بېيىغاندا ھەركىمنىڭ خېرىدارلىق قىلغۇسى، يېقىنلاشقۇسى كېلىدۇ؛ نامراتلىق، يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق كۈنگە قالغاندا جان ساقلاشقا ئىمكان تېپىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارلىق ئوخشىتار، يوقلۇق قاقشىتار**

بۇ، ئادەم بېيىغاندا ھەممە ئىشقا قۇد

رنتى يېتىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى يۇرۇشتۇ-
رەلەيدۇ، ھەممىنى خۇش قىلالايدۇ؛ نام--
راتلاشقاندا ھېچقانداق ئىشقا قۇدرىتى يەتمەي-
دۇ، ھەر قانداق ئىشى يۇرۇشمەيدۇ، ھېچ-
كىمنى خۇش قىلالمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارلىق ياراشتۇرىدۇ،**
**يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ**

بۇ، ئادەم بېيىپ، «توققۇزى تەل»
بولغاندا ھەممە كىشى يېقىنلىشىپ، ئىتتى-
پاق بولۇپ، مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىدۇ؛
يوقسۇزلۇقتىن، نامراتلىقتىن كىشىلەر
ئۆزئارا يىراقلىشىدۇ، يىرىكلىشىدۇ، زىت-
لىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بار ماختانسا ئېچىلىدۇ،**
**يوق ماختانسا چېچىلىدۇ**

بۇ، ماددىي شارائىتى ياخشى، ھاللىق
ئادەم ماختانسا چانمايدىغانلىقىنى؛ كەمبە-
غەل، نامرات ئادەم ماختانسا مەسخىرىگە
قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارماقنىڭ كەلمىكى بار**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بىراۋ بى-
لەن بېرىش - كېلىشنى نورمال قىلىش
كېرەكلىكىنى؛ بىراۋنىڭكىدە مېھمان بول-
غاندا باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ مېھمان قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە**
**بەش قېتىم بېرىپتۇ**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشقا ئويلىنىپ،
ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ لەۋز قىلىش كې-
رەكلىكىنى؛ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ھەر
قانداق بىر ئىشقا ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ،
ئالدىنئالا ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، ئالدىراپ
قەسەم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**بار نېمىنى دېگۈزمەيدۇ،**
**يوق نېمىنى يېگۈزمەيدۇ**

بۇ، ئادەم بېيىپ، «توققۇزى
تەل» بولغاندا ھەر قانداق گەپنى دېيىشكە
جۈرئەت قىلالايدۇ؛ ئادەم نامراتلىق، يوق-
سۇزلۇق تۈپەيلىدىن ھەر قانداق نەرسىنى
يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بارنى ئايىما، يوققا كايىما**

بۇ، بىرەر ئىشتا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئە-
مەلىي ئەھۋالىغا، شارائىتىغا قاراپ ئىش
كۆرۈش، قولىدىن كەلمىگەن، چامى يەتمى-
گەن، شارائىتى يار بەرمىگەن ئىشقا كۆچە-
مەسلىك، ئاۋارە بولماسلىق كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارنى كۆرسە كۆرەلمەيدۇ،**
**يوقنى كۆرسە بېرەلمەيدۇ**

بۇ، بەزى خەسىس ئادەملەرنىڭ باشقى-
لارغا نەپ، ياردەم بەرمىگەنلىكى ئۈستىگە
باشقىلارنىڭ ھاللىنىپ كېتىشىگە چىدىماي
ئىچى تارلىق قىلىدىغان ھەسەتخورلۇقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بارنىڭ مايىقى تېگەر،**
**بوقنىڭ تايىقى(تېگەر)**

بۇ، قولى ئوچۇق، مەرد، غەنىينىڭ ھەركىمگە پايدا - مەنپەئەت، ياخشىلىقى تېگىدۇ؛ بېخىل، پىخسىق، نامراتنىڭ كىشىگە تاپا - تەنە، ئاھانىتى يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،**
**بوقنىڭ ئىشى ئارمان(بىلەن)**

بۇ، ھوقۇقدار، پۇلدار، بايلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى سۆز، ئىشارەت، بۇيرۇق بىلەن يۇرۇشىدۇ؛ كەمبەغەل، نامراتنىڭ ھەر قانداق ئىشى يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق دەستىدىن يۇرۇشمەي، نائۇمىدلىك، ھەسرەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بار ئۇخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ**

«بارلىق ئۇخشىتار، يوقلۇق قاقشىتار»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش كېرەك، دېدى بىر ئايال دەرھال گەپنى ئۇلاپ، «بار ئۇخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ»، دېھقاننىڭ دولىسىغا كۈننىڭ سېرىقى چۈشۈۋىدى، سېلىم باقاش چېغىدا گۈلدەك توي قىلىۋاتامدۇ، ھەممىنى قىلغان ئايىسخان.

**بارىغا پاتىھە، بوقىغا ئەنە**

بۇ، ھەركىم ئېرىشكەن ئاپاۋىتى، بايلىقىغا شۈكۈر قىلىپ شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىش كۆرۈپ، ئېھتىياجىدىكى كەملىكنى تەدرىجى تولۇقلاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بارىنى ئۇغرى ئالدى،**
**قالغىنىنى رەممال**

«بار پۇلۇمنى ئۇغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بار - يوقنى بىلمەيدۇ،**
**ھەسەل تارتىدۇ كۆڭلۈم**

بۇ، ئاپاۋىتى، شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ - ئىستەك، شېرىن خىيال بىلەن ئىش كۆرىدىغان، تەييارغا ئامراق ئادەملەرنىڭ تەمەخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى**

بۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ئىچىدە سىرداشقان، ئەسقاتقان ئادەم دوستلۇققا يارايدۇ، چىن مۇھەببەت چىراي تاللىمايدۇ، ھەركىمنىڭ ياخشى كۆرگىنى گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ئۆمۈرلۈك جۈپتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باش بولغان بوش بولماس**

بۇ، باشقۇرۇش تالانتىغا ئىگە، قابىلىيەتلىك ئادەم رەھبەر بولالايدۇ؛ رەھبەر بولغان ئادەمنىڭ بوش ۋاقتى بولمايدۇ، ئىشى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باشتا سۇ بولسا، ئاياقتا نان بولىدۇ**

بۇ، تېرىكچىلىك، جۈملىدىن دېھقانچىلىق سۇغا موھتاج. سۇ بولغاندا دېھقانچىلىق ئوخشايدۇ، تېرىكچىلىك روناق تېپىپ مولچىلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-

دۇ.

**باشتا قاتتىق ئىش،**
**ئاياغدا تاتلىق ئىش**

بۇ، جاپا - مۇشەققەتتىن قاچماي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھالال تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك بولۇپ، باياشاتلىق قۇچاق ئاچىدۇ، ئادەم قىلغان ئەجرىنىڭ، تارتقان جاپاسىنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا ئۇن يوق**

بۇ، ھەر قانداق ئىش ئۇچۇق - ئاشكارا، ئۆزئارا كېڭىشىش ئاساسىدا مەسلىھەت بىلەن قىلىنسا ئاخىرىدا ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باشتا گەپ بولمىسا،**
**ئايىغىدا سۆز بولمايدۇ**

«باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا ئۇن يوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

باي توختىغا قاراپ: «باشتا گەپ بولمىسا، ئايىغىدا سۆز بولمايدۇ، بىز ئوبدانراق كېلىشىۋالايلى، كۈزدە قونىقىمغا قوناق بېرىسەن، ئەگەر بېرەلمىسەڭ ئۈچ مو يېرىڭ مېنىڭ بولىدۇ» دەپتۇ.

**باش تىل تارازىسىدا تارتىلىدۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ ئەقىللىقلىقى، كاللىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئۇنىڭ پەم - پاراسىتى، گەپ - سۆزى، زېرەكلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باشقا كەلگەندە باتۇر**

بۇ، ھەركىم بىرەر قىيىن، مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلگەندە نىجاتلىق تېپىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىشكە، تەدبىر كۆرۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەممە ئىشنى ئۆزى ھەل قىلىشقا كىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۆزىدە مۇشۇنچىلىك كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيتتى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ دەسلەپ قورققان ئىدىغۇ، لېكىن كونىلار «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەندەك، ئۇ رەقىبى بىلەن ئېلىشقانسېرى بوش تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

**باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە**

بۇ، باشتىكىلەر قانداق يول تۇتسا، كەينىدىكىلەر شۇنداق يول تۇتىدۇ، رەھبەر، باشلىق نەگە باشلىسا پۇقرا، ئامما شۇ ياققا ماڭىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باش لىڭشىتقانغا بۆك كونىرىماس**

بۇ، بىراۋنىڭ سۆزىگە مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ھەئە، خوپ، ماقۇل، ئوبدان، شۇنداق» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتىن كىشىگە ھېچقانداق زىيان يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،**
**قول سۇنسا يەڭ (ئىچىدە)**

بۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئەيىب - قۇسۇرلىرى، جاڭجال - ماجىرالىرى سىر بولۇپ ئائىلە ئىچىدە قالىدۇ، تاشقىرىغا چىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر،
چۆلدە قالغان سالما(كۆرەر)

بۇ، كىمكى ئامىدىن ئايرىلماي، ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلگەندە ئەل ئىچىدە قەدىرلىنىپ، باياشاتلىقتا تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ؛ ئامىدىن ئايرىلىپ، بىلىمسىز، نادانلىق بىلەن ياشىغاندا نامراتلىقتىن تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھاياجان ئىلكىدە، دەرھەقىقەت، كونىلار «باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر، چۆلدە قالغان سالما كۆرەر» دېگەندەك، بۇگۈن شەھەرگە كىرىپلا جانانىنى كۆردۈم، دەپ ئاستا شىۋىرلىدى.

باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس

بۇ، ئوقۇتماي، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن تەربىيىلەنمەي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، بىكىنمىچىلىك، قامال ئىچىدە بېقىلغان بالا قابىلىيەتسىز چوڭ بولۇپ، ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باغنى باقساڭ باغ بولار،
پاتمان - پاتمان ياغ(بولار)

بۇ، ھەركىم پايدا كۆرۈۋاتقان نەرسىدىن داۋاملىق پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاز - تولا چىقىم قىلىپ، بەدەل تۆلەپ، ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا داۋاملىق ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆرەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باقساڭ باغ بولىدۇ،
باقمىساڭ داغ(بولىدۇ)

بۇ، تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىنغان، ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن ئىگىلىك گۈللەپ ياشنايدۇ، تۈگىمەس مەنپەئەت بېرىدۇ؛ ئەكس ھالدا بولۇشىغا قويۇۋېتكەن، پەرۋىش قىلىنمىغان، ئاسرالمىغان ئىگىلىك زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىپ كىشىنى ھەسرەتتە قويىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باقالىنىڭ ئالدى ياخشى،
قاسساپنىڭ كەينى(ياخشى)

بۇ، مېۋىنى ئەتىگەندە، دەسلىپىدە ئالغاندا يېڭى، سەر خىلىنى تاللاپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ؛ گۆشنى كېيىنرەك، ئاخىرىدا ئالغاندا سېمىز، كۆڭۆلدىكىدەك ياخشى يېرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بالا بالا بولغۇچە، ئانىسى موما بولار

بۇ، ھەر قانداق ئانا پەرزەنتىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقۇچە بارلىقىنى پەرزەنتى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ياشلىق باھارى، كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ قېرىپ مۆكچىيىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بالا بولسا شوخ بولسا،
بولمىسا يوق بولسا

بۇ، ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس، دەلدۇش، دۆت، لايغەزەل بالا ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىغا يۈك ئىكەنلىكى، شۇڭا بالىلارنى چاققان، جەبدەس، جۇشقۇن، زېرەك قىلىپ تەربىيىلەش ھەممىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا بولسا شوخ بولسۇن،**
**بولمىسا يوق بولسۇن**

«بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مەن بالىلارنىڭ ئەركىن، شوخ ئۆسۈشىنى خالايمەن، خۇدا ساقلىسۇن ئىزىلەڭگۈ، قۇلدەك ئېگىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىشتىن، «بالا بولسا شوخ بولسۇن، بولمىسا يوق بولسۇن» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان.

**بالا زاكىسىدىن مەلۇم**

بۇ، بالىنىڭ چوڭ بولغاندا يارامىلىق ياكى يارامسىز ئادەم بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىش ـ ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا ـ قازا باينىڭ يېنىغا كېلەر،**
**كەمبەغەلنىڭ جېنىغا(كېلەر)**

بۇ، پۇلدارلار مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەر، ھادىسىلەردىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ؛ كەمبەغەل، يوقسۇللار نامراتلىق تۈپەيلىدىن كەلگۈلۈك، ھادىسىلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا قۇربى يەتمەي ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بەگلەر بىلەن باي غوجاملار بولسا ئۆز پەرزەنتلىرىنى بۇ ئىشقا يېقىن يولاتمىغانىنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ بېرىشتە ئەڭ ئەشەددىي قەللاپ سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن ئولجا ـ ئۇنۇملەرگە ئىگە بولماقتا، «بالا ـ قازا باينىڭ يېنىغا كېلەر، كەمبەغەلنىڭ جېنىغا» دېگەن ئەھۋاللار ئەمەلدە ئىسپاتلانماقتا ئىدى.

**بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا،**
**ئادەم قېشىدا**

بۇ، بالا ـ قازا، كېلىشمەسلىكنى ئالدىن كۆرگىلى، مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ؛ ئۇ بىپەرۋا، بىخۇد، گالۋاڭ، ئېھتىياتسىز ئادەملەرگە يېقىن، ئېھتىياتچان، ھوشيارلاردىن يىراق تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا ـ قازا قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىسىدا**

بۇ، بالا ـ قازا، كەلگۈلۈك ھوشيارلىقنى يوقاتقان، ئېھتىياتسىز، بىپەرۋا، بىخۇد، گالۋاڭ ئادەملەرگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يولۇقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا ـ قازا كەلسە، قوشلاپ كېلەر**

بۇ، بىتەلەي ئادەمنىڭ بەختى، ئامىتى قاچسا، ئۈستى ـ ئۈستىگە نەس بېسىپ، ئىشلىرى چېپىگە تارتىپ يۈرۈشمەيدۇ، كۆڭۈلسىزلىك، كەلگۈلۈكتىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا ـ قازا كورۇنۇپ كەلمەس،**
**پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ(كەلمەس)**

بۇ، ھەركىم كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي ھادىسە، پېشكەللىككە يولۇقماسلىق ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېھتىياتچان بولۇپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا قوش ئۇچۇشنى بىلەر،**
**قونۇشنى بىلمەس**

بۇ، ئۆسمۈرلەر ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەتكە ئىنتىلىشچانلىق بىلەن قىزغىن ھەۋەس قىلىدۇ، ئىشنىڭ ئالدىنى كۆرۈپ، كەينىنى ئويلىمايدۇ، بۇ بالىلاردىكى گۆدەكلىك خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا، قىلغان ئىشى چالا**

بۇ، بالىلار ئادەتتە ئويۇنغا ئامراق كېلىدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەچكە، ئەقىل، پەم - پاراسىتى كەمچىل بولىدۇ، شۇڭا تاپشۇرۇلغان ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، پۇختا، تەلتۆكۈس ئىشلىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا كەلسە قوش، ئامەت كەلسە تاق**

بۇ، ئاپەت، قازا غايىبانە ھادىسە. كىمكى ھوشيارلىقنى يوقىتىپ، بىخەستەلىك قىلسا ئاسانلا ئۈستى - ئۈستىلەپ بالاغا يولۇقىدۇ؛ ئامەت بىر خىل جاپالىق ئەجىرنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئىشچانلارنىڭ ئەمگەك بەدىلىگە كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا كەلسە قوشلاپ كېلەر،**
**ئامەت كەلسە خۇشلاپ (كېلەر)**

بۇ، بىخۇدلۇق قىلىپ، ھوشيارلىقنى يوقاتقان، بىخەستەلىك قىلغانلارغا ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگۈلۈك، ھادىسىلەر يولۇقۇپ تۇرىدۇ، ئەمما كەلگەن ئامەت بىردەملىك، ۋاقىتلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ،**
**بىر - بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ**

بۇ، ئادەم بىرەر كەلگۈلۈككە دۇچار بولغاندا ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن كېيىنكى ئىشلىرىدىمۇ تۆپە - تۆپىلەپ ئويلىمىغان پېشكەللىك، مۇشكۈللۈككە دۇچ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قانداق قىلىشنى، بالىلىرىمغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. «بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ، بىر - بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ» دېگەندەك، ئۈستى - ئۈستىلەپ بولۇۋاتقان بۇ سورۇقچىلىق ھەقىقەتەن مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

**بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،**
**قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا (باق)**

بۇ، ھەر ئادەم پەرزەنتىنىڭ يارامlıق، ياخشى ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل كۆزىتىشى، كونترول قىلىشى، مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك؛ تاماق ئەتكەندە ئوتنىڭ نورمال كۆيۈشىگە، قازانغا دىققەت قىلىپ، تېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق،**
**ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە (باق)**

بۇ، بالىسى تۇرمىغان ئايال پەرزەنتلىك بولۇش ئۈچۈن ئەرگە يېقىنلىشىش كېرەك؛ ئېرى ئۆلگەن تۇل ئايال ئۆزىنىڭ ئار - نومۇس، پاكلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن نامەھرەمدىن يىراق بولۇپ، ئىستىقبالىنى ئويلاش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس**

بۇ، كۆزلىگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەركىم ئۆز ئەھۋالىنى، ھاجىتىنى يۇقىرىغا ئېيتىپ، ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈش، ھەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالىلىق ئۆي بازار،**
**بالىسىز ئۆي مازار**

بۇ، پەرزەنتى بار (بالىلىق) ئۆي شاد - خۇرام، قايناق، كۆڭۈللۈك بولىدۇ؛ پەرزەنتى يوق (بالىسىز) ئۆيدە گۆرستاندەك جىمجىتلىق، مەيۈسلۈك، مۇھەببەتسىز، كۆڭۈلسىز ھالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن سۆزلەر بۇ ئۆيدە قېنى؟

«ئىھ - ئىھ» لىغان ئۈنلەر، قايىسىبىرىنىڭ قاتتىقراق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلانغانىدى، دادىسى قارغاشقا باشلىدى.

**بالىنى ئىشقا بۇيرۇ،**
**كەينىدىن ئۆزۈڭ يۈگۈر**

بۇ، بالىلار قۇرامىغا يەتمىگەچكە، گۆدەكلىكىدىن كەم ئەقىل، ئۇنتۇغاق، ئويۇنغا ئامراق بولۇپ، تاپشۇرۇلغان ئىشنى چالا قىلىدۇ. شۇڭا ئارقىدىن تۈزەتمىسە بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بالىنى باشتىن ئۈگەت،**
**خوتۇننى باشتىن (ئۈگەت)**

بۇ، ئاتا - ئانا پەرزەنتلەرنىڭ يارام‌لىق، ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئۆيلەنگەن كىشى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە باشتىنلا دىققەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىناق، سەمىمىي بولۇشقا ئادەتلىنىش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باي بايغا باقار، سۇ سايغا ئاقار**

بۇ، سۇ يۆنىلىشى بويىچە يۇقىرىدىن پەسكە ئاقىدىغانلىقى مۇقەررەر بولغىنىدەك، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە پۇلى بار، مەرتىۋىلىك ئادەملەر ھەر ۋاقىت پۇلدار، مەرتىۋىلىكلەرگە بولۇشۇپ، ئىش - ھەرىكىتىنى قوللايدۇ، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باي بايغا يېتەي دېسە،**
**باي قوپۇپ خۇداغا يېتەي دەيدۇ**

بۇ، ئاچ كۆز ئادەملەر بېيىغانچە تېخىمۇ چىرىكلىشىپ باشقىلارغا تەڭلىشىشكە، ھالقىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ؛ مال - دۇنياسى ھېسابىغا يەتكەنلەر ھەسەتخورلۇقتىن ئورۇن، مەرتىۋە كويىدا ئەمەلدار بولۇشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «باي - بايغا يېتەي دېسە، باي قوپۇپ خۇداغا يېتەي دەيدۇ» دېگەندەك، بىر سۆزمۇ بار. بۇ ھەم كۆپ يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، مەنە جەھەتتە، بايلارنىڭ بايلىق كۆپەيتىش ئارزۇسى چەكسىز بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

باي بولسا بۆلۈپ بەرمەس،
گاداي بولسا ئۆلۈپ(بەرمەس)

بۇ، ھەركىم ھالالدىن تەر تۆكۈپ، ئىشلەپ تاپقان مال - دۇنياسىنى باشقىلارغا بىكاردىن - بىكار بۆلۈپ بېرىشنى خالىمايدۇ؛ كىشى نامراتلىق كۈنگە قالغاندا موھتاجلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈۋېلىشنى خالىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باي بىلەن دەۋالاشما،
باتۇر بىلەن چېلىشما

بۇ، پۇلدار ئادەم ماددىي كۈچىگە تايىنىپ ھەر جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدۇ؛ كۈچتۈڭگۈر ئادەم جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ ھەممىنى يېڭەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بايدىن ئەمەلدار چىقسا،
كەمبەغەلدىن دانا چىقار

بۇ، مال - دۇنياسى كۆپ پۇلدار ئادەملەر بايلىقىنى ھوقۇق، مەرتىۋىگە يېغىشلاپ مەنسەپكە ئېرىشەلەيدۇ؛ يوقسۇل، نامراتلار بار - يوققا قانائەت قىلىشتەك غەيرىتى، سەۋرچانلىقى، ئىشچانلىقى، ئىجتىھاتى ئارقىلىق تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن دانىشمەن بولالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بايدىن بالا - قارا قورقار

بۇ، پۇلدار ئادەملەر مال - دۇنياسىنىڭ كۈچى بىلەن ھەر قانداق خەۋپ - خەتەر، كەلگۈلۈك، تاسادىپىي ھادىسىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي،
كەمبەغەلگە كۈندە قايغۇ، كۈندە ئوي

بۇ، پۇلدار ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى مال - دۇنياسىنىڭ كۈچى بىلەن ھېيت ۋە توي بولغاندەك غەمسىز، شاد - خۇرام ئۆتىدۇ؛ يوقسۇللار يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە كۈن كەچۈرۈشى تەس بولۇپ، جان بېقىش كويىدا غەم - ئەندىشە بىلەن ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باي قەيەردە بولسا، ۋاي شۇ يەردە

بۇ، پۇلدار ئادەم قانچە بېيىسىمۇ، بېخىللىشىپ باشقىلارغا نەپ بېرىشنى خالىمايدۇ، «توققۇزى تەل» بولماي يوقسۇزلۇقتا قالغاندەك ئۇچرىغانلا ئادەمگە قاقشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باي مېلىنى سۆزلەر،
گاداي مۇڭىنى(سۆزلەر)

بۇ، پۇلدار ئادەملەر مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىنى داۋراڭ سېلىپ ماختىنىدۇ؛ كەمبەغەل، يوقسۇللار يوقسۇزلۇق، نامراتلىق كەچۈرمىشلىرىدىن دادلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باينىڭ ئارغامچىسى بولسا،
كەمبەغەلنىڭ كۆلىسى بار

بۇ، پۇلدار ئادەملەرنىڭ مال - دۇنيا، تەئەللۇقاتى بولسا، كەمبەغەل، نامراتنىڭ سەۋرلىك ئىشچان روھى بىلەن ئۆزىگە تۇش-

لۇق تىرىكچىلىك قورالى بار، دېگەن مەند-
نى بىلدۈرىدۇ.

**باينىڭ خەزىنىسى نامرات**

بۇ، پۇلدار ئادەم مال - دۇنيا، بايلىق-
نى كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ ئەمگەك ئەج-
رىگە تايىنىپ توپلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**باينىڭ ئىشىدىن كەمبەغەلنىڭ
مۈشتى ياخشى**

بۇ، پۇلدار ئادەمنىڭ بىرەر پايدا
- مەنپەئەت، ياردەمگە بەدەلسىز ئېرىشكى-
لى بولمايدۇ، ئېرىشكەن تەقدىردە تاپا -
تەنە، مىننىتى تۈگىمەيدۇ؛ كەمبەغەلنىڭ
ئىش - ھەرىكىتى، ياردىمى مىننەتسىز،
خالىس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس،
يالاڭتۆشنىڭ قوپقۇسى**

بۇ، پۇلدار ئادەم مال - دۇنياسىنىڭ
بىخەتەرلىكىنى، ئوقىتىنى راۋاجلاندۇرۇش-
نى ئويلاپ تىنىم تاپمايدۇ؛ ئېرىنچەك،
سالتاڭ ئادەم ئىشتىن قېچىپ مىدىرلىغۇسى
كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باي يۇرتىنىڭ ئوزۇقى،
باتۇر يۇرتىنىڭ قوزۇقى**

بۇ، مال - دۇنيا، بايلىق ئەلنىڭ تۇر-
مۇش مەنبەسى، مولچىلىقنىڭ كاپالىتى، با-
ياشاتلىقنىڭ ئاساسى، جىددىي پەيتلەردە
مەردلىك، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەر ئەلنىڭ
پەخرى، تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەتتەرنىڭ بەتتىرى بار**

بۇ، بىرەر يامان ئەھۋالغا گىرىپتار
بولغان كىشى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئەھۋال بو-
لىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىش لازىملىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بەتنىيەتنىڭ يولى تار**

بۇ، بىراۋغا يامانلىق ئويلايدىغان سۇيىد-
قەستچى، قارانىيەت ئادەملەر ئاخىر چىقىش
يولى تاپالماي، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە
بولۇپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا،
كاللار سۇغا تېزەكلەپتۇ**

بۇنىڭ «بىتەلەي قىز تېزەك تەرگىلى
چىقسا، موزايلار سۇغا تېزەكلەر» دېگەن ۋا-
رىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئامىتى قاچقان،
بەختسىز ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەمىشە
چەپىگە تارتىپ، ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەل-
لىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەختسىزنىڭ بېغىغا مۆلدۈر ياغار**

«بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىق-
سا، كاللار سۇغا تېزەكلەپتۇ» نىڭ ئىزاھى-
غا قاراڭ.

— بەخت، نەگە بارىسەن؟
— دوقا ماڭلايغا

بۇ، نەزەرگە، ئېتىبارغا ئېلىنمايدى-
غان، كۆرۈمسىز، ئاددىي ئادەملەرگە ئا-
مەت، تەلەي نېسىپ بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە
كۆزگە كۆرۈنۈپ قولىدىن ئىش كېلىدىغان

يارامىلىق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرسە قولىدىن ئالار،**
**بەرمىسە يولىدىن ئالار**

بۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم پەم - پاراستى ئارقىلىق ھەر باب بىلەن پايدا مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بىلىم - ئىقتىدارسىز ئادەم جان بېقىش يولىنى ئىزدەپ قايغۇرۇپ ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئىچى قاينىمايدىغان، ئىش خۇش ياقمايدىغان، تەمەگۈيلۇققا ئادەتلەنگەن، ھېچكىمدىن ئۇيالمايدىغان، ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ تەييارتاپلىقىنى، بىغەرەزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرسە يېمەس، تاپسا قويماس**

بۇ، ئەقىللىق ئادەم بايلىققا ئېرىشكەندە بەتخەجلىك قىلماي پىلانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ؛ ئەخمەق ئادەم بايلىققا ئېرىشكەندە ھەشەمەتچىلىك، دامخورلۇق بىلەن بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ،**
**بەرمىگەن دەريادا ئېقىپتۇ**

بۇ، بىراۋغا شەپقەت قىلغان، ياردەم بەرگەن كىشى ھەركىمگە ياقىدۇ، ماختىلىدۇ؛ بېخىللىق، پىخسىقلىق قىلغان كىشى ھەركىمگە ياقمايدۇ، قارغىشقا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرگەن باتۇر ئەمەس،**
**سورىغان باتۇر**

بۇ، قولىدا بار، ھالى ياخشى ئادەم ئۈچۈن بىراۋغا ياردەم بېرىش ھېچ گەپ ئەمەسلىكىنى، قولىدا يوق ئادەم بىرەر نەرسىگە ھاجەت بولغاندا بىراۋدىن ياردەم سوراش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، جۈرئەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرگەن بەگكە ياراپتۇ،**
**بەرمىگەن كىمگە (ياراپتۇ)**

بۇ، سورىغاننى بەرگەن كىشى ھەممىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ، ماختىلىدۇ؛ بەرمىگەن كىشىنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ، ماختىمايدۇ، ياقتۇرمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر**

بۇ، ماقۇل بولمىغان ئىش، بەرگۈسى كەلمىگەن نەرسىنىڭ شەرتى، تەلىپى يۇقىرى، چىقىمى ئېغىر، باھانىسى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس،**
**ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس**

بۇ، بەرگۈسى كەلمىگەن، قارشى ئېلىشنى، مېھمان قىلىشنى خالىمىغان ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسى ساختا، مۇئامىلىسى سۇس، باھانىسى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەرمەككە بېرىمۇ كۆپ،**
**ئالماققا ئۇنىمۇ ئاز**

بۇ، بىراۋغا بەرگەن بىر تەڭگىلىك

نەرسە بېخىل، پىخسىق ئادەملەر ئۈچۈن نا-
ھايىتى نۇرغۇن كۆرۈنىدۇ؛ بىراۋدىن ئال-
ماقچى بولغاندا ئون تەڭگىلىك نەرسىمۇ ئاز-
لىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل،**
**بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل**

بۇ، ئىشلەشنى بىلگەن ئادەم دەم ئې-
لىشنىمۇ بىلىشى، ھەر ۋاقىت دەم ئېلىش
بىلەن ئىشلەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشى كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەزىدە مېھمان كېلىدۇ**
**قۇيۇپ قويغان ئۆپكىدەك،**
**بەزىدە مېھمان كېلىدۇ**
**يۈگۈرۈپ قويۇپ تەپكۈدەك**

بۇ، تۇيۇقسىز، ۋاقىتسىز، تەكرار
كەلگەن مېھمان ئۆي ئىگىسىنى تەڭلىكتە
قالدۇرۇپ، خۇش ياقماسلىقنى، خالىماس-
لىقنى، بىزارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،
مېھماننىڭ ھۆرمىتى، ئىززىتى، نەزەرگە
ئېلىنمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەش قول بىردەك ئەمەس**

بۇ، ① بىر ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان
قېرىنداشلار بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ،
ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز ئارا
پەرقلىنىدۇ؛ ② بىر تۈردىكى ھەر قانداق
نەرسىنىڭ چوڭ - كىچىكى، ئۇزۇن -
قىسقىسى، ياخشى - يامىنى، ئەرزان -
قىممىتى، ئېغىر - يېنىكى بولىدۇ، بىر-
دەك، ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەش قولنىڭ قايسىسىنى چىشلىسەڭ**
**ئوخشاش ئاغرىيدۇ**

بۇ، ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىر-
دەك كۆرىدۇ، قايسىسىغا زىيان - زەخمەت
يەتسە ئوخشاشلا ئىچى ئاغرىيدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەش ئۆچكىگە ئالتە تېكە**

«ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە» نىڭ ئىزا-
ھىغا قاراڭ.

**بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولماس،**
**دەرەخ بىلەن چېلىشىپ (بولماس)**

«باي بىلەن دەۋالاشما، باتۇر بىلەن
چېلىشما» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بەڭگىنى بالام دېمە،**
**بۇقىنى كالام دېمە**

بۇ، كەيپكە، ھەۋەسكە بېرىلگەن بالا
تاپتىن چىقىدۇ، ئىشقا خۇشى يوق، ھۇ-
رۇن، يارامسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئاتا
- ئانا بۇنداق بالىدىن بىزار بولىدۇ؛ بۇقا
ياۋاش كالىلارنى كۆرگەندە بۇقىلىقى ئەزۋەي-
لەپ، باشقۇرۇشقا كۆنمەيدۇ، ئىشلەتكىلىمۇ
بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،**
**چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن (ئەمەس)**

بۇ «ئەر» دېمەكلىك بىلەن ئەرلىك
ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئەرلەرمۇ بار، «خو-
تۇن» دېمەكلىك بىلەن ئاياللار ئىچىدىن ئەر-
لەرنى بېسىپ چۈشىدىغان نى - نى ئاياللارمۇ
چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بورىچى ھالۋىچى بولسا،**
**كۆزنى چاپاق بېسىپتۇ**

بۇ، بىر كەسىپ ئەھلى ئۆز كەسپىنى ياراتماي، قىلىپ باقمىغان باشقا بىر يېڭى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ كىشى ئىشنى ئاقتۇرالماي نەس باسىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوزەكنى بوزەك ئەتسەڭ،**
**ئۇۋالىغا قالىسەن**

بۇ، ياۋاش، بىچارە، ئاجىزلارنى ئانىي تاپماسلىق، كىمىكى ئۇلارغا ئازار بېرىپ، ئانىي تېپىپ ئۇۋال قىلسا، ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوزەكنى تاپسام،**
**بۇرنىغا بىپ ساپسام**

بۇ، ياۋاش، ئاجىز، بىچارىلەرنى تاپقاندا ئۇلارنى بۇردا قىلىپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن نەپ ئالمىسا قانائەت قىلمايدىغان مەككار ئالدامچىلارنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ**

«قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تېپىرلايدۇ**

بۇ، بىراۋغا بولىسىزلىق قىلىپ، بىھۇدە بوزەك قىلىمەن دېگۈچىگە ھېچكىم قاراپ تۇرمايدۇ، كۈچى يەتمىسىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۆزى قويدەك ياۋاش بىزنىڭ گۇلشايىم.
بۇ دورەم تۇرمىدى قاراپ مۇلايىم.
«بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تىپىرلار» —
دېگەندەك، ئۇمۇ قىلدى گەپنى ئاشكار.

**بوغۇزنى پۇتۇن يېسە،**
**ئايىغىدىن تۇتۇن چىقار**

بۇ، تاماقنى ئالدىرىماي، چايناپ يېگەندە ئادەمگە لەززەت بېرىدۇ، سالامەتلىككە پايدىسى كۆپ بولىدۇ؛ كىمىكى تاماقنى ئالدىراپ، چايناماي يېگەندە ھەزىم بولالماي، ئوغا بولىدۇ، سالامەتلىككە تەسىر يېتىپ كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوغۇمسىز يەرگە پىچاق سالما**

بۇ، ھەر ئىشنى پەيتىدە، ۋاقتىدا، بابىدا، جايىدا قىلىش، گەپنى ئۆتىدىغان يەرگە قىلىش، پەيتى ئۆتكەندە قىلغان ئىش ۋە سۆز پايدىسىز ئاقىۋەتنى كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى (بولار)**

بۇ، بىر ئىشقا ئىخلاس قىلمايدىغان، ئىشتىياق باغلىمايدىغان، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان، پايدا - زىيانغا كۆيۈنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى، بىپەرۋالىقىنى، بوشاڭلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بولسا ھەر نېمە ئوخشايدۇ**

بۇ، پۇل - بايلىق، ماددىي شارائىت بولغاندىلا ھەر قانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ، گۈل -

گۈلىگە كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خورجۇن - قاپچىسىنى تولدۇرالمىدىم**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان، راۋاج تاپمىغان، پەم - پاراسىتى يوق قابىلىيەتسىز ئادەملەرنى ھەر قانچە يۆلىسىمۇ، بەربىر ئۇنۇمى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم**

بۇ، زىرائەتنىڭ ئوخشايدىغان، ئوخشىمايدىغانلىقى ئۇنىڭ مايسىسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بالىنىڭ چوڭ بولغاندا يارامىلىق ياكى يارامسىز ئادەم بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىش - ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بويتاقنىڭ تاپقىنىنى ئىت يەر، ياققىنىنى پىت (يەر)**

بۇ، بويتاقلىق تۇرمۇشىنىڭ قولايسىز، چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى، بويتاق كىشى تاپقىنىنى پىلانلىق، مۇۋاپىق ئىشلىتەلمەي، بۇزۇپ - چېچىۋېتىپ تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز ئۆتىدىغانلىقىنى، مەينەتچىلىككە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بويىندا ئىللىتى بارنىڭ ئايىغى سىرقىرار**

بۇ، بىرەر گۇناھ ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەم تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك قىلمىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆز - ئۆزىدىن خاتىرجەم بولالماي قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بويىنى ئېگەلمىسەڭ، قولىنى سوي**

بۇ، بىراۋنى بىرەر ئىشقا سالالماي، گەپكە كىرگۈزەلمەي، قايىل قىلالماي قالغاندا يېلىنىپ - يالۋۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزاتما**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆز خىلى، ئۆز قاياشى بىلەن ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت قىلىش، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، سۆزى ئۆتمەيدىغان، كۈچى يەتمەيدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە ئېسىلما**

«بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزاتما» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بويۇمغا بويى ماس كەلدى، مىجەزىمىز تەس (كەلدى)**

بۇ، ئادەم جورا تاللاشتا قامىتى، ھۆسن - جامالى، مال - دۇنياسى، جەمئىيەتتىكى ئورنى جەھەتتىن ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان جۈپتىنى تاپالايدىغانلىقىنى، لېكىن مىجەزى، خۇي - پەيلى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان خوتۇننى تاپالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوي يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق**

«بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزاتما» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بويى ئېشىلمەس، قول ئىشلەر**

بۇ، ئادەم بويلۇق بولغان بىلەن ئەقلى، پەم - پاراستى بولمىسا، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، لېكىن بويىسىز بولسىمۇ، ئەقلى، پەم - پاراستى بولسىلا قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس،**
**بۇ مەينەت مەندە**

بۇ، ئادەم ئۆمۈرۋايەت جاپا - مۇشەققەتلىك قىيىن تۇرمۇشتا ئۆتۈۋەرمەيدىغانلىقىنى، راھەت، ھالاۋەت كۆرىدىغان ياخشى كۈنلەرگىمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇرنىغا يېمىگۈچە موللا بولماس**

بۇ، ھەركىم بېشىدىن بىرەر ئىسسىق - سوغۇق كۈننى كەچۈرمىگۈچە، يېڭىلىش، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغۇچە، ئەقىل، تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولالمايدۇ، تۇرمۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇرۇنقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى**

بۇ، بىرەر كېلىشمەسلىك، ئوڭۇشسىزلىقتا يولۇققاننى ئاز دەپ، تۆپىلەپ يەنە بىر ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىككە يولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،**
**ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ**

بۇ، بىراۋنى بوزەك ئەتكەن، قاقشاتقان، زىيانغا ئۇچراتقان كىشى ئۇزاق ئۆتمەي باشقىلارغا قىلغان ئۇۋالچىلىق، ناھەق ئىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇزۇقنىڭ خوتۇنى بۇزۇق**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئائىلىگە ئېرىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئەخلاق - ئىستىلى، ئىش - ئەمىلى تەسىر قىلىدىغانلىقى، يامان، ئەسكىنىڭ ئائىلى ۋاپاسىز، ئەسكى بولىدىغانلىقى، ياخشى ئەرنىڭ ئائىلى ھەر جەھەتتىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا،**
**موزاي بېشى بوش كەلدى**

بۇ، كۆرۈنۈشتە ھېچكىمدىن نەپ، ئارىلىق ئالمايدىغان پاك - ديانەتلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە پايدا - مەنپەئەت كويىدا نەپسانىيەتچىلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ پارىخورلۇق قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،**
**بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟**

بۇ، بىراۋنىڭ ھاجىتىنى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلالمىغان، دەردىگە دەرمان بولالمىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈلگە تەسەللى بولغۇدەك سۆزۈڭ بولسا قىل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇغداينىڭ بارار يېرى تۈگمەن**

بۇ، ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ھاياتلىق پائالىيىتىدە پاكلىقنى، سەمىمىيلىكنى ئۇنتۇپ، نام - شۆھرەتكە بېرىلگەن بى-

لەن ئاخىر ئەجەلنىڭ تۇگمىنىدە يانچىلىپ
تۇپراققا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ.

بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا
قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشتا بىرەر ياخ-
شى، رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئادەمنىڭ خا-
سىيىتىدىن باشقىلارمۇ ياخشىلىققا ئېرى-
شىپ، پايدا - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بول-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

بۇقا بويىنىغا يىغار،
ئابدال قويىنىغا (يىغار)

بۇ، مەرد كىشى ئەل - يۇرتقا كەلگەن
خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىق، ئاپەتلەرنى
يېڭىش بۇرچىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە
ئېلىپ ھۆرمەت تاپىدۇ؛ نادان كىشى مەنپە-
ئەت كويىدا قوۋلۇق قىلىپ، قاقتى - سوق-
تىلىق بىلەن پۇل - مال، بايلىق توپلايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

بۇقا قېرىسا، بۇرنى قېرىماس

بۇ، ① ئەركەك ھايۋانلاردىكى ئورتاق
خۇسۇسىيەت بولۇپ، جىسمانىي تەرەپتىن
ئاجىزلاشسىمۇ، سەزگۈ تەرەپتىن ئاجىزلاش-
مايدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. ② كۆچمە: ئەر
كىشى قېرىسىمۇ، كۆڭلى، ھېسسىياتى،
شەھۋانىي نەپسى قېرىمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۇرىدۇ.

بۇقا مۆرەيدۇ، پۇتى تىرەيدۇ

بۇ، دائىم چوڭ سۆزلەپ، پو ئاتىدى-
غان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئاغزى

باتۇر ئادەملەرنىڭ كۆرەڭلىكىنى بىلدۇرى-
دۇ.

بۇقىنى كالام دېمەك،
سازەندىنى بالام (دېمەك)

«بەڭگىنى بالام دېمە، بۇقىنى كالام
(دېمە)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئانامۇ تولا
نەسىھەت قىلىپ ماڭا ئاڭلىتالمىغاندىن كې-
يىن ئاخىر «بۇقىنى كالام دېمەك، سازەندى-
نى بالام (دېمەك)» دېگەن گەپ راست ئې-
كەن - دە، شۇنچە گەپ قىلسام ئاڭلىمى-
دىڭ، ئەمدى قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل، —
دەپ قېيداپ گەپ قىلماس بولۇۋالدى.

بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تېشى

بۇ، ① ئەركەك ھايۋانلاردىكى ئورتاق
خۇسۇسىيەت بولۇپ، پىچىلمىغان كالىلار
جىنسىي كۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ھۆركى-
رەيدۇ؛ ② كۆچمە: كىشىنى چوڭ سۆزلەت-
كەن، مەنمەنلىك، يۈز - ئابرۇيلۇق قىل-
دۇرغان شۇ كىشىنىڭ قولىدىكى مال
- دۇنياسى، مەنسىپى ئىكەنلىكىنى بىلدۇ-
رىدۇ.

بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ (ياخشى)

بۇ، ① قۇشلارنىڭ ياشاش، ماكانلى-
شىش ئالاھىدىلىكى ھەر خىل بولىدۇ.
قۇشلار ئۆزىنىڭ ياشاپ كەلگەن ماكانىنى
تاشلىمايدۇ، باشقا يەرگىمۇ كۆنمەيدۇ؛ ②
كۆچمە: ھەر قانداق كىشىگە ئۆزىنىڭ تۇغۇ-
لۇپ ئۆسكەن يېرى، يۇرتى ياخشى كۆرۈنى-
دۇ، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، كىشىنىڭ يۇر-

تىدا ياشاش مۇساپىرچىلىقنى كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇ يەردە ئوغرى يوق،**
**ھېلى قويغان ھېلى يوق**

بۇ، كۆرۈنۈشتە ئالتۇن كۆرسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان پاك دىيانەتلىك بولۇۋې-لىپ، ئەمەلىيەتتە كىشى كۆرمىگەندە ئوغ-رىغاننى ئالماي قويمايدىغان سەممىيەتسىز ئادەملەرنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە بار يەردە قان بار**

بۇ، تاپتىن چىققان بۇزۇق، ياۋۇز، لۈكچەك ئادەملەر بار يەردە ھەر قانداق يامان-لىق، زىيان - زەخمەت، قان تۆكۈلۈش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە بالىسى تاغقا قاراپ ھۇۋلار**

بۇ، يولدىن چىققان بۇزۇق، يامان ئا-دەمنىڭ نەسلى ۋەھشىي، قارانىيەت بولۇپ، ئەسلىنى ئۇنتۇمايدۇ، باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىق، شەپقىتىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە تاپسا تەڭ ئورتاق،**
**قاغا تاپسا دەرەخ بېشىدا**

بۇ، ئۆزى ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە، تاپاۋىتىگە شېرىك بولىدىغان، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى، تاپاۋىتى-نى يوشۇرۇپ، قاچۇرۇپ، باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، پىخسىق ئادەملەرنىڭ ئۇس-تاتىلىق، ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە قېرىسا قويلىقى بار**

بۇ، ①قېرىغان بۆرە تۈلكىگە ئوخشاش قۇۋ، ھىيلىگەر بولۇپ، قويلارنى شەپىسىز تۇتالايدۇ؛ ② كۆچمە: قېرىغان ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى كۆپ، تەجرىبىلىك بولۇپ، ھەر قانداق ئىشنى پەم - پاراسەت بىلەن ئەپچىل ھەل قىلالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-دۈرىدۇ: بوۋاي، پۈتۈن ئۆمرۈم باشقىلارغا تەرىمنى ئاققۇزۇش بىلەن ئۆتتى. ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قانخور گو-مىنداڭغا ئوق ئېتىش بىلەن ئۆتكۈزەي، مې-نى قېرى دەمسىزا، «بۆرە قېرىسا قويلىقى بار» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، قېرى بولسامۇ ئىككى گومىنداڭچىغا تېتىيمەن! دېدى ئۇنىڭغا.

**بۆرە قېرىسا، ئىتلىقى بار**

«بۆرە قېرىسا قويلىقى بار»نىڭ ئىزا-ھىغا قاراڭ.

**بۆرە قېرىسا، ئىتنىڭ كۈلكىسى كېلەر**

بۇ، بىراۋنىڭ ئوڭۇشسىزلىق، پېش-كەللىككە ئۇچرىشى يەنە بىرىگە ئوڭۇشلۇق، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك كەلتۈرىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە قېرىسىنى ئالدايدۇ**

بۇ، شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچى-لىك تۈپەيلىدىن كىشىلەر پايدا - مەنپەئەت، نەپ تالىشىپ، بىر - بىرىگە يۈز - خاتىر قىلماي، يول قويۇشماي ساختىپەزلىك قى-لىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە يۇڭىنى پاخپايتىپ،**
**ئورۇقلۇقىنى بىلدۈرمەس**

بۇ، مەرد، نومۇسچان ئادەم نامرات-
لىق، يوقسۇزلۇق كۈنگە قالغان تەقدىردى-
مۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، سىرىنى يو-
شۇرۇپ، بىچارە، ئاجىزلىقىنى بىلىندۈر-
مەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرىدىن قورققان قوي باقماس**

بۇ، ئۆلۈمدىن، خەتەردىن، زىياندىن،
كۈشەندىدىن قورققان كىشى ھېچ ئىش قى-
لالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرە يوق جاڭگالدا مايمۇن پادىشاھ**

«ئادىمى يوق ئۆيدە ئۆچكىنىڭ ئېتى
ئابدۇراخمان» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇلار
ئۇنى «ئابلابەگ» دەپ كۆككە كۆتۈرەتتى. بۇ
خۇددى «بۆرە يوق جاڭگالدا مايمۇن پادى-
شاھ» دېگەندەك، ئۇ بىردىنلا بۇ شەھەرنىڭ
نوچىسى بولۇۋالدى. دەرۋەقە «نوچىنىڭ ھە
- ھۇچىسى، پوچىنىڭ پۇۋلەكچىسى» بول-
غىنىدەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ
يۈرىدىغان چاپانچىلارمۇ كۆپەيدى.

**بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس،**
**ئوغرىسى يوق يۇرت (بولماس)**

بۇ، دۇنيادا بۆرىسىز جاڭگال بولمىغى-
نىدەك؛ ھەر قانداق يۇرتتا كىشىنى
قاقتى - سوقتى، بوزەك قىلىدىغان، قاراقى-
بەت، يولدىن چىققان ئادەملەرنىڭ بارلىقى-
نى بىلدۈرىدۇ: «بۆرىسى يوق جاڭگال،
ئوغرىسى يوق يۇرت» بولمىغاندەك ھەممە
يەرنىڭ پىتنە - پاساتچىلىرى ئۆزىگە تۇش-
لۇق تېپىلىدۇ، دېدى شائىر كۆپچىلىككە
ئاگىلىتىپ، ئاندىن ۋەزمىن ئاھاڭدا تەسىر-
لىك داۋام قىلدى، شۇنداق بولغىنىمىز ئۈ-
چۈن ئاخىر قالغان كۈنىمىز مۇشۇ!

**بۆرىمۇ يولدىشىغا قەست قىلماس**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، مەرد ئادەملەر ئۆز
قاياشلىرىغا ھەرگىز زىيانكەشلىك، ئۇۋال
قىلمايدۇ، يامان نىيەتتە بولمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان**

بۇ، دۈشمەن - رەزىل، سۈيىقەستچى
بولغاچقا، ئۇ خەلققە يامانلىق، زىيانكەشلىك
قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ ھامان شۈملۈكى، قا-
رانىيەتلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بۆرىنىڭ بالىسى بۆرە**

بۇ، دائىم كىشىگە يامانلىق قىلىدى-
غان، قارانىيەت، سۈيىقەستچى ئادەمنىڭ
نەسلى ھامان ئەجدادىنىڭ رەزىل خۇي -
پەيلىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن،**
**تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان**

بۇ، دۈشمەننىڭ ئاشكارا ھۇجۇمى قور-
قۇنچلۇق بولمايدۇ، ئەكسىچە يوشۇرۇن قىل-
غا ھىيلە - مىكىرلىك سۈيىقەستى قور-
قۇنچلۇق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

بۆشۈكتە كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار

«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

بۆك ئال دېسە باش كېسىپتۇ

بۇ، بىرەر ئىش قىلغاندا ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىدىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ ئىنتايىن چېكىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەملەرنىڭ سولچىل، ئالدىراڭغۇلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۆكنى ئەكەل دېسە،
بېشىنى كېسىپ كەپتۇ

«بۆك ئال دېسە باش كېسىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

بۇنىڭ مەنىسىنى «ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

بۆلۈنگەننى بۆرە يەر،
ئايرىلغاننى ئېيىق (يەر)

«ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

بۈركۈت بوراندىن قورقماس،
باتۇر ئۆلۈمدىن (قورقماس)

بۇ، كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك جاپا - مۇشەققەتتىن باش تارتمايدىغان، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، غەيرەتلىك، قەيسەرلىك، جەسۇرلۇق روھنى بىلدۈرىدۇ.

بۈركۈتتىن سارمۇ تۇغۇلىدۇ

بۇ، يۈز - ئابرۇيلۇق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئېسىل ئائىلىدىن قابىلىيىتى يوق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، يارامسىز ئەۋلادلارنىڭمۇ تۇغۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا پۈتكۈزۈپ بولۇش، ھەرگىز ئاشۇرۇپ ياكى يېرىم يولدا تاشلاپ قويماسلىق لازىم. ئىشنى ۋاقتىدا بېجىرىپ پۈتكۈزمىگەندە، كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا

بۇ، ھەرخىل كەلگۈلۈك، ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن بىراۋنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تېگىرقىماسلىق كېرەك، چۈنكى، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىك قىسمەتلەر كۈتۈلمىگەندە ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈگۈن مېھمان، ئەتە خامان

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئۆچۈن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىكى قائىدە - يوسۇن، ئاقىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈگۈن ئۆتسە، ئەتىگە خۇدا پادىشاھ

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىكتە سالامەتلىكىنى ئويلاش، ھاياتلىقنىڭ قەدىر - قىممە-

تىنى بىلىش، كۆڭنىڭ ئۆتكىنىگە شۈكۈر
قىلىش، كېيىنكى ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا كۆ-
رۈش، بىھۇدە باش قاتۇرماسلىق لازىملىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بېتى ئەدەپ كۆرمىگەن،**
**كۆتى تەرەت(كۆرمىگەن)**
بۇ، باشتىن - ئاخىر تەربىيە كۆرمە-
گەن، تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەر-
نىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدىن چىقىپ كەتكەن
سەلبىي ئوبرازىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى**
بۇ، ئىچى تار، پىخسىق ئادەم ھەر قان-
چە بېيىغان بىلەنمۇ ھاجەتمەنلەرگە نەپ بې-
رىشنى خالىمايدۇ؛ قولى ئوچۇق، مەرد ئا-
دەم ھەر قانچە نامرات بولسىمۇ، ھاجەتمەن-
لەردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىل تاپسا يېيىپ يەر،**
**سېخىي تاپسا ئېچىپ (يەر)**
بۇ، ئىچى تار، پىخسىق ئادەملەر تاپقى-
نىنى باشقىلاردىن قىزغىنىپ يوشۇرۇپ يەي-
دۇ؛ قورسىقى كەڭ، مەرد ئادەملەر بارنى
تەڭ كۆرۈپ، تاپقىنىنى بىللە يەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىل جېنىدىن كېچەر،**
**مېلىدىن كەچمەس**
بۇ، دۇنياپەرەس، ئاچ كۆز، پىخسىق
ئادەملەر مال - دۇنيا، بايلىق توپلاش كويى-
دا مال - دۇنيا، بايلىقنى ھاياتىدىن ئەلا
بىلىپ ھەر قانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەك-
كۇل قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىلدىن پۇل ئالماق،**
**پېتىر ناندىن قىل ئالماق**
بۇ، خەسىس ئادەم مال - دۇنيا، باي-
لىق توپلاش كويىدا پىخسىقلىق قىلىپ باش-
قىلارغا نەپ بېرىشنى خالىمايدۇ؛ ئۇلاردىن
نەپ ئېلىش پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك
ئىنتايىن مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىل سىقىمىنىڭ تېشىنى يالار**
بۇ، پىخسىق، خەسىس ئادەم ھەر ۋا-
قىت بېيىش كويىدا يېمەي - ئىچمەي پىش-
شىقلىق قىلىپ باشقىلارغىمۇ نەپ بەرمەي،
بايلىق توپلاشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس**
بۇ، پىخسىق، ئىچى تار ئادەم پىششىق-
لىقىدىن ھەسەتخور كېلىدۇ. بۇنداق ئادەم-
لەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئىلگىرى باسماي-
دۇ، تۇرمۇشى روناق تاپمايدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بېخىلنىڭ ئىشىنى قىلغۇچە،**
**سېخىينىڭ ئېتىنى يېتىلە**
بۇ، بىراۋغا رەھىم - شەپقەت، ياخشى-
لىق قىلمايدىغان، مال - دۇنيا، بايلىق-
نى دەپ ئاجىزلارنى قاقتى - سوقتى قىلى-
دىغان پىخسىق ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ
ياشىغۇچە، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدى-
غان، قولى ئوچۇق مەردلەرنىڭ خىزمىتىنى

قىلغان ئەلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوغلاپتۇ**

بۇ، كەمبەغەل، ئاجىزلارغا قىلغان
ياخشىلىقلىرىنى مىننەت قىلمايدىغان، قەر-
زىنى تۆلىيەلمىگەن بىچارىلەرنى خىجالەت -
تەڭلىكتە قويمايدىغان پەزىلەتلىك، مەرد ئا-
دەملەرنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېرىپ يامان بولغۇچە،**
**بەرمەي يامان بول**

بۇ، ئۆتنە ئالغان نەرسە ياكى پۇلنى
قايتۇرۇشنى خالىمايدىغان، سورىسا رەنجىي-
دىغان ئادەملەر بىلەن ئۆتنە - بېرىم مۇنا-
سىۋىتى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**بېرىشتە سانىقى توققۇز،**
**ئېلىشتا سانىقى ئوتتۇز**

بۇ، بىراۋغا بەرگەن ئازراق
پايدا - مەنپەئەت، ئەجىر بەدىلىگە ھەسسى-
لەپ پايدا - مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋالىدىغان بې-
خىل، جازانىخور ئادەملەرنىڭ ھىيلە - مى-
كىرلىك ئىش - ئەمىلىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېرىمەن دېگەن قولغا،**
**چىقىرىپ قويار يولغا**

بۇ، ئېلىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمەي-
دىغان، ئېلىم - بېرىمدە سەمىمىيەتسىزلىك
قىلغانلار كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھ-
رۇم بولۇپ، ئۆزىنى - ئۆزى مات قىلىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىشەم خوتۇن بەش كۈنلۈك،**
**بىزەڭ يولداش بىر كۈنلۈك**

بۇ، ئېرىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، كۆزى-
گە ئىلمايدىغان، ئۇرۇشقاق، ھازازۇل ئايال
ئېرى بىلەن ئىناق ئۆتەلمەي، تۇل قالىدۇ؛
ئېرىنچەك، مەككار يولۇچى ھەمراھىغا يول-
داش بولالماي، يالغۇز قالىدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بېشى بارنىڭ بۆكى بار**

بۇ، ئاتا - ئانىسى، ئىگە - چاقىسى
بار كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، قەدىر
- قىممىتى، ئابرۇيى، ئىناۋىتى بولىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېشى باش بولسۇن، ئايىغى تاش**

بۇ، نىكاھلانغان ئەر - ئاياللارغا نى-
بەتەن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ۋە ئۇمۇرلۇك
بولسۇن؛ مال - چارۋا، بايلىق، سېتىۋې-
لىنغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئىگىسىگە
مەڭگۈ قۇتاتسۇن، ئەسقاتسۇن، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار**

بۇ، ئىززەت - ھۆرمىتى بار، مەرتىۋى-
لىك، ئابرۇيلۇق ئادەمدە باشقىلارغا ئېھتى-
ياجلىق بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىغا كەلگەن باسماقچى**

بۇ، بېشىدىن بىرەر ئىش ئۆتكەن ئادەم
ھەر قانداق ئىشتا تەجرىبىلىك بولىدۇ، بىر-
قېتىم ئۆچرىغان زىيانغا ئىككىنچى قېتىم

ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن چارە - تەدبىر قوللى-
نىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە**

بۇ، ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى دۇچ
كەلگەن ھەر قانداق خەۋپ - خەتەر، ئۆلۈم
ئالدىدىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھەققەت
ئۈچۈن ئادىل، ھەق، راست گەپ قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە،**
**خۇي - پەيلىڭدىن كۆر**

بۇ، ھەركىم بىرەر كەلگۈلۈك، بالا -
قازا، ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەندە باشقىلار-
نىڭ زىيانكەشلىكى دەپ قارىماي، بەلكى
ئۆزىنىڭ ناچار ئەخلاق، خاتا سۆز - ھە-
رىكىتىنىڭ كاساپىتىدىن بولغانلىقىنى بى-
لىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىڭ نەدىن كېتەر - تىلىڭدىن**

بۇ، ھەركىم كۆپ ھاللاردا ئويلىماي
دەپ تاشلىغان گەپ - سۆزدىن خاتالىشىد-
غانلىقىنى، تىل خاتالىقى ئادەمنى تۈرلۈك
يامان ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىق-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ،**
**يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ**

بۇ، بىراۋغا ياخشىلىق قىلىپ، يار -
يۆلەك بولغان ئادەم شۇ كىشىنىڭ نىجاتكا-
رى، شەپقەتچىسى بولىدۇ؛ چىن دىلىدىن
مۇھەببەت بېغىشلىغان، كۆڭلىدىن سۆيە-
گەن، ياخشى كۆرگەن كىشىسى ئەڭ گۈزەل
يارى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:
«باي بالىسىغا تېگىپ مۇشۇنداق ئازابلارنى
تارتقۇچە، دەپ ئويلىدى نازۇكئاي ئىچ -
ئىچىدىن يېنىپ، قەدرىمگە يېتىدىغان گاداي
بالىسىغا تېگىپ، خاتىرجەم ئۆتكىنىم ئەۋ-
زەل ئەمەسمىدى... كونىلار «بېشىڭنى كىم
سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئول-
تۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ»، دەپ بىكار ئېيتماپ-
تىكەن».

**بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە،**
**قاچاڭ ئىككى بولماس**

بۇ، يالغۇز، تەنھا ياشاشنىڭ مەنىسىز
ئىكەنلىكىنى، بويتاقلىق تۇرمۇش روناق تاپ-
مايدىغانلىقى، بەرىكەتلىك تۇرمۇش ئىناق
ئائىلە قۇرۇش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**بېشى يوقنىڭ ئېشى يوق**

بۇ، ئاتا - ئانىسى، يۆلەنچۈكى يوق،
ئىگە - چاقىسىز كىشىنىڭ يەيدىغان - ئى-
چىدىغىنى يوق، تۇرمۇشى موھتاجلىقتا ئۆ-
تىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىز مۇنداق جىد-
دىي ئىشتا يۇرتنى ئويلىشىمىز كېرەك! كو-
نىلار «بېشى يوقنىڭ ئېشى يوق» دەيدۇ، ئە-
گەر يۇرت كۈنلەرنىڭ بىرىدە نائىنساپ ئا-
دەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا
ئەل يەيدىغان نېنىنى تاپالماي قالىدۇ، بىز-
نىڭ مۇبارەك يۇرتىمىزنىڭ نامى ئالەمدىن
ئۆچۈپ كېتىدۇ، دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

**بېغى بارنىڭ تېغى بار**

بۇ، ① باغ كىشىلەرگە بايلىق ۋە را-

ھەت - ھالاۋەت ئاتا قىلىدىغان تۇغمەس
خەزىنە ئىكەنلىكىنى؛ ② كۆچمە: ئانا گويا
بىر باغنىڭ سىمۋولى، ئۇ پەرزەنتىگە چەك-
سىز ئىللىق مېھىر - شەپقەتنى بىلەن غەم-
خورلۇق قىلغۇچى يۆلەنچۈك، مۇقەددەس
بىر پاناھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ ئۈشتۈلار**

بۇ، ئەمەلدار، كاتتىباشلارنىڭ ھەر
ئىشتا تىلى بىر ئىكەنلىكىنى، ئۆزئارا بىر
- بىرىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن
قارشىلىشىپ پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بېگىم ئالۋاڭغا زورلايدۇ، موللام دۇئاغا**

بۇ، بەزىلەر كەمبەغەل، ئاجىزلارنى
ئەمىلىگە تايىنىپ، بەزىلەر تۈرلۈك ھىيلە -
نەيرەڭ ۋاستىلەرگە تايىنىپ قاقتى - سوق-
تى، بوزەك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېگىم چىقتى يامۇلدىن،**
**قورقۇپ كەتتىم دورغىسىدىن**

بۇ، ئابرۇيپەرەس، ھەشەمەتكە ئام-
راق، داۋراڭنى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەلدار-
نىڭ قول ئاستىدىكى چاپارمەنلىرى ھەيۋ-
چى، پوپوزىچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېگىمدىن گۇمان بولدى،**
**ماڭا ئۇۋال (بولدى)**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت كويىدا پارا يەپ،
ئادالەتسىز، ناھەق ئىش قىلىپ، پۇقرانى
قاقشىتىپ زورلۇق قىلىدىغان نائىنساپ ئە-
مەلدارلارنىڭ چىرىكلىكىنى، نەپسانىيەت-
چىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېگىم ئۈچۈن خىزمەت،**
**ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت**

بۇ، ھۆكۈمەت نامى بىلەن ۋەزىپە ئىجرا
قىلىشنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، نەپسانى-
يەتچىلىككە بېرىلگەن، قاقتى - سوقتىلىق
بىلەن ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقانلارنىڭ چى-
رىك ئىستىلىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېلى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق**

بۇ، ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي، تەي-
يارغا ھەييار بولۇپ، ھالاۋەت كۆرۈشنى،
باشقىلاردىن ئارتۇق بەھرىمەن بولۇشنى ئىز-
دەيدىغانلارنىڭ تەييارتاپلىق خۇسۇس-
سىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېلى بوشنىڭ گېپى بوش**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان، بوشاڭ،
ئىرادىسىز ئادەملەر جۇرئەتلىك سۆزلىيەل-
مەيدۇ، پىكىردە بىر قارارغا كېلەلمەي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ**

بۇ، باشلىقلار چىرىكلەشسە تۆۋەندىكى-
لەرنىمۇ بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا**

بۇ، مول - مەمۇرچىلىق شارائىتتىمۇ
يوقسۇزلۇق، نامراتلىق دەردىدە ئاچلىقتىن
قىينىلىدىغان، توق تۇرمۇشقا موھتاج بولى-
دىغان كەمبەغەللەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**بېلىق سۇغا تارتىدۇ،**
**توشقان سايغا (تارتىدۇ)**

بۇ، پىكىر - مەزھەپتە بىرلىككە كې-
لەلمەي، ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئۆز بېشىمچە-
لىق بىلەن ئىش كۆرىدىغانلارنىڭ شۆھرەت-
پەرەسلىك، شەخسىي قەھرىمانلىق خۇ-
سۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىتەلەي تالقان يېسە،**
**قارىنىدىن بوران چىقىپتۇ**

بۇ، يوقسۇل - نامراتلار تەلەيسىز بو-
لىدۇ. تەلەيسىزلەرنىڭ قىلغان ئىشى كەم-
بەغەللىك تۈپەيلىدىن ئىلگىرى باسمايدۇ،
قىلغان ئەجرى، ئەمگىكى بىكار كېتىدۇ،
ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىتەلەيگە سۇ كەلسە**
**ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ**

بۇ، تەتۈر پېشانە، تەلەيسىز ئادەم بى-
رەر تاپاۋەت، ياخشىلىققا ئېرىشسە، كۈتۈل-
مىگەن بالا - قازا، ھادىسىگە يولۇقىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئاتا ئون بالىنى باقار،**
**ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس**

بۇ، ئاتا - ئانا قانچىلىك كۆپ بالىسى
بولسىمۇ ھەممىسىنى بېقىپ، قاتارغا قو-
شۇشقا تىرىشىدۇ، لېكىن پەرزەنتلەر چوڭ
بولۇپ، پۇل تېپىشقا باشلىغاندىن كېيىن
بىر - بىرىگە سىلىق سېلىشىپ ئاتا - ئانى-
سىغا ئوبدان قارىماي، ئۇلارنى قىيىن ئەھ-
ۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغىدۇ**

بۇ، مەلۇم بىر جەھەتتە ئارزۇسىغا يەت-
كەن كىشى داۋاملىق يېڭى ئارزۇلاردا بولى-
دۇ. ئومۇمەن ئادەم ئارزۇدىن خالىي بولال-
مايدۇ، لېكىن توغرا بولمىغان ئارزۇ
ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئانىدىن ئارغامچا -**
**توقۇناقتىن باشقىسى چۈشەر**

بۇ، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان بالىلار-
نىڭ خۇي - پەيلى، مىجەز - خاراكتېرى
ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى، بىر - بىرىگە
زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر بىكار ئوننى بىكار قىلىپتۇ**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان، ئېرىن-
چەك، بوشاڭ ئادەم ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇق ئا-
دەتلىرىنى باشقىلارغا سىڭدۈرۈپ، ئىشتىن
يالتايتۇرۇپ، بىكار تەلەپ، ئاقنانچى قى-
لىپ قويىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،**
**بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن**

بۇ، تىرىكچىلىكتە يەر - زېمىن ئالتۇن
- كۈمۈش، بايلىقتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى-
نى، پۇل، مال - دۇنيانى خەجلىسە تۈگەي-
دىغانلىقىنى، لېكىن يەر - زېمىن تۈگى-
مەس خەزىنە بولۇپ، ئىشلەتكەنگە تۈگىمەي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر پۇل بېرىپ ئۇسسۇلغا سالسا،**
**ئون پۇل بېرىپ توختاتقىلى بولماس**

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، قائىدە بىلمەيـ
دىغان، ئەخمەق ئادەمگە بىرەر ئىشنى تاپـ
شۇرسا كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىغانىنىڭ ئۈسـ
تىگە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ توسقىلى بولـ
مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر پىيالەكتە مىڭ خەمەك**

بۇ، بىر ئاتا ـ ئانىدىن مىجەز ـ خۇلـ
قى، ئەخلاقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىـ
غان، ياخشى ئەۋلادمۇ، يامان ئەۋلادمۇ دۇنـ
ياغا كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرتاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقار**

بۇ، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان، بىـ
لىملىك بىر دانا ئادەم بىر مەھەللە ياكى بىر
يۇرتنىڭ خەلقىنى باشقۇرالايدۇ؛ پەم ـ پاراـ
سەت، چارە ـ تەدبىر ئىشلىتىپ دۇچ كەلـ
گەن خەۋپ ـ خەتەر، مۇشكۈللۈكنىڭ ئالدىـ
نى ئالالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرتال باش — بىر قوشۇق ئاش**

بۇ، ئاشلىق ھاياتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىـ
كى، ئاشلىق بولمىسا، ياشاشقا بولمايدىغانـ
لىقى، شۇڭا ھەممەيلەننىڭ ئاشلىقنى قەدىرـ
لىشى، ھەرگىز زايە قىلماسلىقى
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر تال ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر**

بۇ، ھەر ئىشتا كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇپ،
شەخسىيەتچىلىك، ئىچى تارلىق قىلماي،
كەڭ قورساقلىق بىلەن بار ئىمكانىيەتتىن
بىرلىكتە تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئورتاق ياـ
شاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر چوڭنىڭ سۆزىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ**

«بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر كىـ
چىكنىڭ (گېپىنى ئاڭلا)» نىڭ ئىزاھىغا
قاراڭ.

**بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا،**
**بىر كىچىكنىڭ (گېپىنى ئاڭلا)**

بۇ، ئەقىل ياشقا باغلىق ئەمەس، ھەر
ياشتا بىر ئەقىل بولىدىغانلىقىنى، ياشانغانـ
لارنىڭلا گېپىگە ئېسىلىۋالماي، ياشلارنىڭمۇ
پىكرىگە قۇلاق سېلىش لازىملىقىنى بىلدۈـ
رىدۇ.

**بىر خار بولغان،**
**بىر ئەزىز بولماي قالماس**

بۇ، ئادەم ئۆز ھاياتىدا ھەمىشە بىر
خىل ئۆتۈۋەرمەيدۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى
قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشەلمەي رىيازەت
چەككەن كىشى ھامان بىر كۈنى بەخت، ئاـ
مەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتـ
كە ئېرىشىدۇ، خارلىنىپ قالغان نەرسە
ئەزىزلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈـ
رىدۇ.

**بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى**
**قىرىق ئەرنىڭ ھىيلىسىدىن ئارتۇق**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان،
ساختىپەز، ئالدامچى ئاياللارنىڭ قاقتى ـ
سوقتى قىلىشقا ماھىرلىقىنى، ھىيلە ـ نەيـ
رىڭىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار**

بۇ، ۋەزىيەت ھەمىشە بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ، خاتىرجەملىك كەينىدىن بىئاراملىق، كۆڭۈللۈك ئىش كەينىدىن كۆڭۈلسىزلىك، بەخت كەينىدىن بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر خىل تۇرساڭ،**
**يۈز يىل ئۆمۈر كۆرىسەن**

بۇ، ئادەم ياشلىقىدىن باشلاپ ھەر خىل كەيپ - ساپاغا بېرىلمەي، سالامەتلىكىنى ئاسراپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە ئاساس يارىتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر سەر ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،**
**بىر مىسقال ئەقلىڭ بولسۇن**

بۇ، مال - دۇنيا، بايلىق قانچىلىك كۆپ بولغان بىلەن خەجلىسە تۈگەيدۇ. ئەقىل ئىنساننىڭ تۈگىمەس زېھنىي بايلىقى. ئىنسان ھايات پائالىيىتىدە ئەقىلگە تايىنىپ نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس**

بۇ، تۇرمۇشتا كەمچىلىك، سەۋەنلىكسىز ئادەم بولمايدۇ. كەڭ قورساق، مەرد ئادەم گەپ - سۆز، تەنقىد ئاڭلىسىمۇ ئۆزىدىنى يوقاتمايدۇ، چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر سىرلىق بول،**
**سەككىز قىرلىق بول**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئامما بىلەن چىقىشىپ، دېگىلى بولمايدىغان ئىشلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە، سىر ساقلاشقا ماھىر بولۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغار**

بۇ، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان، تاپتىن چىققان يامان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكى بىلەن ئەل - يۇرتنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈپ ئامانلىقنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر قارلىغاچ كەلمەك بىلەن باھار بولماس**

بۇ، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تولۇق ئەكس ئېتىشى ئۈچۈن قىسمەن بېشارەتنىڭ ياكى چىرايلىق بىر بەلگىنىڭ مەلۇم بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر قىزى بار بەگزادە،**
**ئىككى قىزى بار خانزادە**

بۇ، قىزلىق ئائىلە سىرلىق، كىبىرلىك، مەنمەنچى، ھەشەمەتچى، ئابرۇيپەرەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «بىر قىزى بار بەگزادە، ئىككى قىزى بار خانزادە» دېگەن ماقالنى يادىغا ئېلىپ كۆلۈمسىرىدى، سەككىز قىزى بارغا قانداق ماقال تۈزۈش كېرەككىن؟ سۈت ھەققىدىن تارتىپ بىر - بىرلەپ يۇلۇپ ئېلىش كېرەك، دېدى ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە.

**بىر كۆرگەن تونۇش،**
**ئىككى كۆرگەن تۇغقان**

بۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئادەمگەرچىلىك، ئىناق، ئىتتىپاقلىق بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كۆرگەن تونۇش،**
**ئىككى كۆرگەن دوست**

«بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىر كۈن ئالدىرىغاندىن**
**قىرىق كۈن ئەقىل سورىما**

بۇ، بىر ئىشنى ھەل قىلالماي باش قېتىنچىلىقى بىلەن گاڭگىراپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇزاققىچە ئەس - ھوشى ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ ئەقىل - مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ،**
**ئون كۈن بۇرۇن يىغىسەن**

بۇ، ھاياتلىقتا ۋاقىت ئىنسان ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق ئىشتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى؛ ۋاقىتنى چىڭ تۇتماي، پەيتنى كەتكۈزۈپ قويغاندا كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام**

بۇ، باشقا كۈن چۈشكەندە، ئېھتىياجلىق كۆڭۈللەردە ئەسقاتقان دوست - ھەمراھنى ئەستىن چىقارماي، ئۇنىڭغا دائىم ھۆرمەت بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كىشى ياققان ئوت**
**يۈز كىشىنى ئىسسىتار**

«بىر تال ئۇزۇم قىرىق كىشىگە يېتەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار» دەيدۇ، شۇ كىچىك بالىلارنىڭ چېيى بىلەن بىر ماشىنا ئادەم گېلىمىزنى ھۆللىدۇق. بۇ نېمىدىگەن ياخشى بالىلار، دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال.

**بىرگە تەگكەن ياخشى،**
**ئىككىگە تەگكەن پاخشى**

بۇ، ئەردىن قەستەن ئاجرىشىپ كەينى - كەينىدىن ياتلىق بولۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ، ئار - نومۇسنى يوقاتقان سەممىيەتسىز ئاياللارنىڭ ۋاپاسىزلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر گۆرگە سۇ كىرسە،**
**مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك**

بۇ، بىر ئائىلە ياكى بىر مەھەللىدە كۆتۈلمىگەن بىر ھادىسە، ئاپەت يۈز بەرسە ئۆز دائىرىسى بىلەنلا تۈگىمەي، بەلكى ئەل - يۇرت پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «بىر گۆرگە سۇ كىرسە، مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك» دېگەندەك، مەريەم ئېرىنىڭ دەردىدە نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى.

**بىر گۈل ئېچىلماق بىلەن باھار بولماس**

«بىر قارلىغاچ كەلمەك بىلەن باھار
بولماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىرلىك بولماي، تىرىكلىك بولماس**

بۇ، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشنىڭ ياخ-
شى ئىش ئىكەنلىكى، ئىتتىپاقلىق بولغان-
دىلا ۋەزىيەت مۇقىم، ئىشلەپچىقىرىش رو-
ناق تاپىدىغانلىقى، تۇرمۇش شاد - خۇرام،
باياشاتلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر مەستتىن قورق،**
**بىر مۆرىمەستتىن (قورق)**

بۇ، مەست ئادەم كەيپىلىكتە ئەس -
ھوشىنى يوقىتىپ ئىزا، نومۇسنى بىلمەي،
رەسۋا، پەسكەش ئىشلارنى قىلىدۇ؛ زۇۋان
سۈرمەيدىغان جىمغۇر ئادەم ئويلىغىنىنى قى-
لىدۇ. بۇ خىل ئادەملەردىن ھەر ۋاقىت
ھەزەر ئەيلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**بىر مۇدۇرگەن ئون مۇدۇرەر**

بۇ، تۇرمۇشتا ئەقلىنى ئىشلەتمەي،
ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىقىلىشقان ئادەم ئۆ-
مۈر بويى يىقىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرنى بىر كىم بېرەر،**
**كۆپنى ئەمگەك (بېرەر)**

بۇ، ھەر كىم باشقىلاردىن ياردەم كۈت-
مەي، تەمەگەرلىكتىن خالىي ھالدا، ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشى-
شى كېرەكلىكىنى، باشقىلاردىن بىر نەرسە
تەمە قىلىش ياخشى خىسلەت ئەمەسلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك**

بۇ، ئورمان ئەھيا قىلىش، ئورماننى
ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش ھەممە كىشى-
نىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، دەل -
دەرەخلەرنى قالايمىقان كەسمەي، بەلكى بوش
ئورۇنلارغا كۆپلەپ دەرەخ تىكىپ مۇھىتنى
كۆكەرتىشكە تەشەببۇسكار بولۇش كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا**

بۇ، بىر ئەسكى ئادەمنىڭ بولمىغۇر
ئىش - ھەرىكىتى ئائىلىسىنىڭ، ئەھلى مە-
ھەللىسىنىڭ، جامائەتنىڭ شەنىگە داغ كەل-
تۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ھاپ، بىر ھۇم**

بۇ، ئوزۇقلانغاندا تاماقنىڭ ئاشقازاندا
ئوبدان ھەزىم بولۇپ بەدەنگە ياخشى سىڭىشى
ئۈچۈن، ھەر بىر چىشلەم نان ياكى تاماقنى
ئالدىرىماي ياخشى چايناپ يۇتۇش كېرەكلىك-
نى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ھارغاندىن سورىما،**
**بىر ئاچقاندىن (سورىما)**

«بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقان-
غا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىر ھارغانغا گەپ قىلما،**
**بىر ئاچقانغا (گەپ قىلما)**

بۇ، سەپەردە ياكى ئىشلەپ چارچىغان

چاغدا كىشىگە ھارغىنلىق ۋە ئېچىرقاش تۇپەيلىدىن ھېچنەرسە خۇش ياقمايدۇ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئەس - يادى ئارام ئېلىش، غىزالىنىشتا بولغاچقا، رايىغا بېقىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئېغىزدىن چىققان سۆز**
**مىڭ ئېغىزغا يېيىلار**

«ئۇتتۇز چىشتىن چىققان سۆز ئۇتتۇز ئەلگە تارقايدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىرى پۇل يىغسا، بىرى خالتا تىكەر**

بۇ، ئىشچان ئائىلىنىڭ كىشىلىرى خاتىرجەم، باياشات ياشاش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىرى بايلىق توپلىسا، بىرى ئاش - ئوزۇق ئېلىشنىڭ غېمىنى قىلىپ تۇرمۇشقا ماددىي شارائىت ھازىرلاش كويىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ،**
**بىرى توڭۇپ(سەكرەيدۇ)**

بۇ، بېيىغان، پۇلدار ئادەم توقلۇقتىن كۆرەڭلەپ شادلانسا، كەمبەغەل، نامرات يوقسۇزلۇق ئاچ - يالىڭاچلىق دەردىدە خارلىقتىن زارلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرى چالما دەپ تاشلىۋەتسە،**
**بىرى ئالما دەپ ئالار**

بۇ، بەزىلەر تەرىپىدىن ئەرزىمەس، ئېتىبارسىز دەپ قارىلىپ خارلانغان، تاشلىۋېتىلگەن ئادەم ياكى نەرسە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قەدىرلىك، ئېتىبارلىق بولۇپ ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىرى ئۆلمىگۈچە، بىرى كۈن كۆرمەس**

بۇ، بۇزۇق، قارانىيەت، ئەسكىلەر يوقالمىغۇچە، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، ياخشى ئادەملەرگە خاتىرجەملىك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئىت قاۋىسا،**
**ھەممە ئىت تەڭ قاۋاپتۇ**

بۇ، بىراۋ بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلىسە ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، ھەق ياكى ناھەقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي قارىغۇلارچە قۇۋۋەتلەپ ئەگىشىدىغان، مەۋقەسى يوق، تۇراقسىز ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا،**
**مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋايدۇ**

«بىر ئىت قاۋىسا، ھەممە ئىت تەڭ قاۋاپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار**

بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ھەر قانداق بىر ياخشىلىق ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ ۋە بىكار كەتمەيدۇ. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە تۈرلۈك قىيىنچىلىق، پالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،**
**بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس)**

بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ھەر قانداق بىر

ياخشىلىق ياكى يامانلىق ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ ۋە ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇ ھامان قايتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىزنىڭكىگە كەلسەڭ يەپلا،**
**سىنىڭكىگە بارسام گەپلا**

بۇ، بىراۋنىڭكىدە مېھمان بولۇشقا، زىياپەتنى يېيىشكە ئامراق، ئۆزىنىڭكىگە كەلگەنلەرنى قۇرۇق گەپ بىلەن تەكەللۇپ قىلىپ ئۇزىتىدىغان، زىياپەت بېرىشنى، مېھمان قىلىشنى خالىمايدىغان پىخسىق ئادەملەرنىڭ ئۇستاتلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم،**
**مىڭ ياشقىمۇ بىر (ئۆلۈم)**

بۇ، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش مۇقەررەر ھادىسە بولۇپ، ئەھمىيەتلىك، شەرەپ بىلەن ئۆلۈش ھەركىم ئۈچۈن يۈكسەك، ئۇلۇغ پەزىلەت ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر شاختا گۈلمۇ بولىدۇ،**
**تىكەنمۇ بولىدۇ**

«بىر ئانىدىن ئارغامچا - توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىر ياغاچتىن ئوقلۇقمۇ چىقىدۇ،**
**پوقلۇقمۇ چىقىدۇ**

«بىر ئانىدىن ئارغامچا - توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىسىناق پادىشاھتىن،**
**سىنالغان گاداي ياخشى**

بۇ، مەقسەت - مۇددىئاسىنى، نىيىتىد-نى چۈشەنگىلى، بىلگىلى بولمايدىغان، كىبىرلىك قىلىپ ئەلنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان، تەكەببۇر ئەمەلداردىن كۆرە، دائىم ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئەلگە سادىق نامرات ئادەم ياخشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: نازاكەت خېنىم قېشىنى ئۈچۈرۈپ مىيىقىدا كۈلدى - ده، مەن «بىسىناق پادىشاھتىن، سىنالغان گاداي ياخشى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، باتۇق سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە قاچقۇن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بويى ئالتۇن، قوۋۇرغىسى كۈمۈش يىگىت! دېدى...

بىغەرەز پادىشاھتىن چوڭ

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان، يولسىز، ئۇششۇق ئادەم مويسىپىت، مۆتىۋەر، يۇرت كاتتىلىرىغا ھەر ۋاقىت بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىغەرەزدىن دوزاخ قېچىپتۇ

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان، يولسىز، ئۇششۇق ئادەمگە لەنەت، نەپرەت، قارغىشمۇ ئۆتمەيدۇ. ھەتتا جازامۇ كار قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە**

بۇ، بىكار يۈرۈش ئادەمنى ئىشتىن چىقىرىپ، ھورۇنلاشتۇرۇپ، خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈپ قويىدۇ؛ ئىش ئادەمنى چېنىقتۇرىدۇ، بەلگىلىك ھەققە ئىگە قىلىدۇ ۋە تەييارتاپلىقتىن ساقلايدۇ، دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ.

**بىكار تۇرغۇچە، بىكار ئىشلە**

«بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**بىكارچىنىڭ چولىسى يوق،**
**قىلغىلى ئىشى (يوق)**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان، بىكار تەلەپ ئادەملەر ئىش تېپىلىسمۇ ئىشلەشنى خالىمايدۇ، كۈن بويى لاغايلاپ، بىكار يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىگىز تاغاردا توختىماس**

«بىگىز قاپتا ياتماس، ئۆلۈك تاغاردا (ياتماس)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

خىيانەت ھەر زامان چۈنكى خىيانەت،
بىگىز تەشمەي تاغارنى تۇرماس
سالامەت.

ماقالمۇ بار تېخى مەنىسى ئايدىن:
«ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن».

**بىگىز قاپتا ياتماس،**
**ئۆلۈك تاغاردا (ياتماس)**

بۇنىڭ «بىگىز تاغاردا توختىماس»، «بىگىز قاپتا تۇرمايدۇ»، «بىگىز قاپتا ياتماس»، دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار بولۇپ، ھەر قانداق بىر ۋاستە، چارە - تەدبىر بىلەن ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قالغىلى، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يوشۇرۇلغان سىر ھامان ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: نۇرۇل بوۋاي ئامانقۇلنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېدى: بىگىز قاپتا ياتماس، ئۆلۈك تاغاردا (ياتماس) دەپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىمۇ ئېچىلىپ قالار.

**بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر،**
**بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر**

بۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، كەسىپ ئۆگەنگەن ياراملىق كىشى ھۈنىرىگە تايىنىپ جان باقىدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، كەسىپ ئۆگەنمىگەن ھۈنەرسىز كىشى تۇرمۇشتا قىينىلىپ، پۇشايمان يەپ ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلگەن بىلمىگە ئىشىنەر،**
**بىلمىگەن نېمىسىگە (ئىشىنەر)**

بۇ، ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك ئادەم سەۋىيىسىگە، قابىلىيىتىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى؛ ئوقۇمىغان، ئىش كۆرمىگەن، بىلىمسىز، قارىنتۇرۇك ئادەمنىڭ ئىشەنگۈدەك ھېچ نەرسىسى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە**

بۇ، ھەركىم ئۆزى توغرا، پايدىلىق دەپ بىلگەن ئىشىدىن ياناماسلىق، پىلانىنى بۇزماسلىق، ئۇنى سىر تۇتۇپ، باشقىلارغا ئېيتماسلىق، كىشىنىڭ سالاسىغا كەتمەسلىك لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

بۇگۈن ئۇقساق تېخى بىزنى جەھەننەم
ساري باشلارمىش،
ئېچىپ كەڭرى قويۇننى بىز يىلان
ئاسراپتىمىزيارەب.

ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا
دۇنيانى،
بۇنىڭدىن زور گۇناھ بولماس، خاتا
چاغلاپتىمىز يارەب.
«ئاتاڭغا بەرمىگىن بىلگەن يولۇڭنى»
دەر ئىدى دانا،
نادامەت ئوتىدا، ئەپسۇس، جىگەر
داغلاپتىمىز يارەب.

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما**

بۇ، ھەر كىم ئەقلىنى، پەمىنى ئىشقا سېلىپ، قولىدىن كەلگىنىنى، بىلگىنىنى خەلققە بېغىشلاپ، بارلىقىنى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە سەرپ قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس،**
**سورىماسلىق ئەيىب**

بۇ، ھەر قانداق كىشى ھەممىلا نەرسىنى بىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بىلمىگەننى سوراپ بىلىش كەمچىلىك بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنمەستىن بىلەرمەنلىك قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى، تىرىشمايدىغان، ئۆگەنمەيدىغان كىشى ھامان زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلما،**
**تىڭشىمىغانغا سۆز (قىلما)**

بۇ، قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، ئادەمگەرچىلىكى يوق، ۋاپاسىز ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، توغرا پىكىر، مەسلىھەتنى ئاڭلىمىغانغا سۆزلىمەسلىك، نەسىھەت قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا**

بۇ، يات كىشىگە نىسبەتەن كۆرمىگەن، ئەلمى - تەلمىنى بىلمىگەن يەر سىرلىق، مۇرەككەپ بولىدىغانلىقى، شۇڭا بارغان يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ۋەزىيىتىنى ياخشى بىلىش، تەدرىجىي ماسلىشىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر،**
**بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېڭەر)**

بۇ، ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن ھەر قانداق مۇشكۇلاتقا، رەقىبىگە تاقابىل تۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئوقۇمىغان، بىلىمسىز، نادان ئادەم جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ، ۋاقىتلىق جان ساقلىيالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىم ئەقىلنىڭ چىرىغى**

بۇ، بىلىم كىشىنىڭ زېھىن - تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئېچىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان، ئەل ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدىغان تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق بولۇپ، كىشىنىڭ قەلب دۇنياسىنى يورۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىمسىزگە ھال ئېيتقۇچە،**
**ئىچىڭدە سىڭىپ كەتسۇن**

بۇ، ئوقۇمىغان، نادان ئادەمگە ھال ئېيتىپ زارلانماسلىقنى، ئىچكى ئەھۋالنىڭ باشقىلارغا ئاڭلىنىپ سۆز - چۆ-

چەك، مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇشتىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن سىر ساق-
لىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىمسىزگە ئىش يوق،**
**ئىشسىزغا ئاش (يوق)**

بۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئا-
ساسەن ئوقۇش، بىلىم ئېلىش زۆرۈر ئىكەن-
لىكىنى، ئوقۇمىغان، نادان ئادەم ھېچ ئىش-
قا يارىماي، ئىشسىز قالىدىغانلىقىنى، ئىش-
سىز ئادەم تىرىكچىلىك قىلالمايدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان**

بۇ، ئادەم تۇرمۇشتا جاپاغا چىداپ ئىش-
لەش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا بو-
لىدىغانلىقىنى، لېكىن ئوقۇماي، بىلىم ئال-
ماي، نادانلىقتا ئۆتۈش ئەڭ قورقۇنچلۇق،
قۇتۇلغۇسىز نامراتلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

# پ

**پاچىقىغا پىت چۈشۈپتۇ،**
**ئېشىغا چىۋىن (چۈشۈپتۇ)**

بۇنىڭ «پۇچقىقىغا پىت چۈشۈپتۇ، ئې-
شىغا چىۋىن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ،
بىرەر سەۋەب بىلەن ئارىسالدىلىقتا خىيالى
ئۆزگەرگەن، نىيىتى بۇزۇلغانلىڭ ئىشى بۇ-
زۇلىدىغانلىقىنى، تاپاۋىتى، پايدا - مەنپە-
ئىتى زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدا يوقمۇ**

«پاختەكتە بار كۆڭۈل، تۇرۇلغىدا
يوقمۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پاختەكتە بار كۆڭۈل تۇرۇلغىدا يوقمۇ**

بۇ، كۆڭۈلنىڭ ناھايىتى نازۇك، ئىن-
چىكە بولىدىغانلىقى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۇ-
چۈن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق،
كۆڭۈل قالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادا باققاندا دوست ئىدۇق،**
**ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق**

بۇ، جەبىر - جاپادا بىللە بولۇپ، ھالا-
ۋەت كۆرىدىغان چاغدا قارشى تەرەپنىڭ ۋاپا-
سىزلىق قىلىپ ئۆز قەدىناسىدىن يۈز ئۆرۈ-
گەنلىكى ۋە ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**پادىچى ئىككى بولسا،**
**ئارىدا توقلا ئۆلەر**

بۇ، ئىش ئۈستىدە خوجايىن كۆپ
بولسا، «ئادەم جىق يەردە ئېشەك ھارام»
دېگەندەك ئۆزئارا بىر - بىرىگە سېلىق سې-
لىشىپ، ئىشنى كېچىكتۈرۈپ، بۇزۇپ قو-
يىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىدىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر**

«ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى
بوران» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پادىشاھ ئادىل بولسا،**
**پۇقرا مايىل بولار**

بۇ، باشلىققا نىسبەتەن خىزمەتتە توغرا
يول تۇتۇش بىلەن رەھبەرلىك سەنئىتىگە
ماھىر بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، قول ئاس-
تىدىكىلەر شۇنىڭغا ئاساسەن ئىناق، ئىتا-
ئەتچان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىشاھ بىلەن تاز چىقىشالماس،**
**ئۆردەك بىلەن غاز (چىقىشالماس)**

بۇ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەرنى
كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، گۈزەل، چىراي-
لىقلارنىڭ كۆرۈمسىزلەرنى ياراتماسلىقتەك
ئىچى تارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىشاھ قەرزدارلىڭ بولسا،**
**ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن**

بۇ، ھوقۇقىغا تايىنىپ پۇقرالاردىن ئالغان پۇل، نەرسىلەرنى قايتۇرمايدىغان، تەلەپ قىلسا بەرمەيدىغان چىرىك ئەمەل-دارلارنىڭ زورلۇق، ئۆكتەملىكىنى بىلدۈ-رىدۇ.

**پادىشاھلىق ئەل بىلەن،**
**تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن**

بۇ، ھەر قانداق باشلىق، رەھبەر ئام-مىغا تايىنىش، ئاممىغا كۆيۈنۈش بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ، ھۈنەرۋەن - كاسىپ ھۈنەر-رىگە تايىنىپ، ھۈنىرى ئارقىلىق داڭ چى-قىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىشاھ مەست بولسا،**
**دۆلىتى غەرق بولىدۇ**

بۇ، بىرەر باشلىق - ئەمەلدار ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئەقلىدىن ئې-زىپ، چىرىكلەشسە ئۇنىڭ خەلقى، دۆلى-تى، يۇرتى تۈرلۈك مۇشكۇلات، ئاپەتلەرگە ئۇچراپ نامراتلىقتا ۋەيران بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شاۋاز ھەسەن ۋەزىرنى يول ئۈستىدە قەستلەپ ئۆلتۈردى. ئات باقار داۋۇتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، داۋۇت قېچىپ كەتسە ئورنىغا دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ماڭا بوھتان چاپلاپ، زىندانغا سالغۇزدى، «پادى-شاھ مەست بولسا، دۆلىتى غەرق بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، شاھىم، بۇ ئىشلارنى تەخلىمىدىڭىز، غاپىللىق پالاكەتكە تارتىدۇ، دېدى جالالىدىن.

**پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ**

بۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا، ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمان، بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش، بويسۇ-نۇش ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغان پۇقرالىق مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئى مۇسۇلمانلار، ھەدىسلەردە قەيت قىلىنىدۇ-كى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش ۋاجىپ، دېدى روزى غوجا.

**پادىشاھنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن،**
**قولتۇقى كەڭ**

بۇ، ئەمەلدار - باشلىقنىڭ كۆز ئالدى-دا، ئەتراپىدا ئىش بېجىرىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش قولايلىق ئىكەنلىكىنى، رەھ-بەردىن يىراق، ئاساسىي قاتلامدا ئىش بې-جىرىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش قولايسىز، قاتمۇقات رەسمىيەت ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە،**
**كۆڭلىدە بول**

بۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەر قايسى قاتلام رەھبەرلىرى بىلەن ياخشى چىقىشىپ، ئىناق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئە-شەنچىسىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ئە-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پادىشاھنىڭ كۆڭلى پاقىغا چۈشۈپتۇ**

بۇ، مەنسەپدار، مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئىچىدە سالاھىيىتىگە نا مۇناسىپ ھالدا ئەر-زىمەس، ئېتىبارسىز نەرسىلەرگە كۆڭلى چۈشۈپ، ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان غايە-سىز، غۇرۇرسىز چاكىنا كىشىلەرنىڭ بار-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار**

بۇ، ئاق - قارىنى، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، دىتسىز ئادەم كۆتۈل-مىگەن خېيىمخەتەرگە، بەختسىزلىككە ئۇچ-رايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۆتمە**

بۇ، تارقىلىپ كەتكەن پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغمىغاندەك، بېخىل ۋە نامراتتىن مەدەت، ياردەم تىلەش ئەمەلگە ئاشمايدىغان-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس**

بۇ، ئادەم چىرايلىق كىيىنىپ، سالا-پەتلىك يۈرسىلا ئۇنى ئېسىل، ئۇلۇغ، پەزى-لەتلىك دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ياخ-شى ئادەملىكى پاك - دىيانەتلىك، ئاق كۆ-ڭۈل، ۋىجدانلىق بولۇشى بىلەن ئىپادىلىنى-دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاقا بىر سەكرەر، ئىككى سەكرەر، ئۈچىنچىسىدە ئورىغا چۈشەر**

بۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئەيىبلىك ئا-دەم قىلمىشىنى يوشۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىت جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكىنى بىلەن، ھامان بىر كۈنى قانۇن تورىغا چۈ-شۈپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاقا سوزۇلۇپ يىلان بولالماس، موماي ياسىنىپ جۇۋان (بولالماس)**

بۇ، ئۆزىنىڭ يارىلىشىغا، ھالىغا باق-ماي باشقىلاردىن قامەت، ھۆسن تالىشىپ، دورامچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ياسا-

چۈقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاقا ئۆكۈز بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ، يېرىلىپ كېتىپتۇ**

«كەكلىك قاغىنىڭ مېڭىشىنى دوراي-مەن دەپ چاترىقى يىرىلىپ كېتىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پاقىنىڭ بەختىدىن شۇڭقارنىڭ شورلۇقى ياخشى**

بۇ، قورقۇنچاق، نامەرد ئادەمنىڭ ئا-مەتلىك كۈنىدىن، مەرد، باتۇرنىڭ كۆڭۈل-سىز، بىتەلەي ئۆتكىنى ئەۋزەل، دېگەن مە-نىنى بىلدۈرىدۇ.

پاقىنىمۇ دەسسىسە «ۋاق» دەيدۇ

«بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تېپىرلاي-دۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پاكار تاغ يايلاقتا يارىماس، قىسقا يىپ كىلمەككە (يارىماس)**

بۇ، كىچىك ۋە ئاز نەرسە تەلەپ، ئېھ-تىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاكار ئىشەككە ھەركىم مىنەر**

بۇ، ياۋاش، ئاجىزلارنى ھەممە ئادەم-نىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدىغانلىقىنى بىل-دۈرىدۇ.

**پاك بىلەن ئورتاق بولدۇم، گەپ ئاڭلىتالماي پورداق بولدۇم**

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، جاھىل - ئۆ-زۈمچىل ئادەملەر بىلەن

لارنى ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشقا
هەر قانچە تىرىشىپ دەۋەت، نەسىھەت قىلـ
غان بىلەنمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىـ
دۇ.

**پالتا بار يەردە كەكە تور يېمەس**

بۇ، تەسىرى چوڭ، كۈچلۈك نەرسە
تۇرغان يەردە تەسىرى كىچىك، كۈچسىز
نەرسىنىڭ ۋەزنى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىـ
دۇ.

**پالتا تەگمىگەن ياغاچ بولماس**

بۇ، هەر قانداق كىشى هاياتلىقىدا زىـ
يان - زەخمەتكە ئۇچرايدۇ، بېشىغا تۈرلۈك
هادىسە، كەلگۈلۈك، يامان كۈنلەر كېلىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پالتا چۈشكۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىش، ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاـ
شۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت - شارائـ
ئىت، ئىمكانىيەتنىڭ ئەل بولۇشىدىن باشقا
پەيت ۋە ۋاقىتنى كۈتۈش كېرەكلىكىنى بىلـ
دۈرىدۇ: مادامىكى «پالتا چۈشكۈچە كۆتەك
دەم ئاپتۇ» دېگەندەك، بۇ «مەخپىي توي»
پۇرستىدە «ئالتۇنچىلار» قوراللىق پىتلىقـ
لارنىڭ «پاناهىدا» خېلى ئوبدان ئارام ئېلىـ
ۋېلىشتى.

**پالتا كەلگۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ**

«پالتا چۈشكۈچە كۆتەك دەم
ئاپتۇ» نىڭ ئىزاهىغا قاراڭ: هاجى، ئەل -
يۇرت بەك تاسقىلىپ كەتتى، يىگىتلەرنىڭمۇ
جېنى تۆمۈر ئەمەس، «پالتا كەلگۈچە كۆتەك
ئارام ئاپتۇ» دەپ، بىزگىمۇ بىر ئاز ئارام
كېرەك. لى دارىننىڭ نىيىتىنىمۇ چۈشىـ
نىپ تۇرۇپتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر
بىلەن سالى دورغىلارنى قايىل قىلدى.

**پالتاڭنى ئېلىپ تاغقا يۈر،**
**سېۋەتىڭنى ئېلىپ باغقا يۈر**

بۇ، هەرقانداق كەسىپ، هەر قانداق
ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭغا كېرەكلىك، ئېھتىـ
ياجلىق بولغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر ئەل
بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پالتىنىڭ سېپىغا**
**موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ**

بۇ، بىراۋغا ياردەم قىلىشنى خالىمايدىـ
غان بېخىل، ئىچى تار ئادەم باشقىلارغا بار
نەرسىسىنى ئاياپ هەر خىل باهانە - سەۋەب
بىلەن بەرگۈسى كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ،**
**قاتىلدىن ئىمان (كەپتۇ)**

بۇ، بىراۋغا زىيان يەتكۈزگەن ئەيىبـ
لىك ئادەم پاكىت ئالدىدا هامان ئۆزىنىڭ
جىنايى قىلمىشىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر
بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پالتىنىڭ چۈلدىسىدا ئوتۇن يېرىپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيـ
دىغان، پەم - پاراسىتى يوق، ئەخمىقانە
ئىش قىلىدىغانلارنىڭ هاماقەتلىكىنى بىلدۈـ
رىدۇ.

**پالچىدا داڭگال تولا،**
**شائىردا خىيال (تولا)**

بۇ، پالچى ماھارەتلىك بولۇش ئۈچۈن
پال ئېچىشنى كۆپ يىغىدۇ، شائىر ئىجادىيەتـ
نە نېمە تاللاش ئۈچۈن تەپەككۇرنى كۆپ
قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي -
ۋۇي، يىگىت، يەنە نېمە يېزىۋاتىسىز؟
«پالچىدا داڭگال تولا، شائىردا خىيال» دې-
گەن سۆز راست ئىكەن - دە! دېدى ئۇ
لۈتپۇللاغا.

**پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە**

بۇ، بولمىغان ئىشنى ئالدىن مۆلچەر-
لىمىگەن، ھۆكۈم قىلىنمىغان تەخمىنىي پە-
رەز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش توغرا ئەمەس-
لىكىنى، لېكىن بەزى ھاللاردا ھەر ئېھتى-
مالغا قارشى پالدىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پالۋان دەرد يەيدۇ،**
**پالىلىرى گۆش (يەيدۇ)**

بۇ، خەلقپەرۋەر ئەزىمەتلەر ھەر قانچە
دەرد - ئەلەم، ئازاب - ئوقۇبەت تارتىسىمۇ،
جاپاغا، قىيىنچىلىققا چىداپ، باشقىلارنى
بەخت - سائادەتلىك باياشات تۇرمۇشقا ئې-
رىشتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان**

بۇ، ئادەم بەزىدە ماددىي ۋە مەنىۋى
جەھەتتىن نەپ - ھاياتقا ئېرىشىدۇ، بەزىدە
زىيان - چىقىمغا ئۇچرايدۇ. بۇ تىرىكچى-
لىكتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ياش بالا زىيانغا
چىدىماي تولغانغاندا، دادىسى: ئاھ ئۇرما،
بالام، «پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان» دې-
گەندەك، تۇغقانچىلىقتا ھەر ئىككىلىسى بو-
لۇپ تۇرىدۇ، يامىنى ئاھ ئۇرۇش، ئىبرا-
ھىم ھاجىم زىيانغا چىدىماي، ئاھ ئۇرۇپ
بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئۆلۈپ كەتتى، دېدى.

**پايدىسىز ئوغرىنىڭ**
**گۈندىدا تۇرغىنى زىيان**

بۇنىڭ «پايدىسى يوق ئوغرىدىن، گۈن-
دىنىڭ بىكار تۇرغىنى ياخشى» دېگەن ۋارى-
يانتىمۇ بار بولۇپ، بىراۋغا ياخشىلىق قىلى-
مايدىغان، پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەمنىڭ
بارىدىن يوقى ياخشى، تۇرغىنىدىن كەتكىنى
تۈزۈك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ خىيا-
لىي ساراڭ ئىكەن، بۇنى زىنداندىن چىقىرى-
ۋېتىڭلار، پايدىسىز ئوغرىنىڭ گۈندىدا تۇر-
غىنى زىيان، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ پادىشاھ.

**پايدىسى يوق بايدىن،**
**سۈيى يوق ساي ياخشى**

«ئەل سۆيمىگەن - مىۋىسىز قاقشال
دەرەخ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پايدىنى كۆرسە بۆرىگىدەك چاققان،**
**زىياننى كۆرسە كىرپىدەك ياتقان**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت، ھۇزۇر -
ھالاۋەتكە ھەممىدىن چەبدەس، تەييار
تۇرىدىغان؛ ئىش - ئەمگەك، جاپا - مۇ-
شەققەتنى كۆرسە باش تارتىپ، قاچىدىغان
تەييارتاپلارنىڭ ئۇستاتلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن**
**شەيتان قىزغىنىپتۇ**

بۇ، بەزى كەسىپ ئەھلىلىرى پايدا -

مەنپەئەتتە ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ھەسەتخورلۇق، ئىچىتارلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەس ئۇچقان ئېگىز قونار،**
**ئېگىز ئۇچقان پەس (قونار)**

بۇ، كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم ئامىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدىغانلىقىنى؛ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان كىبىرلىك ئادەم تەكەببۇرلۇقى، چوڭچىلىق خۇيى بىلەن ئامىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەس يەردە ياتما سەلگە كېتەرسەن،**
**دۆڭ يەردە ياتما يەلگە (كېتەرسەن)**

بۇ، ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتى، ۋەزىيىتى بويىچە ئىش تۇتۇش، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، كەينىدىمۇ قالماي، توغرا، نورمال ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەس يەرنىڭ توپىسى تاغ كۆرۈنەر**

«ئادىمى يوق ئۆيدە ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پەشنى كېسىپ يەڭنى ياماپتۇ**

بۇ، ھەر ئىشنى ئەقىل ھەم پەم بىلەن ئويلىنىپ قىلىش، مۇھىم نەرسىنى زۆرۈرىيەتسىز ئىشقا زايە قىلماسلىق، ئەھمىيەتسىز، كىچىك ئىشنى دەپ ئورۇنسىز بەدەل تۆلىمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەلەككە ئالدىنىپ،**
**خەمەكسىز قاپتۇ**

بۇ، ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي باشقىلاردىن شەپقەت، ياردەم كۈتۈپ، تەييار نەپ، مەنپەئەت تەمەسى بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، قۇرۇق قول قېلىپ، ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەمسىز باتۇرلۇق،**
**قورۇلى يوق مىلتىق**

بۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل ئىشلەتمەي، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قارامىلىق قىلىش خۇددى نىشانسىز ئېتىلغان ئوققا ئوخشاش ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئەقىل، پەم ئىشلەتمەيدىغان، دىتسىز ئادەم خاتا ماڭغان قەدىمىنىڭ تۈپەيلىدىن پېشكەللىككە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەمسىزنىڭ پاراستى يوق،**
**غەمسىزنىڭ پاراغىتى (يوق)**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئەقىل، پەم ئىشلەتمەيدىغان دىتسىز ئادەم پاراسەتسىز بولىدۇ؛ ھېچنېمىگە كۆڭۈل بولمەيدىغان، غەم يېمەس، بىغەم ئادەم خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا، راھەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەمى يوق كىشىنىڭ**
**مەززىسى يوق ئىشىنىڭ**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئەقلىنى ئىشلەتمەيدى-

غان، پەمسىز ئادەمنىڭ بېجىرگەن هەر قانداق ئىشى سۈپەتلىك، پۇختا، كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوقاققا ياقا ياراشماس**

بۇ، جىسمانىي جەھەتتىن تەندۇرۇس بولمىغان، نۇقسانلىق كىشى هەر قانچە ياسانسىمۇ ئەيىبىنى يوشۇرالمايدۇ، ياراشقۇدەك كىيىم كىيەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوقاقنىڭ ئۈستىگە سۆگەل چىقىپتۇ**

بۇ، بىر ئوڭۇشسىزلىق ياكى قىيىنچىلىق ئۈستىگە يەنە بىر قىيىنچىلىق، كەلگۈلۈكنىڭ قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوقا چالما ئاتساڭ، ئۆزۈڭگە چاچرار**

بۇنىڭ «پوقا چالما ئاتساڭ يۈزگە چاچرار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان، ئەدەپسىز، پەس ئادەملەردىن هەزەر ئەيلىمەي، ئۇلارغا تېگىپ قويغاندا بىهۇدە هاقارەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىشەملىك قىلىشقا يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقىلى بولماس**

بۇ، بىرەر خاتالىق ياكى جىنايەتنى هەر قانداق يول بىلەن يوشۇرۇپ قالغىلى، هىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ باستۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن**

بۇ، تاماق ئېتىشتە دىققەت قىلىشقا، بىلىشكە تېگىشلىك بىر يۈرۈش قائىدە بارلىقىنى، تۆشۈك ماهارىتىدە هەركىم بۇنىڭغا ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ، تاماقنى مەززىلىك پىشۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇتالمىغان ياغاچ پۇتاقلىق**

بۇنىڭ «پۇتالمىغان ياغاچ تىكەنلىك» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ① دەرەخنى پۇتاپ تۇرۇش ناهايىتى مۇهىم ئىكەنلىكى، پۇتالغان دەرەخ تۈز، پۇتاقسىز ئۆسۈپ ماتېرىيال بولىدىغانلىقى، پۇتىمىغاندا هەر تەرەپكە شاخلاپ ماتېرىيالغا يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ② كۆچمە: ئادەمنى تەربىيىلەش ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى، تەربىيىلەنگەن ئادەم نۇقسانسىز، يارامل‍ىق، تەربىيىلەنمىگەن ئادەم نۇقسانلىق، يارامسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇت پۇتقا هەمراھ،**
**قول قولغا (هەمراھ)**

بۇ، تىرىكچىلىكتە كىشىلەر ئۆزئارا ئادەمگەرچىلىك بىلەن بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، رەهىم - شەپقەت قىلىشنى، مۈشكۈل ئىشلاردا، ئېغىر كۈنلەردە هەمدەم بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇتتىن يىقىلغان تۇرار،**
**تىلدىن يىقىلغان تۇرالماس**

بۇ، پۇتى زەخىملەنگەن ئادەم ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەلەيدۇ، خاتا گەپ قىلىپ يېڭىلىشقان ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەي-

دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇتقا تاپسا باشقا يوق؛**
**باشقا تاپسا پۇتقا(يوق)**

بۇ، تاپقىنى كۇندىلىك تۇرمۇشىغا يەت-
مەيدىغان، ئېھتىياجىغا ئۇلگۇرمەيدىغان،
بىرگە تاپسا، بىرگە يوق ئۆتىدىغان ئادەم-
لەرنىڭ يوقسۇزلۇق، نامراتلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**پۇتۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىما،**
**يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا**

بۇ، ھەركىم يۈرۈش - تۇرۇشقا ئەھ-
مىيەت بەرگەندىن باشقا، ئىش - ھەرىكەت،
ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋەتلىرىدە پاك - دىيا-
نەتلىك بولۇش ئۇچۇن نىيەتنى توغرىلاشنىڭ
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇتى كىچىك چاققاننى كىيەر،**
**پۇتى يوغان تاپقاننى(كىيەر)**

بۇ، تەن قۇرۇلۇشىنى نورمال يېتىلدۇ-
رۇشكە ئەھمىيەت بەرگەن كىشى خالىغان
ئاياغنى تاللاپ كىيەلەيدۇ، ئەھمىيەت بەرمى-
گەنلەرنىڭ پۇتى يوغىناپ، ئاياغ كىيىمدىن
قىينىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇتى ئۆيگە كىرگۇچە،**
**كەشى تۆرگە چىقىپتۇ**

بۇ، بىرەر مەنسەپ، مەرتىۋىگە ئېرى-
شىپلا ئۆزىنى باسالماي، كۆرەڭلەپ، باشقى-
لارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، قائىدە - يوسۇ-
نى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ نومۇسسىز-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئەپسۇسكى، پۇتى ئۆيگە
كىرگۇچە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ، دېگە-
دەك، روزى موللا شۆتاڭغا كىرىش بىلەنلا،
كەلگۇسىدە قولىغا كېلىدىغان تۆڭچىلىق ياكى
قانداقتۇر باشقىچە ھوزۇر - ھالاۋەتلىرىنى
ئەسلەپ، ئويۇن - تاماشا ۋە كەيپ - ساپاغا
بېرىلگەندى.

**پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا،**
**ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا**

«ئاياغ يۇگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۇ-
رۇكى باشقا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مۇندىن
كېيىن كىمگە بولمىسۇن ئۇنداق بولمىغۇر
گەپلەرنى قىلمىسىڭىزلا بولدى، — دېدى
خەلىچە خېنىم، ئاندىن، — كونىلاردا «پۇت
يۇگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا»
دېگەن گەپ بار، — دەپ مۇلايىم كۇلۇپ
قويدى.

**پۇختا ئىشتىن كاۋاك چىقماس،**
**يەككە قولدىن چاۋاك (چىقماس)**

بۇ، ھەر ۋاقىت ئورتاق ھەمكارلى-
شىپ، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەسلىھەت بى-
لەن قىلىنغان ئىش مۇكەممەل، مۇستەھكەم
بولۇپ، ھەرگىز چاتاق، نۇقسان كۆرۈلمەي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۈرۈچتىن پوستەك پۈتەر**

بۇ، ئاز نەرسىنىڭ جۇغلىنىشىدىن
كۆپ نەرسە ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، كى-
چىك ئىشلار ئارقىلىق نى - نى چوڭ ئىش-
نى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**پۇشايمان پايدا بەرمەس**

بۇ، ھەركىم ئىشتىن بۇرۇن ئەقلىنى

ئىشقا سېلىپ، ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى، ناتوغرا قىلمىشى ئۈچۈن ئازابلىنىپ، ھەسرەت چېكىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل ئالدىدا ئېزىقما،**
**مەنسەپ دېسە قىزىقما**

بۇ، ھەركىم پۇلنى دەپ نىيىتىنى بۇزماسلىقى، يولدىن ئازماسلىقى، ئايىنىپ چىرىكلەشمەسلىكى؛ مەنسەپ، مەرتىۋىگە بېرىلمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل ئەجەلگە داۋا بولماس**

بۇ، پۇل بىلەن ئۆلۈمگە تاقابىل تۇرغىلى، ئۆلۈمنى كېچىكتۈرگىلى، ئۆلمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل ئەقىل ئۆگىتەر،**
**تون مېڭىشنى ئۆزىتەر**

بۇ، پۇل - بايلىق ئادەمنىڭ ھەر بىر ئىشقا قولايلىق ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ، پاراسەت ئاتا قىلىدۇ. ياخشى كىيىم ئادەمنى باشقىلار ئالدىدا ھۆرمەت، ئابرۇيغا ئېرىشتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل بار چاغدا مىڭى دوست،**
**پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست**

بۇ، پۇلى، مال - دۇنياسى بار چاغدا دوست، ئاغىنە بولىدىغان، تۈگىگەندە ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىدىغان، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمايدىغان ۋاپاسىز، ئالدامچىلارنىڭ ساختىپەزلىك قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل بايغا ئاقىدۇ،**
**سۇ سايغا (ئاقىدۇ)**

بۇ، ھەر تەرەپتىن سىرغىغان سۇ ئاۋۇپ سايغا ئاقىدىغانلىقىنى؛ ھەر كەسىپ، ھەر ساھەدىكى ئىش - ئوقەتتە دەسمايىسى كۆپ ئادەمنىڭ پايدا، تاپاۋىتى ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا**

بۇ، پۇل - ئىقتىساد ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، پۇل بولسا يوقنىمۇ بار قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل بېرىپ يۇرت تالاش،**
**ئاش بېرىپ تور (تالاش)**

بۇ، پۇرسەت، شارائىت يار بەرگەندە ئادەم يۇرت كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى، تۇرمۇش بىلىمىنى بېيىتىش كېرەكلىكىنى، يوقسۇل، نامراتلارغا خەيرىخاھ، يار - يۆلەك بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يۈكسەك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل - پۇلى جىقلارغا تاتلىق**

بۇ، دائىم پۇلنىڭ غېمىدە بولىدىغان، پۇلپەرەس - پۇلدارلارغا پۇل - مالنىڭ مېھرى شېرىن بىلىنىپ، بېيىغانچە پۇلدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل تاپارغا سەن تۇرساڭ،**
**يەپ ياتارغا مەن تۇراي**

بۇ، ئىش - ئوقەت قىلماي بىكار يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياشاشقا، تەييار دىن نەپ ئېلىشقا ئادەتلەنگەن بىكار تە-

لەپلەرنىڭ ھۆرۈنلۈقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل ناپتىم ياخشى بىلەن يېپىشكىلى، يامان بىلەن دېپىشكىلى**

بۇ، ناپقىنىنى ئەل - يۇرتتىن ئايىماي، باردىن يوقسۇل، نامراتلار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، بېخىللارنىڭ پىخسىقلىقىنى مەسخىرە قىلىدىغان مەردلەرنىڭ سېخىيلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل تاپقان ئەقىل تاپىدۇ**

بۇ، بىر تەڭگىسى بار ئادەمنىڭ بىر تەڭگىچىلىك ئەقلى بولىدۇ، مىڭ تەڭگىسى بار ئادەمنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئەقلى بولىدۇ، پۇلى قانچە كۆپەيسە ئەقلىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئوغلىدىكى ئوقەتچانلىق، پەم - پاراسەتنى بايقاپ، سودىدا يېڭى يول تېپىپ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «پۇل تاپقان ئەقىل تاپىدۇ» دېگەندەك، ئون ئوغۇلغا بەرگۈسىز بىر ئوغۇلنىڭ يېتىشۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، پۇل تاپقانسېرى ئەقلىمۇ تېپىۋاتىدۇ، ئەقلىگە راسا تولۇۋاتىدۇ، دەپ ھاياجانلاندى.

**پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ**

بۇنىڭ «پۇل تاپقۇچە يول تاپ» ۋە «پۇل تاپقۇچە، ھېساب تاپ» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار بولۇپ، پۇل تېپىش، بېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، بېيىشنىڭ ئاساسىنى، شەرت - شارائىت، ئىمكانىيەتلىرىنى ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل تېپىۋالساڭ سانىۋال**

بۇ، ئېرىشكەن تاپاۋەت ۋە بىكاردىن كەلگەن غەنىيمەتنىڭمۇ ئېدىتىنى، ھېسابىنى بىلىش كېرەكلىكىنى، ھېساب - ئېدىتسىز ئىش تۇتۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل دۈشمەننى دوست قىلار، دوستنى دۈشمەن قىلار**

بۇ، مال - دۇنيا، پۇلنىڭ مېھرى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشىدا ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلار بىر - بىرى بىلەن زىتلىشىپ، ئادا - جۇدا بولىدىغانلىقى؛ بىر - بىرىگە پايدا - مەنپەئىتى يەتكەن يات - غەيرىيلەر ئۆزئارا يېقىنلىشىپ تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل دېگەن پىششىق تاماق**

بۇ، پۇل تۇرمۇشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە نەق بايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلغىلى، ئاچنى توق قىلغىلى، يوقنى تاپقىلى، نېمىگە خەجلىسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى**

بۇ، مەرد - سېخىيلار ئۈچۈن پۇل ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، ئىشلىسە، ئەمگەك قىلسىلا پۇل تاپقىلى، بېيىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇ تىرىكچىلىكتە قولدىن قولغا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلسىز ئەر خوتۇنىغا جىن كۆرۈنەر**

بۇ، پۇلى يوق، كەمبەغەل ئادەمنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، ئەتىۋارى، ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش ئارقىلىق قەد كۆتۈرۈپ، ئىناۋەت تىكلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلسىزنى بازار تونۇماس**

بۇ، پۇلى يوق ئادەم كۈن بويى بازار ئارىلىغان بىلەن ھېچكىم بىكارغا بىر نەرسە بەرمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا تىرىشىپ ئىشلەپ تۇرمۇشنى ياخشىلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن**

بۇ، ئادەم ئۈچۈن يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋەت مال ـ دۇنيا، بايلىقتىن قىممەتلىك، مۇھىم بولۇپ، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: نەمتۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نومۇسچان، ياۋاش ئادەملەر بولغاچقا، «پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن» دېيىشىپ، قەرز ئېلىپ ھەشەمەتلىك داستىخان تەييارلىدى ـ دە، كېلىننى ئالغىلى يەنە بىر قېتىم كەلدى.

**پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن،**
**پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن**

بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشتا بوشاڭلىق، بىپەرۋالىق، كۆرەڭلىك، بەختەجلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىقنى، ھوشيار، ئېھتىياتچان، ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلنى پۇل تاپىدۇ**

بۇ، ھەر قانداق تىجارەت، كەسىپكە يېتەرلىك دەسمى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا پۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلنى پۇل ئۆزى تاپىدۇ**

«پۇلنى پۇل تاپىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پۇلنىڭ بىر ئۈچى بىلەكتە،**
**بىر ئۈچى يۈرەكتە**

بۇ، ئىقتىساد — پۇل ھەممىنى ھەل قىلغاچقا، تىرىكچىلىكتە ھەممىگە پۇل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، پۇلنىڭ مېھرى، رىشتى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، پۇلنى پەقەت ھۈنەر ـ كەسىپ، ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلنىڭ تىلى يوق**

بۇ، پۇل يۈزسىز — رەھىمسىز بولۇپ، كىمنىڭ تىجارەت پەمى، كەسىپ يولى، ئىشلەش غەيرىتى بولسىلا، پۇل شۇنىڭغا باقىدۇ، پۇلنى شۇ تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلۇڭ بار بېرىپ ئۆت،**
**پۇلۇڭ يوق كۆرۈپ ئۆت**

بۇ، ھەركىم ھاياتلىقتا ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇماسلىقنى، كەمبەغەل، نامراتلارغا ھەمدەم بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مېھىر ـ شەپقەت، غەمخورلۇق قىلىش كېـ

رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە ئەقلىڭگە ئىشەن**

بۇ، پۇل ئادەمنىڭ قولىدىكى ماددىي نەرسە، ئۇنى خەجلىگەنسېرى كېمىيىدىغانلىقىنى، شۇڭا پۇل ۋە بايلىققا ئىشىنىشتىن كۆرە ئەقلىگە ئىشىنىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئادەم ئەقلىگە تايىنىپ ياشىغاچقا، ئۇ تۈگىمەس، خورىماس مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما، ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا**

بۇ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماسلىق كېرەكلىكىنى، تېگىشلىك بولغان چىقىمنى قىلىشتىن قورقماي، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما، مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە (بارما)**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قائىدىسىگە ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىپ، قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىش قىلىش لازىملىقىنى، مادارى بولمىغان ئەھۋالدا ئېلىم - بېرىم قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز**

بۇ، كەمبەغەل، نامراتلار تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، قورساق، كىيىم - كېچەكتىن باشقىنى ئويلىمايدىغانلىقىنى، پۇلدارلار بولسا دائىم بايلىقىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ھەم ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئارامخۇدا تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى بار ئادەمدىن تاغمۇ قورقىدۇ**

بۇ، پۇلنىڭ قۇدرىتى زور ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادى بار، پۇلدار ئادەم ھامىيلىق بولىدۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، سۆزى ئۆتكۈر، غالىب كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى بارغا بازار، پۇلى يوققا مازار**

بۇ، ئىقتىسادى يېتەرلىك پۇلدار ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بازاردەك قاينام - تاشقىن، كۆڭۈللۈك بولىدۇ، يوقسۇل - نامراتلارنىڭ تۇرمۇشى مازاردەك غەمكىن، مەيۈسلۈك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى بار كاۋاپ يەيدۇ،**
**پۇلى يوق كاۋاپ تۈتۈنى (يەيدۇ)**

بۇ، ھالال ئەجرى بىلەن بېيىغان پۇلدار ئادەم ئەجرىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ. كۈچىنى ئاياپ، ئەمگەك قىلىشتىن قاچقان ئادەم باشقىلارغا تەلمۈرۈپ، موھتاج بولۇپ، ھەسرەتتە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ،**
**پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ**

بۇ، كەمبەغەل - نامراتلارنىڭ دەۋاسى، ئىشى توغرا بولسىمۇ گېپى ئاقمايدىغانلىقىنى، بايلارنىڭ، ھوقۇقدارلارنىڭ خاتا بولسىمۇ گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ بولدى ھەر چاغ،
پۇلى يوقنىڭ بېشىغا كەلدى دوزاخ.

تېرىمچى بىر چولاق كەتمەندە قالدى،
ماتاچى مىڭ ياماق چەكمەندە قالدى.

**پۇلى بارنىڭ يولى بار**

بۇ، پۇلدار ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، ئالاقىسى كۆپ بولۇپ، ھەر قانداق ئىشى راۋان، ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى بولسا قوللايدۇ،**
**بولمىسا قوغلايدۇ**

بۇ، نەپ بەرگەن، پايدا يەتكۈزگەن كىشىگە يېقىنچىلىق قىلىپ ياخشى كۆرىدىغان؛ نەپ بەرمىگەن، پايدا يەتكۈزمىگەن كىشىدىن يۈز ئۆرۈپ ئالاقىنى ئۈزىدىغان نائىنساپلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى تۈگىگەندە پوقىقىنى سىلاپتۇ**

بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقتىدا، شەرت ـ شارائىتى، ئىمكانىيىتى بار چېغىدا قىلىش لازىملىقىنى، پەيتى ئۆتۈپ، دەسمايىسى قالمىغاندا تەدبىر كۆرۈشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇلى كۆپىنىڭ يولى كۆپ**

«پۇلى بارنىڭ يولى بار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

بىراۋ ئېيتتى: «ئەمەل ـ مەنسەپ، پۇلى كۆپ،
پۇلى كۆپىنىڭ نېمە قىلسا يولى كۆپ».
بىراۋ ئېيتتى: «يېشى ئاتمىشتىن ئاشتى، بىلىمى خۇددى كۆپ ھەددىدىن ئاشتى».

**پۇل يىغقان باي ئەمەس،**
**نەپسىنى يىغقان باي**

بۇ، باي بولۇش ئۈچۈن نەپسىگە بېرىلىپ تاپتىن چىقماسلىق، قاقتى ـ سوقتىلىق قىلماسلىق؛ قولىدىكىگە، بارىغا قانائەت قىلىپ، ھالال ئەجىر بىلەن بېيىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا،**
**ئۈرۈشتىن كېيىن باتۇر (تولا)**

بۇ، ئىشنىڭ ھالقىلىق، جاپالىق پەيتىدە بىللە بولماي، باشقىلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىگە، مۇۋەپپەقىيىتىگە ئىگە بولۇۋالىدىغان، تۆھپىسىنى، نام ـ شۆھرىتىنى تارتىۋالىدىغان قارانىيەت ئادەملەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۈتمەس ئىشنىڭ بېشىغا،**
**باتۇر كېلەر قېشىغا**

بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچمايدىغان، ئىشچان كەسىپ ئەھلىنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۈتمىگەن قەرزگە پوق ئال**

بۇ، سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىمدا ھېسابنى ئەق قىلىش لازىملىقىنى، ھېسابنى ئۈزمەي نېسى قىلغاندا، قەرز سۈرۈلۈپ يېغىۋالالماي، يوققا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پېشكەل سۆزلەپ كەلمەس،**
**كۆزلەپ كېلەر**

«بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۈت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» نىڭ ئىزاھىغا قا. راڭ.

**پېقىرلىق تىلەمچىلىككە تارتىدۇ**

بۇ، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق دەردى كىشىنى ھەر كويغا سالىدۇ، جان ساقلاش ئۈچۈن باشقىلاردىن سەدىقە ئىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىتنىخور تىرناقتىن تۈك ئۈندۈرەر**

بۇ، بىراۋنى يوقىلاڭ ئىش توغرىلىق غەرەزلىك ھالدا قۇسۇر، كەمچىلىك تې. پىپ، ناھەق ئەيىبلەپ، ئۇۋال قىلىدىغان تۆھمەتخورلارنىڭ يولسىزلىق قىلمىشلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا ساپتۇ**

بۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، ئەرزى. مەس ئىشلار ئۈچۈن چوڭ نەرسىلەرنى زى. يانغا ئۇچراتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىتنىڭ ئۈچىيىگە ھېسىپ قويۇپتۇ**

بۇ، بىراۋغا كىچىككىنە مەنپەئىتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان، ئۆزىدىن باش. قىغا قىلچىلىك پايدىسى تەگمەيدىغان پىخ. سىقلارنىڭ بېخىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاق تاشتا بىلىنىدۇ،**
**ئادەم ئىشتا سىنىلىدۇ**

بۇ، تىغنىڭ كېسىدىغان، كەسمەيدى. غانلىقى بىلىگەندە مەلۇم بولغىنىدەك؛ ئا. دەمنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، ئىشچان ـ ھۇرۇنلۇقى ئىش ـ ئەمگەكتە مەلۇم بولىدى.

غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاق دەستىسىنى كەسمەيدۇ**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى، مەنپەئىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈشنى خالىماي. دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاق گۆشكە ماڭار،**
**سۆڭەككە ماڭماس**

بۇ، ① تىغ يۇمشاق نەرسىگە ئۆتىدىغان. لىقىنى، قاتتىق نەرسىگە ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: يـاۋاش، ئاجىزنى ھەركىمنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدىغانلىقى. نى، يامان، بەشەم، ئەسكىگە ھېچكىم تې. گەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاق ئۆتكۈر بولسا،**
**ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق**

بۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئەسۋاب ـ ساي. مان ياخشى بولسا ئىشلىگۈچىگە كۈچ كەل. مەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال،**
**ئاغرىمىسا كىشىگە(سال)**

بۇنىڭ «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغ. رىمىسا ئۆزگىگە» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بو. لۇپ، ھەر قانداق ئىشتا ئاۋۋال ئەتراپلىق ئويلىنىپ، تەلەپچان بولۇش، ئاندىن باشقى. لارغا تەلەپ قويۇش، ئۆزى توغرا تاپمىغان ئىشنى باشقىلارغا زورلىماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچاق يارىسى ئۇنتۇلار،**

**تىل يارىسى ئۇنتۇلماس**

بۇ، جىسمانىي يارا ساقىيىپ كېتىدۇ، لېكىن تىل - ھاقارەت، يامان مۇئامىلىلەر پەيدا قىلغان كۆڭۈل يارىسى ئاسانلىقچە ساقايمايدۇ ھەم ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىچىقىڭنى بىلەپ يۈر،**
**خۇدايىمدىن تىلەپ (يۈر)**

بۇ، ھەر قانداق ئىشقا ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈش بىلەن ئويغۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، كەلگۈسىگە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۈمىدۋار بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىخسىقنىڭ پوقىنى چوقۇغان**
**قاغىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ**

بۇ، بېخىل بىلەن باردى - كەلدى قىلغان كىشى ھېچقانداق مەنپەئەت، نەپكە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قالغانلىقىدىن نائۈمىد بولۇپ، قاقشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىرسىز ئۇستا بولماس،**
**قىرسىز تاختا**

بۇ، ھەر قانداق ئىش، ھۈنەر - كەسىپنىڭ بېشى، يېتەكچىسى، ئۇستازى بولىدۇ، يېتەكچىسى يوق ئىش، ئۇستازسىز كاسىپ - ھۈنەرۋەن بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىرىگە بېقىپ مۇرىت بولار،**
**ساقالغان بېقىپ بۇرۇت (بولار)**

بۇ، ئۇستازى قانداق بولسا، شاگىرتىمۇ شۇنداق تەربىيىلىنىدۇ؛ باشلىق قانداق بولسا، قول ئاستىدىكىلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىرىڭ بولغان ئېرىڭ بولار**

بۇ، ئەزەلدىن چىقىشالمايدىغان ئادەم بىلەن قانداقتۇر كېيىنكى كۈنلەردە بىرگە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىشماس ئاشنىڭ ئوتى كۆيمەس**

«بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى**

بۇ، پىشمىغان تاماقنى يېيىش سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، پىشمىغان تاماقنىڭ خۇددى خام كاۋىدىنمۇ بەتتەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىشمىغان تويغا قازان ئاسقىلى بولماس**

بۇ، تېخى پۈتمىگەن، تايىنى يوق ئىشقا ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقنى، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق جابدۇنۇپ كەتمەسلىكنى، ئىشنىڭ پەيتىنى ئېغىر - بېسىقلىق، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش**

بۇ، پىلانغا ئاساسلانماي قىلىنغان ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىل بىلەن دوست بولساڭ،**
**پىلخانائىڭنى راسلا**

بۇ، بىراۋ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشۇش، ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆتۈۋېلىش سورۇنى تەييارلاپ قويۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىل تۆشۈكتىن قورقىدۇ،**
**چاشقان مۈشۈكتىن**

بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رەقىبى، رىقابەتچىسى بولىدۇ. ئۇلار رەقىبىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن، قەستلىشىدىن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قوغدايدۇ، مۇداپىئە كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىلنىڭ ئۆمرىگە چىشىنىڭ قىممەتلىكلىكى**
**سەۋەبكار**

بۇ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئېسىللىقى، ئەتىۋارلىقلىقى، گۈزەل - چىرايلىقلىقى كۆزگە يېقىن، رەقىبلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرۈشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،**
**ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر**

«يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق،**
**كۆچى ئوزۇق**

بۇنىڭ «پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق، ماغدۇرى ئوزۇق» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، سەپەرنى ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىيازنىڭ پوستى تولا،**
**ئەخمەقنىڭ دوستى (تولا)**

بۇ، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي، ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ، دوستلىشىدىغان ئەقىلسىز، نادانلارنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ت

**تاپالىساڭ هالال يە،**
**تاپالمىساڭ شامال (يە)**

بۇ، هەركىم قىيىنچىلىقتا باش ئەگ-
مەي، بار - يوققا سەۋر - قانائەت قىلىپ،
پاك - دىيانەتلىك بىلەن هالال تەر تۆكۈپ
ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،**
**تاپمىغىنى چۈجە خوراز**

بۇنىڭ «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپال-
مىغىنى بىر باش پىياز» دېگەن ۋارىيانتىمۇ
بار بولۇپ، هەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي
ئەهۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈشنى، شارائىتى
يار بەرمىگەن ئەهۋالدا هەشەمەتچىلىك قىل-
ماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تاپقىنىم پاك، قۇلىقىم ساق**

بۇ، ئەمگەك قىلىپ، هالاللىق بىلەن
ئىشلەپ تاپقان بايلىق كىشىگە دەرد - ئە-
لەم، خاپىلىق كەلتۈرمەي، ئۆزىگە نېسىپ
بولۇپ، هالاۋىتىنى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تاپقىنى ناماقۇللۇقتىن ئاشماپتۇ**

بۇ، ئويلىماي، بىپەرۋالىق قىلىپ خا-
تالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ تاپاۋىتى، بايلى-
قى كۆڭۈل ئېلىش، هەق تۆلەش، خاتا-
لىقنى ئوڭلاشقا سەرپ بولىدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ.

**تاتلىق تىل يىلاننى ئىنىدىن چىقىرىدۇ**

بۇ، پاساهەتلىك، ياخشى گەپ هەرقان
داق ئەسكى، جاهىل ئادەملەرنى تەسىرلەن
دۈرۈپ، قايىل قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل
دۈرىدۇ.

**تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار**

بۇ، هىيلىگەر ئادەملەر هەرقانچە قۇۋ
لۇق ئىشلەتسىمۇ بەرىبىر قۇتۇلۇپ كېتەل
مەيدۇ، هامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ گەپ
سۆزى بىلەن تۇتۇلۇپ قالىدۇ، دېگەن مەن
نى بىلدۈرىدۇ:

ئەپچىلەم ئاڭلاپ بۇنى بولدى بىئەپ
ئۆمرىگە يەتكۇدەكلا ئالدى ئەدەپ.
ئىلىنار تۇمشۇقىدىن تادان تۈلكە،
دېگەن شۇ، دەپ دۇكاندا بولدى
كۈلكە.

**تارتىنساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلۇر،**
**ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر**

بۇ، هەركىم ئۆز هالىنى ئۆزى سۆز
لەش، ئىش - غېمىنى ئۆزى قىلىش كېرەك
لىكىنى، تارتىنىش، ئېرىنىشنىڭ پايد
سىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تار يەردە ئاش يېگۈچە،
كەڭ يەردە مۈشت يە

بۇ، ھەرقانداق ئىش ـ پائالىيەت ئۈچۈن ئۆزىگە يارىشا مۇۋاپىق شارائىت، ئورۇن ـ ماكان بولۇش لازىملىقىنى، كۈشادىسىزلىك ئىش ـ ھەرىكەتكە قولايسىزلىق كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تار بازارغا بارسا،
شۇم خەۋەر تاپار

بۇ، يامانلىقنى تىلەيدىغان، شۇم ئېغىز ئادەم بارغان يېرىدە قۇلاققا ياقمايدىغان، ئەنسىز، ۋەھىمىلىك گەپلەرنى سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، كۆڭۈلسىزلىك، پاراكەندىلىك تۇغدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تار باشقا يېشىل تەكىيە

بۇ، ياش قۇرامى بىلەن ھېسابلاشماي، دائىم غەلىتە كىيىنىشنى، ياراشمىسىمۇ ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ تېتىقسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تار بولساڭمۇ مەرتىۋەڭ بولسۇن

بۇ، كىمنىڭ ئەمەلى، مەرتىۋىسى بولسا، شۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، توققۇزى تەل، گېپى گەپ بولۇپ، خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

ـــ چۈشــكەپسەن، بايقۇش، سوۋغا ـ سالامغا كەلگەن گىلەم بىلەن گۈلدار كىگىزلەرنىڭ ئۆزىلا بىر ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقاشتى، كونىلارنىڭ: «تار بولساڭمۇ مەرتىۋەڭ بولسۇن» دېگىنى راست ئىكەن ـ دە، ـــ دېدى ئۇ.

تار بولسىمۇ قىز ياخشى

بۇ، سەت بولسىمۇ ھەممە ئادەم قىزلارغا نەزەر سالىدىغانلىقىنى، قىزلاردا ئەرلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدىغان بىر خىل سېھرىي خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ھېلىقى قۇتىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ـــ يېڭىدىن بىر قىز تاپقاندىم، چىرايىغۇ زىننەتتەك چىرايلىق ئەمەس، بىراق «تار بولسىمۇ قىز ياخشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پىژژىدە كۆيدۈرەلىگۈدەك بىر نېمىدى، ـــ دېدى بوساقۇيقا قاراپ.

تار بولسىمۇ مېنىڭ ئاتام

بۇ، ھەرقانداق ئەيىب ـ قۇسۇرى بولسىمۇ پەرزەنتلەر ئۈچۈن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوبدان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تار بىلەن تار تارغاق تالىشىپتۇ

بۇ، ئۆزىگە ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن بىھۇدە جېدەللىشىدىغان، ئۇرۇشقاق ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تار تارانغۇچە توي تارقاپتۇ

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا تۇتۇنغاندا ئەزمىلىك قىلماي، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تېز ھەرىكەتلىنىش لازىملىقىنى، سۇسلۇق قىلسا پۇرسەت قولدىن كېتىپ، پىلان ئورۇندالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناز نازنى كۆرسە بېشى قىچىشار**

بۇ، بىرەر ئىش تۇپەيلىدىن كۆڭلىدە ئەندىشىسى بار ئەيىبلىك ئادەم ئۆز ئارا ئۇچ-راشقاندا گۇمان بىلەن بىر - بىرىدىن خۇ-دۇكسىرەپ، غەمدىن بېشى قاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناز چۈشىنى قوندۇرماس،**
**چۈش نازنى تىندۇرماس**

بۇ، ھەرقانداق كىشى بىرەر ئىشتا جىنايى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، خاتالىقنى بويى-نىغا ئالماي ئۆزىنى قاچۇرغان بىلەن قىلمى-شى ھامان سۈرۈشتۈرۈلۈپ، جاۋابكارلىقى ئارام تاپتۇرمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-دۇ.

**ناز دېمەي تېگىۋال،**
**ماز دېمەي كىيىۋال**

بۇ، ئەر تاللاپ، چىققان لايىقنى ياراتـ-مايدىغان ئايالالارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى، كىـ-يىم ياراتماي، كاتتا كىيىنىشنى ھەۋەس قىـ-لىدىغان ياسانچۇقلارنىڭ ھەشەمەتچىـ-لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نازغا نارغاق بەرسەڭ،**
**بېلىم تىلەيدۇ**

بۇ، ئۆزىنى سورىمايدىغان، بىغەرەز، نائىنساپ ئادەم بىلەن ئالاقە قىلغاندا چىراي ئېچىپ قۇتۇلغىلى، بىر نەرسە بېرىپ رازى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نازغا مەنسەپ تەگسە،**
**جەللەدە ئات چاپار**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئالدى-راڭغۇ ئادەملەر بىرەر ئەمەل - مەرتىۋىگە ئېرىشسە كاللىسى قىزىپ، خۇدىنى بىلەل-مەي ھەر مۇقامدا ئىش قىلىپ، ئالەمنى مالەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناز قىزغا ئەر تاپماق —**
**قىدام كەكىگە ساپ تاپماق**

بۇ، ئەيىب - قۇسۇرى، خۇيى بار قىز-لارغا لايىق چىقمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا لايىق تېپىش خۇددى چۈلدىسى يوق كەكىگە ساپ ئىزدىگەنگە ئوخشاش مۇشكۇل ئىش ئە-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناز كارامەتچى كېلەر،**
**يوقاق دارامەتچى (كېلەر)**

بۇ، ئىشقا خۇشى يوق، ئاقنانچى ئادەم ئۇستاتلىقىدىن ھىيلىگەر بولىدۇ؛ جاپادىن قاچمايدىغان، ئىشچان ئادەم ئىش - ئوقەتكە ماھىرلىقىدىن تاپاۋىتى كۆپىيىپ باي بولى-دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناز گۇل تاپسا، قىسقىلى جاي تاپالماس**

بۇ، كەمبەغەل-يوقسۇللار بىرەر پايدا-مەنپەئەت، ياخشىلىققا ئېرىشكەندە تۈرلۈك توسالغۇ، كاشىلىلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ-دىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرى-دۇ: شۆھرەتپەرەس خوتۇنلارنىڭ كىبىرانە سۆزلىرى، مەنمەنلىكلىرى، غەيۋەتلىرى، ئىچى تارلىقلىرى مېنى بىزار قىلىدۇ. كەمـ-بەغەللەرنى «ناز گۇل تاپسا، قىسقىلى يەر تاپالماپتۇ» دېگەندەك، مەسخىرە قىلىدۇ.

**تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە،**
**سازنى يەر بولمايدۇ (دېمە)**

بۇ، يارامسىز، ئېتىبارسىز دەپ قارال-
غان ئادەملەرمۇ پەيتى كەلگەندە بىرەر ئىشتا
نەتىجە، مۆجىزە يارىتىپ، نام، شەرەپكە
مۇۋەپپەق بولالايدۇ؛ ئۇنۇم بەرمەيدىغان تاش-
لاندۇق، چىملىق يەرنى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ
ئۆزلەشتۇرسە، مۇنبەت، هوسۇللۇق يەر بو-
لالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،**
**ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى (كېلەر)**

بۇ، ئەيىبى بار نۇقسانلىق ئادەم ئۆز-
نىڭ ئاجىزلىقىدىن خۇدۇكسىرەيدۇ، ئەيىبى
تىلغا ئېلىنسا هار ئالىدۇ؛ ئەيىب - نۇقسان-
سىز، پاك ئادەم مەسخىرىگە، بەتنامغا پى-
سەنت قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:
ئۇلار قەيەرگىلا بارسام ئوغرى خوتۇن،
لۈكچەك خوتۇن دەپ قارغايدۇ. تازنى تاز
دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دېسە كۈل-
گۈسى كېلەر، دېگەندەك، مېنىمۇ ئوغرى،
لۈكچەك دېسە، ئاچچىقىم كېلىپ بىئارام
بولىمەن.

**تازنىڭ بېشى تارىشا،**
**كۈرەك تۇماق يارىشا**

بۇ، هەركىم ئۆزىنىڭ ئورنى، سالاھ-
يىتىگە باب كېلىدىغان لايىق تاللىشى؛ قى-
لىدىغان ئىش - هەرىكىتى، گەپ - سۆزى
ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك-
لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تازنىڭ كۆزى چاچتا،**
**قىزنىڭ كۆزى قاشتا**

بۇ، هەركىم ئۆزىگە كېرەكلىك،
ئېهتىياجلىق بولغان كەم نەرسىسىنى تولۇق-
لاشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا
مۇۋەپپەق بولۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**تازنىڭ نېمىسى بار — تۆمۈر تارغىقى**

بۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىدىن پايدىلى-
نىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭكىنى
هېچكىمگە تۇتقۇزمايدىغان، ئېلىشنى بى-
لىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ئۆزىنىڭكىنى
هەممىدىن ئېسىل چاغلايدىغان ئىچى تار ئا-
دەملەرنىڭ پىخسىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خۇيىنى تاشلى-**
**ماس**

بۇ، هاياتلىقتا خۇي - مىجەز، ئادەت
ئادەمنىڭ مۇهىم بىر بەلگىسى ئىكەنلىكى-
نى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر بى-
لەن بىللە ياشاپ، بىللە تۈگەيدىغانلىقىنى،
ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**تاش ئاتقانغا ئاش ئات**

بۇ، بىراۋغا يامانلىق، زىيانكەشلىك
قىلغان كىشىگە يامانلىق بىلەن جاۋاب قاي-
تۇرماي، يەنىلا ياخشىلىق، خەيرىخاهلىق
قىلىش بىلەن تەسىرلەندۈرۈش كېرەك-
لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاش بىلەن ياڭاق تەڭ بولالماس**

بۇ، كۈچلۈكلەر هامان ئاجىزلاردىن غالىب تۇرىدۇ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە هەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز**

بۇ، هەركىمنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ئابرۇيى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدە، ئۆز يۇرتىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئىككىلەنمەي، كۆڭۈل توختىتىپ جۈرئەت بىلەن ئىشلىگەندە ئۇنىڭ هالاۋىتىنى، راھىتىنى ئالىدىن، قىلغان ئەجرىنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار،**
**ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان (بار)**

بۇ، تەربىيە كۆرمىگەن، ئەخلاقسىز، بىشەم، ساياق قىزدىن كۆرە، تەربىيە كۆرگەن، ئار - نومۇس، هايالىق، ۋاپادار، كۆيۈمچان جۇۋان ياخشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس**

بۇ، كۆڭلى چۈشمىگەن، مايىللىقى، ئىختىيارلىقى بولمىغان نەرسىنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭغىلى، بىرلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن راستىمنى ئېيتاي، ئەڭ مۇهىمى كۆڭۈل مەيلى، سىزگە مەيلىم بولمىسا، قانداقمۇ كۆڭلۈمنى بېرەلەيمەن، تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولامدۇ؟ دېدى گۈلچېهرە خېنىم زاكىر بايۋەچچىگە قاراپ.

**تاغارنى تۈۋىدە ئايىغىچە ئاغزىدا ئايا**

بۇ، باياشاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تېپىش بىلەن تېجەپ ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى، هەرقانداق نەرسىنى باشتا ئايىماي، ئاخىرىدا چىڭ تۇتۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاغامدىن تاغار ياخشى،**
**هاممامدىن بارداڭ (ياخشى)**

بۇ، هەر كىم ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىگە، ماددىي شارائىتىغا تايىنىپ ياشىشى، باشقىلارنىڭ شەپقىتىنى، ياردىمىنى كۈتمەسلىكى، تەمە قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى، كىشىنىڭ بەرگىنى دائىملىق بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ**

بۇ، هەرقانداق زور، داغدۇغىلىق ئىش - پائالىيەت ياكى نەرسىنىڭ بەلگىلىك نىشانى، مەقسىتى، سەۋەبى، نېگىزى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاغقا چىقسا كېيىك، سۇغا كىرسە بېلىق**

بۇ، قايسى ساهە، قايسى كەسىپتە بولسا شۇنىڭغا ماسلىشىپ، شۇنىڭ ئەهلى بولالايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىۋېرساللىق قابىلىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاغنىڭ زىننىتى قورام تاش،**
**ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىباش**

بۇ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق
ھۆسنى، گۈزەللىكى بولغىنىدەك، ئادەم-
نىڭ گۈزەللىكى، چىرايلىقلىقى كىيىم -
كېچەك، ياسىنىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر، خۇي يۆتكەلمەس**

بۇ، ھەرقانداق زور نەرسىنىمۇ ئورنى-
دىن يۆتكەشكە، پارچىلاپ ئۆزگەرتىشكە
بولىدىغانلىقىنى، بىراق كىشىنىڭ كىچى-
كىدىن ئادەتلەنگەن تۇغما خۇي - پەيلىنى
ئۆزگەرتىش مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**تاڭ سۆزلىمە تاڭدا كېلۇر،**
**ئالدىرىمىغىن ئاستا (كېلۇر)**

بۇ، بىراۋنىڭ ئەيىبىگە، خاتالىقىغا،
بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈك - مالامەتكە ھەي-
ران قېلىپ كۈلمەسلىك، كۆرەڭلىمەس-
لىك، بۇنداق ئىشلار ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ
كېلىپ قېلىشىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكى-
نى بىلدۈرىدۇ: مەنمۇ بىر ئايال بولغىنىم
ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنامىمۇ،
قىلچە مەنسىتمەيتتىم، مانا «تاڭ سۆزلىمە
تاڭدا كېلۇر، ئالدىرىمىغىن ئاستا كېلۇر»
دەپ، بىر يىل بولدى، مەنمۇ بۇ قاينامغا
كىرىپ كەتتىم، دېدى گۈلبەھرەم.

**تاڭ ئۇيقۇسى — خان ئۇيقۇسى**

بۇ، كېچىنىڭ دەسلەپىدىكى ئۇيقۇ كى-
شىلەرگە ئانچە ھۇزۇر - لەززەت بىلىنمەي-
دىغانلىقىنى، سەھەردىكى ئۇيقۇ شېرىن
چۈشلەرگە تولغان، ھۇزۇرلۇق، ئىنتايىن
راھەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تالالىقى بار، ئۆي ئىچىلىكى يوق**

بۇ، تۇرمۇش باشقۇرۇشنى، ئۆي تۇ-
تۇشنى بىلمەيدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەي-
دىغان ئاياللارنىڭ ياسىنىشقا، ھەشەمەتكە
ئامراقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ**

بۇ، بىر ئائىلە ياكى كوللېكتىپ ئۆزى-
نىڭ ئۆي - جاي، يەر - زېمىنىنى قوغدى-
مىسا، باشقىلار ھەر خىل يوللار بىلەن قا-
نۇنسىز ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارنى خوجايىنلى-
قىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ: ھاجى قاتتىق چېچىلغان ھالدا مەھمۇت
مۇھتىغا ھومىيىپ: «ئۆزلە نېمانداق قى-
لىدىلا، ‹تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغ-
لاپتۇ› دەپ، بۇ بىر نېمىنىڭ ھېلىتىنىلا
بىزنىڭ شىللىمىزغا مىنىمەكچى بولۇۋاتقىنى-
نى كۆرمەيۋاتامدىلا» دەپ كايىپ كەتتى.

**تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ**

بۇ، كۆڭلىگە ھېچنېمە ياقمايدىغان،
بىر نەرسىنى كۆپ تاللاپ، ئاسانلىقچە يارا-
مايدىغان ئادەملەر ئاخىر ئەرزىمەس، يا-
رامسىز نەرسىلەرگە ئۇچراپ، زىيان تارتى-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۈيئوغۇل دېگەننى
ئويدان ئويلاپ، تاللىمىسا بولمايدۇ. نى -
نى يەرلەرگە بەرمىدىم، ئەمدى ئۆتۈپ - تې-
شىپ بىر قارا ئىشچىغا بېرەمتىم؟ تاللاپ
- تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ دېگەندەك، خەلقئا.

لەم ئالدىدا قايسى يۈزۈم بىلەن باش كۆتۈ-
رۈپ يۈرىمەن؟ دېدى ئانىسى ئەختەرگە.

**تاللاپتۇ - تاللاپتۇ، ئاخىر قالماپتۇ**

بۇ، ھەر جەھەتتە كېرەكسىز، يارام-
سىز دەپ شاللىنىپ ئېتىبارغا ئېلىنماي
كەلگەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئاخىر بىر
كۈنى تېگىشلىك ئورنى چىقىپ ئېتىبارغا
ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناما - ناما كۆل بولار**

بۇ، ھەرقانداق كۆپ نەرسىنىڭ خۇددى
كاتتا بىنالار دانە - دانە خىشتىن پۈتكەندەك
ئازدىن جۇغلىنىپ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى،
شۇڭا بىر نەرسىنى ئاز دەپ كۆزگە ئىلماس-
لىق خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناماق بېرىپ تامغىقىدىن ئىلىپتۇ**

بۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى
ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، راۋان بولۇشى ئۈ-
چۈن باشقىلارغا ئاز - تولا پايدا - نەپ بېرىپ
ئۇلارنى چىرىتىش يولى بىلەن ئۆزىگە قارى-
تىۋالىدىغان شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ
ھىيلىگەر، ئۇستاتلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نام تۈۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن،
ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ**

بۇ، ئۇلى بوش تام تېز كېرەكتىن چى-
قىدۇ؛ يىلتىزى چىرىگەن دەرەخ شېخىدىن
قۇرىيدۇ؛ ئادەم غورىگىل، ناچار ئۇزۇقلى-
نىش، روھىي ئازابلىنىش تۈپەيلىدىن بال-
دۇر ھالىدىن كېتىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۇ-
رىدۇ.

**تام تېشىپ تېرىق ئاپتۇ،
مۇز تېشىپ بېلىق (ئاپتۇ)**

بۇ، ئەرزىمەس ئىشلارنى قىلىپ كىشى-
لەر ئالدىدا سۆز - چۆچەك، مەسخىرىگە
قېلىپ، ئىناۋىتىنى بۇلغايدىغان ئادەملەر-
نىڭ ئەخمىقانىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تامچە سۇ بەڭگىگە دەريا كۆرۈنەر**

بۇنىڭ «بەڭگىگە ئېشەك سۇيدۇكى دەر-
يا كۆرۈنەر» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ،
كەيپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم قورقۇن-
چاق، يۈرەكسىز كېلىدىغانلىقىنى، كۆزىگە
كىچىك نەرسىلەر گويا تاغدەك، بىر نەرسە
ئىككى - ئۈچ بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تامچە سۇدا تال كۆكىرەر**

بۇ، پۈتكۈل ھاياتلىق سۇغا ئېھتىياج-
لىق ئىكەنلىكىنى، سۇ بىلەن ھەممە ياشناي-
دىغانلىقىنى، ئاز سۇنىڭمۇ رولى بولىدىغان-
لىقىنى، ئۇنى ئىسراپ قىلماي، تېجەپ
ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تامغىلىق مال يوقالماس**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىگە پۇخ-
تا بولۇشنى، باشقىلاردىن ئورۇنسىز گۇمان-
لىنىپ، پۇشايمان، ھەسرەت چەكمەسلىك-
نى، ئەنلىك، بەلگىلىك مەنقۇلات ئىشەنچ-
لىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تام ياقىلىساڭ تام باسار**

بۇ، خەۋپ - خەتىرى بار، جېدەل -
ماجىرا، غەلۋە - غوۋغا بولىغان يەرگە بارغان

ئادەم كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا، پېشكەللىك-
كە يولۇقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاۋار - دۇردۇن ئاشار، لاي ئاشماس**

بۇ، كىيىم - كېچەك ئۈچۈن ئىشلە-
تىلگەن رەختىنىڭ پۇرۇچلىرى قالىدۇ؛ ئۆي
- ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىگەن
لاي ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئىشلەتكەندىن
كېيىن قالدۇق قالمايدۇ دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ سىنى كەتمەس**

بۇ، ياخشى جابدۇق ھەرقانچە ئىشلىتى-
لىپ كونىرىسىمۇ، ئىسكەتى، كۆركەملىكى
يوقالمىغاندەك، چىرايلىق، پەزىلەتلىك ياخ-
شى ئادەملەر قېرىپ ياشانسىمۇ، ھۆسنى -
گۈزەللىكى، ئېسىللىقى يوقالمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولار**

بۇ، بالىلار تەربىيىلىنىپ قاتارغا قو-
شۇلغۇچە، ئاتا - ئانا قېرىپ، مۈكچىيىپ
ھالىدىن كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ.

**تايىنى باقسا ئات بولۇر،**
**بۇرنى باقسا يات( بولۇر)**

بۇ، ياخشىنى تەربىيىلىسە قائىدە - يو-
سۇنلۇق ئادەم بولۇپ، جانغا ئەسقاتىدۇ؛ يا-
ماننى ھەرقانچە تەربىيىلىسىمۇ ئەسكىلىك-
نى تاشلىماي، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن
جاۋاب قايتۇرۇپ، ۋاپا قىلمايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاياق تەگكۈچە بېشىڭنى تارت**

بۇ، ھەركىم كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىز-
لىك، زىيان - زەخمەت، ھادىسىگە يولۇق-
ماسلىق ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇپ،
ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغدىنىش ئارقىلىق
ئۆزىنى ئاسراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاياق گۆشتىن ئۆتەر،**
**تىل سۆڭەكتىن(ئۆتەر)**

بۇ، تاياق - توقماقنىڭ زەربىسى بەدەن-
گە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى؛ تىل، ئاھانەت،
ھاقارەتنىڭ زەربىسى ئادەمنىڭ قەلبىگە، يۈ-
رىكىگە، روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىل-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلار**

بۇ، يامان ئادەملەرنى ئۇرۇش، جازا-
لاش، دىكتاتۇرا ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندىلا
خۇي - پەيلىنى ئۆزگەرتىپ، باشقۇرۇشقا
بويسۇندىغان، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم
قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەپسە تەۋرىمەس**

بۇ، زورۇر ئىشقا ئالدىرىمايدىغان، ئە-
چى قاينىمايدىغان، غەم يېمەيدىغان، بىپەر-
ۋا، ئىش خۇش ياقماس ئادەملەرنىڭ ئېرىن-
چەك، ھورۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس**

بۇ، بالىلىق ئايال ئېغىر ئىشقا يارىماي-
دىغانلىقىنى، ئىش - ئەمگەكنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەدبىرنىڭ قانداق بولسا،**
**تەقدىرنىڭ شۇنداق (بولار)**

بۇ، ھەركىمنىڭ روناق تېپىش - تاپماسلىقى، تىرىكچىلىكىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئەقلىنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىكى، پەم - پاراسەت، ئامالىنىڭ بار - يوقلۇقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەر بىلەن كەلگەن تەشنالىققا داۋا**

بۇ، ھالال ئەجىر - ئەمگەك قىلىپ ئېرىشكەن پايدا - تاپاۋەت تەنگە سىڭىدۇ، ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ،**
**تەرتىپ سېنى تاپىدۇ**

بۇ، ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، ئىنتىزامنى ئۆگەنمەي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي ئۆزۈمچىلىك قىلغان كىشى قانۇن - تۈزۈم، ئىنتىزام تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەر-قىلغان - ئەتكەننى ھالاللايدۇ**

بۇ، ئەجىر - ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەن ھەرقانداق ئىشنىڭ مېۋىسى، پاك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، بەھرىمەن بولۇش ھەقلىق، قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان**

بۇ، مىجەزى ئەسكى، ئاچچىقى يامان، سەن ئادەم كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك، كۆيۈمچان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەشنا ئادەم چۈشىدە سۇ كۆرەر**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھاجىتى، ئېھتىياجى ھەققىدە غەم يەيدىغانلىقىنى، پۈتۈن دىققىتى شۇنىڭغا مەركەزلىشىپ، كۆڭلىدە دائىم شۇنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي،**
**تەدبىرگە تايىنىپ ياشا**

بۇ، ئادەم ھەر خىل غەيرىي ۋاستىگە تايىنىپ ياشاشتىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئەمگەك نەتىجىلىرىگە تايىنىپ ياشاش ئارقىلىق تەقدىرىنى بەلگىلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەقدىرنى تەگبىر بۇزار**

بۇ، پىششىپ يېتىلمىگەن، تەسەۋۋۇردىكى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندەك ئالدىنئالا ماختىنىپ داۋراڭ سېلىش ئۆزىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىنى بۇزغانلىق، بەختىگە زامىن بولغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەقۋادا ھالال يوق،**
**پەتىۋادا ھارام(يوق)**

بۇ، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەن مەرتىۋىلىك، ئابرۇيلۇق، ئىخلاسمەن ئادەملەردە پاكلىق، سەممىلىك، ئادىللىق بولمايدىغانلىقىنى؛ ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان قارار، ھۆكۈمدە شەك - شۈبھە، ساختىلىق يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەگىسەڭ تېرىق بولار،**
**تەگمىسەڭ ئېرىق (بولار)**
**تەگمىسەڭ نىسبەتەن ئېغىر**

بۇ، بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن ئېغىر - بېسىق، سوغۇق قان، كەڭ قورساق بول-
غاندىلا زىددىيەت پەسىيىپ، مەسىلە تىنچ-
لىق بىلەن ئاسان ھەل بولىدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ: ئۆپكەڭنى بېسىۋال! ئۇنچە-
ۋالا چالۋاقاپ كەتمە، قوشنىلار بىلەن چە-
رايلىق ئۆتكەن ياخشى، ئۆزئارا ئانچە تە-
گەشمەيلى، «تەگىسەڭ تېرىق بولار، تەگمە-
سەڭ ئېرىق (بولار)» دېگەن گەپ بار،
سەن بۇنى بىلەمسەن؟ دېدى رازۋېدچىك ئايا-
لىغا چۈشەندۈرۈپ.

**تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن**

بۇ، ھەركىم - ھەرنەرسە ئۆز خىلى،
ئۆز تۈرى بىلەن ماسلىشىش، پار كېلىش،
جۈپ بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدادىن نالىما، بەندىدىن رەنجىمە**

بۇ، بىرەر ئىشتا كۆڭۈلسىزلىك، مەغ-
لۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا بىراۋغا داتلىماسلىق،
بىراۋدىن يامانلىماسلىقنى، پەقەت ئۆزىنىڭ
كەم ئەقىل، يارامسىزلىقىدىن كۆرۈش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەخشەلمىگەن ئالەم**

بۇنىڭ «تەخشەلمىگەن جاھان» دېگەن
ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇ-
شىدا ناھەقچىلىق، ئادالەتسىزلىك، تەڭ-
سىزلىك، ئېگىز - پەسلىك ھامان مەۋجۇت
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر**

«تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يې-
گەن يەرگە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر،**
**يالغۇز يېگەن يەرگە (سىڭەر)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە شەخسى-
يەتچىلىك، ئىچى تارلىق قىلماي، كەڭ
قورساقلىق بىلەن بار ئىمكانىيەتتىن بىر-
لىكتە بەھرىمەن بولۇپ، ئورتاق ياشاش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەلەپ قىل، سەۋەب قىل**

بۇ، ئويلىغان ياكى پىلانلىغان بىرەر
ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئارزۇ - ئۈمىد
ئۈچۈن چارە تېپىش، ئامال قىلىش، تەدبىر
كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەلەيسىزنىڭ ئامبىرىغا بۇغداي قۇيسا،**
**ئارپا چىقار**

بۇ، بىتەلەي - بەختسىز ئادەمنىڭ
قىلغان ئىشلىرى ئالغا باسماي، ئوڭۇشسىز-
لىق، پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى، تاپا-
ۋىتى، دارامىتى زىيانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تەلەي كىمدە — دوقا ماڭلايدا**

بۇ، بەخت - ئامەت ھۆسن - جامال،
قەددى - قامەت ئاللىمايدىغانلىقىنى، سەت،
كۆرۈمسىز، نۇقسانلىق ئادەملەرگىمۇ مەن-
سۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر،
تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر

بۇ، بەختى بار، ئامەتلىك ئادەم يامان خوتۇندىن قۇتۇلۇپ، مىجەزى ياخشى، ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق، ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم خوتۇنغا ئېرىشىدىغانلىقىنى؛ بىتەلەي، بەختسىز، تەتۈر پېشانە ئادەمنىڭ ئائىلىسى ئىتتىپاقسىزلىق، سوغۇقچىلىق تۈپەيلىدىن كۆڭۈلسىزلىك بىلەن بەرىكەت تاپالماي سورۇلۇپ تۇزۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلەيلىك يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدا

بۇ، ئامىتى كەلگەن كىشىنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئوڭغا تارتىپ مۇشكۇلى ئاسان، قىلغان - ئەتكىنى ئەپلىشىپ، ئويلىغاندىن ئارتۇق راۋان يۈرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇزاق ئۆتمەي باشلىقنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ قوپتى، كونىلار «تەلەيلىك يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدا» دېگەندەك، مېنى كۆزدىن يوقىتالماي تۇرغان باشلىققا نەقلا پۇرسەت كەلدى.

تەلەينى نەگە بارىسەن دېسە،
دوقا ماڭلايغا، دەپتۇ

«تەلەي كىمدە — دوقا ماڭلايدا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «تەلەينى ‹نەگە بارىسەن؟› دېسە ‹دوقا ماڭلايغا› دەپتۇ» دېگەندەك، شۇنچە كۆپ چىرايلىق قىزلار تورۇمۇ گۈلخانغا لايىق چىقتى. ئەسلىدە ئۇلار ئىككىسى بۇنىڭدىن سەل ئاۋۋال جاڭگالدا پادا باققان، تېزەك تېرىپ يۈرۈشكەن يېرىدە تونۇشۇپ، ئىچ - پەش تارتىشىپ قالغانىدى.

تەلۋە ئات مىنسە خۇدانى تونۇماس

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان گىرى، ئەقىلسىز ئادەم بىرەر ئامەت، مەرتىۋە، ياخشىلىققا ئېرىشكەندە ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ، ئەل - يۇرتتىن يۈز ئۆرۈپ، نامەردلىك، ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلۋە تەپسە زەنجىر ئۈزەر

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەقىلسىز، گىرى ئادەم بىرەر ئىش قىلغاندا ھېچنېمىدىن يانماي، قاراملىق، جاھىللىق بىلەن قائىدە - يوسۇننى بۇزۇپ بالا تېرىيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلۋە تۆرنى بەرمەس

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ئەقىلسىز، گىرى ئادەم ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي قاراملىق بىلەن چوڭلۇق تالىشىپ، باشقىلارنىڭ پايدا - مەنپەئەت، ئورۇن، مەرتىۋىگە ئېرىشىشىنى خالىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئەقىلسىز، گىرى ئادەم ھوقۇق، مەرتىۋىگە ئېرىشسە ھەرقانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، باشقىلارغا كۈن بەرمەي، ئۇۋال قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەلۋىنى قورقۇتماق —
ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەك

بۇ، ئۆلگەن كىشىنى تىرىلدۈرگىلى

بولمىغاندەك، گەپ يېمەيدىغان، ئەقلى -
هوشى جايىدا ئەمەس، بىغەرەز، كاج ئادەم-
نى هەرقانچە كۆچەپ ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ
ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن**

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەس، غەرەز ئۇق-
ماس، كاج، جاھىل ئادەم بىنومۇس، يۈز
قېلىن بولۇپ، ھېچنېمىدىن ئىزا تارتمايدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال**

بۇ، بىراۋغا تەربىيە بەرمەكچى، پەندى
- نەسىھەت قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى
بىلەن شۇ شەرتنى ئۆزى هازىرلاپ ئۆلگە
يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەمەگەرنىڭ تامغىقى قۇرۇق**

بۇ، ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ياشاشقا ئا-
دەتلەنمەي، بىراۋدىن نەپ، رىزىق كۈتۈپ
ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم يوقسۇزلۇق،
نامراتلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**تەمىنى بىلەي دېسەڭ تېتىپ كۆر،**
**ئېپىنى بىلەي دېسەڭ ئېتىپ (كۆر)**

بۇ، بىرەر نەرسىنى بىلىش، چۈشە-
نىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش،
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەن ساقلىقى — پادىشاھلىق**

بۇ، هاياتلىقتا ئىنسان ئۈچۈن سالامەت-
لىك ئەڭ قىممەتلىك ۋە تەڭداشسىز زور
بايلىق ئىكەنلىكىنى، ساغلاملىق پادىشاھلىق-
تىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەن ساقلىقى — جاننىڭ راھىتى**

بۇ، هاياتلىقتا ئىنسان ئۈچۈن سالا-
مەتلىك، ساغلاملىق راھەتتە بەختلىك، كۆ-
ڭۈللۈك ياشاشنىڭ كاپالىتى، جاننىڭ هۇ-
زۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەۋەككۇلچىنىڭ بىر ناخشىسى ئۇشۇق**

بۇ، بىرەر ئىشقا كۆپ ئويلاپ ئولتۇر-
ماي، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن
ھېسابلاشماي، ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بول-
ماي، يۈرەكلىك تۇتۇش قىلىدىغان ئادەم-
نىڭ بىر چارىسى غەنىيمەت، زاپاس ئىكەن-
لىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ چوكانمۇ خېلى قام-
لاشقان بالا ئىكەن. خۇدا بەرسە پەيغەمبەر
غىنىڭ قىلماپتۇ دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.
تەۋەككۇلچىنىڭ بىر ناخشىسى ئۇشۇق دېگەن
گەپمۇ بارغۇ! ئالسام ئالاي، دەۋەتتىم.

**تەۋەككۇل دەرياسىغا سال كېمە،**
**خاھى ئاقسۇن، خاھى چۆكسۇن غەم يېمە**

بۇ، بىرەر ئىشقا كۆپ ئويلاپ ئولتۇر-
ماي، ئىككىلىنىپ دېلىغۇل، ئارىسالدى
بولماي، يۈرەكلىك تۇتۇش قىلىش كېرەك-
لىكىنى، ئۇ ئىش مەيلى ئوڭۇشلۇق بولسۇن
ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسۇن ئاقىۋىتى-
دىن ئەنسىرىمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**تەييارتاپ تەييارغا ئاشىق**

بۇ، ئۆزى ئىشلىمەي، باشقىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ياشايدىغان ھۇرۇن ئادەم دائىم باشقىلار تەرىپىدىن تەخلەپ قويۇلغان، ھازىرلانغان ماددىي نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش-قا خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەييار ئىشنىڭ بېشىغا،
ئاسان كېلەر قېشىغا**

بۇ، باشقىلار تەرىپىدىن تەخ قىلىنغان ئىشنىڭ نەتىجە - مېۋىسىگە ھەركىمنىڭ كۆچ چىقارمايلا ئىگە بولغۇسى كېلىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**توپا ئالساڭ دۆڭدىن ئال**

بۇ، ئېسىل پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن ئېلىم - بېرىم، مۇناسىۋەت قىلغاندا ئىشەنچلىك، پايدىلىق بولىدىغانلى-قىنى، ئۇنىڭدىن زىيان، خاپىلىق كەلمەيدى-غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توپ بولدۇق - توق بولدۇق**

بۇ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق، نەتىجىلىك، تۇر-مۇش پاراۋان، باياشات بولىدۇ، دېگەن مەنى-نى بىلدۈرىدۇ.

**توپ توپقا يىغىلار،
بالغۇز ئازگالغا (يىقىلار)**

بۇ، ئۇيۇشقان - ئىتتىپاقلاشقانلار بى-رەر كېلىشمەسلىك، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچ-رىغاندا ئامما ھىمايىسى، ياردىمى بىلەن قۇتقۇزۇلىدىغانلىقىنى؛ ئايرىمچىلىق قىل-غان، بۆلۈنگەن يېگانىلەر زاۋال تېپىپ يو-قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توپقا قاراپ تاش ئاتما**

بۇ، ھەرقانداق كىشى ئاممىغا، خەلققە زىيانلىق، بولمىغۇر ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇ بۈركۈت بولالماس**

بۇ، بىرەر ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدى-غان، پەم - پاراسەتسىز، قورقۇنچاق، نا-مەرد ئادەم ھەرگىز پالۋان بولالمايدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ**

بۇ، ئادەم ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى، خالىغىنىنى قىلىش، ئويلىغى-نىنى سۆزلەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: يۇ-سۇپ تەيجى تەمكىنلىك بىلەن، خاپا بولماڭ ئۇچىيگى، «توخۇمۇ ئۆزى بىلگىنىنى چىل-لايدۇ»، «ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى خوجا سانايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇ ئۆزىنى مەن سېلىڭ دېسە، دەپ تۇرمامدۇ، بىز ئى-شىمىزنى قىلىۋېرەيلى. ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسەڭ ھازىرلا چۈجە خورازدەك ھۈرپىيىپ قوپىدۇ، دېدى.

**توخۇ بىلگىنىنى قىچقىرار**

«توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ» نىڭ ئىنزا-ھىغا قاراڭ.

**توخۇ تويماس، كۆرگەننى قويماس**

بۇ، ئاچ كۆز ئادەم ھەرقانچە يەپ -

ئىچىسىمۇ تويغىنىنى ھېس قىلالماي، داۋاملىق يېگۈسى كېلىپ تۇرىدۇ؛ ئىش - ئوقەتتە تاپاۋىتى كۆپەيسىمۇ قانائەت ھاسىل قىلماي، داۋاملىق پايدا - مەنپەئەت، نەپ يىغىشتىن يانمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە، بىرەر ئىزنا ياكى بىشارەتنىڭ بولۇشى كۈتۈلمەستىن ئۆز يولىدا ئەمەلگە ئېشىۋېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇ داڭگال چۈشەر،**
**ئۆچكە جاڭگال (چۈشەر)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھاجەت - ئېھتىياجى ھەققىدە غەم يەيدىغانلىقىنى، پۈتۈن دىققىتى شۇنىڭغا مەركەزلىشىپ، كۆڭلىدە دائىم شۇنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك، سىنىڭ خىيالىڭ ھەمىشە قىمار ئويناشتىمۇ؟ دېدى ئۇ.

**توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ،**
**ئوتۇنچى جاڭگال (چۈشەيدۇ)**

«توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**توخۇ قونداققا چىققاندا ھەممىنى ئۇنتار**

بۇ، بىرەر ھوقۇق - مەرتىۋىگە ئېرىشكەندە ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، ئاممىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ۋاپاسىز، قارا كۆڭۈل ئادەملەر-

نىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ،**
**موللا كۆرگەننى ئوقۇيدۇ**

بۇ، توخۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۇچراتقىنىنى چوقۇپ دانلىغاندەك، ئوقۇمۇشلۇق بىلىم ئەھلى داۋاملىق ئىلىم ئىگىلەش ئىستىكىدە ئۇچرىغانلىكى ساۋاتتىن خەۋەردار بولۇشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇنى تاخ دېمە،**
**مۇشۇكنى پەش (دېمە)**

بۇ، بىرەر ئىشتا باشقۇرۇشقا، قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ كېلىدىغان نامۇۋاپىق سۆز - ھەرىكەتتىن ساقلىنىپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ،**
**ئۆردەكنى قونداققا (ھەيدەپتۇ)**

بۇ، ھەرقانداق ئىش - ۋەزىپىنى كىشىلەرنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكى، قابىلىيىتى بويىچە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى، ماس كەلمەيدىغان ۋەزىپىنى تېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،**
**تۇخۇمنى يېگەنمۇ (ئوغرى)**

بۇ، چوڭ نەرسىنى ئوغرىلىغان بىلەن كىچىك نەرسىنى ئوغرىلىغانمۇ، ئوغرىلىغاننى ساقلاپ بەرگەنمۇ ئوخشاشلا ئوغرىلىققا ياتىدىغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوخونى ئۆلتۈرمىگۈچە**
**بولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئاز ـ تولا قۇربان بەرمەي، بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوخۇ ئۇچسا تامغا قونار،**
**لاچىن ئۇچسا تاغقا (قونار)**

بۇ، بىر ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، پاراسەتسىز، قورقۇنچاق ئادەمنىڭ تىرىكچىلىك دائىرىسى چەكلىك بولۇپ، شان ـ شەرەپ قازىنالمايدۇ؛ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، جۈرئەتلىك، قەيسەر ئادەمنىڭ تىرىكچىلىك دائىرىسى چەكسىز بولۇپ، ئۆزلۈكسىز شان ـ شەرەپ قازىنالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نورپىقىمنى كىچىك دېسەڭ،**
**بوغان ناغار ئارتىپ كۆر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا بىراۋنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قارىماي ئەمەلىي سىناپ كۆرۈش كېرەكلىكىنى، كىچىك ئادەمنىڭ قولىدىنمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىش كېلىشىگە ئىشىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوز بالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر**

بۇ، تۇرمۇش ئىستىلىدا ئۆزىگە ئەخلاقسىزلىقنى يوقتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ھالال نېسىۋىسىگە چاڭ سېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان كۆرسۈك مىجەز كىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار**

بۇ، بىرەر جىددىي ۋە مۇشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشى سەۋرچان بولۇپ، چىدام، غەيرەت بىلەن بەرداشلىق بېرىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە،**
**يولۋاستەك بىر يىل ياشىغان ئەلا**

بۇ، ھەركىم ھاياتلىقىدا ئادىل، توغرا يول تۇتۇپ غۇرۇرى بىلەن ياشاش، قورقۇنچاقلىق، خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق قىلىشنى نومۇس بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**توشقان ئۆلسە، تۈلكە ھازا تۇتۇپتۇ**

بۇ، دائىملىق بەھرىمەن بولۇۋاتقان مەنپەئەتنىڭ تاسادىپىي قولدىن كېتىشى، رىزقىدىن مەھرۇم بولۇش ھەممىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، يىغلىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقماس**

بۇ، پاك ـ دىيانەتلىك، سەمىمىي ئادەم ئەيىب، نۇقسان، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتىن باش تارتماي، مەردانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا سۆز تاشنى يارار،**
**تۆھمەت باشنى (يارار)**

بۇ، چىن ۋە ھەق سۆزنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ، ھەممىنى يېڭەلەيدۇ، قايىل قىلالايدۇ، خاتا سۆز (تۆھمەت) كىشى-

گە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر،**
**سىلىق سۆز قىلىچنى كېسەر**

بۇ، چىن ۋە ھەق سۆزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى چەكسىز بولىدۇ، سىلىق گەپ ھەرقانداق قاتماللىقنى يۇمشىتىپ، كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا سۆزنىڭ توقمىقى بار**

بۇ، چىن دىلدىن ئېيتىلغان راست گەپ ئاڭلىماققا قاتتىق، ئېغىر تۇيۇلۇپ، كۆڭۈلنى رەنجىتىسمۇ، لېكىن پايدىلىق نەتىجە بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا گەپ قۇلاققا ياقماس**

بۇ، چىن دىلدىن ئېيتىلغان راست گەپ «ئاچچىق» ۋە قوپال تۇيۇلغاچقا، ھېچكىم ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توغرا ئېيتقان تۇغقىنىغا يارىماپتۇ**

بۇ، لىللا گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرى قېرىنداش ۋە يېقىنلىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ، نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ**

بۇ، بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ بىجىرىلىشى ئوخشاش ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىپ، ئالدىراشلىق، جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: يائاللا، توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى، ئۇنى قىلسام، بۇ قالىدۇ، بۇنى قىلسام، ئۇ قالىدۇ، دېدى ئايىسخان ئۇھ تارتىپ.

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ**

«توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**توق كېكىرەر، ئاچ ئۇسۇرار**

بۇ، ھال ـ ئوقىتى ياخشى، تۇرمۇشى باياشات ئادەم كۆرەڭلەپ پو ئاتىدۇ؛ ھال ـ ئوقىتى ناچار، تۇرمۇشى غورىگىل، يوقسۇز ئادەم دۇغدىيىپ پۇشۇلدايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توقلۇقتىن شوخلۇق چىقار**

بۇ، ئادەم بېيىغاندا باياشات تۇرمۇشتىن خۇي ـ پەيلى ئۆزگىرىدۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى قايرىپ قويۇپ، خىلمۇ خىل ھەۋەسلەرگە بېرىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

بىراۋلار مارىشار ئانجان تېمىدىن،
بىراۋلار «تۇف» دېدى دەرد ـ ئەلەمدىن.
بىراۋ ئېيتتى«ئەگەرچە بولسا توقلۇق،
بۇ توقلۇقتىن چىقاركەن ھەممە شوخلۇق.

**توقۇناق بالا، ئىلمەك قازا**

بۇ، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بالا ـ قازا، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق ـ پىشكەللىكنى بىلدۈرىدۇ.

**توق ئىت ئاچ ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ**

بۇ، تۇرمۇشى خاتىرجەم، باي - پۇل-
دارلار نامرات، ئاجىزلارنى كۆزگە ئىلماي،
ھەر جەھەتتىن بوزەك قىلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**نوك - نوك ئېتەر تۆمۈرچى،**
**پۇلنى ئۇسار كۈنچى**

بۇ، ھەرقايسى ھۈنەر - كەسىپ تۈرلى-
رىنىڭ ئالاھىدىلىكى، جاپا - مۇشەققىتى ۋە
تاپاۋىتىدە مۇئەييەن پەرق بولىدىغانلىقىنى،
بۇنىڭ ئۈچۈن پىشقان ماھارەتتىن باشقا،
چاققانلىق، چەبدەسلىك، ھوشيارلىق بول-
غاندىلا ئەجرىگە تۇشلۇق نەتىجە قازىنىش
مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا،**
**ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا**

بۇ، ياش قۇرامى، ئەيىب، نۇقسانىغا
قارىماي، تۇرمۇشتا ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ
باسىنىشقا، كىيىنىشكە ئامراق، تېتىقسىز
كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوكۇرنى باردا تۇت،**
**نۇشقاننى قاردا (تۇت)**

بۇ، بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلى-
نىپ مۇشكۇل ئىشقا زورلىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**نوكۇر ئۇسسۇلچى، كېكەچ غەزەلچى**

بۇ، مۇئەييەن ئەيىب - نۇقسانى بار
ئادەم ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان كەسىپكە
خۇشتار كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**توڭگۇز دۇمبا بىلەن سەمرىيدۇ**

بۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت
ئادەم گالۋاڭلىقىدىن دەككە - دەشنەم، تىل
- ئاھانەت ئاڭلىغانسېرى كۆڭلى ئەمىن تاپى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توڭگۇز قوي بولماس،**
**دۈشمەن ئۆز (بولماس)**

بۇ، ئەل - يۇرتقا ئامانلىق بەرمەيدى-
غان، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدىغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ رەزىل تەبى-
ئىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىڭ يۇل-**
**غان**

بۇ، نامەرد ياكى بېخىل - پىخسىق
ئادەملەردىن ئاز - تولا نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش
غەنىيمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھېلىقى
ئۈچ هارۋا سوۋغاتنى ئېلىش - ئالماسلىق
مەسىلىسىدە ئىختىلاپ چىقىپ قالدى. قارا
بوسۇق بىلەن توختى سەيپۇڭ: «توڭگۇزنىڭ
بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىڭ يۇلغان» ، دەپ
ئېلىش تەرەپدارى بولدى.

**تولا سايرىغان بۇلبۇل قەپەسكە چۈشەر**

بۇ، ۋەزىيەتكە باقماي، قالايمىقان،
كۆپ سۆزلىگەن كىشى ئاقىۋەتتە نەزەربەنت
ئاستىدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تولا گەپنىڭ مەززىسى يوق،**
**كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى (يوق)**

بۇ، كېچىكىپ تېرىلغان كېۋەز غوزا

تۇتالمىغاندەك، ھەددىدىن زىيادە، تەكرار دېيىلگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق قىممەت - ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ھېچكىم قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تولا يېگەن بۆرىنىڭ قوڭى كامار**

بۇ، نەپسى يامان، قانائەتسىز، ئاچ كۆز ئادەم ھەرقانچە يېگەن بىلەنمۇ چىرايىغا چىقمايدىغانلىقىنى مال - دۇنياسى كۆپەيسە، بېيىسىمۇ ئاخىر خانىۋەيران بولۇپ تۈزۈيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تونۇشمىغاننىڭ ئىتى يوق، ئادەملەرنىڭ يېتى (يوق)**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئادەملەر ئۆزئارا تونۇشۇپ، ئارىلىشىپ، نورمال ھالەتتە باردى - كەلدى قىلىشىپ ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈۋا قىلغانغا تۆگە بەر**

بۇ، بىرەر يامانلىق، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، توغرا يولدا مېڭىشقا نىيەت قىلغان كىشىگە كەڭچىلىك قىلىپ، تىرىكچىلىك يولى بېرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توي باھانىسى بىلەن تون پۈتتى**

بۇ، مەلۇم ئىشنىڭ بېجىرىلىشى، ئەمەلگە ئېشىشى ئارقىلىق يەنە بىر ئېھتىياجلىق نەرسىنىڭ بىرلىكتە ھەل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توي تونلۇقنىڭ، ھېيت ئاتلىقنىڭ**

بۇ، كاتتا كىيىنگەن، سالاپەتلىك ئادەم ھەرقانداق مەرىكىلەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى؛ ئەمەلدار، مەرتىۋىلىك ئادەم خالىغان يېرىدە بەھۇزۇر ھېيتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**توي - خۇدانىڭ خەزىنىسى**

بۇ، ئىككى ياشنىڭ ئىختىيارىي رازىلىقى، ھەقىقىي مۇھەببىتى ئارقىلىق جۈپ بولۇپ، ئۇرتاق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى كەلگۈسىدە روناق تېپىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويدىن يامانلىساڭ توي قىلىپ كۆر**

بۇ، بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەسلىكىنى، توي - مەرىكىدە ھەممە ئادەمنى تولۇق رازى قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا، ساھىبخاندىن رەنجىگەنلەر ئۆزى مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېقىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغا بارساڭ بۆرۈن بار، بۆرۈن بارساڭ ئورۇن (بار)**

بۇ، ھەركىم تەكلىپ قىلىنغان مەرىكە سورۇنلىرىنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىش، كېچىكمەسلىك كېرەكلىكىنى، ۋاقتىدا بارغاندا قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، بەھۇزۇر مېھمان بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ (بار)**

بۇ، ھەركىم تەكلىپ قىلىنغان مەرىكە سورۇنلىرىغا غىزالىنىپ، بالا ئەگەشتۈرمەي بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغا بارساڭ تويۇپ بار،**
**بوز خالتاڭنى قويۇپ (بار)**

بۇ، ھەركىم تەكلىپ قىلىنغان مەرىكە سورۇنلىرىغا غىزالىنىپ بېرىش، داستىخاندا ئۆز سۈپىتىنى ساقلاپ (ئالدىغا تىزغان نەرسىلەرنى يانچۇقىغا سالماي) ئولتۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغا بارساڭ تويۇپ بار،**
**ئاۋار ـ توقا كىيىپ (بار)**

بۇ، ھەركىم تەكلىپ قىلىنغان مەرىكە سورۇنلىرىغا تويۇنۇپ بېرىشتىن باشقا ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە چىرايلىق جابدۇنۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغان يەرگە توققۇز كۈن تەزىم**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىك ئىشلىرى ئىلگىرى بېسىپ، روناق تاپقان يەرنى ئۇنتۇماسلىق، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قەدىرىنى ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويغۇچە يە، تەرلىگۈچە ئىشلە**

بۇ، ھەركىم باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىش، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن يېگىنىگە يارىشا بېرىلىپ ئەمگەك قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويماس كۆزنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرار**

بۇ، ئۆتتۈۋاتقان ھال ـ ئوقىتى، ياخشى كۈنگە قانائەت قىلماي، مال ـ دۇنياغا بېرىلگەن، ئەپسانىيەتچى، ئاچ كۆزلەر ئاخىر قەبرىگە كىرگەندە قانائەت تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويمساق تويغۇدا تويارسەن**

بۇ، ئۆتتۈۋاتقان كۈنگە شۈكۈر قىلماي، ئاچ كۆزلۈك بىلەن مال ـ دۇنيا، بايلىققا بېرىلگەن ئادەم مۇسىبىتىدە ئەمىن تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە،**
**بايىنىڭ غالچىسى بول**

بۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا خىزمەت قىلىشنىڭ قىيىنلىقىنى، بۇنىڭدىن كۆرە، جاپالىق بولسىمۇ بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويىنىڭ بولغىنىدىن «بولىدۇ»سى قىزىق**

بۇ، ھەرقانداق مەرىكە، ھېيت ـ بايرام ياكى تەنتەنىلىك ئىشنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئاۋۋالقى دەبدەبە ـ داۋرىڭى ئەتراپقا يېيىلىپ، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويۇڭنى چوڭ قىلغۇچە، غېمىڭنى چوڭ قىل**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى شۇنىڭغا ئائىت زۆرۈر شەرت ـ شارائىت، ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق ھازىرلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈتسا بېغى بار، كۆيگەن دېغى بار**

بۇ، قىلىنغان مەلۇم ئىشنىڭ قولغا
چىققۇدەك پاكىتى، ئېغىزغا ئالغۇدەك ئاسا-
سى، قەلبىنى بېغىشلىغان مۇھەببەت نىشا-
نىسى، كۆڭۈل خاتىرىسى بارلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ: ئەجەبمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتىڭ، راست-
تىنلا «تۇتسا بېغى بار، كۆيگەن دېغى بار»
دېگەندەك ئىش ئىكەن، يازغان خەت ۋە سوۋ-
غا - سالاملىرىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرگەن تۇرسام، دېدى ئۇ.

**تۇتسا سېپى يوق، قىچقارسا ئېتى (يوق)**

بۇ، تېگى - تەكتى، نەسەبى ناچار،
جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن،
نام - ئابرۇيى يوق، ئېتىبارسىز كىشىلەرنى
بىلدۈرىدۇ.

**«تۇر - تۇر» كۆپ بولسا،**
**ئۇيقۇدا مەززە يوق**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا داۋراڭ، ھەيدەك-
چىلىك، بۇيرۇقۋازلىق ھەددىدىن ئېشىپ
كەتسە ئادەمنى بىئارام قىلىپ، خاتىرجەم-
لىك بۇزۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇرغان تامغا ئۇسسەڭ،**
**بېشىڭ يېرىلار**

بۇ، كىمىكى بىراۋغا قەستەن بىشەم-
لىك قىلىپ، يولسىزلىق بىلەن چېقىلىدى-
كەن، ئاقىۋەتتە ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇرغانلارغا تۈۋرۈك بول،**
**ماڭغانلارغا كۆۋرۈك (بول)**

بۇ، يوقسۇل، يېتىم - يېسىر، ئاجىز-
لارغا يار - يۆلەك، پاناھ بولۇشنى، ئۇلارنى
يېتەكلەپ، ئىشلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇ-
رۇپ، مەدەت بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**تۇرقى ئىنسان، خۇلقى ھايۋان**

بۇ، قىياپەت - تۇرقى ئادەم ھېسابلان-
سىمۇ، خۇي - پەيلى، قىلىقى ئىنسان قې-
لىپىدىن چىققان ئادەملەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق
قىلمىشلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى،**
**ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى (ياخشى)**

بۇ، ئۆز لايىقىدا، ھەددىدە بولغان ئىش
قەدىرلىك، ئەتىۋارلىق بولىدۇ؛ كېچىك-
كەن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىش ھەممىنى
ئارام تاپتۇرماي بىزار قىلىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇرۇپ تۇرغاننى توختاپ يە،**
**كېتىپ بارغاننى قوغلاپ (يە)**

بۇ، ھەركىم قولىدىكىگە، تەييارغا تا-
يىنىپ ياشىماي، ئىشلەپ، ئەجىر قىلىپ،
يوقنى تېپىپ ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈر-
دۇ.

**تۇزاقتىن قورققان قۇش**
**ئاچا ياغاچقا قونماس**

بۇ، باتۇر - مەرد ئادەم ھىيلە - مە-
كىرگە ئالدانمايدۇ، خەۋپ - خەتەرنى مەن-
سىتمەيدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆزلۇق قاپاقتىن تۆز،
باغلىق قاپاقتىن ياغ تەپچىيدۇ

بۇ، قارا نىيەت، ئىچى تار ئادەملەرنىڭ
ئىش - ھەرىكىتىدىن يامانلىق، شۇملۇق
ئەكس ئېتىدۇ؛ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل
ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن ياخشى-
لىق، خەيرىخاھلىق ئەكس ئېتىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەنە، ئۇنىڭ تومۇرلى-
رىدا تەلۋىچۈك دەرياسىنىڭ سۈيىدەك قاپقارا
تەلۋە قان ئويناپ يۈرمەكتە. تۈزلۇق قاپاق-
تىن تۆز، ياغلىق قاپاقتىن ياغ تېپىدۇ،
دېگەندەك، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قارا قان
ھە دېسىلا تېشىغا تېپىپ چىقىپ، ئۇنى قور-
قۇنچلۇق قاپقارا دېۋىدەك كۆرسىتىۋاتامدۇ!
؟

تۆز ھەققى - خۇدا ھەققى

بۇ، ئاتا - ئانا ياكى بىراۋنىڭ ئاش -
تاماق بېرىپ، تەربىيىلەپ باقـقانلىقىنى
قـايتۇرۇشقا تىگىشلىك مەجبۇرىيەت، خۇدا
ئالدىدا ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان قەرز دەپ
تونۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆزۇڭنى يەپ، تۆزلۇقۇڭنى چاقاي

بۇنىڭ «تۆز بەرگەننىڭ تۆزلۇقىنى چې-
قىپتۇ» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، بى-
راۋنىڭ باققان، تەربىيىلىگەن ئەجرىنى يەر-
دە قويغانلىقىنى، ياخشىلىققا يامانلىق، ۋاپاغا
جاپا قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: زاكىر ئۆسەك-
چى، جاكىر خورەكچى، باكىر ئورەكچى،
تاكىر ئېتەكچى ۋە تۆز بەرگەننىڭ تۆزلۇقى-
نى چاقىدىغان خاكىر تېزەكچى قاتارلىق
دوستلىرىنىڭ ماقۇللاۋاتقان چىرايلىرى كۆ-
رۈنگەندەك بولدى. ھېلىمنىڭ قىزىنىڭ بە-
دىنىگە توك ئۆتكۈزۈپ قىينىماقچى بولۇۋات-
قانلىقىنى ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ مۆجەسسەم-
لىك ئىپادىلىنىشى دەپ قاراۋاتقانلىقى ئې-
نىق ئىدى.

تۆزنى يەپ، تۆزلۇقىغا تۈكۈرۈپتۇ

بۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقى، شەپقىتى،
غەمخورلۇقىغا ئېرىشىۋېلىپ، كېيىندىن يۈز
ئۆرۈپ، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يۈزسىزلىكنى
بىلدۈرىدۇ:

— ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى
ئۈزمەي، يەنە غېرىب - سەنەم بولۇشىدىغان
بولسا، تۆزىمىزنى يەپ، تۆزلۇقىمىزغا تۈ-
كۈرگەن ئۇ شۇمنىمۇ، ئانىسىنىمۇ قوغلاپ
چىقىرىمەن، ئاچچىقىم كەلسە، ئۇنى سول-
تىۋېتىمەن! — دېدى ئۇ گۈلچېھرە خېنىم-
غا.

تۆغقاندىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى

بۇ ئەسلىي «ئاتا - ئانىغا قېيىدىغان
ئەقلىنىڭ يوقى، تاماققا قىيىدىغان قورساق-
نىڭ توقى» دېگەن ماقالىنىڭ ۋارىيانتى بو-
لۇپ، تۇغقان - قېرىنداشىدىن يۈز ئۆرۈش
ھاماقەتلىك، ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى،
غىزا - تاماقنى تاللاپ، باتناپ يېمەسلىك
بىمەنىلىك، كۆپۈرلۇق بولىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

تۆغقاننى تاشلىساڭ يات بولار،
تومۇرنى تاشلىساڭ دات (بولار)

بۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار

ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، يار - يۆلەك، يېقىن ئۆتۈش لازىملىقىنى؛ تۆمۈر ئەسۋابنى دائىم ئاسراپ، پاكىز سۈرتۈپ ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغقانىنىڭ بارى ياخشى،**
**بۇگۈن قىچقارسا ئەتە «ھە» دېسىمۇ ياخشى**

بۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار گەرچە ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈمسىز بولسىمۇ، يەنىلا بار بولغىنى ياخشى ئىكەنلىكىنى، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغقانىنىڭ بېغى چىڭ يەردە**

بۇ، بىر نەسەب، بىر ئائىلىگە تەۋە كىشىلەر ھەرگىز بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغقان يىراق بولسا كىشنىشىدۇ،**
**يېقىن بولسا چىشلىشىدۇ**

بۇ، قېرىنداشلار يىراق ئولتۇراقلاشقاندا بىر - بىرىنى سېغىنىپ قەدىرلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزئارا ئىزدىشىپ ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى؛ يېقىن، بىر يەردە ئولتۇراقلاشقاندا شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق قىلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي زىتلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغماس خوتۇن شۇمەك بېغىپتۇ**

بۇ، ئۆزىگە ھېچقانداق ئالاقىسى ۋە لازىمى يوق، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى يېغىپ، تېرىشتۇرۇپ يۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىش - ھەرىكىتىگە قارىتىلغان.

**تۇغۇلغان يەردىن تويغان يەر ياخشى**

بۇ، بىر يەرگە بېكىنىپ، ئۆمۈر بويى يوقسۇزچىلىق، نامراتلىقتا ياشىغاندىن كۆرە، يۆتكىلىپ روناق تېپىپ، توق - باياشات ياشىغان ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغۇلمىغان تاينىڭ دۇبىسى يېغىر**

بۇ، ۋۇجۇدقا چىقمىغان خىيالىي ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە بىھۇدە غەم يەپ، باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغۇلۇپ ئەيىناق بولماس،**
**تۇرۇپ ئەيىناق بولار**

بۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام، تەندۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئەخلاق جەھەتتىن يېتەرلىك تەربىيە بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي بىپەرۋالىق قىلىنسا، باللار كەيسىزلىك تۈپەيلىدىن جىسمانىي جەھەتتە زەخىملىنىپ، ناكار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىگە كۆرەي،**
**قەرز بولۇپ تۆلىمىگىنىگە (كۆرەي)**

بۇ، ھايات چەكلىك، ئۆلۈم مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى، ئادەم تۇغۇلۇپ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى؛ قەرزدار بولغان ئادەم قەرزنى ھامان بىر كۈنى تۆلەشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇل بولساڭمۇ، قوۋل بولما**

بۇ، ئايال كىشى ھەر ۋاقىت ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ، غۇرۇرلۇق ياشاش لازىملىقىنى، تەنھالىقتا قالغاندىمۇ باشقىلارغا ئايىغ ئاستى بولماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇل خوتۇن تۇل خوتۇننىڭ قاياشى**

بۇ «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەن ماقالىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ، كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، مەرتىۋىسىز ئادەملەر ھەرقانداق ئىشتا ئۆز خىلى، ئۆز تەڭدىشى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ھال - مۇڭىغا يېتىپ، بىر - بىرىنى قوللىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇل خوتۇننىڭ چۇشىگە ئەر كىرىدۇ،**
**باينىڭ چۇشىگە يەر (كىرىدۇ)**

بۇ، ئادەملەر ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ھاجىتى، ئېھتىياجى ھەققىدە غەم يەيدىغانلىقىنى، پۈتۈن دىققىتى كېلەچىكىگە، شېرىن ئارزۇلىرىغا مەركەزلىشىپ، كۆڭلىدە دائىم شۇنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قاچان، قانداق ئوخلاپ قالغىنىم يادىمدا يوق، ئاجايىپ چۇش كۆرۈپتىمەن. «تۇل خوتۇننىڭ چۇشىگە ئەر كىرىدۇ، باينىڭ چۇشىگە يەر» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، مەن چۇشۇمدە كارىمنى كۆرۈپتىمەن.

**تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە نان يېمەك تەس**

بۇ، ئەرسىز ياشاۋاتقان ئايال تىرىكچىلىكنىڭ تەسلىكىدىن ئۇششاق سۆز، قىتىغۇر، پىخسىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، پەر-
زەنت ۋە كېلىنلىرىگە ئامراق، كۆيۈمچان بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇمشۇقىغا يېمەي، بۇرنىغا سۇ كىرمەس**

بۇ، ئادەم بىرەر ئىش - ھەرىكەت ئۇستىدە پېشكەللىككە ئۇچراپ، زىيان تارتقاندا ئەقىل - پاراسەت، تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولۇپ ئىبرەت ئالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۇمىقىنى ئال دېسە، بېشىنى كېسىپتۇ**

«بۆك ئال دېسە باش كېسىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە،**
**بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ھوقۇقدار، مەرتىۋىلىكلەر بىلەن يېقىنلىشىپ، باردى - كەلدى قىلىشتىن كۆرە، پېقىر - پۇقرا، ئاما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆتۈش ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە،**
**پەگاھتىكى بىلەن چىقىش**

«تۆردىكى بىلەن چىقىشقۇچە، بوسۇغىدىكى بىلەن چىقىش» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**تۆرنى ئالغان ھېساب ئەمەس،**
**زەللە ئالغان ھېساب**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا قۇرۇق ئابرۇي، مەرتىۋە تالىشىپ غادايغاندىن كۆرە، ئەمەلىي ئىشلەپ نەتىجە قازانغان ئەلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆشۈك مونچاق يەردە قالماس،**
**يەردە قالسمۇ توپا قونماس**

بۇ، مۇئەييەن قىممىتى بار ھەرقانداق ئېسىل نەرسىنىڭ خارلانمايدىغانلىقىنى، ھامان تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشىپ ئەزىزلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:
ۋە لېكىن پايدىسىز بولماس بۇ ھەرگىز،
تۆشۈك مونچاقمۇ قالماس يەردە يېپسىز.
كىشىكىم ئۇنتۇماس ئۆتمۈش ئەلەمنى،
قويار كەلگۈسىگە توغرا قەدەمنى.

**تۆشۈك ئىغىز تۆشۈك ئىغىزدىن قالماپتۇ**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى يەڭگىللىك، قىزىقچانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان مەنمەنلىك، چوڭچىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە بىلەن يانتاققا چۆككىلى بولماس**

بۇ، جاۋابكار بولغۇچى ھەرقانداق يول بىلەن جىنايى پاكىتنى، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە تالغا تويماس،**
**سودىگەر مالغا (تويماس)**

بۇ، ھايۋان ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكنى ئۈزۈلدۈرمەي يېسىمۇ ھەرگىز تويۇنمايدۇ؛ تىجارەت كەسپىگە بېرىلگەن ئادەم تىجارىتىنى ھەرقانچە تەرەققىي قىلدۇرسىمۇ يەنىلا تەلپىي قانماي، مال مەنبەسىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە سىلكىنسە ئون ئېشەككە يۈك چىقار**

بۇ، پۇلدار، سېخىي ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق قىلغان خەير - ساخاۋىتى، ھىممىتى كۆپلىگەن نامرات، يوقسۇللار ئۈچۈن مەلۇم تىرىكچىلىك ئاساسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە قانچە بولسا، يېغىرى شۇنچە بولىدۇ**

بۇ، ھاللىق ئادەمنىڭ تاپاۋىتى، كىرىمى قانچە كۆپ بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئېھتىياجى، غېمى، تۇرمۇش سەرپىياتى ئۆزىگە تۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى، ھاجىتىگە لايىق خىراجەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە قانچە - يېغىرى شۇنچە**

«تۆگە قانچە بولسا، يېغىرى شۇنچە بولىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بىلمىگەن، ئۇقمىغان مۇرەككەپ ئىشلارغا، گەپ - سۆزگە ئارتۇقچە ئارىلاشماسلىقنى، بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقىغا قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: سوپى كۆپچىلىككە قاراپ، قەدىمكىلەردە «سۆز قوغلىغان دەردكە يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە» دەيدىغان گەپ بار. بايىقى خەۋەردە چوقۇم بىر شۇملۇق بار، «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق» دېگەندەك، «غىرت» قىسىپ ئاستا يولىمىزغا راۋان بولغىنىمىز ياخشى، دېدى.

بۇ، دائىم بىرەر ئىشتا ئەس - ھوشىنى يىغالماي، زېھنىنى ئىشلىتەلمەي، قويغان - تۇتقىنىنى بىلەلمەي، كۈن بويى ئالدىراپ، چالۋاقاپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس**

بۇ، ① ئۇلاغ يارامىلىق بولسا، سەپەر جاپا بىلىنمەي، مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: رەھبەر قابىل بولسا، ھەرقانداق ئىش راۋان يۈرۈشۈپ، ئىش ئاقسىمايدۇ، كاشىلا كۆرۈلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە،**
**بەتنە تاختا زەدەكنى بۇزار**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان پەمسىز، كالانپاي ئادەملەر يارامسىزلىقىدىن بۇيرۇغان ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي، بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە ئېتىز بۇزسا ھېچ گەپ يوق،**
**توخۇ پالاقلىسا ۋاراڭ - چۇرۇڭ**

بۇ، ئەمەلدار - باشلىقلار ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلسىمۇ سۈرۈشتۈرگىلى ئادەم چىقمايدىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك سەۋەنلىكلىرى شۇئان سۈرۈشتۈرۈلۈپ، چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈگۈرۈپ يېگەن مېھماندىن قورق**

بۇ، مېھمان بولغان كىشى مەرىكە سو-

رۇنلىرىدا نەپسىنى يىغىپ، يەپ - ئىچىشتە ئەدەپلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە،**
**تۆگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن**

بۇ، ئادەمنىڭ بويى ئېگىز، يېشى چوڭ بولغان بىلەن ئەقىللىق، پاراسەتلىك بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى، ئەقىل — بوي بىلەن ياشقا باغلىق ئەمەسلىكىنى، ئەقىل - پاراسەت ھەممە كىشىگە ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىمۇ تۆگە، مايىقمۇ تۆگە**

بۇ، ① مالنىڭ چوڭىمۇ مال، كىچىكىمۇ مال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ئەمەلدارمۇ ئادەم، پۇقرامۇ ئادەم، ھەممە ئادەم ئوخشاش - باراۋەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا،**
**ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر**

بۇ، چوڭ زىياننىڭ ئالدىدا كىچىك زىيان ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، يۇرت ئاپەتكە، بالا - قازاغا ئۇچرىسا ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئامان قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق**

بۇ، بىرەر ئىشتا باشقىلارنى نەزەردە تۇتمايدىغان، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان، غەم يېمەس ئادەملەرنىڭ بىپەرۋالىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆگىنىڭ مەيلى بولسا،
يانتاققا بويۇن ئۇزىتار

بۇ، بىرەر ئىش ـ نەرسىگە ھاجىتى چۈشكەن ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا
يەتتە چۈنەك قوغۇننى بۇزار

«تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

تۆمۈرچى كۆمۈرچى بىلەن دوست

بۇ، ھەركىم ئۆز ساھەسى، ئۆز كەسپىگە دائىر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىدۇ، باردى ـ كەلدى، ئېلىم ـ بېرىم قىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن،
پادىشاھلىق ئەل بىلەن

بۇ، ھەرقانداق ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆزىگە خاس سايمان، تەدبىر بىلەن يۈرۈشىدىغانلىقىنى؛ ھاكىمىيەت، ھۆكۈمەت ئىشى ئاممىغا تايىنىش، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كىچىككىنە قۇمۇلدىن بىر نەچچە يۈز مەرگەن، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قانداق يىغقىلى بولسۇن! كونىلار «تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن، پادىشاھلىق ئەل بىلەن» دەپتىكەن، چىڭ گاڭ غوجامنىڭ شانۇشەۋكىتى يۇرتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە ئاۋاتلىقى بىلەن بولمايزە، ئەل ـ يۇرتقا ئېغىرچىلىق سېلىش بىلەن بولغۇدەكمۇ! دېدى نۇشىرۋان تەيجى.

تۆمۈرچىنىڭ پالتىسى يوق،
ياغاچچىنىڭ تۈۋرۈكى (يوق)

بۇ، ھەرقانداق ھۈنەرۋەن، كاسىپ تىرىكچىلىك تۈپەيلىدىن ئۆزىگە چىقنالماي، تۇرمۇشىدىكى كەمچىل تەرەپلەرنى تولۇقلاشقا يېتىشىپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا
تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ

بۇ، ماھىر كاسىپنىڭ قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق چىڭ، قاتتىق نەرسە مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ رايىغا باقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى دەرد (يەيدۇ)

بۇ، ئادەم كۆڭۈل ئازادىلىكتىن مەھرۇم بولغاندا دەرد ـ ئەلەم تۈپەيلىدىن ئاچچىق يۇتۇپ، ئازابلىنىپ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق

بۇ، شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەن ھەرقانداق ئىشنى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كېچىكتۈرمەي بېجىرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

ئوبۇلمۇ ئويلىغاچ شۇ ھالنى دەرھال،
سوراپ قايتا كېرىمدىن ھالۇئەھۋال.
دېدى: «يولغا كېچىكمەي چىققىنىڭ خوپ،
تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىڭ خوپ».

تۆمۈرنى قىسقا كەس،
باغاچنى ئۇزۇن (كەس)

«ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا (كەس)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

تۆمۈرنى كۆيە يېمەس

بۇ، كۆيە مېتالنى ھەرگىز يېيەلمىگەندەك؛ نام مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، پاك دىيانەتلىك ئادەمنى ھەرقانداق زىيانداش ئامىل چىرىتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇتۇنسىز ئوت بولماس،
ئۇقسانسىز يىگىت (بولماس)

بۇ، قالانغان ھەرقانداق ئوتنىڭ تۇتۇنى بولغاندەك، ھايات ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەيىب، قۇسۇرى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر

بۇ، ھەرقانداق زىيان ياكى دەرد ـ ئەلەمنى دەل ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كىشى بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەس،
يۇندىسىنى ئىت (كۆرمەس)

«يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان، تۇتۇنى بۇلۇت»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

تورۇككە بىر تاياق،
موللىغا ئون تاياق

بۇ، بىلىمسىز، نادان ئادەم يېڭىلىشسە كۆپ ئەيىبلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ، ئوقۇغان ـ ئۇققان، بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم يېڭىلىشسە ئاسانلىقچە كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆز يەردىن لاتقا چىقىرىپتۇ،
سىلىق يەردىن چوماق (چىقىرىپتۇ)

بۇ، بىراۋدىن قەستەن قۇسۇر، كەمچىلىك ئىزدەپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان ئادەملەرنىڭ چاتاقچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس

بۇ، ھەركىم قىلغان سۆزىگە، بەرگەن ۋەدە ـ لەۋزىگە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى، گەپ ئېغىزدىن چىققان ئىكەن، يېنىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆگمەن بىر ئايلانغۇچە،
ئىگىسى يۈز ئايلىنار

بۇ، تىرىكچىلىكتە بىرەر ئائىلىنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىنىڭ ئۆتكۈشلۇق، خاتىرجەم ئۆتۈشى ئۈچۈن ئائىلە باشلىقى بولغان كىشى كۆپ باش قاتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆگمەن تېشى مەن بولسام،
چېقىلدۇرۇقى سەن بولدۇڭ

بۇ، ھەرقانداق ئىش ۋە نەرسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلگەن كىشى تىلغا ئېلىنماي، بىر چەتتە قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ شاپاشلاپ، بىلەرمەنلىك قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان**
**گۈلدۈرمامىدىن قورماپتۇ**

بۇ، جاپا - مۇشەققەت، غۇربەتچىلىكتە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەم ھەرقانداق ۋەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار شۇ تاپتا، خۇددى «تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، قورقۇشتىن، يۈرەكزادىلىكتىن تامام خالىي ئىدى.

**تۆگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قاپتۇ**

بۇ، ئاز نەرسىنى دەپ كۆپ نەرسىدىن، ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، كەلگۈسىدىكى چوڭ پايدىدىن قۇرۇق قېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ**

بۇ، ئازغىنا مەنپەئەتكە بېرىلىپ، كۆپ پايدىنى كۆرمەيدىغان، ۋاقىتلىق پايدىنى قوغلىشىپ، كەلگۈسىدىكى زور مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ھاماقەتلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆخلۈكىدىن شامال كىرمەس،**
**ئىشىكىدىن ئادەم (كىرمەس)**

بۇ، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان، باردى - كەلدى قىلمايدىغان، بىراۋغا پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەملەرنىڭ پىخسىق، بېخىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنار**

لۇق، شۇملۇق بىلەن جان ساقلىسىمۇ، ھامان بىر كۈنى قىلمىشى، مەككارلىقى ئاشكارىلىنىپ تۇتۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكىنى كۆرەخلەتكەن**
**يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى**

بۇ، ئادىي، ئېتىبارسىز ئادەملەرنىڭ ئامما ئىچىدە چوڭچىلىق، مەنمەنلىك قىلىشى مەلۇم ھىماتىغا، ھىمايىچىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە دۈشمەن**

بۇ، چىرايلىق، گۈزەل نەرسە كىشىلەرنىڭ قىزىقىش، قولغا چۈشۈرۈش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكىنىڭ سوئالىغا**
**خورازنىڭ جاۋابى بار**

بۇ، ھىيلىگەر، ئالدامچىلارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلمىشلىرىغا ھەر ۋاقىت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان ھوشيار، سەزگۈر ئادەملەر تاقابىل تۇرالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام**

بۇ، ھىيلىگەر، ئالدامچىلارنىڭ قۇۋلۇق، شۇملۇق، ئۇستاتلىقى ئۇزاققا بارماي، ھامان ئاشكارىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قى، ئادىتى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ماس كەلـ
گەن ئادەملەرنىڭ ئوخشاشلىق ھالىتىنى
بىلدۈرىدۇ.

**تېجەمەل كىيەن تاپسا ئۆلۈۋالار**

بۇ، ھالال - ھارامنى ، ئاق - قارىنى
ئىلغىمايدىغان، تەييارغا ھەييار، پايدا - نەپ
ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان مەنپەئەتپە-
رەس ئادەم بىرەر نەپكە ئېرىشىش يولىدا
ئۆلۈمدىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرە بولمىسا، تۈك نەدىن چىقسۇن**

بۇ، بىرەر ئىش ۋە نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا
كېلىشىگە مەلۇم ئاساس، مەنبە بولمىسا،
ئۇنىڭ نەتىجىسى، مەھسۇلى بولمايدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرەڭدە داپ ئېتىمەن،**
**سۆڭەكڭدە ساپ (ئېتىمەن)**

بۇ، ھەددىدىن زىيادە ھىيلە - مىكىر
ئىشلىتىپ بىراۋنى ياۋۇزلۇق بىلەن خار-
لاپ، قىيناپ، بوزەك قىلغانلىقنى بىلدۈر-
دۇ.

**تېرىساڭ ئالىسەن،**
**ئىزلىسەڭ تاپىسەن**

بۇ، بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان كىشى
ياخشىلىقنىڭ، يامانلىق قىلغان كىشى يامان-
لىقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ؛ تىرىشقان،
ئىجتىھات قىلغان كىشى مەقسىتىگە يېتىد-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىغان خامان قىلار،**
**تېرىمىغان ئارمان (قىلار)**

بۇ، ئىشلىگەن، ئەجىر قىلغان كىشى
ئەجرىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ،
تېگىشلىك دارامەتكە ئېرىشىدۇ؛ ئىشلىمى-
گەن، ئەجىر قىلمىغان كىشى يوقسۇللۇق-
تىن مەڭگۇ پۇشايمان قىلىپ ھەسرەتتە ئۆ-
تىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىغانغا يەر قېرىماس،**
**ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس)**

بۇ، يەرگە ئىشلىگەنسېرى كۈچىيىپ،
مۇنبەتلىشىدۇ، ئادەم ئىشلىگەنسېرى پى-
شىپ چېنىقىدۇ، تۇرمۇش باياشات ئۆتىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىغان ئوراپ يەر،**
**تېرىمىغان سوراپ (يەر)**

بۇ، جاپادىن قاچماي تەر تۆكۈپ ئىشلى-
گەن كىشىنىڭ ئوزۇقى مول بولۇپ، خا-
تىرجەم، باياشات ياشايدىغانلىقىنى، ئىش-
لىمىگەن، ھالال تەر ئاققۇزمىغان ئا-
دەم يوقسۇزلۇقتىن موھتاجلىق ئىچىدە ئۆ-
تىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىق قۇلىقىدىن، ئادەم كىچىكىدىن**

بۇنىڭ «تېرىق قۇلىقىدىن بەلگىلىك،
بالا كىچىكىدىن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بو-
لۇپ، زىرائەتنىڭ بولىدىغان - بولمايدىغى-
نى، ھوسۇلنىڭ ئوخشايدىغان - ئوخشىماي-
دىغىنى مايسىسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك،
ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك، قابىلىيەت-
لىك بولۇش - بولماسلىقى ئۆسمۈرلۈك چې-
غىدىن مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىقمۇ تېرىمايمەن،**
**قوشقاچمۇ قورۇمايمەن**

بۇ، كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىپ، بىھۇدە ئاۋارىچىلىككە، قورساق كۆپۈكىگە قالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىمىغاننىڭ چارىكى چوڭ**

بۇ، ئىشلىمىگەن — ئەجىر قىلمىغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي تەر ئاققۇزغانلاردىن ئارتۇق ھەق، دارامەتكە ئىگە بولۇشنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،**
**كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ (بولسۇن)**

بۇ، دېھقانچىلىقتا سۇ ۋە نەملىكنىڭ مۇھىملىقىنى، ھاياتلىقتا ئادەم ئۇچۇن ئازادە تۇرالغۇ ھەم مۇناسىۋەتنىڭ كەڭ بولۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېزەكنى قوزغىساڭ سېسىقى چىقار**

بۇ، يولسىز - بىشەم ئادەملەرگە چېقىلغاندا ئۇنىڭ قالايمىقان بىلجىرلاش ۋە ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلىشىغا يول ئېچىلىپ، باشقىلارغا ئاھانەت، ئەسكىلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېزىنى باسساڭ، مېزى چىقار**

بۇ، ئەسكىنىڭ بىر ئەيىبىنى يوشۇرسا، يەنە باشقا بىر ئەيىبىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
گومىنداڭ «سەۋرچانلىق» نىقابىنى،
چىدالماي يىرتىۋەتتى سايلامدىلا.
تېزىنى باسسا، مېزى چىقىپ،
ھەر كۈنى ھەر يەردە، ھەر چامدامدىلا.

**تېزىنى باسسا مېزى،**
**مېزىنى باسسا تېزى چىقار**

«تېزىنى باسساڭ مېزى چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال**

بۇ، سىرتىدىن ھەيۋەت، چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچى قۇرۇق؛ كۆركەم، سۆلەتلىك بولغىنى بىلەن تەلەپكە لايىق ئەمەس، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن - دە، كونىلار! دېدى ئىچىدە مەيۇس ھالدا ئۆيىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، ھەممە نەرسە ئىچى - تېشى ئوخشاش، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولسا بولمامدىغاندۇ؟

**تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن**

بۇ، ھەرقانداق ئادەم ياكى نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت پايدا - مەنپەئەت، نەپ بەرسىلا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەكنى سورىغۇچە ئۆزۈمنى يە**

بۇ، ئېرىشكەن نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىنى، كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرمەي، نەقنى غەنىيمەت بىلىپ پايدىلىنىش، بەھرىمەن بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېكىنىڭ بويىغا قاراپ**
**بۆرە ئاچ قاپتۇ**

بۇ، بىرەر قۇلايسىزلىق، ئوڭۇشسىز-لىق تۇپەيلىدىن كۈتۈلگەن ئۈمىد، تەمە، شېرىن ئارزۇنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلدۈ-رىدۇ.

**تېگى پەسنىڭ كۆڭلى پەس**

بۇ، ئەسلىي (نەسەبى)، ئاتا - بوۋىسى ناچار ئادەم نىيىتى يامان، دىيانەتسىز، يا-مان غەرەزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

چولاق سەكرەپ دېدىكىم «ئەمدى گەپ بەس،
سېنىڭدەك تېگى پەسنىڭ كۆڭلىمۇ پەس.
شۇ گەپ بىرلە يەنە ئۇلغايدى جاڭجال،
گۈلئايىم بوغۇچىسىنى تۈگدى دەرھال.

**تېگى دۈشمەن دوست ئەمەس**

بۇ، بۇرۇندىن دۈشمەنلىك بىلەن قار-شىلىشىپ، يامان نىيەت بىلەن ئىزچىل ئۆ-چەكىشىپ كەلگەن ئادەمنى دوست دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تېۋىپ يوق شەھەردە تۇرما**

بۇ، سالامەتلىك، ساغلاملىقنى كاپالەت-كە ئىگە قىلىشتا تېبابەتچىلىكنىڭ مۇھىملى-قىنى، ئىنسان ھاياتىدا تېۋىپ بولمىسا بول-مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

بۈيۈك بىر دانىشمەن قىلىپ نەسىھەت،
«تېۋىپ يوق شەھەردە تۇرما» دەپتىكەن.
بۇ ئاددىي بىر ساۋات، بۇ بىر ھەقىقەت،
دوختۇرنىڭ قەدرىگە كىممۇ يەتمىگەن؟!

**تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس**

بۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەر-سىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئايرىشقا بول-مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىشچانلىغا قىرىق ھۈنەر ئاز**

بۇ، ئادەم ياخشى ياشاش ئۈچۈن تىرى-شىشنىڭ مۇھىملىقىنى، قانچىلىك كۆپ ھۈنەر ئىگىلىسە شۇنچە پايدىلىق ئىكەنلىك-نى، ھۈنەرنى كۆپ بىلگەن كىشى كۆپ جاپا تارتماي، باياشات كۈن كەچۈرىدىغان-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىشقان كامال تاپار،**
**ھورۇن زاۋال (تاپار)**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا قاتتىق ئىرادە بى-لەن كۆڭۈل قويۇپ، بېرىلىپ ئىشلىگەن ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ نەتىجە قازى-نالايدۇ، ئېرىنگەن، بوشاڭلىق - تەييارتاپ-لىق قىلغان ئادەم ئاخىر خاراب كۈنگە قالى-دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىشچانلىغا ۋاقىت يەتمەس،**
**ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس**

بۇ، تىرىشچان، ئىجتىھادلىق ئادەمگە ۋاقىت ئازلىق قىلىدۇ، ئىش خوش ياقمايدى-غان، ئېرىنچەك ئادەمنىڭ باھانە - سەۋەبلى-رى تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىك بولۇپ ساندا يوق،**
**ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق)**

بۇ، ھاياتلىقىدا ئەل ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلمىغان، خەلقنىڭ ياخشى باھا-

سىغا ئېرىشەلمىگەن ئادەمنىڭ ئىككىلا دۇنيادا قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىككە ئۆي تېپىلار، ئۆلۈككە گۆر (تېپىلار)**

بۇ ھايات ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئۆي - ماكانسىز قالمايدۇ، ئۆلگەن ئادەم مۇقەررەر گۆرسىز قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىك ئىززەتكە تويماس، ئۆلۈك دۇئاغا (تويماس)**

بۇ، ئۆلگەن ئادەم دۇئاغا موھتاج بولغاندەك، ھايات ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە يارىشا ئىززەت - ئابرۇيى ۋە قەدىر - قىممىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرىكى بىرنى ئۆلتۈرەر، ئۆلۈكى مىڭنى (ئۆلتۈرەر)**

بۇ، ھاياتلىقىدا ئەل - يۇرتقا جەبىر - زۇلۇم سېلىپ، خەلقنى قاقشاتقان ئادەم ئۆلگەندىمۇ خەلققە ئارام بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىز پۈكۈپ ياشىغۇچە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى**

بۇ، بىراۋغا باش ئېگىپ لالما ئىتتەك خورلۇقتا ياشىغاندىن كۆرە، مەردانىلىق بىلەن ئۆلگەن ياخشى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال**

بۇ، خەلققە زىيانلىق ئىش قىلىپ، نەپرەت - قارغىشقا ئۇچرىغاندىن كۆرە، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىپ، ئالقىش - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلەپ ئالغان تىزغا يەتمەس**

بۇ، ھەركىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش كېرەكلىكىنى، كىشىنىڭ بەرگىنى ھېچنېمىگە دال بولمايدىغانلىقىنى، موھتاجلىق ئىلكىدە، تەمەگەرلىك بىلەن ياشاشنىڭ ئىنسانىي خىسلەت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ، كۆزى تولماس**

بۇ، ئاچ كۆز، تەمەخورلارنىڭ پۇل - مال، پايدا - مەنپەئەتكە تويمايدىغان قانائەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلدىن كەلگەن قولدىن كەلسە، ھەركىم پادىشاھ بولار**

بۇ، ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان تەسەۋۋۇرنى ئېيتماققا ئاسان بولغان بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماق ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلغا ئىختىيار بەرسەڭ، ئەلگە ئېتىبارسىز بولىسەن**

«ئاغزىمغا كەلدى» دەپ سۆزلىسەڭ، ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**نلى باشقىنىڭ دىلى باشقا**

بۇ، لەۋزىدە تۇرمايدىغان، گەپ - سۆ-
زى ئىشەنچسىز ئادەم ئالدامچى، سەممىيەت-
سىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نلىسەڭ تاپارسەن**

بۇ، تىرىشچان ئادەم ھاياتىدا نېمىنى
ئارزۇ قىلسا، ياخشى كۆرسە، نېمىگە ئىش-
تىياق باغلىسا، ھامان تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نلىگەننى تىلىمە، مۇتىھەمنى يۆلىمە**

بۇ، ئۆتنە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرمە-
غۇچە سورىماسلىق، تەڭلىك قىلماسلىق
كېرەك؛ ئالغۇ - بەرگۈدە سەممىيەتسىز،
قارا كۆڭۈل، ئۇششۇق ئادەملەرگە ياردەم
قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
ىدۇ.

**نلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىۋەت،**
**يۇمشاق بولسا داغلىۋەت**

بۇ، ھەركىم گەپ - سۆزدە پاساھەت-
لىك، مۇددىئانى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش-
نى، سۆزلىگەندە زېرەكلىك بىلەن ئۇسۇلغا
دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نلىڭ كۆيسە تۇز يالا،**
**ئىچىڭ كۆيسە مۇز (يالا)**

بۇ، بىرەر رەنجىش، خاپىلىق، بەخت-
سىزلىككە ياكى ئىشق - مۇھەببەت سەۋدا-
سىغا گىرىپتار بولغان كىشى ھەرگىز يې-
نىكلىك قىلماي، ئېغىر - بېسىق، سەۋر
- تاقەتلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلىڭنى تارت، چىشىڭ سۇنمىسۇن**

بۇ، كىشى ھەر ۋاقىت ئېھتىياتچان،
كەم سۆز بولۇپ، ئورۇنلۇق سۆزلەش كې-
رەكلىكىنى، بىپەرۋالىق بىلەن كەلسە -
كەلمەس، قالايمىقان سۆزلىگەندە كۆتۈلمە-
گەن كۆڭۈلسىزلىك، يامان ئاقىۋەتكە قال-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلىدە سىر
ساقلايدىغان، راست گېپىنى بىلگىلى بول-
مايدىغان، ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەرنىڭ
سەممىيەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئىككى
يۈزلىمىلىكىڭىز ۋە تىل تېگىدە تىل ساقلى-
غىنىڭىزمۇ يەتمەمدۇ؟ دېدى ئاپتاپ ئايىم.

**تىلى يۇمشاق ئاش يەر،**
**تىلى قاتتىق مۇشت (يەر)**

«ئاغزى يۇمشاق گۆش يەر، ئاغزى قات-
تىق مۇشت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

# ج

**جاپا تارتمىغۇچە هالاۋەت يوق**

بۇنىڭ «جاپا چەكمەي هالاۋەت يوق» ۋە «جاپا تارتماي هالاۋەت يوق» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ بار بولۇپ، جاپالىق ئەمگەك قىلغان، تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن كىشى بەخت - سائادەتكە، راهەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاپا چەكمىگەن ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس**

بۇ، تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن، شۇنداقلا، بىراۋنىڭ خالىسانە ياردىمى ۋە ئىلهامى بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئادەملا قولغا كەلگەن نەتىجىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاپانىڭ تېگى راهەت**

بۇ، هالال تەر ئاققۇزۇش، جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق راهەت - پاراغەتلىك باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

**جاغدا قوغۇن جېنىخمىدى**

بۇ، هەرقانداق نەرسە ئادەمدىن ئەزىز ئەمەسلىكىنى، ئادەم بولغاندىلا هەممە نەرسە تېپىلىدىغانلىقىنى، بار نەرسىنى بىراۋدىن ئايىماي، كەڭ قوللۇق بىلەن ئورتاق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاغدا قېرىماس، ئوغرى بېيىماس**

بۇ، كۈچ - قۇۋۋىتى، ماغدۇرىدىن قالمىغان ئادەم ئۇزاق ياشايدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان، مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلغان ئادەم ئىلگىرى باسمايدۇ، راۋاج تاپمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاڭگال ئارقىسىدىكى كۆرۈنەر، بۇرۇن ئاستىدىكى كۆرۈنمەس**

بۇ، يىراق، چەت - ياقىدىكى ئىش - هەرىكەتلەرگە دىققەت قىلىنىپ، نەزەردىن ساقىت بولمايدىغانلىقىنى، كۆز ئالدىدىكى ئىش - هەرىكەتلەرگە سەل قارىلىپ، دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاڭگالدا هاڭرىغان ئېشەك شەهەردە هاڭرىيالماس**

بۇ، ئۆز مەهەللىسىدە سۆزمەن، ناتىقلىق قىلىپ خەقنى ئاغزىغا قاراتقان ئادەم، يات يەرگە بارسا يېتىرقاپ سۆزلىيەلمەيدۇ، دەۋر سۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاڭگالدا يوقالغان ئېشەكنى ئۆيدىكى مومايدىن سوراپتۇ**

بۇ، باشقا يەردە كۆڭۈلسىزلىك - زى-

يانغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ ھېساب - سورىقىنى مۇناسىۋەتسىز ئادەمدىن ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاماقەتلىكىنى، يولسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جان بار يەردە قازا بار**

بۇ، ھاياتلىقتا ئاغرىق - سىلاق، تۈرلۈك ھادىسە، خېيىم - خەتەر ۋە ئۆلۈمدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش مۇتلەق بولۇپ، ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بالام، «جان بار يەردە قازا بار» دېگەندەك، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، بالىلىرىنىڭ قولىغا قالساق، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ، باي مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرغان چاغدا، ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى تۈگىتىۋالساقمىكىن دەيمەنا، دېدى يولتۇزخان ئوغلىغا.

**جان باققان باتۇر**

بۇ، ئۆزىنى خار قىلماي، توغرا يول بىلەن ئەجىر قىلىپ، ھاياتلىقتا نورمال كۈن كەچۈرگەن كىشى نوچى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت تىرىكلىكنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشى كېرەكلىكىنى، ھايات بولغاندىلا ماددىي شارائىتقا ئېرىشكىلى، ھەممە ئىشنى قىلغىلى، ئارزۇ - ئارمانغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جان تۇمشۇققا كەلگۈچە جان بەرمە**

بۇ، بىرەر ئىش تۇپەيلىدىن خەۋپ - خەتەر، پاجىئە، ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغاندىمۇ ئاخىرقى تىنىققىچە ئۈمىدۋار بولۇپ، ھەرگىز بوشاشماسلىق، تەقدىرگە ئالدىراپ تەن بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جان چىققاندا ياسىننىڭ نېمە كېرىكى**

«ئۆلگەندىن كېيىن ‹ياسىن› نىڭ نېمە پايدىسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: جان چىققاندا ياسىننىڭ نېمە كېرىكى؟ دېدى دورغا ئاچچىق بىلەن، ئۆزۈم قارىتۇرۇك بولسامۇ ئەقىل - ھوشۇم جايىدا.

**جان چىقمىغۇچە خۇي چىقماس**

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر،**
**مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس**

بۇ، چىن دوست بارلىقىنى دوستىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېغىشلايدۇ، ھالقىلىق پەيتتە ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى بولىدۇ، ساختا دوست ھەر ۋاقىت پايدا - مەنپەئەت كويىدا دوستىغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، شۇلۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسقاتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس**

بۇنىڭ «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ھەركىم بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش، سۆيگۈ - مۇھەببەتتە مۇرادقا يېتىش

ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت، ئېغىر چىلىققا چىداش كېرەكلىكىنى، تېگىشلىك پەيتتە بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھازىر خەلق «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېيىشىۋاتىدۇ. ھەممىلا يەردە خەلق بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىق، قاتمۇ قات زۇلۇم خەلقنى شۇنداق تونۇشقا كەلتۈردى، دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

**جان راھىتى تەن بىلەن،**
**تەن راھىتى پەم بىلەن**

بۇ، ھاياتنىڭ ھۇزۇرى تەن ساغلاملىق بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئائىلە تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى، ساغلاملىقنىڭ ھۇزۇرى ئەقىل - پاراسەت بىلەن تەدبىرلىك ياشاش ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جان راھىتى تەن بىلەن،**
**تەن ساقلىقى پەم بىلەن**

بۇ، ھاياتنىڭ ھۇزۇرى ساغلاملىق بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئائىلە تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئاسراش، كۆيۈنۈش، سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىش ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جانغا جان كەلگەندە باتۇر**

«باشقا كەلگەندە باتۇر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**جان كۆندە چېچەكلەمدۇ،**
**قوغۇن كۆندە خەمەكلەمدۇ**

«جان كۆندە چېچەكلىمەس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**جان كۆندە چېچەكلىمەس**

بۇ، ئادەم مەڭگۈ ئۆمۈر كۆرمەيدۇ، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، شۇڭا ھەركىم ئۆزىنى ئوبدان ئاسراش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئەمدى تاش كولاشنى قوي، مەن ساڭا سودا - سېتىقنى ئۆگىتەي. كونىلار «جان كۆندە چېچەكلىمەس» دېگەندەك، جاننى ئۇپراتماي ياشايدىغاننىڭ يولىنى قىلساڭ قانداق؟ دېدى ئۇ ئابدۇللاغا.

**جانمۇ جان — ئۆزىنىڭ جېنى،**
**كىشىنىڭ جېنى — ئىتنىڭ جېنى**

بۇ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ جېنى باشقىلارنىڭ جېنىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن جان قايغۇسىنى ھېچكىم ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاننى ئاسرىساڭ، ۋاقىتنى تۇت**

بۇ، ھەركىم ھاياتنى قەدىرلەش - ئاسراش ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپ ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاھاندا بولساڭ، يار بول**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىك جەريانىدا ئەل بىلەن جاپا - مۇشەققەت، راھەت - ھالاۋەتتە بىللە بولۇپ، باشقىلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاھاندا مىڭ كىشى،**
**كۆڭۈلدە بىر كىشى**

بۇ، دۇنيادا ئادەم قانچە كۆپ بولغان بىلەن ھەركىمنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئادىمى بولىدۇ؛ گۈزەللەر قانچە كۆپ بولغان بىلەن چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ سۆيگىنى بىرلا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئۇنداق قارىمايمەن، «جاھاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇسىز. ھەر بىر كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بىر ئارزۇ - ھەۋىسى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى گۈلشات.

**جاھان ساڭا باقمىسا،**
**سەن جاھانغا باق**

«زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇ، مەندىن كۆيۈرلۈق ئۆتكەن بولسا توۋا قىلسام، ياراتقان ئىگىسى گۇناھىمدىن ساقىت قىلار! كونىلاردا «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دېگەن گەپ بار. خۇدا ئۆزى ئەزىزلەپ بەرگەن جاننى بەندىلىرىنىڭ دىشۋارچىلىقتا نۇيۇشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، دېدى ئايالىغا.

**جاھان ئۇششۇقىنىڭ**

بۇ، ھەربىر ئىشتا ئىزا - نومۇسنى بىلمەيدىغان، ھەممىگە مۇتتەھەملىك، قىبىھلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاھىللىق - جان ئازابى**

بۇ، بىراۋنىڭ مەسلىھەت - نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئۆزۈمچىلىك بىلەن ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەم كاجلىقى تۈپەيلىدىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ، دىشۋارچىلىققا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جاھىل ئۆز بېشىنى يەر**

بۇ، ھەمىشە دېگىنىنى قىلىدىغان، خاتا يولدىن يانمايدىغان كاج ئادەم ھامان ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىپ، ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئېرىنى تىللىۋېتىپ، تازا بىر سەكرىگە ئىكەن، كۆۋرۈك قاپ ئوتتۇرىسىدىن سۇنۇپتۇ، كاج خوتۇنمۇ سۇغا غەرق بولۇپ، بېشىنى يەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، «جاھىل ئۆز بېشىنى يەر» دېگەن سۆز كىشىلەر ئارىسىغا تارالغان ئىكەن.

**جاي بەرگەنگە جان بەر**

بۇ، بىراۋغا ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىپ، باشپاناھ بولغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، گېزى كەلسە جېنىنىمۇ ئايىماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جايى يوقنىڭ جېنى يوق**

بۇ، ئۆي - ئىمارەت، تۇرالغۇنىڭ ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۆي - زېمىنسىز كىشىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**جەڭدە ئۆلسە بىر كىشى،**
**ئىز باسىدۇ مىڭ كىشى**

بۇ، ۋەتەن - مىللەت ئازادلىقى ئۈچۈن

پىداكارلىق بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىغا سانسىزلىغان ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلىپ، ئىزنى باسىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جەڭگە ئالدىرىما ئاتقاننى كۆرسەن،**
**سۇغا ئالدىرىما ئاقفاننى كۆرسەن**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراقسانلىق قىلماي، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېتەرلىك تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن كىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: باقىنىڭ قىزىلمۇچ دېگەن لەقىمى بىكار قويۇلمىغان. بۇ ئۇنىڭ تەنتەك، بىغەرەزلىكىگە قاراپ سىڭگەن لەقەم ئىدى. مانا قاراڭلار، بوۋىلارنىڭ «جەڭگە ئالدىرىما ئاتقاننى كۆرسەن، سۇغا ئالدىرىما ئاققاننى كۆرسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى بۈگۈن تازىمۇ ئىسپاتلاندى.

**جەڭنىڭ بىرى جەڭ،**
**توققۇزى رەڭ**

«جەڭنىڭ بىرىلا جەڭ، قالغان توققۇزى رەڭ»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**جەڭنىڭ بىرىلا جەڭ،**
**قالغان توققۇزى رەڭ**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ۋاستىگە تايىنىشتىن باشقا ئەقىل - پاراسەت، چارە - ئامال، پەم بولۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جەينەك يېقىن بولسىمۇ،**
**چىشلىگىلى بولماس**

بۇ، ھەر بىر كىشى ئۆز قاياشى، قولۇم - قوشنا، ئەل - ئاغىنە، قېرىنداش، بۇرادەرلىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئازار بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جۇۋاز كالا بىلەن ياخشى،**
**تۈگمەن سۇ بىلەن (ياخشى)**

بۇ، ھەرقانداق ئىش ئۆز ئېھتىياجى، ئۆز يۈرۈشى، پارى بويىچە ماسلاشقاندا نەتىجىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**جېدەل بار يەرگە بەش نان كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ**

بۇ، كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈتىدىغان، ئۇرۇش - تالاش يۈز بەرسە تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرايدىغان، جېدەل - ماجىرا، غەلۋىگە ئامراق ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قارىتىلغان.

**جېدەلخورغا گۇۋاھچى بولما**

بۇ، ھە دېسە باشقىلار بىلەن جېدەللىشىدىغان، ئۇرۇشقاق ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى، مۇناسىۋەتسىز ئىشقا شاھىت بولماسلىقنى، ھەركىم ئۆزىنى ئاياش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**جېدەل نەدىن كېلەر — تالاشتىن،**
**بالا نەدىن كېلەر — قاياشتىن**

بۇ، بىھۇدە، ئورۇنسىز تەگىشىش، كۆڭۈل ئاغرىتقى تۇپەيلىدىن ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىدۇ؛ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى تىنچ ئائىلىنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جىدەلنى باشلىغان لاپچى،
ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى

بۇ، ھەدېسە پو ئاتىدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان ئادەم غوۋغا، ماجىرانىڭ سەۋەبكارى بولىدۇ؛ ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇئەييەن باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جىنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس

بۇ، ئادەم تەر ئاققۇزماي، جاپا چەكمەي، تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، تۇرمۇشتا ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىش قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جىنى بارنىڭ گېپى بار

بۇ، ھەركىم ھاياتلىقتا ئوزۇقلۇققا تايىنىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئاش - ئوزۇقسىز بىر كۈنمۇ ياشيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جېنىدىن تويغان جاھانغا سىغماس

بۇ، بىرەر سەۋەب تۈپەيلى ھاياتىدىن زېرىككەن ئادەم خەۋپ - خەتەردىن باش تارتماي قارامىلىق قىلىپ باشقىلارغا جەبىر - زۇلۇم سالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جېنىمنى ئويلىسام ئۇيقۇم قاچىدۇ

بۇ، تاتلىق جاننى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدىغان ئادەم ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش غېمىدە ھەر ۋاقىت سەگەك، ئېھتىياتچان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جىرتاق خوتۇنغا چاپاق ئەر

«قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىشى بار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

جىق بولسا كېتەر،
ئاز بولسا يېتەر

بۇ، ھەركىم تۇرمۇشنى پىلانلىق، تېجەشلىك باشقۇرۇپ، ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىش كۆرۈش، ئىسراپچىلىق، بەتخەجلىكتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جىق گەپ ئېشەككە يۈك

بۇنىڭ «ئۇششاق گەپ ئېشەككە يۈك» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، گەپنى ئاز، مەزمۇنلۇق قىلىش، قۇلاققا ياقمايدىغان، تېتىقسىز گەپتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جىقنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ

بۇ، ئاز نەرسىنىڭ جۇغلىنىشىدىن جىق نەرسىنىڭ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، بىراقلا كۆپ نەپكە ئېرىشىش تەمەسىدە ئاز نەپتىنمۇ مەھرۇم بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جىگدىنىڭ گۆشى — جىننىڭ گۆشى

بۇ، ئۆدۈللۈق، پارچە - پۇرات سېتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ بەرىكىتى بولمايدىغانلىقىنى، كۆزگە كۆرۈنمەيلا تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جىلە قىلساڭ، مۇشۇكمۇ چىشلەيدۇ

بۇ، بىراۋنى ئورۇنسىز خاپا قىلىپ تېرىكتۇرسە، ھەرقانداق ياۋاش بولغان تەقدىردىمۇ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جىم تۇرغان تامغا ئۇسمە

بۇ، بىراۋغا ئورۇنسىز چېقىلماسلىقنى، قەستەن يولسىزلىق قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

جىم ئولتۇرساڭ مۆڭ دەيدۇ،
ئېگىز ئولتۇرساڭ دۆڭ (دەيدۇ)

بۇ، بىراۋنى ياۋاش، ئاجىز كۆرۈپ، قەستەن بوزەك قىلىدىغان، سۆز - ھەرىكەت، ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ ياراتمايدىغان چوڭچىلىق، كۆرەڭلىكنى بىلدۈرىدۇ.

جىم ياتقان يىلاننى قوزغىما

بۇ، بىراۋغا ھېچبىر خىيالىغا كەلمىگەن ئىشنى داۋراڭكەشلىك بىلەن ئۇقتۇرۇپ، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئىش تېرىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كونىلار «جىم ياتقان يىلاننى قوزغىما» دەپتىكەن، مۇبادا ئۇنى قوزغاپ قويساق، چاققىلى نەشتىرىنى تەڭلەپ كەلسە، زادى نېمە بىلەن ئۆزىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز! دېدى ئۇ.

جىمغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا

بۇ، بىراۋنىڭ تۇرقىغا قاراپ باھا بەرمەي، مىجەز - خۇلقى، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ماۋۇ خەتتىكى گەپلەر كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا «جاھاندا قورقادۇرمەن پەنجى كەستىن، بىرى مەستتىن، بىرى خەستىن، بىرى پەستىن، بىرى بىلمەس، بىرى مۆرىمەستىن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغۇدىم، «جىمغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا» دەپ، بۇ توختاخۇن مۆرىمەس كالىدەك بېشىنى قولتۇقىغا تىقىۋېلىپ، شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ؟ دېدى سەپەرقۇل.

جىمغۇرنىڭ ھۆنىرى ئىچىدە

«ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

جىنىدىن قېچىپ ئالۋاستىغا ئۇچراپتۇ

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىر بەختسىزلىكتىن ئامان قېلىپ، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر پالاكەتكە يولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا

بۇ، ئېغىزدا دېيىلگەن گەپ بىلەن ئاساسىي مەقسەت - مۇددىئا تۈپتىن باشقا - باشقا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كىمدۇر بىرى بۇ شەيتان يوچۇنلا گەپلەرنى قىپتۇغۇ، ئۇ «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، بىزنى يەنە داغدا قويماقچىمۇ؟ دېدى.

# چ

**چاپاق خوتۇننىڭ جىرتاق ئىرى بار،**
**باغاق ئاتىنىڭ مايماق ئىگىرى (بار)**

بۇ، ھەركىم، ھەر نىمىنىڭ ئۆزىگە يارىشا خىلى، بىر - بىرىگە ماس كەلگەن جۈپتى بولىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپان كۆيسىمۇ كۆيسۇن،**
**قازان قايىنسۇن**

بۇ، زىيان - چىقىم بولسىمۇ مەيلى، قورساق تۇيغۇزۇش، جان ساقلاش ھەممىدىن ئەۋزەل، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپاننىڭ يىڭىسى ياخشى،**
**دوستنىڭ كونىسى**

بۇ، كىيىمنى يىڭىلاپ كىيسە كىشىگە يارشىپ، سالاپەت بىغىشلايدۇ، دوستلاشقانلار ئۇزاق ۋاقىت سىرداشقاندا ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بىر - بىرىگە سادىق، مىھرىبان بولىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپسان بول دىسە،**
**زاغرامنى يەۋالاي دەپتۇ**

بۇ، ھىچنىمىدىن غەم - ئەندىشە قىلمايدىغان، جاھاننى سۇ بىسىپ كەتسە ئوشۇقىغا ئالمايدىغان، ھەددىدىن ئارتۇق بىغەملىك - بىپەرۋالىقنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپسانغا بار، لايپۇسقا يوق**

بۇ، ئىش - ھەرىكەتتە چاققان، چەبدەس ئادەم تۈرلۈك نەپتىن قۇرۇق قالمايدۇ؛ ئىزىلەڭگۈ، مىس - مىس، سۆرەلمىپالاسلار تېگىشلىك نەپتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپىقنى ئالىمەن دەپ**
**قارىغۇ قىپتۇ**

بۇ، بىلمەيدىغان ئىش ياكى نەرسىنى تۈزەيمەن دەپ بۇزۇپ قويىدىغان مەنمەنچىلەرنىڭ پوچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي،**
**جۇۋىسى بارغا تور كەتسۇن**

«قىزىم ساڭ ئىيتاي، كىلىنىم سەن ئاڭلا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چاپىنى تىزدىن ئاشماس،**
**ئالدىنى ياپسا كەينىگە يەتمەس**

بۇ، نامرات ئادەم كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ، ئوقىتى راۋاج تاپمايدۇ، تاپقىنى ئىھتىياجىغا يەتمەيدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئىرى ھۈنەرگە تىرىشچان، خوتۇنى ئۆيدە ئىشچان، شۇنداق بىللە ياشايدىكەن، لىكىن بۇلارنىڭ ئوقىتى زادى ئىلگىرى باسماپتۇ، قانچە قىلىپ باقسىمۇ چاپىنى تىزدىن ئاشماپتۇ،

ئالدىنى ياپسا، كەينىگە يەتمەپتۇ.

**چاپىنىغا قارىما، ئادىمىگە قارا**

بۇ، بىراۋغا باھا بېرىشتە ھەرگىز سالاپىتى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئاساس قىلماي، بىلىمى، پەزىلىتى، ئىش - ھەرىكىتى، ئەخلاقىغا قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپىنىمدا تۆت يانچۇق،**
**خەجلەي دېسەم بىر پۇل يوق**

بۇ، تاپاۋەت - كىرىمىگە قارىماي، كېيىنىشكە، ياسىنىشقا بېرىلىپ، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرالمايدىغان ئادەملەرنىڭ سۆلەتپەرەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،**
**سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق**

بۇ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق - كۆركەم نەرسىنىڭ ياسالما، ساختا بولىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي ئېسىللىق ھەرقاچان ساپلىق ۋە چىنلىقتا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چارىسىز ئىش بولماس،**
**چارىسىز ئاش (بولماس)**

بۇ ھەرقانداق مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەلگىلىك ئامال، تەدبىرى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا دۇنيادا يۈزدە - يۈز ساپ نەرسە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاسا ئۆلچۈك يۇمىلاق موجۇقىقا چۈشمەس**

بۇ، ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت ئۆز قانۇنىيتى بويىچە بىر - بىرىگە باب كېلىشى، ئۆز ئارا ماسلىشىشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاشقان ئەرزىنى مۇشۇك تەستىقلىماپتۇ**

«چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چاشقان تۆشۈكى ساراي بوپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىش تۇپەيلىدىن ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇرغىدەك يەر تاپالماي قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ ئەنسىزلىك ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئەھۋالنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ خەۋپلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، كاتتىباشلارغا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ بىرەر ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىدە ئاغىنىسى ئابدۇراخماندىن «پاناھ» كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماس،**
**قوغۇزغا تېزەك (ئالدۇرماس)**

«يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان، تۇنۇسۇنى بۇلۇت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە**

بۇ، رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئادەملەرگە ھال - ئەھۋال ئېيتىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، ئۇ بەربىر ئۆچ ئالماي قويمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئەرز - شىكايەتلەر يەنە شۇلارنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىپ، «چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە» دې-

گەندەك بولۇپ قالمسۇن دەپ قورقتۇم، راھىلە، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋاقىتلىرىمدا مۇشۇنداق بولارنى ئويلىغانمىدىم، دېدى.

**چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۇشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلار**

بۇنىڭ «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۇشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ، خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاماقەتلىك ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ: چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۇشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى، ئۇ سىڭگەن نېنىنى يەپ يۈرگەن بولسا بۇنداق بولمايتتى.

**چاشقان بىغار، پاقا يەر**

بۇ، باشقىلار تەر تۆكۈپ تاپقانغا ھېچقانداق ئەجىر قىلماي شېرىك بولۇپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ تەييارتاپلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاققان جوۋاننى بوشوك ئاستىدا كۆرۈك**

بۇ، ئادەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ياراتمايدىغان، لېكىن ئۆز بېشىغا كەلگەندە ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان چوڭچى، ماكانۇر ئايالالارنىڭ بولۇمسىز - ئەلگىسىز-لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاپقانغا بار، لاپپۇسقا يوق**

«چاپسانغا بار، لاپپاسقا يوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چاقماقتا ئاتنى تېگىشكەن ئەخمەق**

بۇ، بىرەر ئىشتا پايدا - زىياننى پەرق ئېتەلمەيدىغان، ئەرزىمەس كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن چوڭ بەدەل تۆلەشتىن يانمايدىغان دىتسىز ئادەملەرنىڭ كەم ئەقىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاقىدا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق، قىزىدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق**

«خامنى بۇزغان شانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئەخمەق قىزىم! گۈلدەك ياشلىقىڭنى غازاڭ قىلىپسەن- دە، ئەقلىنى قاغا چوقۇۋالغان قىزىم! «چاقىدا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق، قىزىدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق» دېگەن ماقال مەندەك بېشىغا كەلگەننىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىكەن - دە! ۋاي قانداق قىلاي.

**چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سىپى (بار)**

بۇ، ئەل - يۇرت ئىچىدە ئىززەت - ئابرۇي، ھۆرمەتكە ئىگە، نام - شۆھرىتى بار مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ نوپۇزىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاقىرمىغان - تەلۋىدىن يامان**

بۇ، ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلىماي، بىراۋنى چىقىمدار قىلىپ، بىمەھەل مېھمان بولۇش ئىنتايىن ئەقىلسىزلىق، چېكىدىن ئاشقان ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاقىرىلمىغان مېھمان
سۇپۇرۇلمىگەن يەردە ئولتۇرار**

بۇ، چىللىمىغان سورۇنغا بارغان كىشى قارشى ئېلىنمايدۇ، ئىززەت - ھۆرمەتتە بولمايدۇ، تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمەي سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاك باسمىغان ئىشنى چېچەك باسار**

بۇ، ئەسلىدىنلا ئەپلەشمىگەن، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشمىگەن ئىش تۈرلۈك توسالغۇ، كاشىلىلارغا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاڭقىغانغا سۇ بەر،
مۇزلىغانغا ئوت (بەر)**

بۇ، نامرات - يوقسۇللارغا قولىدىن كېلىشىچە غەمخورلۇق قىلىش، ئازار يەتكەن، خاپىلىق تارتقان دەردمەنلەرگە خەير - خاھ - باشپاناھ بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چالا تىلماچ ئادەم ئۆلتۈرەر**

بۇ، بىرەر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ ياكى يېرىم - ياتا بىلىمگە ئىشىنىپ ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلىگەن ئادەمنىڭ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چالا موللا دىن بۇزار**

«چالا تىلماچ ئادەم ئۆلتۈرەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چالا موللا ۋاراقلايدۇ،
ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ**

بۇ، يېتەرلىك بىلىمى يوق، يېرىم چىنەك سۇدەك شالاقشىيدىغان كىشىلەر ھەرقانچە بىلەرمەنلىك قىلسىمۇ، ئەمەلىي ئىشتا قىيىنىلىدۇ؛ يارامسىز نەرسىلەر ھەرگىز ماتېرىيال بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئەگرى نوغۇچ تاختىدا، تەكشى باسماي
تاراقلار،
چالا موللا كىتاب ئاچسا، ئوقۇيالماي
ۋاراقلار.

**چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن ئىچكى - تاشقى ئامىل زىچ ماسلىشىشى، ئىككى تەرەپ بىردەك كۈچ چىقىرىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاينىماي يۇتقان تاماقنىڭ تەمى يوق**

بۇ، غىزالىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تاماقنى ئالدىرىماي چايناپ يېيىش كېرەكلىكىنى، چاينىماي ياكى چالا - پۇچۇق چايناپ يۇتقان تاماقنىڭ سالامەتلىككە زىيىنى بولۇپلا قالماي، تەم - لەززىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاينىماي يېگەن كۆشمەي ئۆلەر**

بۇ، ھەركىم سالامەتلىكىنى ئاسراش ئۈچۈن غىزالىنىشقا دىققەت قىلىپ، نەپسىنى يىغىش، تاماقنى قالايمىقان يېمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چەرچەندە ئېشەك ئۆلۈپتۇ دېسە،**
**ئۆپكىسىنى مەن قويغان دەپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىش - ۋەقە ھەققىدە باشلانغان گەپ - سۆزگە ئارىلىشىۋالىدىغان، قەيەردىن سۆزلىسە شۇ يەردىن ئېغىز غېرىچلاپ لوقما سالىدىغان، بىلمىسىمۇ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان قۇلاق موللىسى ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**چەككىنىم جەبىر - جاپا،**
**ئالغىنىم تەنە - تاپا**

بۇ، تۇرمۇشتا بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەت تارتقىنىغا يارىشا ھالاۋەت كۆرەلمەي، تىل - ھاقارەت، خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىغان بەختسىز كىشىلەرنىڭ بىچارىلىق تەقدىرىنى بىلدۈردۇ.

**چەۋەندازلىق ئاتقا يۈگەن سېلىشتىن مەلۇم**

بۇ، ھەرقانداق كەسىپ ئەھلىنىڭ ماھىرلىقى، شۇ ساھەدە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئىشنى باشلىشىدىن، ھەرىكەتتىكى چاققانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ باشنى ئاچسا،**
**كىچىك كۆتنى ئاچار**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئاياش، ئېھتىياتچان بولۇش، چوڭلار ئەخلاق - پەزىلەتتە كىچىكلەرگە ھەممە جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ، يامان تەسىر بەرمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ بولساڭ، كىچىك بول**

بۇ، ئادەم يۈز - ئابرۇيى، مەرتىۋىسى ئاشقانسېرى كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇش، كىبىرلىك قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ بېشىنى ئاچسا،**
**كىچىك كۆتىنى ئېچىپتۇ**

«چوڭ باشنى ئاچسا، كىچىك كۆتنى ئاچار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەر**

بۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىز - بىچارىلەرنى بوزەك قىلىدۇ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ يەم قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

چوڭ بېلىقلار يېدى كىچىك بېلىقنى،
قىلدى ئۇلار مۇتتەھەملىك ۋە زورلۇق.
بىزمۇ ئورغۇن كۈلپەت تارتقان ئۇلاردىن،
تارىخىمىز بولغان بوران - جۇدۇنلۇق.

**چوڭ بېلىق يېنىدا كىچىك بېلىققا كۈن يوق**

«چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چوڭ توقاچ پىشقۇچە،**
**كىچىك توقاچ كۆيۈپتۇ**

«چوڭ نان پىشقۇچە، كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

رىتى، مېھىر - شەپقىتى چەكسىز، ئەگداش-
سىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭغا چوڭچە، كىچىككە ئوڭچە**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىمنىڭ مىجەز - خۇلقى، ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەھۋالىغا يارىشا مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ نان پىشقۇچە،**
**كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشتا شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلمەي، ئازراقمۇ شەپە، ئۇچۇرغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن ياشىغان، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئادەملەرنىڭ بىلىدىغىنى، چارە - تەدبىرى مول ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى**

بۇنىڭ جانلىق تىلدا كۆپرەك دېيىلىدىغان «باينىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئاتا - ئانىنىڭ باغرى كەڭ، ھىممىتى چەكسىز ئىكەنلىكىنى، بارلىقىنى پەرزەنتىدىن ئايىمايدىغانلىقىنى، بۇ ماھىيەتە خۇدانىڭ رەھمىتى، شەپقەت - ئىلتىپاتى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىچىك ئۆينىڭ قورداق**

بۇ، تۇرمۇشتا ئاتا - ئانىلىرىغا يۆلىنىۋېلىپ، تاپقىنىنى كۆرسەتمەيدىغان، باقققان ئەجرىگە يارىشا مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، تاش يۈرەك، ئالاكۆڭۈل پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چوڭ ئىززەت قىلسا،**
**كىچىك خىزمەت قىلار**

بۇ، چوڭلار كىچىكلەرگە كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلسا، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ گېپىنى ئاڭلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆپىدىمۇ يوق،**
**سۈيىدىمۇ يوق**

بۇ، يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىشقا قىلچە ئارىلاشمىغان، ھېچقانداق مۇناسىۋەت، ئالاقىسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ بىتەرەپلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆچۈرە چۆرۈلگۈچە، ئۇگرە ئۆرۈلگۈچە**

بۇ، ھەرقايسى غىزا تۈرلىرىنى ئۆزىنىڭ قائىدىسى، تەرتىپى بويىچە پىشۇرۇش كېرەكلىكىنى، پىشقاندا ئوتنى دەرھال توختىتىپ، ئېزىلدۈرۈۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆچۈرە كۆلدە پىشار،**
**مانتا چۆلدە (پىشار)**

بۇ، ھەرقانداق تاماقنىڭ پىشۇرۇلۇش تەرتىپى، ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇپ، بىرى سۇدا قايناپ پىشسا، بىرى قاسقان ياكى

جىسمىدە دۇملىنىپ، ھور بىلەن پىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك**

بۇ، ئاتاقتا بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئارقىلىق ئاساسلىق مۇددىئاغا يېتىشنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆگۈن قايناسا ئۆز بويىغا تاشار**

بۇ، ھەركىم ۋەزىيەت، شارائىتقا باقماي، ئەرزىمەس ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ، قالايمىقان سۆزلىسە ئۆز بېشىغا بالا تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھاپىز جۇيجاڭ سىپايە، لېكىن زەھەرخەندىلىك بىلەن، كونىلاردا «چۆگۈن قايناسا ئۆز بويىغا تاشار» دېگەن تەمسىل بار. سىز ساۋاتلىق بولغاچقا، بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىسىز كېرەك! ھەر ھالدا ئۆزىڭىز قايناپ، ئۆزىڭىزنى كۆيدۈرۈپ يۈرمەڭ! دېدى قۇتلۇق ئەپەندىگە.

**چۆلدە تەشنالىق يامان،**
**بولدا يالغۇزلۇق (يامان)**

بۇ، سەپەردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر، ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆلدە ئېتىڭ ھارمىسۇن،**
**قىرغاندا خوتۇنۇڭ ئۆلمىسۇن**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ھەركىم ئۆزىگە ئەقىبەتتە تاپانچىسىنى كاردىن چىقىرىپ قويماسلىق، قېرىغاندا قەدىناس ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆلگە يامغۇر ياخشى،**
**يوبدانىغا چامغۇر (ياخشى)**

بۇ، ھەرقانداق نەرسە، ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسە بىلەن گۈلى گۈلىگە كېلىپ ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۆلنىڭ باغرى يامغۇرغا تەشنا**

بۇ، تۇرمۇشتا ھېچنېمىگە باغرى قانمىغان، بىقۇۋۇل ئادەم جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەمگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈجە باققان توخۇنىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق**

بۇ، بالىجانلىق ئادەم قېرىلىق يەتمەي تۇرۇپ كۈچ - ماغدۇرىدىن كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈجە خوراز بىلگىنىنى قىچقىرار**

«توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: يائاللا، مېنىڭ گېپىم بىلەنلا قالدىڭلىغۇ، ئۆزۈڭ دە دەيدىكەنسىلە، دېسە شاڭخو قىلىدىكەنسىلە، «چۈجە خوراز بىلگىنىنى قىچقىرار» دېگەن گەپ بار، بىلىشىمچە دېمەمدىمەن، دېدى ئايشەمگۈل سىيتئاخۇنغا.

**چۈجىسى بار توخۇ ئۇچالماس**

بۇ، بالىلىق ئايال بالىسىدىن كېچەلمەيدۇ، ھېچ يەرگە بارالمايدۇ، ياتلىق بولۇشنىمۇ خالىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇ-

رىدۇ.

**چۈجىسى كۆپ توخۇغا دان تەگمەس**

بۇ، بالىسى كۆپ ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى تويۇندۇرۇش غېمى بىلەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئاچ - توق قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈجىنى سانايمەن دەپ،**
**توخۇنى كۆرمەكچى**

«چـۆچـۈرە يېـمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چۈجىنى كۈزدە ساناڭ**

«چۈجىنى كۈزدە سانا، چۆچۈرىنى پىشقاندا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۆز زامانىسىدا، قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەن تۆمۈر خەلپىدەك خوخەنزىلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەردە، ئەمدى بۇ تالىپ مىجەز پەن ياۋنەن ئەپەندى نېمە قىلالايتتى؟ چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى، مانا بۇنى ئاقىلانىلىق دېسە بولىدۇ.

**چۈجىنى كۈزدە سانا،**
**چۆچۈرىنى پىشقاندا (سانا)**

بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈش، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاخىرىدا يەكۈن چىقىرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن**
**توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق**

بۇ، يامانلىق ئىشلاردىن يانمايدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور ئادەملەر قارا نىيەتلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك مەنپەئەتلەرگە ئېرىشەلمەي ئارماندا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق» دەپ راست ئېيتىپتىكەن. ئەمدىزە، تۇرپانلىق، قۇمۇللۇق دېگەن گەپلەرنى چىقاردىڭلارمۇ؟ شىڭ زىخۇي دېگەن بىر نېمە قۇمۇللۇقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قىلىچنى تۇرپانلىقلارنىڭ بېشىدا ئوينىتىۋاتسا، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ، دېدى ھاجى كۆپچىلىككە.

**چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ،**
**دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ**

بۇ، ئۇخلىغان كىشى چۈشىدە جاھاندا بار - يوقنىڭ ھەممىنى چۈشەيدۇ، سۇيىقەست قىلىدىغان، يامان نىيەتلىك ئادەم ئاغزىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى دەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا،**
**كەچلىك ئوزۇق تاپ**

بۇ، ئادەم ھاياتلىقتا ئۆزىنىڭ بۈگۈننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتىن باشقا كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بەلگىلىك ماددىي ئاساس، مۇئەييەن شەرت - شارائىت تەييارلىشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈشمەك ئاسان، چىقماق تەس**

بۇ، يامان ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ قارغىش - نەپرىتىگە ئۇچرىماق، ئابرۇيى -

ئىناۋىتىدىن ئايرىلماق ئاسان؛ خاسىيەتلىك
ئىشلارنى قىلىپ، شان - شەرەپكە سازاۋەر
بولماق، ياخشى نام ئالماق، مەرتىۋىگە ئې-
رىشمەك قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چۈش ئۇيقۇسى پادىشاھلىقتىن ياخشى**

بۇ، شېرىن چۈش ئىلكىدىكى ئۇيقۇ
ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن
ھېچكىم ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**چۈشىدە كۆيگەن گۈل بولار،**
**ئاققان يېشى كۆل (بولار)**

بۇ، سۆيگۈ - مۇھەببەت مېھرىنىڭ
چوڭقۇرلۇقىنى، ئىككى قەلبنى چاتقان رىش-
تىنىڭ چىڭلىقىنى، يار ئىشقىدا كۆيگەن
كىشى ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە پىسەنت
قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار**

بۇ، ھەركىم سەھىيە بىلىملىرىگە كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ، باللارنى كىچىكىدە ئەملىتىش-
نىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا زۆرۈر-
لۈكىنى تونۇشى لازىملىقىنى، بۇنىڭغا سەل
قارالسا ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ - يېتىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چېچەكنىڭ ئېتى يامان،**
**قىزىلنىڭ ئېلى (يامان)**

بۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ خەتەر-
لىكلىكىنى، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆ-
رۈرلۈكىنى، بۇنىڭغا سەل قارالسا يامان ئا-
قىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا**

«چاققان جۇۋاننى بۆشۈك ئاستىدا كۆ-
رۈڭ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چېچەننىڭ تىلى،**
**چەبدەسنىڭ قولى**

بۇ، چېچەن كىشىنىڭ زېرەك، ئۆت-
كۈرلۈكى قىلغان گەپ - سۆزى بىلەن؛
چەبدەس كىشىنىڭ چاققانلىقى ئەمەلىي ئىش-
تىكى چېۋەرلىكى بىلەن ئايرىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**چېچەن يېڭىلسە مىڭ يىللىق**

بۇ، بىر ئىشنى تېز پەملىيەلەيدىغان،
زېھنى ئۆتكۈر، ھوشيار ئادەم ئازمايدۇ، يې-
ڭىلمەيدۇ، ئەگەر ئازسا ھەرگىز ئۇنتۇماي-
دۇ، ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**چېچەن يېڭىلسە ھوشىدىن كېتەر**

«چېچەن يېڭىلسە مىڭ يىللىق» نىڭ
ئىزاھىغا قاراڭ.

**چېچەن يىگىت يىلان كۆشىگەننى تويار**

بۇ، بىرەر ئىشنى تېز، ئالدىن پەملى-
يەلەيدىغان زېرەك، ھوشيار ئادەم باشقىلار-
نىڭ بەتنىيەتلىك، ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭ-
لىرىنى شەكسىز سېزىۋالالايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**چېچەن يىگىت يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدۇ**

«چېچەن يىگىت يىلان كۆشىگەننى تو-
يار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**چېچىدا ئۆلىقى يوق،**
**يۈزىدە يامىقى (يوق)**

بۇ، ئەدەپ - ئەخلاق، پاك - دىيانەت بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەنلەر ئەيىب - نۇقسانسىز ھەقىقىي گۈزەل ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىدىماسنىڭ نالىسى تولا،**
**خۇش ياقماسنىڭ باھانىسى (تولا)**

بۇ، مۇنقا خۇشتار، ھورۇن ئادەم ھەمىشە ئىش دېسە بېشى ئاغرىپ، دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىدىنمۇ ئاغرىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا**

بۇ، بىرەر ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ئىرادە - غەيرەتسىز ئادەم ھورۇننىڭ ھەمراھى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراغپايدا چاي ئىچكەن**
**«چېچەن»نى كۆرۈڭ**

بۇ، ھەر نەرسىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتەلمەيدىغان، پەم - پاراسەتسىز، ھاماقەت ئادەملەرنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس،**
**ئۇچۇرمىگۇچە ھېساب ئەمەس**

بۇ، بىرەر ئىشنى ئېپىدە، قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان، ھە دېگەندىلا بۇزۇپ قويىدىغان كىشىلەرنىڭ كالاپايلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ**

بۇ، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭكىنى كۆرمەيدىغان، يىراقتىكى ئىشلارغا نەزەر سېلىپ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراي تاللىماي مىجەز تاللا**

بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ ھۆسن - جامالى، تەقى - تۇرقىنى كۆزلىمەي، گۈزەل خۇلقى، ئەخلاقىنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايغا چاي قويۇپ ئىچكىلى بولماس**

بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت - سۆيگۈ ھۆسن - جامالغا باغلىق ئەمەسلىكىنى، ساختا گۈزەللىك ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايغا قاراپ ھال سوراپتۇ**

بۇ، بەزىلەر بىراۋنىڭ ئەمەل - ئابرۇيىغا، ھوقۇق - مەرتىۋىسىگە، پۇل - بايلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئوغلۇم، ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما، ھازىر «چىرايغا قاراپ ھال سوراپتۇ» دەيدىغان زامان ئەمەس، ئادەم ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ھالال ئەمگەك بىلەن يارىتىشى لازىم، دېدى ئىبراھىم ئاكا.

**چىراي كۆرۈپ ھال سورا**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئادەمنىڭ مىجەز - كەيپىياتىغا، ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇ-

ئامىلە قىلىش، سىردىشىش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**چىراي كۆيدۈرەر،**
**خۇلق سۆيدۈرەر**

بۇ، گۈزەل ھۆسن - جامال كىشىنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىپ ئۆزىگە تارتىدۇ، ياخشى مىجەز - قىلىق ھەركىمگە ھەقىقىي ياقىدۇ، چىن دىلىدىن سۆيدۈرىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىقتا ۋاپا يوق**

بۇ، ھۆسن - جامالى كېلىشكەن ساھىبجاماللار گۈزەللىكىگە تەمەننا قويۇپ ئۇجمە كۆڭۈل كېلىدىغانلىقى، شۇڭا مۇھەببەت قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس،**
**سۆيگەن چىرايلىق**

بۇ، ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەت چىرايغا ئەمەس، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ۋاپادارلىق كۆرسىتىشكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ،**
**پەدىناسىنى تاشلىما**

بۇ، تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان گۈزەل - ساھىبجامالدىن كېچىشكە بولىدۇكى، ئۇزاق يىللىق ھەقىقىي ۋاپادار ھەمراھىدىن ھەرگىز ئايرىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىقنىڭ چىقىمى تولا**

بۇ، ھەركىمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان گۈزەل، كۆركەم نەرسىنىڭ خېرىدارى كۆپ، باھاسى يۇقىرى بولىدۇ؛ ھۆسن - جامالى كېلىشكەن ئاياللارنىڭ شەرتى جىق، تويلۇقى ئېغىر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىقنىڭ دەردى يامان،**
**سەتنىڭ ھالى (يامان)**

بۇ، كۆڭۈلگە ياقىدىغان گۈزەل مەھبۇبنىڭ سۆيگۈ ئوتى كۈچلۈك، مېھرى چوڭقۇر بولىدۇ؛ چىرايى كۆرۈمسىز، قىلىقى يېقىمسىزنىڭ مىجەزى يامان، خۇيى ئەسكى كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايلىق يۈزدە ئەمەس، سۆزدە**

بۇ، كۆڭۈلگە ياقىدىغان ھەقىقىي گۈزەللىك چىرايغا ئەمەس، بەلكى قەلبىگە، ئەقىدىسىگە، يۈرىكىدىن چىققان لەۋزىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراينىڭ ئاقلىقىدىن**
**كۆڭۈلنىڭ ئاقلىقى ئەلا**

بۇ، ئادەمگە نىسبەتەن ھۆسن گۈزەللىكىدىن كۆرە، نىيەتنىڭ توغرىلىقى، قەلبنىڭ پاكلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراينىڭ سەتلىكىگە**
**ئەينەك گۇناھكار ئەمەس**

بۇنىڭ «چىرايىڭنىڭ سەتلىكىگە ئەينەك ئەيىبلىك ئەمەس» دېگەن ۋارىيانتىمۇ

بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئەيىب - نۇقسانلىرىنى باشقىلاردىن كۆرمەسلىكى، باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرىغىڭ قانچە بولسا،**
**سايەڭ شۇنچە (بولار)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بىراۋنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىكلىكى خەلق ئاممىسىغا قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىشلەيدىغان ئىت چىشىنى كۆرسەتمەيدۇ**

بۇ، دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئادەم ئالدىنئالا بېشارەت بەرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى يامان نىيىتىنى تۇيدۇرماستىن ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر ۋاقىت ھوشيار، سەگەك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ،**
**كۆز باشقىچە (ئاغرىيدۇ)**

بۇ، ھەرقانداق بىر دەرد - رەنجىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئازابى، خاپىلىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىش تۆكۈلۈپ تىل قالىدۇ**

بۇ، يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت ئۆز نۆۋىتىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بولۇنغان گەپ سۆز تۈگىمەيدۇ ۋە ئۇنتۇلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىشىنىڭ دورىسى ئامبۇر،**
**ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر**

بۇ، ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ ئۆزىگە يارىشا شىپاسى بارلىقىنى، كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ داۋالاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىشى چىققان بالىغا**
**چايناپ بەرگەن ئاش بولماس**

بۇ، ياش قۇرامىغا يەتكەن كىشىگە ھەممە جەھەتتىن ئەقىل ئۆگىتىش، يوقىنى تەل قىلىپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، ئۆز ئەقلى ۋە كۈچىگە تايىنىپ ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە**

بۇ، ھەركىم ئۆمرىنى قەدىرلەش، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋېلىش لازىملىقىنى، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ پۇشايمان قىلىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىشىمغا قارىما، ئىشىمغا قارا**

بۇ، ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى ئۆلچەشتە ياش قۇرامى، بوي - تۇرقىدىن كۆرە، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى، يارىتقان نەتىجە - تۆھپىسىگە ئاساسلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىغىرىقچى چىكىت دەيدۇ،**
**چوكانلار پىكىت**

بۇ، ھەركىم - ھەر كەسىپتىكىلەر ئۆز ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ غېمىنى يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ.**

بۇ، يۈز بەرگەن ئورۇنسىز چىقىم - زىيان، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ بۇرۇنقى ھالىتىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇزاكىرە ئۈستىدە ھەممەيلەن بىردەك ئۇنىڭ يىرىم كۈچنى باشلاپ ئۆز بىشىمچىلىق بىلەن چىكىنگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. ئارقىدىن كونىلارنىڭ «چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ» دىگەن تەمسىلنى ئەسلەشتى.

**چىلانغا چۆل ياخشى،**
**ياڭاققا كۆل (ياخشى)**

بۇنىڭ «چىلاننى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە» دىگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، باغۋەنچىلىكتە مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش، ئايىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن مۇۋاپىق يەر تاللاپ تىكىش، ئۆستۈرۈش كىرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىۋىن قورۇغان يەرگە قونىدۇ**

بۇ، خەۋپ - خەتەر، بالا - قازا ئىھتىيات قىلغانسىرى قوغلىشىپ كىلىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «چىۋىن قورۇغان يەرگە قونىدۇ» دىگەندەك، ئۆلۈممۇ قورققانغا يىپىشىدۇ، دىدى ئۇ.

**چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن،**
**كالتەك تەگسە جىم تۇرىسەن**

بۇ، ئەرزىمەس كىچىك ئىشلارغا چۇقان كۆتۈرۈپ، جەبىر - زۇلۇم، زورلۇق، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولىدىغان كىشىلەرنىڭ جۈرئەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىۋىن كىچىك بولسىمۇ،**
**كۆڭۈل ئايىنىتىدۇ**

بۇ، ئاجىز - كىچىك دەپ كۆزگە ئىلىنمىغان زىيانداش، دۈشمەن ئۈيلىمىغان يەردىن ھاياتقا زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىۋىننىڭ كۆڭلى گەندىدە**

بۇ، يامان ئادەملەرنىڭ غەرىزى نەسلىك، پەسلىك، ئەسكىلىكنى تىلەش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# خ

**خالىسىڭىز شاپتۇل يەڭ،**
**خالىسىڭىز شاپىلاق (يەڭ)**

بۇ، ھۆرمىتىنى ساقلىغان، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم ئىززىتى بىلەن نېمەتكە نائىل بولىدۇ، ئۆزىنى بىلەلمەي يولسىزلىق قىلغان ئادەم دەككە - دەشنام ئىشىتىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خامان ئالماق — شەھەر ئالماق**

بۇ، تېرىلغان زىرائەتنى خامانغا يىغىپ، تېپىپ، تازىلاش دېھقانچىلىقتا ئەڭ مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل ھالقىنىڭ بىرى بولۇپ، خۇددى بىر مەيدان جەڭ قىلىپ شەھەر ئالغانغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «خامان ئالماق — شەھەر ئالماق» دەيدىكەن، ئۇ بۈگۈن «شەھەر ئالدى» ، چۈنكى ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئۆتكەندىمۇ ئادەتتىكى نەتىجە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قاتارىدىكىلەرنى تاڭ قالدۇرغان ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى.

**خامانغا سېلىنغان ئۆي بەرىكەت تاپالماس**

بۇ، جامائەت مال - مۈلكىنى، مەنپەئەتىنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلارنىڭ ھەر قانداقى راۋاج تاپالمايدۇ، بەربىر خانىۋەيران بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خام بىلەن پىششىق تەڭ بولماس**

بۇ، كىچىك بالا بىلەن چوڭ ئادەم، گۆدەك بىلەن ياشانغان كىشى، نادان بىلەن ئالىم ھەر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خامنى بۇزغان شانىسى،**
**قىزنى بۇزغان ئانىسى**

بۇنىڭ «چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ، دەستىگاھ ناچار، يارامسىز بولسا، رەخت ياخشى توقۇلماي ماتېرىيال زايە بولىدۇ؛ ئانا تەربىيىسى كۈچلۈك، ساغلام بولمىسا، قىز بالا بۇزۇلۇپ، يولدىن چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خان ئاغزى مايماق**

بۇ، ئەمەلدارلار ھوقۇقىغا تايىنىپ بەزى گەپلەرنى ئويلاپ - ئويلىماي دەپ تاشلايدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى قانۇنلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بۇ مەۋجۇت رېئاللىققا كۆز يۇمۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن پالاقلايدىغان بولسا، كىم بىلىدۇ تېخى، «خان ئاغزى مايماق» ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يوغان ئەيىب - قۇسۇرلارنى تېپىشار! دېدى ئۇلار.

**خان بىلەن ئېلىشساڭ بېشىڭ كېتەر،**
**باي بىلەن ئېلىشساڭ مېلىڭ (كېتەر)**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئەمەلدارلار بىلەن قارشىلاشقان، پۇت تېپىشكەن ئادەم كۈن ئېلىشى تەسلىشىپ تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىك، زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى؛ پۇلدارلار بىلەن ئۆچلەشكەن ئادەم تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خانغا يارىغان ئېشىم، تازغا يارىماپتۇ**

«خانغا يارىغان ئىشىم تازغا يارىماپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خانغا يارىغان ئىشىم تازغا يارىماپتۇ**

بۇ، كۆپچىلىككە، ئەل - يۇرتقا يارىغان ئىش كەسپ ئەھلى بولمىغان، ھەسەتخور ئادەملەرگە يارىماي، قەستەن قۇسۇر تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خان فوزۇق، پۇقرا ئۇزۇق**

بۇ، ئەمەلدارنىڭ غېمى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە ئىكەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ غېمى تىنچ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ، توق تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خاننىڭ ئاغزى مايمۇن**

«خان ئاغزى مايماق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خاننىڭ قىزى چۆمۈچ تۇتسا،**
**تولى فابىرىپتۇ**

بۇ، ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئەركىنايناق، ئاقىنانچى كىشىلەرنىڭ ئىشقا بوشلۇقىنى، چىدىماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خاننىڭ ھاجىتى پۇقراغا چۈشەر**

بۇ، ئەمەلدار - باشلىقلارنىڭمۇ ئويلىمىغاندا ئاددىي كىشىلەرگە موھتاج بولۇپ يېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن**

بۇ، ئەمەلدارلار قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈپ ھىمايىسىگە ئېرىشسە، ئامما ھەر قاچان ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئابرۇي - ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: پۇقرا بولمىسا، خان كىمگە خان بولىدۇ؟ كونىلاردا «خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن» دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرى بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ بوسۇغىمىزغا كېلىپلا، ئۆزلىرىنى ھۆرمەت قىلىپ تۆرگە باشلىماسلىق سەت تۇرار!... دېدى لەيلىخان.

**خانىۋەيران قىلسا قىلسۇن،**
**داغى پەرزەنت قىلمىسۇن**

بۇ، ھەركىم ئۆي - ماكانى، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق قول قېلىشقا رازى بولسىمۇ، پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ، جۇدالىقنىڭ دەرد - ئەلىمىنى چېكىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خەلپەم كۈلمەيدۇ،**
**كۈلسە تېلىقىپ كېتىدۇ**

بۇ، بىر ئىشقا نىسبەتەن كۆپ ھاللاردا قېتىپ تۇرۇۋالىدىغان، ئەمما خۇشى كېلىپ ئارىلىشىپ قالسا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان تۇراقسىز ئادەملەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خەقنىڭ يۇرتىدا پادىشاھ بولغۇچە،**
**ئۆز يۇرتۇڭدا دىۋانە بول**

«كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بىز ئۇيغۇرلاردا «خەقنىڭ يۇرتىدا پادىشاھ بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا دىۋانە بول» دېگەن سۆز بار. تاغىڭىز بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەچكە، شۇ خەتنى يازغان ـ دە، دېدى ئۇ بالىغا.

**خەقنىڭ ئىشىغا تومۇزدىمۇ قول توڭلايدۇ**

«كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭۇپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خەلق «پۇۋ» دېسە بوران چىقار**

بۇ، خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك بولۇپ، ھەممىگە غالىب كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «خەلق ‹پۇۋ› دېسە بوران چىقار» دېگەن گەپ راست ئىكەن. سەپ ـ سەپ بويىچە تەۋرەپ، دولقۇنلىنىپ كېتىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ تىنىقى بىلەنلا شەھەر ئوتتەك قىزىپ كەتكەندى.

**خەلقنى ئالدايمەن دېگىنىڭ**
**ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ**

بۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ساختىپەزلىك قىلماي، ئاممىغا سەممىي، سادىق بولۇش، ئالغۇ ـ بەرگۈدە ئادىل، گەپ ـ سۆزدە راستچىل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس**

بۇ، توغرا ئىش ياكى سۆز ـ ھەرىكەتكە ئامما قارشى چىقمايدۇ، ناتوغرا ئىشلارغا قارشى تۇرۇپ، نارازىلىقىنى ئىپادىلىسە خاتا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خەلق ياندۇرغان چىراغنى**
**پۈۋلىگەننىڭ ساقىلى كۆيەر**

بۇ، خەلق رايىغا قارشى ئىش تۇتقانلار ئاخىر ھالاكەتكە يۈز تۇتۇپ ئۆز بېشىنى يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**«خوپ» دېسەڭ ئۆتىسەن،**
**«ھوپ» دېسەڭ يۇتىسەن**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە رايىش بولۇپ، چوڭلار بىلەن قارشىلاشمىسا، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشى خاتىرجەم، مەئىشىتى مول بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن ئالدىڭ — ئۇچاڭغا ئوتۇن ئالدىڭ**

بۇ، ئۆيلىنىپ يېڭىدىن ئائىلە تۇرمۇشىنى باشلىغان يىگىتنىڭ زىممىسىگە ئائىلە يۈكى، ئەرلىك مەجبۇرىيىتى ئارتىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن ئالساڭ بازاردىن ئال،**
**بىغۇبىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن**

بۇ، چىن مۇھەببەت جاي تاللىمايدۇ،
ئۆز ئارا سىردىشىپ، چۈشىنىش ھاسىل قىد-
لىپ ئالغان ئايال ئەرگە سادىق بولۇپ، ئې-
رىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ، باشقۇرۇشقا
بويسۇنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: تە-
لەي دېگەن شۇنداق نەرسە، «خوتۇن ئالساڭ
بازاردىن ئال، يىغىۋېلىشىڭ ئۆزۈڭدىن»
دېگەن گەپ بار. ئۇ بىچارىمۇ ياشلىقىنىڭ
كەينىگە كىرىپ، كۆرىدىغىنىنى كۆردى،
ئەمدى ئادەم بولۇپ قالار، دېدى ئۇ.

**خوتۇن ئالساڭ بايدىن ئال،**
**مېلىڭغا مال قوشۇلار**

بۇ، ئەر كىشى ئىقتىسادىي ئەھۋالى
باخشى، دىيانەتلىك ئائىلىدىن ئۆيلەنگەندە
ھەر جەھەتتىن پايدىسى يۇقۇپ، ئۆيى ئاسان
قويۇلىدۇ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «خوتۇن
ئالساڭ بايدىن ئال، مېلىڭغا مال قوشۇلار»
دېيىشكەن، مەن قاسىمنىڭ كېيىنكى كۈنلى-
رىنى ئويلىدىم. چۈنكى كەمبەغەلنى يۆلە-
گۈچە، بايدىن تىلىگەن ئەۋزەل، دېدى رە-
جەپ ئاقساقال خوتۇنىغا ئەسكەرتىپ.

**خوتۇن ئالساڭ بىراقتىن ئال،**
**لىشىڭ ئالساڭ يېقىندىن**

«ئات ئالساڭ يېقىندىن ئال، خوتۇن
ئالساڭ بىراقتىن (ئال)» نىڭ ئىزاھىغا قا-
راڭ.

**خوتۇن ئەرگە قارايدۇ،**
**ئەر بەرگە (قارايدۇ)**

بۇ، ئېرىنىڭ مىجەزىگە قاراپ ئىش قىد-
لىدىغان ۋاپاسىز ئايال يۈز كېلەلمەيدىغان
قىلىقلارنى چىقىرىپ ئەرنىڭ يۈزىنى تۆكى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن تاللىغان خوتۇنسىز قالار،**
**ئوتۇن تاللىغان ئوتۇنسىز (قالار)**

بۇ، ھەركىم تۇرمۇش ئىشىغا ئەستايى-
دىل، سەمىمىي پوزىتسىيە تۇتۇشنى، ئۇچمە
كۆڭۈل بولماي ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا**

بۇ، بەزى كەم ئەقىل، كالتە پەم ئايال-
لارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىگە
قارىتىلغان: ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى -
دە، تال - تال چېچىلىپ كېتىۋاتقان سېرىق
ساقىلىنى سىقىملاپ «خوتۇن خەقنىڭ چېچى
ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن راست گەپ
ئىكەن، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ھېلىقى جىسا دېگەن دۆيۈزنىڭ
پەيلىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئەمدى بولار ئىش
بولدى، دېدى.

**خوتۇنسىز ئەر — قىرسىز يەر**

بۇ، ئۆيلەنمىگەن، ئۆي - ئوچاقلىق
بولمىغان ئەر كىشى خۇددى قىرى يوق تاش-
لاندۇق يەرگە ئوخشاش ئېتىبارسىز بولى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنغا ئامراق — بالىغا ئۆچ،**
**قايماققا ئامراق — كالىغا ئۆچ**

بۇ، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - لەززەت،
راھىتىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېيىنكى

ئاۋارىچىلىكى ۋە دەردى ـ بالاسى بىلەن خۇ-
شى يوق، جاپادىن قاچىدىغان ئادەملەرنىڭ
چىدىماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنغا ئىشەنمە، قومۇشقا يۆلەنمە**

بۇ، بىر ئەرگە نىسبەتەن ئۆز غورۇرىغا
مۇناسىپ سىر بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى، ئايا-
لىم دەپ نورماللىقتىن ھالقىپ، مۇناسىۋەت-
سىز ئىشلارنى دەپ يۈرۈشنىڭ ياخشى ئە-
مەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن قالسا ئەر تاپار،**
**ئەر قالسا مال (تاپار)**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ئايال كىشى تۇل
بولسا ياتلىق بولۇشقا تىرىشىدۇ، ئەر كىشى
بويتاق بولسا مال ـ دۇنيا توپلاشقا كىرىشى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن قانتى ئەر،**
**ئەر قانتى ئات**

بۇ، ئەر ـ خوتۇنچىلىقتا بىر ئائىلىگە
نىسبەتەن ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئۆمۈرلۈك
ھەمراھى، ۋاپادار يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى؛
ئات بولسا ئىنساننىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلى-
دىغان ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىكەنلىك-
نى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار،**
**ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلەر**

«ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلەر، خوتۇن
كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار» نىڭ ئىزاھىغا قا-
راڭ: «خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار، ئەر
كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلەر» دېگەننى ئاڭلىمىغان-
مىدىڭ؟ ئۆيدىن يوقالمىسام بۇ پۇل نەدىن
كېلىدۇ؟ بىلىپ تۇرۇپ بەتنام گەپلەرنى يەنە
ئېغىزىغا ئالىسەن ـ غۇ؟ دېدى ئۇ ئايالىغا
رەنجىپ.

**خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل بولار**

بۇ، مىجەزى ئىتتىك، ئاغزىنىڭ دەر-
ۋازىسى يوق، بىشەم، مەنمەنچى ئايال خۇي
ـ پەيلىنىڭ ناچارلىقىدىن ئەر بىلەن ئىناق
ئۆتەلمەي نىكاھتىن ئاجرىشىپ، تۇللۇق ئا-
زابىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كىشى لاپ بىلەن يۈرەر،**
**ئۇستىرا كاپ بىلەن (يۈرەر)**

بۇ، تىغ ـ ئەسۋابنى بىلەپ ئىشلەتسە
ياخشى ئۆتكىنىدەك، ئايال كىشىنىمۇ كۆپ-
رەك گەپ بىلەن ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ قويسا
كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆيىنى ئوبدان تۇتىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى**
**قىرىق يىل كۆڭلىدە ساقلار**

بۇ، ئايال كىشى قىز ۋاقتىدا كۆزى
چۈشكەن، ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ كۆ-
يۈك دېغىنى قېرىغۇچە قەلبىدە ساقلايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن**
**ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان**

بۇ، ئەر كىشىنىڭ ئاچ ـ توق قېلىپ،
كىر ـ توغرا بىسىپ، يالغۇزلۇق دەردىنى
تارتىشى ئايالىنىڭ يالغۇزلۇق ئازابىدىن ئې-
غىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كىشىنىڭ جېنى قىرىق بىر**

بۇ، ئاياللاردا چىدام – غەيرەت، سەۋر – قانائەتتىن باشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدىغان نومۇسچانلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا**

«خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

«چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا»
دەيدىكەن،
مىڭ ئەقىلسىز ئەردىن ئەلا بىر ئايال.
پەم – پاراسەت بابىدا كەلسە گېپى،
ياخشىدۇر ئەسلا ناپاك ئەر يۈزىدىن.
پاك ئايالنىڭ كوچىدا باسقان ئىزى!

**خوتۇن كىشىنىڭ ئوچىقى بىلەن چاقىغا تەگمە**

بۇ، ئەر – خوتۇنچىلىقتا ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەر كىشى ھەرگىز ئايالىنىڭ ئۇششاق – چۈششەك ئىشىغا چات كىرمەسلىكى، قازان بېشىغا ئارىلىشىۋالماسلىقى لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇننى بەزىدە قۇشلا، بەزىدە مۇشتلا**

بۇ، ئەر – خوتۇنچىلىقتا بەزىدە ئايال كىشىنى چىرايلىق گەپ – سۆز، ياخشى مۇئامىلە بىلەن ئۇچۇرۇپ – ماختاپ كۆڭلىنى ئېلىشمۇ ۋە بەزىدە تىل – دەشنام، قوپال مۇئامىلە بىلەن رەنجىتىپ دىلىنى چېگىشمۇ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇننى زېرىكتۈرەي دېسەڭ،**
**ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر**

بۇ، ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئۇششاق – چۈششەك ئىشىغا چات كىرىۋالسا، قازان بېشىغا ئارىلىشىۋېلىپ تۇرمۇشنى قىسسا، خوتۇن كىشى تەبىئىي ھالدا تۇتقان ئۆيىدىن زېرىكىپ، ئېرىدىن بىزار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېرىنى باقار،**
**دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى (باقار)**

بۇ، ۋاپادار ئايال ساداقەتمەنلىك بىلەن ئېرىنى كۈتىدۇ، ئىشچان دېھقان ھالال ئەمگىكى بىلەن يېرىنى ئوغۇتلاپ – ئاسراپ مۇنبەتلەشتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنۇڭ ئەقىللىق بولسا،**
**كۆڭلۈڭ يورۇق بولار**

بۇ، ئەقىللىق ئايال ئۆينى پەم – پاراسەت، تىرىشچانلىق بىلەن رەتلىك تۇتۇپ، قوشنىلار ئارا ئىناق – ئىتتىپاق ئۆتۈپ، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى ئۆز لايىقىدا ئوبدان كۈتۈپ، ئەرنىڭ يۈز – ئابرۇيىنى كۆتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنۇڭ بولسا قوچاقتەك،**
**ئېرىڭ بولسا ئوچاقتەك**

بۇ، نىكاھلانغان ئەر – خوتۇنلار ئۆزئارا بىر – بىرىگە كۆيۈنۈپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرغاندىلا بەختىيار، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنۇڭ بىشەم بولسا،**
**سەن بىغەم بول**

بۇ، ئەر - خوتۇنچىلىقتا ئەر كىشى ئايالىنىڭ ناچار خۇي - پەيلىگە قارىتا تەڭ تۇرۇۋالماي، كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇپ، پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ،**
**قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا قاراپ تۇر**

بۇ، ئاياللار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى كەچۈرۈش، يول قويۇش، ھۆرمەتلەش، سۆز - ھەرىكەتتە ئېغىر - بېسىق بولۇش، ئار - نومۇسنى ساقلاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەريەمخان بۈركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ھەسەلخاننىڭ گېلىنى بوغۇۋالدى. ئىككى خوتۇن ھويلىدا پومداقلىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالدى. قەدىمكىلەر «خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا قاراپ تۇر» دېگەندەك، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىپ، ھارغىنىنى بىلەلمەي ئېلىشاتتى ۋە تىللىشاتتى.

**خوتۇنى غار بولسا، ئېرى خار بولار**

بۇ، ئايال كىشى تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىپ، كۆرگەنلا نەرسىگە پۇل خەجلەپ، بەتخەجلىك، ئىسراپخورلۇق قىلسا، ئەرنى كاردىن چىقىرىپ، ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنى ياخشى شومشەيمەس**

بۇ، تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىك قىلماي، تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرىدىغان، مۇناسىۋەتتە ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدىغان ئەقىللىق، پەزىلەتلىك ئايالنىڭ ئېرى ھەرقاچان تەڭلىك، خىجىللىق تارتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى جىق**

بۇ، ئۆيلەنمەي بويتاق ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئەر يولدىن چىققان پاھىشە خوتۇنلارغا تاپقىنىنى سورۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق**

بۇ، ئۆيلەنمىگەن - بويتاق ئەرنىڭ كۆڭلى چېچىلاڭغۇ، تۇرمۇشى رەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوتۇن يولدا، بالا بەلدە**

بۇ، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، نىكاھ، تۇرمۇش، پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە سەل قاراپ، كۆپ نىكاھلىق بولۇشقا ئادەتلەنگەن، خۇراپاتلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بەزى خاراباتلارنىڭ «خوتۇن يولدا، بالا بەلدە» دەيدىغان ئەخمىقانە قاراشلىرىنى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى ئەر - خوتۇن كۆپ ئاجرىشىدىغان قالاق ئادەتلىرىمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىللىتى دەپ نەپرەتلىنەتتىم، دېدى سادىق ئەپەندى.

**خوجامنىڭ خوجىسى بار،**
**جامغۇرنىڭ ئورىسى (بار)**

بۇ، چوڭنىڭمۇ چوڭى، باشلىقنىڭمۇ باشلىقى، نوچىنىڭمۇ نوچىسى بولغىنىدەك، باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ كونترول قىلىنىدىغان، تىزگىنلىنىدىغان ئامىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خوجامنىڭ قورسىقى توق،**
**قۇلى بىلەن ئىشى يوق**

بۇ، پۇقرانىڭ غېمىنى يېمەيدىغان، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ توققۇزى تەل، تۇرمۇشى باياشات ئەمەلدارلارنىڭ تۆرىچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «خوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك، بۇ نائەھلىنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىنى كۆرمەمدىغان! خەپ، ئۆزۈڭمۇ ئاللىقاچان پەيمانىڭ تولغان نەرسە ئىدىڭ! دادۇيجاڭ شۇنداق دەپ ئاۋازلىق غودۇڭشىغىنىچە دادۇي تەرەپكە كەتتى.

**خوجامنىڭ قورسىقى توق،**
**قۇلىدىن خەۋىرى يوق**

«خوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خوجامنىڭ قورسىقى توق،**
**قىلغىلى ئىشى يوق**

بۇ، ئاممىغا پايدىلىق ئىش قىلىشقا رايى بارمايدىغان، ھوقۇقىغا تايىنىپ راھەتپەرەسلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن، تۇرمۇشى باياشات ئەمەلدار – باشلىقلارنىڭ تۆرىچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خورازنىڭ تاجىسى بولغۇچە،**
**تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بول**

بۇ، نامەرد – زوراۋانلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلىپ يۈز – ئابرۇي، ئىناۋەت تاپقۇچە، مەرد، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ چاكىرى بولۇپ ياشىغان ياخشى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك**

بۇ، ھەددىن تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلىدىغان ئادەم ھاكاۋۇرلۇقىدىن كىشىلەرنى كەمسىتىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇشمۇخۇش، داڭقاندا گۆش**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆز ئارا باردى – كەلدى ئىشلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەيپى ياخشى، سورۇنى قىزغىن، داستىخىنى مول بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇيمۇ سەنەم سالغۇم بار،**
**پۇتۇم قوپال، قولۇم گال**

بۇ، كۆڭلىدە چوڭ – چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمەلدە شەرت – شارائىت ۋە ئىقتىسادى يار بەرمەسلىك تۈپەيلىدىن مەقسەتكە يېتەلمەي ئارماندا قېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇپتەندىن قېچىپ،**
**تاراۋىغا تۇتۇلۇپتۇ**

بۇ، بىر ئىشنى تەس كۆرۈپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى ئۇنىڭدىن

ئېشىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ئىشقا يولۇققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا بەرسە پەيغەمبەر «غىڭ» قىلماپتۇ**

بۇ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئابرۇيىنى ئايرىم شەخسلەر ئىچى تارلىق قىلىپ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا بەرسە، خۇدا بەردىنىڭ قورسىقى كۆپتى**

«خۇدا بەرسە، شەيتاننىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خۇدا بەرسە شەيتاننىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ**

بۇ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ھۆرمەت - ئابرۇي، شان - شەرەپكە قىسمەن ھەسەتخور شەخسلەرنىڭ ئىچى تارلىق قىلىپ، قارشى تۇرغۇسى، تارتىۋالغۇسى كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

— توي قىلماقچى ئىدىم، ئۇستام، سىلىدىن ئازراق پۇل قەرز ئالايمىكىن دېگەنىدىم.

— نېمە دەيدىغانسەن، قاسىم، «خۇدا بەرسە شەيتاننىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ» دېگەندەك، مانا بۈگۈن قولۇمغا ئازراق پۇل كىرىۋىدى، شەيتىنىڭ مۇشۇ ئويغا ساپتۇ - دە، سېنى؟! — دېدى روزىئاخۇن ئۇستام قوپال ھەم نارازى بولغان تەلەپپۇزدا.

**خۇدا بەرسە ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىدۇ**

بۇ، بىراۋغا بەخت - ئامەت كەلگەندە قىلغان - ئەتكىنى ئەپلىشىپ، ئوقىتى راۋانلىشىدۇ، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ ھەر تەرەپتىن ئۇستى - ئۇستىلەپ پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

خۇدا بەرسە ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىدىكەن، ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ قويى ئىككى - ئۈچ مىڭغا، ئات - كالىلىرى يەتمىش - سەكسەنگە يېتىپ، ئىككى يەردە جاڭزا، يەر - سۇغا ئىگە بولدى...

**خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق، ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن**

بۇ، باشقىلارغا زىيان ئۇرۇشنىڭلا كويىدا بولغان قارا نىيەت ئادەملەر ھەرگىز ھوقۇق - مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۇلار ئۆز مەخپىيەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى - دە:

— «خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق، ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن» دېگەندەك، كەنتتىكى خەۋەرچىلەرنى دۇنياغا يۈزلەندۈرمىگەن، بولمىسا، خەلقئارا مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى يەنە قايسى دەرىجىگە بارار تىكىن - تاڭ؟ — دېيىشتى.

**خۇدا بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز، مۈشۈككە قانات بەرمىگەن**

«خۇدا بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق، ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: خۇدا بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز، مۈشۈككە قانات بەرمىگەنىكەن، مۇبادا ساڭا

سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپ قالىدىغان بول-
سا، قانچىلىك نوچىلىق قىلار ئىدىڭ، ئەخ-
مەت؟ دېدى ئۇ.

**خۇدا دېگەن قۇلغا،**
**ئەكېلىپ بېرەر يولغا**

بۇ، ئەل - يۇرتنى ئويلىغان، ئەل - يۇرت ئۇچۇن كۆيۈنۈپ بارلىقىنى بېغىشلىغانلار خەلقنىڭ ھۆرمەت ھىممىتىگە ئېرىشىدۇ، مۇشكۇلى ئاسان بولۇپ، ھەممە ئىشلىرى يۇرۇشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدادىن قورققۇچە،**
**قۇدائىدىن قورق**

بۇ، قۇدىلار ھەرقانداق ئىشتا ئۆز ئارا قىزغىن بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، يول قويۇش، ئورۇنسىز ئاغرىنماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ:

— كونىلار «خۇدادىن قورققۇچە، قۇدائىدىن قورق» دەپتىكەن، قۇدىلىرىم ئالدىدا ناھايىتى خىجىلمەن، بۇ قېتىممۇ خاپا بولۇشمىسىلا، شاراپەتنى ئۆزلىرىگە قوشۇپ قويالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ.

**خۇدادىن كەلسە كەلسۇن،**
**خوجىلاردىن كەلمىسۇن**

بۇ، ياخشىلار ھەرقانچە قاتتىق قوللۇق قىلسىمۇ ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئاللا خەۋپلىك، قورقۇنچلۇق بولغىنى قارا نىيەت، يامانلاردىن كەلگەن دەرد - ئەلەم، بالايىئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،**
**شال تېرىغان يەردە پولۇ (يوق)**

بۇ، خەلق نەزەر سالغان، كۆڭۈل بۆلگەن جايدا تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىك بولىدىغانلىقىنى، يۇرتتا ھەر خىل زىرائەت تېرىلغان بىلەن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئېھتىياجلىق نەرسە تېپىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسا،**
**ھاسىسىدىن ئايرىماس**

بۇ، ئادەم مەلۇم جىسمانىي ئاجىزلىققا گىرىپتار بولسىمۇ، يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ياشاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «خۇدايىم قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسا، ھاسىسىدىن ئايرىماس» دېگەندەك، يەنە ئۇلارنىڭ كۆنى بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، قوشنا - قولۇملارمۇ قاراپ تۇرمايتتى.

**خۇدا قېرىنداشنى بىر ياراتقان،**
**خالتىسىنى ئايرىم (ياراتقان)**

بۇ، ئىنسانلار يارىلىشتا ئوخشاش يارالسىمۇ، تۇرمۇش مەنبەسى، شارائىتى بىر خىل بولمايدۇ، ھەركىم ئۆز رىزقى - نېسىۋىسىنى تېپىپ يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس**

بۇ، ئادەم تىرىكچىلىكتە كەمبەغەل، نامراتلىق تۈپەيلىدىن مەلۇم ۋاقىت يوقسۇزلۇقتا ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ھالىغا يارىشا ياشايدىغانلىقىنى بىلدۇ-

رىدۇ.

**خۇدا كۆزدىن ئايرىسىمۇ،**
**ھاسىسىدىن ئايرىماس**

«خۇدا قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسا، ھاسىسىدىن ئايرىماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خۇدانىڭ بەرگۈسى كەلسە قوشلاپ بېرىدۇ**

بۇ، ئادەمنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەندە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، مېلىغا مال قوشۇلۇپ، ئۈستىلەپ پايدا كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇشۇ ماللار مېنىڭمىكەن، «خۇدانىڭ بەرگۈسى كەلسە قوشلاپ بېرىدۇ» دېگەن مانا شۇدە، مانا ئەمدى راستلا باي بولۇپتىمەن. لېكىن، باي بولساق ھەممىمىز تەڭ بولايلى.

**خۇدانىڭ بەزى كۈنلىرىدىن**
**ئۆرگىلىپ كېتەي،**
**بەزى كۈنلىرىدىن چۆرگىلىپ كېتەي**

بۇ، ئادەم ئوڭۇشلۇق كۈنلەرگە ئېرىشكەندە خۇشاللىنىپ، پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا ۋايسىماي، سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا ئۇچمىغان قۇشقا پاكىنەك تال بېرەر**

بۇ، جەمئىيەتتە ھەركىم ئەھۋالىغا يارىشا تىرىكچىلىك يولىغا ۋە تۇرالغۇ شارائىتىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردى**
**قوشلاپ ئۇرۇپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئادەمنى تۆپە ـ تۆپىلەپ نەس باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، نويۇسۇم تېخى بىر يەرگە ئورنىتىلماي تۇرۇپلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ شىددەتلىك بورىنى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردىمۇ**
**قوشۇلۇپ ئۇرۇپتۇ**

«خۇدائۇرغاننى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردىمۇ قوشۇلۇپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، بىتەلەي شەمسىدىننىڭ قايتىش سەپىرىنىڭ 4 ـ كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپ، جېنىنى ئارانلا ساقلاپ قالدى.

**خۇدائۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس**

بۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ئادەم پالاكەت ـ پېشكەللىككە يولۇقىدۇ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ، ھەرقانچە يۆلىگەن بىلەنمۇ راۋاج تاپمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدا ئۇرىمەن دېسە،**
**ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرار**

بۇ، ئادەمنى پالاكەت باسقاندا ئالدى بىلەن ئەقلى ـ ھوشىدىن مەھرۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدايىم بار دەپ ئاچ قاپتۇ،**
**ئېشىكىم بار دەپ كەچ قاپتۇ**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ئۆز كۈچىگە تايان-

ماي، بىراۋنىڭ ياردىمىگە، تەقدىرنىڭ ئۇلۇغ كۆزدە قارىشىغا ئۈمىد باغلىغان ئېرىنچەك كىشىلەر غۇربەتچىلىككە قېلىپ، روناق تا-پالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇشال بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس**

بۇ، بىرەر ئىشتا كۈتۈلمىگەن مۇۋەپپە-قىيەتكە ئېرىشكەن ئادەم غەپلەتتە قېلىپ، خەۋپ - خەتەر، پېشكەللىككە يولۇقۇشنى ئويلىمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ،**
**تەمەدىن نېرى بول**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئادىل، توغرا يول تۇتۇش، غەيرىي مۇددىئا بىلەن بىراۋغا ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنماس-لىق، نەپسانىيەتچىلىك كويىدا بىراۋدىن نەپ تەمە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-دۇ.

**خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ،**
**ماختانچاق ئاغزىدىن (قېرىيدۇ)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بولمىغان ناتوغرا ئا-دەتلەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىسىز ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-رىدۇ: ھېلىم بىر ھازادىن كېيىن كۆرگەن-لىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېسىنى يىغدى، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى، زورلاپ ھىجايدى، ئۇنىڭ بېلى ئاغرىۋاتات-تى، بىردىنلا «خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىي-دۇ، ماختانچاق ئاغزىدىن» دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئېلىپ، قېرىلىق يەتكەنىمدۇ يا، دەپ سەل قورقتى.

**خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ سۆڭەك غاجار**

بۇ، خۇشامەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئا-دەم مەرتىۋىسىز بولسىمۇ، ھەر خىل يوللار بىلەن پايدا - مەنپەئەتلەردىن بەھرىمەن بولا-لايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇش ياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ**
**ئالتىنچى ئايدا قولى توڭۇپتۇ**

بۇ، ئىش خۇشياقمايدىغان ھورۇن ئا-دەمنى ئىشقا بۇيرۇسا، ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باش تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇش ياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ،**
**ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر**

«خۇش ياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ ئال-تىنچى ئايدا قولى توڭۇپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**خۇمداندا خىش تولا،**
**قىلاي دېسەم ئىش (تولا)**

بۇ، ئىش بىلەن خۇشى يوق، ھورۇن ئادەم گەپنى چوڭ قىلىپ، باشقىلارغا ئۆزد-نى ئالدىراش كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇيلۇق قىز ئۆي تۇتالمايدۇ**

بۇ، ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوق سەۋەبسىز يامانلاشنى ئادەت قىلىۋالغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما**

بۇ، ① خۇيى تونۇش بولمىغان ئاتقان يېقىن بارماسلىق، قاراملىق قىلىپ زەخمىلىنىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: سىرداشمىغان، ناتونۇش ئادەمگە ئارىلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇيى يامانىڭ پەيلى يامان**

بۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىلمەيدىغان، غەيرىي مىجەزلىك ئادەم ھەمىشە باشقىلارغا يامانلىق ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خېرىدارىڭ كۆزى بولسا،**
**كاسىپ ئاچلىقتىن ئۆلەر**

بۇ، ئىستېمالچىلار مال سېتىۋالغاندا كۆرۈنۈشكە ئەمەس، سۈپىتىگە قاراش؛ ھۈنەرۋەنلەر سۈپەتسىز، ساختا ماللارنى ئىشلەپچىقارماسلىق ۋە خېرىدارلارنى گالۋاڭ چاغلىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە ئەتىۋار**

«خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

كۆنمىسەم ئەگەر سۆكتى ئۆلار،
بار ئىكەن بەك تەرسالىقىڭ دەپ.
«خېرىدارىڭ بولمىسا ئەگەر،
نە ئەتىۋار زىبالىقىڭ» دەپ.

**خېرىدارىڭ بولمىسا،**
**زىبالىقىڭ نە كېرەك**

بۇ، ① لايىق چىقمىغان، ھېچكىم مۇھەببەت ئىزھار قىلمىغان قىزنىڭ ھۆسنى ھەرقانچە چىرايلىق بولغىنى بىلەن ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: روزىخان، مومايغا ۋاكالىتەن، ئاۋارە بولۇشۇپلا، كونىلار «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دەپتىكەن، ھەربىرلىرى خېرىدارىمىز بولۇشقان ئىكەنلا، سىلىگە كۆپ رەھمەت! كېيىنكى گەپ باللارنىڭ ئىختىيارىدا، بىزنىڭ ھېچقانداق پىكرىمىز يوق، دېدى. ② كۆچمە: ئىجتىمائىيەتتە ھىمايىچىسى يوق ئادەم ھەرقانچە كۈچ ـ قۇدرىتى بار، ياراملىق ـ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ھېچقانداق ئەتىۋارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خېمىر ئۈچىدىن پېتىر**

بۇ، ئەسكى ئادەت ـ ئىللەتلەر يۇقىرىدىكىلەردىن، چوڭلاردىن باشلىنىپ، تۆۋەندىكىلەرگە — كىچىكلەرگە تارقىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،**
**تاۋۇقنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ)**

بۇ، ياسىنىشقا بېرىلىپ، ئۆي تۇتۇشنى بىلمەيدىغان، تالالىقى بار، ئۆي ئىچىدىكى يوق ئاياللارنىڭ ياسانچۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خىزىر بىراقنىكى چاغدا**
**يېقىندىكى قاراقچىدىن پەخەس بول**

بۇ، بىر-بىر يار ـ يۆلەك بولىدىغان تاياندىن

يامان
چىسى يوق، ھىمايىچىسىز ئادەملەر
ئادەملەرنىڭ زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشى-
دىن ھەر دائىم ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى
بىلدۈرىدۇ: ئۇ ماڭىغۇ چېقىلالمايدۇ، لې-
كىن مەن شەھەرگە قايتىپ كەتكەندىن كې-
يىن ئانامنى ئاۋارە قىلمايدۇ دېگىلى بولام-
دۇ!؟ كونىلار «خىزىر يىراقتىكى چاغدا
يېقىندىكى قاراقچىدىن پەخەس بول» دەپ
بىكار ئېيتمىغان -دە، دېدى ھاشىماخۇن.

خىش قېلىپىدا ياخشى،
پىچاق غىلىپىدا (ياخشى)
«خىل خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بى-
لەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

خىل خىلى بىلەن،
پىچاق قىنى بىلەن
بۇ، ھەركىم - ھەر نەرسە ئۆزىگە مۇنا-
سىپ كېلىدىغان ئورۇندا تۇرسا مۇۋاپىق بو-
لىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بىر كەمبە-
غەل تۇل خوتۇن، سەن بىر يېتىم بالا،
نۇربۇۋۇنىڭ دادىسى بولسا باي، يۇرتنىڭ
چوڭلىرىدىن بىرى، بۇ ئىشىڭ بولمايدۇ،
بالام. قوي، نۇربۇۋۇى توغرۇلۇق ئويلىما،
«خىل خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بىلەن»
دېگەن گەپ بار. مەن سىبنى ئۆز خىلىڭنى
تېپىپ ئۆيلەپ قويااي، دەپتۇ موماي.

خىل خىلى بىلەن،
تۇر تۇرى بىلەن
«خىل خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بى-
لەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مەخسۇس گۈل-
زارىدا بارلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى «خىل
خىلى بىلەن، تۇر تۇرى بىلەن» بار ئىكەن،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېچەكلىرىگە مەست بو-
لۇپ، يۇمشاق شامالدا گىرەلىشىپ سۆيۈ-
شۈپ تۇرىدىكەن.

خىل خىلىدا ياخشى،
پىچاق قىنىدا (ياخشى)
«خىل خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بى-
لەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

خىلى - خىلىغا،
گۈلى - گۈلىگە
بۇ، بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئۆزئا-
را بىر - بىرىگە ماس كەلگەنلىكىنى، ياراش-
قان - ئەپلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بىر
ئايال كۈيئوغۇلنى كۆرۈپ ئاغزى - ئاغزىغا
تەگمىگەن ھالدا، ۋاي ئانام! قاراڭلار، ئۇ-
نىڭ بوي - قەددىنىڭ كېلىشكەنلىكىنى!
«خىلى - خىلىغا، گۈلى - گۈلىگە» دېگەن
شۇ - دە! ... دەپ تەرىپلەشكە باشلىدى.

خىيال كېچىدە ئېچىلار،
گۈل سەھەردە (ئېچىلار)
بۇ، ھەر ئىش - ھەر نەرسىنىڭ نامايان
بولىدىغان مۇئەييەن ۋاقتى - سائىتى بارلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ: چولپان ھەر ئەتىگىنى
ھەممىدىن بالدۇر ئويغىناتتى - دە، «خىيال
كېچىدە ئېچىلار، گۈل سەھەردە» دېگەندەك،
تەشتەكتىكى گۈللىرى بىلەن مەلىكە بولات-
تى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇنىڭغا خىيال بىلەن
گۈل ئەرمەك ئىدى.

# د

**داپچىنىڭ دېپى يېرىلسا،**
**گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ**

بۇ، بىراۋغا تەخسكەشلىك قىلىپ ئارىدا زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۇخەنچىنىڭ غەرىزى ئاشكارىلىنىپ رەسۋالىشىشى داۋراڭچىلارغا تاماشا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**داپقا بېقىپ ئۇسسۇل**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ۋەزىيەتكە، شەرت ـ شارائىتقا، ئېھتىياجغا ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**داچەن ئۇينا تاۋكادا،**
**پۇلنى خەجلە ھېيتگاھدا**

بۇ، جاپاغا چىداپ، ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېرىشكەن تاپاۋەتنىڭ ھالاۋىتىدىن كۆڭۈللۈك بەھرىمەن بولۇش، راھەتتە ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دادامغا يوق پۇرچاق ئانامغا نەدە**

بۇ، بىرەر نەرسە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئورۇنغا يېتىشمەي تۇرۇپ، ئانچە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا تېخىمۇ يېتىشمەيدىغانلىقىنى، يەنى ئۆزۈمگە يوق تۇرۇپ، ساڭا نەدە تۇرۇپتۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دادام مازارغا شەيخ،**
**مەن تەييارغا (شەيخ)**

بۇ، ھېچبىر ئەجىر قىلماي. باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋالىدىغان، باشقىلار ئاققۇزغان قان ـ تەر بەدىلىگە ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ تەييارتاپلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات**

بۇ، كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغان سورۇن، نازۇ نېمەتلەر مېھماننىڭ ئىززىتى. مېھمان كەلمىسە سېلىنغان داستىخاننىڭ قىممىتى، سورۇننىڭ ھەشەمىتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**داڭقىڭ چىقمىسا يايلاقتا ئوت قويۇۋەت**

بۇ، ئەسكى ئادەم ياخشى ئىشلارنى قىلماي، ئەكسىچە دائىم ئەل ـ يۇرتقا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن نام چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دام ئۇرغىلى يات يەر ياخشى**

بۇ، ھەركىم ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ ھالىغا بېقىپ سۆزلەشنى، كەلسە ـ كەلمەس پو ئاتماسلىقنى، لاپ ئۇرۇپ خەلقئالەم ئالدىدا ئوياتقا قېلىشتىن ساقلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دانا قەدرىنى ئەخمەق بىلمەس،**
**ئاغرىق دەردىنى ساق (بىلمەس)**

بۇ، ئەقىلسىز، ھاماقەتلەر ئاقىل ـ
دانىشمەنلەرنى چۈشەنمەيدۇ ۋە قەدرىگە يەت-
مەيدۇ؛ تېنى ساغلام، بىرەر قېتىممۇ ئاغ-
رىپ باقمىغان ئادەم ئاغرىق ئازابىنى بىلمەي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دانا كىشى ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلار**

بۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئە-
قىللىق ئادەم يەنە كەم سۆزلۈكنى ئۆزىگە
ئادەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆپ-
رەك ئاڭلاشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**دان سۈيى ـ جان سۈيى**

بۇ، زىرائەتلەر دان تۇتۇشقا باشلىغاندا،
داننىڭ تولۇق ۋە توق بولۇشى ئۈچۈن قويۇ-
لىدىغان سۇ بولۇپ، مەھسۇلاتقا بىۋاسىتە
تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**داننى بۇ بەردىن يەپ،**
**باشقا بەردە تۇخۇملاپتۇ**

«داننى ئۆيدە يەپ، تالادا تۇخۇملاپتۇ.
»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ھىم، كونىلارنىڭ
دېگىنىدەك، داننى بۇ يەردىن يەپ، باشقا
يەردە تۇخۇملاشقا تۇرۇپسەن ـ دە! دېدى
دادىسى ئوغلىغا قاراپ.

**داننى ئۆيدە يەپ،**
**تالادا تۇخۇملاپتۇ**

بۇ، بۇ تەرەپتىن مەنپەئەت ئېلىپ، ئۇ
تەرەپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىگەنلىك-
نى، بۇ تەرەپنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىـ-
شىپ، ئۇ تەرەپ ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**دەججالنىڭ توقۇمى پۈتمەس**

بۇ، بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى ھىيلە
ـ مىكىرگە تولغان، ھەدېسە باشقىلار ئۈس-
تىدىن ئىللەت تاپىدىغان قارا نىيەت ئادەم-
لەرنىڭ رەزىللىكى تۈگىمەيدۇ، دې-
گەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرەخ غولىدىن سۇنماس،**
**شېخىدىن سۇنار**

«دەرەخنىڭ تۈۋى سۇنمايدۇ، شېخى
سۇنىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دەرەخنىڭ تۈۋى سۇنمايدۇ،**
**شېخى سۇنىدۇ**

بۇ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكەنلەر توزۇ-
مايدۇ، بۆلگۈنچىلەر روناق تاپمايدۇ، ھالا-
كەتكە مەھكۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**دەرد بار، دەرمان يوق**

بۇ، ① ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بې-
رىدىغان چىدام ـ غەيرەتنىڭ يوقلۇقىنى بىل-
دۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: دۇچ كەلگەن بىرەر
دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىقنى يېڭىدىغان جاسا-
رەت، سەۋر ـ تاقەتنىڭ يوقلۇقىنى، ئىرادى-
نىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد باشقا، ئەجەل باشقا**

بۇنىڭ «كېسەللىك باشقا، ئەجەل باش-

قا» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، ئاغرىق، دەرد - ئەلەمنىڭ قايغۇ - ئازابى ئۆزىگە يارىشا بولىدۇ، قازا بىلەن ئۆلۈممۇ ئۆز يولىدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆلتۈرەر**

بۇ، ئادەم روھىي ۋە جىسمانىي ئازابقا دۇچ كەلگەندە ھەسرەت چېكىپ زارلىنىدۇ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ھەرنېمە بولۇشتىن يانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد قورۇقى كېتەر،**
**ئاچ قورۇقى كەتمەس**

بۇ، كېسەللىك ساقايسا تەسىر تۈگەيدۇ، جاراھەت ساقايسا بەدەن ئەسلىگە كېلىدۇ، جاپالىق تۇرمۇشنىڭ جىسمانىيەتنى خورىتىشى چىرايغا ئۆچمەس ئىز سالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق**

بۇ، بىراۋنى نەس باسقاندا كەينى - كەينىدىن پالاكەتكە يولۇقىدۇ؛ بەخت، ھالاۋەت ھەركىمنىڭ قىلغان ئەجرىگە يارىشا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ،**
**بىر - بىرىنى باشلاپ (كېلىدۇ)**

بۇ، ئادەمنى پالاكەت باسقاندا دەرد - ئەلەم، خاپىلىقلار تۆپە - تۆپىلەپ يۈز بېرىپ، تۇرمۇش رىتىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد كەلگەندە دەرمان كېتەر**

بۇ، ① ئادەم ئاغرىق - سىلاققا دۇچ كەلگەندە كېسەللىك ئازابى ھالىدىن كەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: پالاكەت - خاپىلىققا بولۇققان كىشىنىڭ سەۋر - تاقەت قىلغۇدەك جاسارىتى قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەردى يوق — ئالەمدە يوق**

بۇ، دۇنيادا ئازاب - ئوقۇبەت، خاپىلىق، دەرد، ئەلەم تارتماي خاتىرجەم ياشايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەردى يوققا ۋاي چىشىم دېمە**

بۇ، ئاغرىپ باقمىغان ئادەمگە كېسەللىك ھەققىدە ھال ئېيتماسلىقنى؛ غېمى يوق، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئادەمگە دادلىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**دەردى يوق ئېشەك،**
**ئىشقى يوق كېسەك**

بۇ، ھاياتلىقتا ئاز - تولا بولسىمۇ غەم - ئەندىشە، قايغۇ - ھەسرەتسىز ھەم سۆيگۈ - مۇھەببەتسىز ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەرد يامانمۇ، ئەلەممۇ؟**
**موللا يامانمۇ، قەلەممۇ؟**

بۇ، ئاغرىق - سىلاق، جىسمانىي ئازاب، كۆڭۈلسىزلىك، يوقسۇزلۇق غېمى كىشىنىڭ ئۆمرىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى؛ كۆپ سۆزلەشتىن كۆرە،

كۆپ يېرىش ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلـ
دۈرىدۇ.

دەريا تېشىپ كەتسە،
ئۈردەكنىڭ نېمە ئىشى

«ئاسمان بېسىۋالسا، ئاستىدا يېتىپ
ماڭىمەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دەريادا بېلىق ئۇسسۇز

«بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا» نىڭ ئىزاـ
ھىغا قاراڭ: ئۇ مۇشۇ كەمگىچە خۇددى
«دەريادا بېلىق ئۇسسۇز» دېگەندەك، يالغۇز
بېشى بىلەنلا يۈرۈۋاتىدۇ، قاچانغىچە مۇشۇنـ
داق يۈرەر؟ ۋاقىت دېگەن ھەش - پەش
دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىكەن، دېدى.

دەريادا غاز تولا،
قىز بالىدا ناز (تولا)

بۇ، ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولۇشقا تېـ
گىشلىك بەزى خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنىڭ
ھەرقايسىسىغا خاس يارىشىملىق زىننەت ئىـ
كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق

بۇ، ھەر ئادەم ياكى نەرسىنىڭ قەدىر
- قىممىتى ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ياشىـ
غان ماكاندا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىـ
دۇ.

دەريانى بۆلگەن تارام،
قوشۇننى بۆلگەن قارام

بۇ، دەريانىڭ يۆنىلىشىنى ئېقىن بۇزىـ
دۇ؛ ئاسىنىڭ بىرلىكىنى تەۋەككۇلچى بۇـ
زىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلاردا
«دەريانى بۆلگەن تارام، قوشۇننى بۆلگەن
قارام» دېگەن گەپ بار. مۇبادا، بىز مۇشۇنـ
داق كېتىۋېرىدىغان بولساق، كونىلەرنىڭ
بىرىدە پىلدىرلىغان شامدەك ئۆچۈپ كېتىـ
شىمىز مۇمكىن، دېدى مامۇت قۇرغۇي.

دەزى بارنىڭ دەزىگە تېگەر

بۇ، بىرەر ئىشتا باشقىلارغا يۈز كېلەلـ
مەيدىغان ئادەم ئىللەتنى يوشۇرالمايدۇ،
ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدۇ دېگەن مەنـ
نى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بەگ - خوجىلارنىڭ گاـ
داي دېھقان قىزلىرىنى بوزەك قىلماقچى بولـ
غان، لېكىن گاداي دېھقان قىزلىرىنىڭ
ساپ، پاك ۋىجدانىنى كۆرسەتكەن بۇ ئويۇنغا
زەھىرى قايىنىدى، خۇددى «دەزى بارنىڭ
دەزىگە تېگەر» دېگەندەك، ئۆزىگىمۇ دەز
كەتتى.

دەزى يوق تۇخۇمغا چىۋىن قونماس

بۇ، ئىللىتى يوق، پاك - ديانەتلىك،
بېجىرىم ئادەم بۇزۇلمايدۇ، چىرىمەيدۇ، دېـ
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دەسلەپكى بىلەن ئۆي تۇتمىساڭ،
ئۆلگۈچە پۇشايمان

بۇ، تۇنجى قېتىم قۇرغان تۇرمۇشنىڭ
قەدرىگە يەتمەي ئاجرىشىپ كەتكەن كىشى
ئۆمۈرۋايەت ھەسرەت چېكىدۇ، دېگەن مەنـ
نى بىلدۈرىدۇ.

دەسمايە غالتەككە چىقتى،
توخۇ قونداققا (چىقتى)

بۇ، بايلىق ـ سەرمايىسىنى كۆز ـ كۆز
قىلىپ ماختىنىدىغان ئادەمنىڭ ھولۇقمىلىـ
قىدىن پالاكەتكە ئۇچراپ تۇگەشكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**دەشنەم يېگىنىم، ئاش ـ نان يېگىنىم**
«دەشنەم يېگىنىم بەش نان يېگىنىم»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: گۇلەندەم ئۇنىڭدىن
سەسكىنىپ قاچاتتى ۋە كۆپ قېتىم ئۇنى
قاتتىق سىلكىۋەتكەنىدى. مەمەت گويا
«دەشنەم يېگىنىم، ئاش ـ نان يېگىنىم»
دېگەندەك، زادىلا ھار ئالماي كۇلۇپ ئۆتكۇـ
زۇۋېتەتتى.

**دەشنەم يېگىنىم، بەش نان يېگىنىم**
بۇ، خەقتىن تىل ـ ئاھانەت ئىشتىپ
دەككە يېسىمۇ ھار ئالمايدىغان داپيۈز ئادەمـ
لەرنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق**
بۇ، ئارىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغانلارـ
نىڭ ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقتا تايىنىـ
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،**
**دۈشمەننىڭ كۇلكىسىگە (ئالدانما)**
بۇ، ئىسسىقى يوق قىش ئاپتىپىغا گول
بولماسلىقنى؛ دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر
يوشۇرۇنغان ھجىيىشىدىن ھەزەر ئەيـ
لەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت**
بۇ، ھاياتلىقتا ھەركىم ئۇرۇق ـ تۇغـ
قان، يېقىنلىرى بىلەن پات ـ پات يۈز كۆـ
رۈشۈپ تۇرۇش؛ شەرت ـ شارائىت، پۇرـ
سەتنىڭ بارىدا ئارام ـ ھاردۇق ئېلىش تولـ
مۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەم ئېلىپ، دەرمان توپلا**
بۇ، ① چارچىغان ئادەم روھىي ـ
جىسمانىي جەھەتتىن ئارام ئېلىپ، كۈچ ـ
قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىـ
نى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ئىقتىسادىي جەـ
ھەتتە زىيانغا ئۇچرىغانلار پەم ـ پاراسەت
ئىشلىتىپ قايتىدىن قەددىنى كۆتۈرۈش كېـ
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەۋا قېرىماس**
بۇ، بىرەر ناھەقچىلىق ئۈستىدە قىلىنـ
غان ئەرزنىڭ ۋاقتى ئۆتسىمۇ كونىرىمايدىـ
غانلىقىنى، يەنە قايتىدىن دەۋا قىلسا بولىـ
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەتروزى ئەنە شۇنـ
داق گادىرماش خىياللار بىلەن كۈننى تۈنگە
ۋە تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى. مەتۋاقى ئۇنىڭغا
«دەۋا قېرىماس» دەپتىكەن، كونا ھېسابنى
كېيىن قىلىشىمىز، دېدى.

**دەۋا قېرىماس، ئالتۇن چىرىمەس**
«دەۋا قېرىماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دەۋا كۈچەيسە پۇلۇڭنى ئالار،**
**ئاغرىق كۈچەيسە جېنىڭنى (ئالار)**
بۇ، بىرەر ئىش ئۈستىدە قىلىنغان
ئەرزدە ھەقدارنىڭ تەلىپى ئورۇنلۇق بولسا
قارشى تەرەپ مۇقەررەر ھالدا چىقىمدار بوـ
لىدۇ؛ كېسەللىك ئېغىرلاشسا ھاياتقا خەۋپ

يېتىپ ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەۋاگەر دەۋا قىلماس،**
**دەۋا قىلسا قۇرۇق قالماس**

بۇ، بىرەر ناھەق ئىش توغرۇلۇق قانۇنى دەۋاغا چۈشكەن كىشى ئاخىرقى ھېسابتا تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئېرىشمەي قالمايدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**دەۋاگەر سۆس كەلسە،**
**قازى مۇتتەھەم بولار**

بۇ، بىرەر ئىش توغرۇلۇق ئەرز قىلغان كىشى دەۋاغا جىددىي مۇئامىلە قىلماي، سۆس تۇرسا، سوراقچى ئامالسىز پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوپپامنىڭ قۇندۇزىغا قارىما،**
**ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا**

بۇ، بىراۋنىڭ سىرتقى سالاپىتى، نام - ئابرۇيىغا قارىماي، قەلبى، پەزىلىتى، قىلغان ئىشى ۋە قازانغان نەتىجىسىگە قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوپپىسى چۈشسە خۇدانىڭ يېرىگە چۈشىدۇ**

بۇ، ئۆي - جايى، يەر - زېمىنى، پۇل - مېلى يوق، نامراتلىقتا كۈن كەچۈرۈۋاتقان يوقسۇللارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ: بېشىمغا كەلگەن بۇ ئۈشتۈمتۈت كۈلپەتلەردىن ئۈنچىۋالا ئاھ - ۋاھ قىلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپمۇ قويمىدىم. سەۋەبى، ئاتا - ئاناممۇ يوق، بالا - چاقاممۇ يوق، «دوپپىسى چۈشسە خۇدانىڭ يېرىگە چۈشىدۇ» دېگەندەك، بېشىمدىكى دوپپام چۈشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۈشىدىغان بىر بويتاق تۇرسام، يالىڭاياغ سۇدىن قورقامتى! دېدى ئۇ.

**دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئاپتۇ**

«بۆك ئال دېسە باش كېسىپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇنىڭ ئوغلى دوپپىسىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان، چاپقىنى ئالدەمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ھاماقەت بىرنېمە ئىدى، شۇڭا خاتىرجەم ئىش تاپشۇرغىلى بولمايتتى.

**دوپپىغا پاتقان بېشىم**
**جاھانغا پاتمىدى**

بۇ، بىرەر مەنسەپ - مەرتىۋىگە ئېرىشىپلا، ئۆزىنى بىلەلمەي كۆرەڭلەپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ پىسخىك ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق**

بۇ، باشقىلارنى كەمسىتىپ، مەسخىرە قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەر خىل ئەيىب، ئىللەتلىرى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دورغا نەدە بولسا،**
**غوۋغا شۇ يەردە**

بۇ، بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان، ئەمما بارغان يېرىدە يوقىلاڭ باھانە - سەۋەب بىلەن قەستەن چاتاق تېپىپ، جېدەل، ماجىرا چىقىرىدىغان چاپارمەنلەرنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلدۈرىدۇ.

دوزاخقا ئۆگەنگەن كۆڭۈل،
بېھىشكە كۆنمەپتۇ

بۇ، جاپالىق مۇھىتتا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم توققۇزى تەل بولغان، راھەت - پاراغەتلىك باياشات تۇرمۇش مۇھىتىغا كۆنەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دوست ئاغرىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار)

بۇ، ياخشى نىيەتلىك ئادەم كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرماي سەممىي نەسىھەت قىلىدۇ، يامان نىيەتلىك ئادەم كۆرۈنۈشتە ياخشىچاق بولۇپ، يالغاندىن كۆپتۈرۈپ ماختايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئىرپان ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، ئېغىرىڭمۇ، يېغىرىڭمۇ چۈشۈۋاتىدىغۇ؟ قان سېتىڭ، لايغا مىلىنىپ يېتىڭ، بۇ، يىگىت ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇغلار «دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەندەك، ساڭا ياخشى گەپ قىلسام، نېمانچە كۆكەرمىلىك قىلىسەن؟ دېدى.

دوست ئايرىغان دوزاخ تۈۋىدە

بۇ، دوستتىن ئورۇنسىز رەنجىپ يۈز ئۆرۈگەن، دوستقا ئىشەنمەي چەتكە قاققان كىشى روھىي ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دوست باشقا باقار،
دۈشمەن ئاياغقا (باقار)

«دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دوست باشقا قارايدۇ،
دۈشمەن ئاياغقا

بۇ، ھەركىم يۈرۈش - تۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىپ، رەتلىك، پاكىز كىيىنىش لازىملىقىنى، باش ۋە ئاياغقا ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دوست بول سىرىنى بىلىپ

بۇ، دوست تۇتۇشتا ئادەمنىڭ نىيىتى، خۇي - پەيلى، خۇسۇسىيىتى، ئىچكى ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دوست چىللىسا قالما،
دۈشمەن چىللىسا بارما

بۇ، دوستقا مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت ئېپادىسىدە مۇئامىلە قىلىش بولۇپ، دوستنىڭ سورىنى ئىززەت - ھۆرمەت مۇددىئاسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغاچقا بارماي بولمايدىغانلىقىنى، دۈشمەننىڭ سورىنى مەسخىرە، كەمسىتىش، ھەسەتخورلۇق شۇم نىيىتىنى چىقىش قىلغاچقا، بېرىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دوست سۆزىنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما

«دوستۇڭنىڭ سۆزىدىن چىقما، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭدەك قىلما» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دوستقا تاپا قىلما،
دۈشمەنگە كۈلكە (قىلما)

بۇ، ھەركىم دوستىغا بىھۇدە، ئورۇنسىز تەنە ۋە دوق قىلماسلىق، يامان نىيەت-

لىك كىشىلەرگە ئويۇن - تاماشا بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئايىسخان «دوستقا تاپا قىلما، دۈشمەنگە كۈلكە (قىلما)» دېگەندەك زىلەينىڭ ئاي - كۈنى توشقاندا بىر چىرايلىق «تىلەپ» كەلدى، سالامەت بوشاندۇردى. بىراق ئەختەم ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سىلىپ، قىزنى قۇرۇق پەتىۋاغا ئېلىۋالغانلىقى ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىۋەتكەندەك ئىدى.

**دوستقا دوست كېرەك،**
**ھېسابقا دۇرۇس (كېرەك)**

بۇ، كىشىلەر ئۆزئارا سەمىمىي بولۇش لازىملىقىنى، ھېسسىيات ۋە مەنپەئەتنى دەپ پۇل، مۇئامىلە ئىشلىرىدا قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستقا ئىناق بول،**
**دۈشمەندىن يىراق (بول)**

بۇ، ھەركىم دوستقا رەھىمدىل، شەپقەتلىك، مېھرىبان بولۇپ، يېقىن ئۆتۈش كېرەكلىكىنى؛ دۈشمەن بىلەن چەك - چېگرىنى ئاجرىتىپ، مۇناسىۋەت قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى بىلدۈرىدۇ.

**دوست كەينىڭدە ماختار،**
**دۈشمەن ئالدىڭدا (ماختار)**

بۇ، ھەقىقىي دوست ھەرگىز قالايمىقان، يۈز تۇرانە تەرىپلىمەيدۇ؛ ساختا دوست ئىچكى سىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ياخشىچاق بولۇپ، يالغاندىن ماختاپ - كۆپتۈرۈپ، خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوست كۆپ، توغرىسى ئاز**

بۇ، دوستنىڭ ئاز - كۆپلۈك چېكى بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن ھەقىقىي دوست تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دوست تۇتقاندا چوڭقۇر سىناش، كۆپ سىردىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوست كېڭەشتە بىلىنەر**

بۇ، ھەقىقىي دوست باشقا كۈن چۈشۈپ، ئوڭۇشسىزلىق، مۇشكۈللۈككە دۇچ كەلگەن دوستىغا سەمىمىيلىك بىلەن توغرا يول كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىشتەك خىسلىتىدىن بىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستنىڭ ئاتقان تېشى باشنى يارماس**

بۇ، سەمىمىي نىيەتلىك دوستنىڭ كۆڭۈل ئايىماي، ئاغرىتىپ ئېيتقان گەپ - سۆز، نەسىھەتلىرى زىيانلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستنىڭ دوستلۇقى**
**باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر**

بۇ، دوستلارنىڭ ئۆزئارا سادىق، ۋاپادار ئىكەنلىكى مۇشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن دوستىغا رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق قىلىپ، يار - يۆلەكتە بولالىشىدا كۆرۈلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

**دوستۇڭنىڭ سۆزىدىن چىقما،**
**ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىدەك قىلما**

بۇ، چىن دوستنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن مەسلىھەت - كۆرسەتمىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستنىڭ كونىسى ياخشى،**
**چاپاننىڭ يېڭىسى (ياخشى)**

«چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دوستنىڭ كۆپلۈكى ئەقىل ھەم قۇدرەت**

بۇ، ئاغىنە - بۇرادەرلىك كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، دوستى كۆپ ئادەمنىڭ يولى كۆپ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقى يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

دوست - دۈشمەندىن خالىي ئەمەسسەن پەقەت،
ئەزەلدىن سىنالغان — بۇ بىر ھەقىقەت.
دوستنىڭ كۆپلۈكى ئەقىل ھەم قۇدرەت،
دۈشمەن كۆپ بولسا، ئەنسىزلىك دەھشەت.

**دوستنىڭ كۆڭلى قالغۇچە،**
**دۈشمەننىڭ بوينى سۇنسۇن**

بۇ، دوستنىڭ ئىخلاس - ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش، دىلىنى رەنجىتمەسلىك، رايىنى قايتۇرماسلىق؛ دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇڭ دوست بولسۇن،**
**ھېسابىڭىز دۇرۇس (بولسۇن)**

«دوستقا دوست كېرەك، ھېسابقا دۇرۇس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دوستۇڭغا دەرد كەلسە،**
**دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولار**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، ياخشى كىشىلەر بىرەر بەختسىزلىك - پېشكەللىككە ئۇچرىسا، قارا نىيەت، ئەسكى ئادەملەر خۇشاللىق ھېس قىلىپ، مۇرادىغا يەتكەندەك گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇڭ قاغا بولسا،**
**يېيىشىڭ پوق**

«قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مەن ئانامدىن تەپ تارتىپ ئۆيگە بارالمىغان كېچىلىرىمۇ بولدى. كونىلارنىڭ «دوستۇڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق» دېگىنى راست ئىكەن. باشقىلار مېنى مېھمان قىلسا، يەپ - ئىچىپ يۈرۈۋەرسەم بولماس دەپ، مەنمۇ ئۇلارنى مېھمان قىلدىم. ئەمما پۇلۇم بولمىغاچقا چىن شەنىسىڭ دېگەن مەيپۇرۇشقا بىرمۇنچە قەرزدار بولۇپ قالدىم ...

**دوستۇڭنىڭ پوقى پۇرىماس**

بۇ، ئاغىنە - بۇرادەر، يېقىن كىشىلەرنىڭ ئىللەتى، ئەيىبى، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى، خاپىلىقى دوستلىرىغا ھار كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇڭنىڭ كۆڭلى قالغۇچە،**
**دۈشمىنىڭنىڭ بوينى سۇنسۇن**

«دوستنىڭ كۆڭلى قالغۇچە، دۈشمەن-

«دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بويۇمدا قالدى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دوستۇمنىڭ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن،**
**قارا ئىشەكنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن**

بۇ، مال - دۇنيا، مەنپەئەت ئۈچۈن دوست - يېقىنلىرىدىن كېچىدىغان شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوست ياخشى يېرىڭنى كۆرەر،**
**دۈشمەن يامان يېرىڭنى (كۆرەر)**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك ئادەم دوستىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى، مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، قارا نىيەت، ئەسكى ئادەم باشقىلارنىڭ ئەيىب، قۇسۇرلىرىغا نەزەر ئاغدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوست يىغلىتىپ ئېيتار،**
**دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار)**

«دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كەچۈرگەيلا، جانابى سۇلتان، كونىلار «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەندەك يارەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى قەدىرلەش كېرەك، دېدى ئۇ.

**دوغچى ئاپتاپ تىلىسە،**
**ماتاچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ**

بۇ، تىجارەتچىلەر سودا - سېتىقتا ئۆزئارا بازار ئىزدەپ، شارائىت ۋە يول كۈتىدىغانلىقىنى، سودىسى ئاقمىغانلار خېرىدار تا-

نىڭ بويىنى سۇنسۇن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دوستۇڭنىڭكىنى يە، كۆڭلى قالمىسۇن،**
**دۈشمىنىڭنىڭكىنى يە، ئۆزىگە قالمىسۇن**

بۇ، دوستقا مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت مۇئامىلىسى بولۇپ، دوستنىڭ كۆڭلى، ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن تائاملىرىغا داخىل بولۇش، دۈشمەنگە ئۆچمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن راسلىغان سورۇنىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ، تائاملىرىنى قويماي يەپ تۈگىتىۋېتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت**

بۇ، ھەر كىم دوستىنىڭ بەختى، خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەرقانداق دەرد - ئەلەم، خاپىلىقنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇڭ ئۈچۈن قان يۇت**

«دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بويۇمدا قالدى**

بۇ، ئائىنە - يېقىنلىرىنىڭ چەكتىن ھالقىغان خۇشاللىقىنى دەپ كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ، دوستلۇق پرىنسىپلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئادەم كۆتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك - خاپىلىقلارغا قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ،**
**بەڭگىمنىڭ بويىدا قالدى**

لىشىپ، بىر - بىرىگە ئۆچى تارلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دوك گۆرگە كىرگەندە تۈزىلەر

بۇ، خۇي - پەيلى ناچار، مىجەزى ئەسكى ئادەملەر ئەيىبىنى ئۆلگۈچە تۈزىتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز كىشى قاتاردا (يوق)

بۇ، بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسە ئۆچۈن ئىشلەتكىلى ياكى تەڭ ئورۇندا قويۇغىلى بولمىغاندەك، ئىلىم، مەدەنىيەتتىن خەۋرى يوق، نادان ئادەمنىڭ ئەل ئىچىدە ئىناۋەت - ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۈدۈق سۆزگە يارىماس،
ئوغرى كۆزەتكە (يارىماس)

بۇ، ئەخلاق - پەزىلەتسىز، سۆز - ھەرىكىتى، ئىش - ئەمىلى قاملاشمىغان بەتخۇي ئادەم ھەممە يەردە ئىشنى بۇزۇپ چاتاق چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا،
ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالار

بۇ، ئەقىلسىز - نادانلار بىلەن ئەقىللىق - دانا كىشىلەر دۇنيادا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئەقىللىقلار ئەقىلسىزلەرنىڭ ھاماقەتلىكىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق،
بىرىدىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق

بۇ، مەخلۇقاتقا ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم بىرلا قېتىم بولىدىغانلىقىنى، دۇنياغا كەلگەن ھەرقانداق مەخلۇقات ئاخىر بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى

«پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دۇنيانى سۇ باسسا،
ئۆردەككە نېمە غەم

«ئاسمان بېسىۋالسا ئاستىدا يېتىپ مانتا يەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما

«بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

دۆتكە نەسىھەت كار قىلماس،
قارىغا سوپۇن (كار قىلماس)

بۇ، ئەقىلسىز - ھاماقەت ئادەمگە ھەر قانچە تەنقىد، تەربىيە بەرگەن بىلەنمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ، قارا نەرسىنى ھەرقانچە يۇغان بىلەنمۇ ئاقارمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆ غېرىبنى ئۇرار،
ئۈمۈچۈك مۇساپىرنى (ئۇرار)

بۇ، كۈچلۈكلەر، ئۆكتەملەر ھەر ۋاقىت ئاجىز، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىدۇ، پۇرسەت تاپسا ھەر باب بىلەن ئۇلارنى ئاسىي تېپىپ كۈن بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇ-

رىدۇ: بۇ يىل كۈز كەلسە ئۇنىڭ تويىنى
قىلايلى دېيۈىدۇق، بىز توي قىلغۇچە بۇ چې-
رىكلەر بىزنىڭ بېشىمىزنى يەيدىغان ئوخ-
شايدۇ، «دۆ غېرىبىنى ئۇرار، ئۆمۇچۈك
مۇساپىرنى» دەپ، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى
بىزدەك ئاجىز پۇقرالارغا كېلىۋاتىدۇ، دېدى
موماي يىغلاپ تۇرۇپ.

دۆڭگە جىرىم تىكمە،
ئوبغا ئۆي سالما
بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئېھتىياجغا، ئە-
مەلىي شارائىتقا قاراپ پىلانلاش، ئو-
رۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى، قارىغۇلارچە
ھەرىكەت قىلىپ زىيان تارتىدىغان ئىشلارنى
قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە
بۇ، بويى ئېگىز، بەستلىك ئادەمنى
دانا، بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ؛ بىرەر
كىچىك نىشان ۋە يېڭىلىق چوڭ ئۆزگىرىش-
نىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە،
گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە
«دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە» نىڭ ئىزا-
ھىغا قاراڭ.

دۆلەت قۇشى قونسا چۈشىن بېشىغا،
سۇمرۇغ كېلەر كۈندە ئۇنىڭ قېشىغا.
بۇ، بىراۋغا بەخت - تەلەي، ئامەت
كەلگەندە ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ،
ئۇنىڭغا پۇلدارمۇ، ھوقۇقدارمۇ ماسلىشى-

دۇ، يېقىنچىلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

دۆلەت كەتسىمۇ كەتسۇن،
سۆلەت كەتمىسۇن
بۇ، ئادەم بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن مال
- دۇنيا، تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلسىمۇ مەيلى،
لېكىن ئار - نومۇس، قەدىر - قىممەت،
ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆلەت كەلسە قوش كەپتۇ،
بالا كەلمىسۇن
بۇ، ئادەم تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بې-
يىپ، مال - دۇنيا، تەئەللۇقات، راھەت -
پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە، كۈتۈلمى-
گەن بەختسىزلىككە يولۇقۇشتىن ئاگاھ بو-
لۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆلەتمەن بولساڭمۇ،
سۆلەتمەن بولما
بۇ، ئادەم مال - دۇنيا، بايلىققا ئېرى-
شىپ، راھەت تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۆزى-
نى باسالماي ھەشەمەتچىلىك، ياسانچۇق-
لۇق، دامخورلۇق، كۆرەڭلىك قىلماسلىق
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دۆلەت يۈزى ئاق،
مەينەت يۈزى قارا
بۇ، مال دۇنياسى، بايلىقى، مەرتى-
ۋىسى بار كىشىنىڭ يۈزى چوڭ، ئىناۋىتى
يۇقىرى بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەر خوش -
خوش قىلىدىغانلىقىنى؛ كەمبەغەل، نامرات

ـ يوقسۇللارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى، ئىناۋىتى
بولمىغاچ، گېپى ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇ-
رىدۇ.

**دۆ يېتىمنى ئۇرۇپتۇ،**
**ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى (ئۇرۇپتۇ)**

«دۆ غېرىبنى ئۇرار، ئۆمۈچۈك مۇسا-
پىرنى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: پەزىلەتنىڭ
جىنازىسى بامداتقا ئۇلگۇرۇپ ئۇزىتىلدى.
ئايانكى «دۆ يېتىمنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك
مۇساپىرنى» دېگەن قانلىق پاجىئە مۇشۇ تە-
رىزدە پىلانلىق بىر تەرەپ قىلىنغانىدى.

**دۈشمەن تاش سانىسا،**
**خەلق قۇم سانايدۇ**

بۇ، نىيىتى يامان سۇيىقەستچىلەر
دۈشمەنلىكتە ھەرقانچە زېرەكلىك، ئۇس-
تاتلىق ئىشلەتسىمۇ، خەلقنىڭ يەم ـ پارا-
ستى، ھوشيارلىقى، تەدبىرلىكلىكىدىن
ئۈستۈن تۇرالمايدۇ، خەلق ھامان دانالىقى
بىلەن ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەندىن ھەزەر قىلغىن،**
**ھۆرۈندىن بىزار بولغىن**

بۇ، ھەركىم دۈشمەنگە نەپرەتلىنىپ،
ئېھتىياتچان، ھوشيار بولۇش؛ كۆچ ـ مادا-
رى تۈرۈپ ئىش خۇش ياقمايدىغان تەييارغا
ئامراق ئادەمدىن ئۆزىنى تارتىش كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ،**
**دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ**

بۇ، نىيىتى بۇزۇق كىشىلەر ھەمىشە
باشقىلارنىڭ خۇپىيانە ئىشىنى، مەخپىيەتلى-
كىنى ئىگىلەيدۇ؛ چىن دوستلۇققا يارايدى-
غان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر دائىم باشقىلار-
نىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تۈزىتىۋېلىشىغا
ياردەم بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن باتۇر كۆپىيەر**

بۇ، جاپا ـ مۇشەققەت، ھالقىلىق پەيت-
تە يوق، ئۇتتۇق ـ نەتىجە يۈز ئاچقاندا نام،
شەرەپكە شېرىك بولۇۋېلىشقا ئامراق ئادەم-
لەرنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ:
بۇرۇنقىلار «دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن باتۇر
كۆپىيەر» دېگەندەك، مۇشۇ چاغقىچە لام ـ
جىم دېمەي ئولتۇرۇشقان شەھەر چوڭلىرىمۇ
چۈشىنىپ، سۆزگە ئارىلىشىپ كېتىشتى.

**دۈشمەن قەست قىلار،**
**دوست قۇتۇلدۇرار**

بۇ، قارا نىيەت كىشىلەر ھەمىشە باش-
قىلارغا تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەش-
لىك قىلىدۇ؛ ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىلىرى
دائىم پىداكارلىق كۆرسىتىپ ئاغىنىلىرىنى
تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلاپ قالى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەنگە شەپقەت— ئۆزۈڭگە كۈلپەت**

بۇ، دۈشمەندىن چەك ـ چېگرىنى ئاج-
راتماي، ئىچ ئاغرىتىپ رەھىمدىللىك قىل-
غان ئادەم ئۆمۈرۋايەت ئازاب تارتىپ، ھەس-
رەت ـ نادامەت، پۇشايماندا ئۆتىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەننى سەل چاغلىساڭ، بېشىڭغا چىقىدۇ**

بۇ، باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مال - مۈلكىگە زىيان سالىدىغان قارا نىيەت كىشىلەرگە سەل قاراپ بىخەستەلىك قىلغاندا ئاپەت كەلتۈرىدۇ، ھەتتا جانغا زامىن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەننى شېكەر بىلەن ئۆلتۈر**

بۇ، باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مال - مۈلكىگە زىيان سالىدىغان سۇيىقەستچىلەرنى پەم - پاراسەت، ئاقىلانە تەدبىر بىلەن يوقىتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەننى كۆندۈزى ئويلا،**
**كېچىسى پايلا**

بۇ، قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە ھەر ۋاقىت ھوشيارلىق بىلەن كۆز - قۇلاق بولۇپ، ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەننى ئۆيۈڭگە يولاتما،**
**قارىياغاچنى بېغىڭغا (يولاتما)**

بۇ، نىيىتى يامان، بۇزغۇنچىلارغا ھەر دائىم نەپرەتلىنىش، رەھىمدىللىك قىلماسلىق، پاناھلىق بەرمەسلىك لازىملىقىنى؛ باغدا قارىياغاچ ئۆستۈرۈش — مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە، مول مېۋە بېرىشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگۈچە،**
**ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە**

بۇ، قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھالاكىتىنى كۈتكەندىن كۆرە، ھەركىم ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئۇزاقراق ياشاش غېمىدە بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل،**
**مۈشكۈلۈڭنى ئاسان (قىل)**

بۇ، قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق ئاسايىشلىققا ئېرىشىپ، نىجاتلىق تېپىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر،**
**كالتىكىڭنى ئايىما**

بۇ، دۈشمەنگە ھەر ۋاقىت غەزەپ - نەپرەت بىلەن قارشى تۇرۇپ، قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماي، ئەجەللىك زەربە بېرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمىنىڭنىڭ كۆلگىنى —**
**سىرىڭنى بىلگىنى**

بۇ، رەقىبلەر ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ مەخپىيەتلىكىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ، رەقىبلەرنىڭ خۇشال بولۇپ كۈرەڭلىگىنى رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك**
**تۈگمەنگە كېلەر**

بۇ، ئىشقا ئامراق، جاپاكەش ئادەم ئۆزى خالاپ ئىش بار يەرنى تاپىدۇ؛ نەس باسقان ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن جېدەل -

ماجىرا، غەلۋىگە ئارىلىشىدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ.

**دېسەڭ گەپ بولىدۇ،**
**دېمىسەڭ دەرد (بولىدۇ)**

بۇ، بىرەر ئەھۋالنىڭ ئەينەن جەريانە-
نى باشقىلارغا سۆزلەشنىڭ قۇلايسىز، ئەپ-
سىزلىكىنى، كەلسە - كەلمەس سۆزلىگەندە
يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، دېمە-
سە كۆڭۈلدە ساقلىنىپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى
پىشۇرۇپ ئەلەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**دېسە لەت، دېمىسە دەرد**

«دېسەڭ گەپ بولىدۇ، دېمىسەڭ
دەرد» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**دېمىگەننى دېگۈچى چىقار،**
**يېمىگەننى يېگۈچى (چىقار)**

بۇ، گەپ - سۆزدە ئېغىر - بېسىق
بولۇپ، پەيت كۈتۈش، ئالدىراپ سۆزلە-
مەسلىك؛ غىزا - تاماقتا نېزىرقىماسلىق،
ئالدىغا كەلگەننى يېيىش لازىم دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**دېمىگەننى دېگىلى،**
**يېمىگەننى يېگىلى بولار**

«دېمىگەننى دېگۈچى چىقار، يېمىگەننى
يېگۈچى (چىقار)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بۇ
ئىشتا ئۆزىمىزنى توختىتىپراق بىر نېمە
دەيلى، «دېمىگەننى دېگىلى، يېمىگەننى يې-
گىلى بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

هازىر ئالدىراپ - سالدىراپ «ماقۇل» دەپ
قويۇپ، كېيىن ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان
ئىش بولمىسۇن ... دېدى ئۇ ھۆسنەرىخانغا.

**دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل،**
**موللا بولساڭ تەكرار (قىل)**

بۇ، ھەر ساھە - ھەر كەسىپنىڭ ئۆزى-
گە يارىشا كەلگۈسى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىش-
لىك زۆرۈر ئىشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دۇ.

**دېھقانچىلىق چىلىق - چىلىق،**
**بەزىدە قۇرۇق پىلىك**

«دېھقانچىلىق— چىلىق - چىلىق بول-
مىسا غېرىبچىلىق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بۇ
ئەھۋالدىن دېھقانلارمۇ يەنە ۋەسۋەسىگە چۈ-
شۈپ قالدى، ئۇلار، ھەي! ... «دېھقانچىلىق
— چىلىق - چىلىق، بەزىدە قۇرۇق پىلىك»
دېگەن شۇ ئىكەن - دە، دېيىشەتتى.

**دېھقانچىلىق — چىلىق - چىلىق،**
**بولمىسا غېرىبچىلىق**

بۇ، ھەرقانداق كەسىپتە كۆڭۈل قو-
يۇپ، ئىخلاس بىلەن ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈ-
كىنى، قانچىلىك ئەجىر قىلسا، شۇنچىغا
يارىشا نەپ تېگىدىغانلىقىنى، تەر تۆكۈشتىن
ئېرىنسە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، قۇرۇق
قول قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دېھقاننىڭ بۇرنىغا يەر پۇراپتۇ**

بۇ، ھەركىم ئۆز كەسپىگە مۇھەببەت
باغلايدىغانلىقىنى، داۋاملىق ئەس - يادى
شۇنىڭدىلا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دېھقاننىڭ پۇلى يەردە**

بۇ، ھەر ساھە - ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ تاپاۋەت - كىرىمى شۇ كەسىپ ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگىكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق ھالاۋەت كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى يوقنىڭ سىنى يوق**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئەقىل - ھوشى، پەم - پاراسىتىنى ئىشلىتەلمىگەن ئادەم ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ۋە ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىل ئازاردىن خۇدا بىزار**

بۇ، بىراۋنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىتىپ قاقشاتقان تاش يۈرەك ئادەمنى خۇدا كەچۈرمەيدۇ، ئۇنداق ئادەم خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى بىرنىڭ تىلى بىر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا كۆڭۈل ئارزۇسى، پىكىر- تىلىكى، مەقسىتى، نىيەت - ئىقبالى پەرقسىز ئادەمنىڭ دىلى بىلەن گەپ - سۆزى ئوپئوخشاش بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى بىرنىڭ غېمى بىر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئارزۇ - تىلىكى، پىكىر - مۇددىئاسى، نىيىتى ئوخشاش بولغان كىشىنىڭ ئويلايدىغىنى، كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، ئەندىشىسى بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى بىرنىڭ ئىشى بىر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئارزۇ - تىلىكى، پىكىر - مەقسىتى، نىيىتى ئوخشاش بولغان كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىش - ھەرىكىتىمۇ سۆزى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر**

بۇ، ئىچى تار، دائىم يامانلىقنى ئويلايدىغان، بىرەھىم ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىمۇ باشقىلارغا زىيان سېلىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىلى ھەسەل، قولى گۈل**

بۇ، ھىيلە - مىكىرنى بىلمەيدىغان، پەزىلەتلىك، رەھىمدىل ئادەم تۇرمۇشتا رەتلىك بولۇپ، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار ئۆيگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ كىرگەنلىكى كىشىلەرگە گۈلچەھرىنى «دىلى ھەسەل، قولى گۈل» ، «بەش بارمىقىدا، خۇدا ھەققى، ساپلا بەرىكەت» دەپ ماختاپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

**دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،**
**ئەل سۆيگەننىڭ يولى (ئوچۇق)**

بۇ، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل ئادەم باشقىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان، مەرد - سېخىي بولىدىغانلىقىنى؛ يۇرتىنى، خەلقىنى قەدىرلەيدىغان، ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۇرۇشىدىغا-

لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىمىغى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر**

بۇ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، هاكاۋۇر ئادەملەر ئۆ-زىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن نەپرەتكە ئۇچراپ، زاۋال تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىنسىزنىڭ ئەدىبىنى ئىمانسىز بېرەر**

بۇ، هېچنېمىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان، ئىخلاس- دىيانىتى يوق، غايىسىز ئادەمنى ئىشەنچ - ۋىجداندىن مەھرۇم بىرەھىم ئادەم باپلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىنىم ئۈچۈن ئەمەس،**
**كۆڭلۈم ئۈچۈن ئوقۇيمەن**

بۇ، هەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇ-مۇمىيلىق نەزەردە تۇتۇلغان مۇئەييەن نى-شان، غايە، ئەقىدە بولۇش زۆرۈر ئىكەنلى-كىنى، ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ر

**رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار**

بۇ، ئىختىيارىي ھالدا چىن دىلدىن قىلىنمىغان غەمخورلۇق ياردەم كېيىنكى كۈندە مىننەتكە ئايلىنىپ، كۆڭۈل ئاغرىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**راست بىلەن يالغان بىر يەردە جەم بولالماس**

بۇ، توغرا - ئادىللىق بىلەن ھىيلە - مىكىر، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولۇپ، ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە،**
**يالغان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ**

بۇ، چىن دىلدىن ئېيتىلغان توغرا، ھەق سۆز سىرتقا تارقالماي، بېسىلىپ قالىدىغانلىقىنى، پىتنە - ئىغۋا، تۆھمەت خاراكتېرىدىكى ئويدۇرما سۆز ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ئالەمنى بىر ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**راست گەپكە سوئال يوق**

بۇ، ھەرقانداقلىكى ئىشتا ھەق - توغرا سۆزلىگەن ئادەم ئىشەنچكە ئېرىشىپ، سوراققا ئۇچرىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**راستلىق — ھەقلىق**

بۇ، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىكتىن خالىي ھالدا توغرا، سەمىمىي بولۇش پاكلىق، ئادىللىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىدىغان سەمىمىيەتسىز كىشىنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى ئۇزاققا بارمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ،**
**يولۋاسنى كۆرسە تايغان**

بۇ، چىنلىق، ھەققانىيەت، ئادىللىق بار جايدا ساختىلىق، ئالدامچىلىق، تۆھمەت پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ؛ ۋىجدانلىق، جاسارەتلىك، مەرد ئادەم ئالدىدا قورقۇنچاق، نامەرد، بېخىللار باش كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**راست ئېيتتىڭ قۇتۇلدۇڭ،**
**يالغان ئېيتتىڭ تۇتۇلدۇڭ**

«راست ئېيتقان قۇتۇلار، يالغان ئېيتقان تۇتۇلار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

راست ئېيتقان قوتۇلار،
يالغان ئېيتقان تۇتۇلار

بۇ، ھەر ۋاقىت توغرا، ئادىل، ھەق سۆزلەيدىغان، راستچىل ئادەم خەۋپ - خەتەر، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ؛ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلغان ئادەم ھەرگىز ئامان قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا سۈپەت - ئۈنۈمنى، مالنى ئېتىبارغا ئالماي، ساختىلىق، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، رەڭۋازلىققا بېرىلىدىغان شەكىلۋازلىقنى بىلدۈرىدۇ.

رەختنىڭ ياخشىسى تاۋا،
توننىڭ ياخشىسى جوۋا

بۇ، ئېسىل رەخت كۆركەم - نەپىسلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغانلىقىنى؛ مەزمۇت سىرتقى كىيىم بولسا بەدەننى سوغۇقتىن ساقلاپ، ئىسسىق تۇتۇش ئارقىلىق ئادەمگە راھەت - ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەختى بارنىڭ بەختى يوق،
بەختى بارنىڭ رەختى (يوق)

بۇ، تىرىكچىلىكتە ئادەملەرنىڭ شەرت - شارائىتى، ئامەت - تەلىيى تەپتەكشى، تولۇق بولمايدىغانلىقىنى، بىر جەھەتتىن تولۇق بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن يېتەرسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەختىڭگە ئىشەنمە،
بەختىڭگە ئىشەن

بۇ، ھەركىم قولىدىكى مال - دۇنيا، بايلىقىغا تەمەننا قويۇپ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكنى، ئېرىشكەن ئامەت - تەلىيىنى قەدىرلەپ، تىرىشچانلىقنى بەختنىڭ ئۇلى قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەڭمۇ رەڭ بولاي دەيمەن،
ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن

بۇ، تۇغما ھۆسن - چىرايىغا قانائەت قىلماي، دائىم ئۆزىنى پەردازلاپ، خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ياسانچۇقلۇق ئادىتىنى يۇقتۇرۇۋالغانلار ئاقىۋەتتە كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەي، نەزەردىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەمچى سالىدۇ رەمنى،
كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى

بۇ، ساختىپەز - ئالدامچىلارنىڭ بىرەر كىشىنى «كۆزىتىپ» ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاساسسىز ھۆكمى، بەرگەن خىيالىي تەبىرى تىنچ - خاتىرجەم كۆڭۈلنى ئەنسىزلىككە سېلىپ، تەشۋىشلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

رەمچىگە ئىشەنمە، رەمسىزمۇ يورمە

«پالغا ئىشەنمە، پالسىز يورمە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

رەمچىنىڭ رەمىدىن
ئۆزۈڭنىڭ خىيالى ياخشى

بۇ، ھەركىم ئۆز تەقدىرى، كېلەچىكى

توغرۇلۇق ئالدامچىلار ئاغزىدىن چىققان ئاساسسىز گەپلەرگە ئىشىنىپ كەتمەي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئوي - پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈش ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**رەھمى يوق ئادەمدىن**
**رەھمى بار ئىت ياخشى**

بۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارغا كۆيۈنمەيدىغان، باغرى قاتتىق ئادەمدىن كۆرە، باققانىنى بىلىدىغان، ۋاپادار ھايۋان ئەلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**رەھىمسىزنىڭ قولى قان**

بۇ، ئېغىر كۈنلەرگە قالغان بىچارىلەرگە ئىچى ئاغرىمايدىغان، تاش يۈرەك ئادەمنىڭ قولى شورلۇق بولۇپ، قاتىللىق قىلىپ قان قەرزگە بوغۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**رودۇپاي كالتەكتىن قورقىدۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، بىغەرەز، توخۇ پوقى ئادەمگە تاياق - دومبا لازىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنداقلارنى تەن جازاسى بىلەن باشقۇرۇش ئوڭاي چارە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**روزىدا گۇناھ يوق،**
**ھەممە گۇناھ باراتتا**

بۇ، ئىلىم - مەرىپەت، ياخشىلىقنى دوست تۇتۇپ، قانۇن - قائىدىلەرگە رىئايە قىلغان ئادەم گۇناھتىن خالىي ئىكەنلىكىنى، يولدىن چىققانلار ھەممە بۇزۇقچىلىقنى قىلىپ، گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**روزىنى مەن تۇتسام**
**ھېيتنى باشقىلار ئوينىدى.**

بۇ، ئىشلىگەنلەر ھالال مېھنەت ئەجرىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمەي ئەكس ھالدا ئىشلىمىگەنلەر راھەت كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

سۇ كەلتۈرگەن خاردۇر، ئەزىز كوزا چاققان،
چۈنكى ئۇنىڭ خۇشامەتكە تىلى چاققان.
ھېيتەم تۇتسا روزىنى ساق ئۇزۇن كۈندە،
روزى ئوينار كۈلۈپ ھېيتنى توي - تۆكۈندە.

# ز

زاتى پەسنىڭ تېگى پەس

بۇ، ئەسلى لېيى پىشمىغان كىيسەك ياخشى چىقمىغاندەك، ئەسكى ئادەمنىڭ تېگى - تەكتى ناچار، ئەجدادى پەس بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زارلىغانغا كەلمەيدۇ،
قارىغانغا بەرمەيدۇ

بۇ، ئىشلىمەي - ئەمگەك قىلماي موھتاجلىقتا قېلىپ بىھۇدە قاقشاپ، بىراۋدىن شەپقەت كۈتكەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەجىرسىز تەلمۈرگەن بىلەن ھېچكىم بىر نەرسىنى بىكارغا بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زارىم بار، زورۇم يوق

بۇ، ① بىراۋ دەرد - ئەلەمگە ئۇچرىغاندا ھەسرەتلىك نالە - پەرياد قىلىسمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىلاجى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقتىن ئادا - جۇدا بولۇش ئۈمىدى بولىسىمۇ، بۇنىڭغا كۈچ - مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زاغرانىڭنى يەپ، ناغرانىڭنى چال

بۇ، ھەركىم ئېرىشكەن كۈنىگە، تۇرمۇش، ھال - ئۇقتىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىپ، ئارتۇقچە ھەۋەسكە بېرىلمەي، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

زاغرا نان زەردىنى قايىنتار،
بىر كۈن بولمىسا كۆزنى ئويىنتار

بۇ، ھەركىم تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ياشاشقا ئادەتلىنىپ، غىزا - تاماقنى ئىلغىماسلىق كېرەكلىكىنى، تىرىكچىلىكتە ئىنسان ئاشلىقسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زاغرا نان قېتىقتا ياخشى،
قېرى كالا پېتىقتا (ياخشى)

بۇ، ھەركىم ئاش - تاماقنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ يېيىش لازىملىقىنى؛ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن پېشقەدەملەر تەجرىبىلىك بولغاچقا، دۇچ كەلگەن مۈشكۈل ئەھۋالغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا،
پادىشاھنىڭ ھۆكمىدىن (ساقلا)

بۇ، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان زوراۋانلارنىڭ زورلۇقىدىن قوغدىنىش؛ ئەمەلدارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ بىھۇدە ئەزىيەت چې-

كىشتىن ساقلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**زامانەڭ تۈلكە بولسا،**
**سەن ئۇنىڭ تايغىنى بول**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ۋەزىيەتكە بېقىپ زامانغا لايىق يول تۇتۇش، ئىش - ھەرىكەتىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي، بىز بولساق بىر ئىشچى، ئەت دېسە ئېتىمىز، ئاچ دېسە ئاچىمىز، كونىلاردا «زامانەڭ تۈلكە بولسا، سەن ئۇنىڭ تايغىنى بول» دېگەن گەپ بار، ھازىر ھەممىسى ئەمەل بىلەن گالنىڭ كويىدا كۆيۈپ يۈرىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئىمىنمۇ بىرەر ئامەتنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىمۇ! دېدى ئۇ.

**زامان تۈزەلسە،**
**يامانمۇ تۈزىلەر**

بۇ، دەۋر ئۆزگىرىپ، مۇقىملىق، تىنچ - ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنسە، بۇزۇق ئېلېمېنتلار، يامان ئىش - ئىللەتلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

**زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ**

بۇ، ۋەزىيەتنىڭ ياۋاش - ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كەيپى - ساپا پەيزىنى سۈرۈپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئۆكتەملەرگە يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**زامان ساڭا باقمىسا،**
**سەن زامانغا باق**

بۇ، كۆپ ھاللاردا ۋەزىيەت، شارائىت كىشىلەرنىڭ ئىرادە - ئارزۇسىغا باقمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئادەم ۋەزىيەت، شارائىتقا ماسلىشىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ:

سوراقتا ئۇيقۇسىز تۇردۇم كېچىلەپ،
دېدىكى: «بەربىر قالالمايسەن ساق.
ئېسىڭنى تاپ، زامان ساڭا باقمىسا،
ئىتائەت قىلغىنىكى، سەن زامانغا باق.
ئېگىلگەن باشنى ھېچ كەسمەيدۇ قىلىچ،
بۇ ئۆچمەس ھېكمەتكە ئىشەن، سال
قۇلاق».

**زامانغا قاراپ ئىش تۇت،**
**يوتقانغا قاراپ سۇن پۇت**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت زامان بىلەن ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، تۇرمۇشتا ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**زاھىتلىققا سەللە نە كېرەك،**
**مۇھەببەتكە دەللە (نە كېرەك)**

بۇ، دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيالىق يولىغا ماڭغان ئادەم ئۇچۇن تون - سەرپاي بىھاجەت ئىكەنلىكىنى؛ ئىشقى - مۇھەببەت ئەسىرىگە ئايلانغانلارغا تېپىشتۇرغۇچى، ئەلچىنىڭ لازىمى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زەرنىڭ دوستى تولا،**
**زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا)**

بۇ، ① دۇنيا - دەپىنە، ئالتۇننى ھەمە-
مە كىشى ياخشى كۆرىدۇ، مۇۋەپپەق بولۇش-

قا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ئىلىم - مەرىپەتنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدۇ، بىلىملىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئىلىم ئەھلى، ئالىم - ئاقىللار تەقىبلىك ۋە رەقىبلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر خار بولۇپ، جاھىللار ئەزىز بولغىنى دۇنيادا كۆپ كۆرۈلگەن ھادىسە. كونىلار «زەرنىڭ دوستى تولا، زەرگەرنىڭ دۈشمىنى» دېگەندەك، بىلىم ئەھلىنىڭ دۈشمىنى كۆپ ۋە قەبىھ بولىدۇ، دېدى ساۋۇتۇپ ئۇلارغا.

زەھەرلىك يىلاننىڭ قاسىرىقى ئالا

بۇ، ① جانلىقلارنى نابۇت قىلىدىغان زىيانداشلار رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشتە بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: نىيىتى بۇزۇق، ئالا كۆڭۈل سۇيىقەستچىلەرنىڭ دۈشمەنلىكى، ھىيلە - مىكرىسى خىلمۇخىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق

بۇ، قائىدە - تۈزۈم، ئادالەتتىن چەتنەپ باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان زۇلۇم - زوراۋانلىقنىڭ نەتىجىسى ئېتىبارغا، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان خارلىق بىلەن ئاياغلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زورلىغاننىڭ زورى بار،
ئىسسىق ناننىڭ ھورى بار

بۇ، ياخشى نىيەت بىلەن باشقىلارنى بېرەر ئىشقا دالالەت قىلغاننىڭ مۇقەررەر پايدىسى، ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغانلىقىنى؛ تونۇردىن يېڭى قومۇرغان نان قىزىق، يۇمشاق بولغاچقا، مەززىلىك، يېيىشلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زېدى پەسنىڭ تېگى پەس

«زاتى پەسنىڭ تېگى پەس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

زېرەك تېپىپ سۆزلەيدۇ،
قوپال كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ)

بۇ، چېچەن - سەزگۈر ئادەم ھەر ۋاقىت كاللىسىنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھوشيارلىق بىلەن پەملەپ كۈتكىنىدەك گەپ قىلىدۇ؛ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت، ھاماقەت ئادەم كىچىككىنە بىر ئىش قىلسا مەغرۇرلىنىپ ماختىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زېرەك كىشى خۇشامەتنى دوست تۇتماس

بۇ، ئەقىللىق، چېچەن، ھوشيار ئادەم بىراۋغا ياخشى كۆرۈنۈش مۇددىئاسىدا غەيرىي قىلىقلارنى قىلمايدۇ، خۇشامەتگۈيلۇقنى راۋا كۆرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زېھنىدا زاڭ كۆرمىگەن،
چۈشىدە نان (كۆرمىگەن)

بۇ، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن، ئۆمرىدە چوڭراق بىر ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەن، تىرىكچىلىك يولىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ يارامسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي،

**نۇۋىگە ئىشلە**

بۇ، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ئۆزىگە تەۋە ئىشلاردا ساختىلىق، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، مۇھىمى سۈپەتكە، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زىرائەت يەرنىڭ ئۆگەي بالىسى، ياۋا ئوت ئۆز بالىسى**

بۇ، دېھقانچىلىقتا پەرۋىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سەل قارالسا تېرىغانغا يارىشا ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، ھوسۇلدىن زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زىغىر تېرىغان يەر — كېزىك بولغان ئەر**

بۇ، زىرائەتلەر ئىچىدە زىغىر يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەڭ كۆپ شورىغاچقا، ئېتىز خۇددى ئۇزاق ئاغرىپ ھالسىزلانغان بىماردەك ئاجىزلاپ، تويۇندۇرۇپ ئوغۇتلاشقا موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زىغىر تېرىمىغان يەر قالماپتۇ، بەگ بولمىغان ئەر (قالماپتۇ)**

بۇ، ھەممە ساھە - كەسىپلەرنى ئالا قويماي ھەممە ئىشقا ئارىلاشقان، قىلمىغىنى، كۆرمىگىنى قالمىغان قاغدالما كىشىلەرگە قارىتىلغان.

**زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق**

بۇ، تىرىكچىلىك جەريانىدا ئۇچرىغان بىھۇدە چىقىم، ئوڭۇشسىزلىق كىشىگە دەرد - ئەلەم، خاپىلىق كەلتۈرىدىغانلىقىنى؛ ئېرىشكەن نەپ - ھايان، مۇۋەپپەقىيەت بولسا شادلىق، ھۇزۇر - ھالاۋەت بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساغلام تەندە ساپ ئەقىل**

بۇ، سالامەتلىكى ياخشى، تەندۇرۇس ئادەمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، پىكىر قىلىش، ئويلاش قابىلىيىتى تولۇق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنىڭ بىرى غالىپمۇ،

ئۆكسىدەك ئەلاچى.
«ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» ،
دېگەن شۇڭا يۇرت ئىچى.

**ساقال باسسا قېرىمىكىن دېمە،**
**چۈشىن چاقسا ھەرىمىكىن (دېمە)**

بۇ، بىراۋنى ساقىلىغا قاراپ قېرىكەن، كۆچىدىن قاپتۇ دېمەسلىك، ساقاللىقلار ئە- چىدە قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلىدىغىنى بار؛ چۈشىن ھەرىچىلىك چاقالمايدۇ؛ كى- چىكلەر ھەرقانچە كۈچىسىمۇ چوڭلارنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقال دېگەن ئۆچكىدىمۇ بار**

بۇ، ساقال ئومۇمەن كىشىلەر ئارا ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلدۈرۈشنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ساقاللىق ئادەمنىڭ ھەممىسىگىلا ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلدۈ- رۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: تەق- سىر، ساقال دېگەن ئۆچكىدىمۇ بار، ھۆر- مەت ساقالغا مەنسۇپ دېيىلسە، ئۆچكىگىمۇ سالام قىلىشۋەتسىلە، دېدى داموللام.

**ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ**

بۇ، ئازغىنا مەنپەئەتتىنمۇ ۋاز كېچەل- مەيدىغان، كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەت ئۈ- چۈن كۆزى قىزىرىدىغان چۈپەي ئادەملەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقالغا قاراپ بۇرۇت،**
**پوشكالغا قاراپ دۇرۇت**

بۇ، ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت شۇ مەزگىل ۋە شۇ نەرسىنىڭ ئېھتىياجى، ئە- مەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ، دېگەن مەنـ- نى بىلدۈرىدۇ.

**ساقتىن زېرەك گاچا بار،**
**شاختىن چىڭراق ئاچا (بار)**

بۇ، تەندۇرۇس بولغان كىشىلا ئەقىل- لىق ھېسابلانمايدۇ، تىلسىز كىشىمۇ زې- رەك، چېچەن كېلىدۇ. شاختىنمۇ مەزمۇت تىرەك بولىدىغان ياغاچ تېپىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساق كۆز يىغلىسا،**
**قارىغۇ كۆزدىن ياش چىقار**

بۇ، بىرەر قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن بىچارىگە سەمىمىي ھەمدەم بو- لىدىغان، ئېسىل پەزىلەتلىك، رەھىمدىل ئادەم تېپىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقلىساڭ يۈز كۈنلۈك،**
**ساقلىمىساڭ بىر كۈنلۈك**

بۇ، تۇرمۇشتا پىلانلىق، تېجەشلىك - ئىقتىسادچىللىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن كى- شى ئاز نەرسىنىمۇ ئۇزاق ۋاقىتقا يەتكۈزە- لەيدۇ؛ ئەكسىچە بۇزۇپ - چېچىپ، بەت- خەجلىك، ئىسراپچىلىق قىلىدىغان پىلانسىز كىشىگە كۆپ نەرسىمۇ بىر دەملىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقلىقتا خورلۇق يوق**

بۇ، ھەر ۋاقىت سالامەتلىكنى ئاسرىغان، روھىي ھالەتتە تېتىك، ئېھتىياتچان بولغان ئادەم ھەرگىز كەمسىتىلىشكە ئۇچرىمايدۇ، خارلانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقىلىڭنىڭ ئېقى بار،**
**بالىلىقىڭ تېخى بار**

بۇ، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئىش - ھەرىكىتى، قىلىقى تېتىقسىز ئادەملەرنىڭ تەنتەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مايىمخان تەئەججۈپلەنگەن، قانداقتۇر ھاياجاندىن يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان، ساقىلىڭنىڭ ئېقى بار، بالىلىقىڭ تېخى بار دېگەندەك، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى قاراڭلار، دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى.

**ساقىلنى ساتقان قېرىدىن،**
**ئەمگەكنى ساتقان بالا ياخشى**

بۇ، ھەدېسە يۈز - ئابرۇيى، مەرتىۋىسىنى، چوڭلۇقىنى پەش قىلىپ كۆرەڭلەيدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان مۆتىۋەردىن كۆرە، بىرەر ئىشقا ئەجىر سىڭدۈرۈپ نەتىجە قازانغان ئىشچان ياخشى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «ساقىلنى ساتقان قېرىدىن، ئەمگەكنى ساتقان بالا ياخشى» دېگەندەك، ئۇ دائىم ساقىلىنى سېتىپ، ئۆزىنى خار قىلىدۇ.

**ساق بېرىمنىڭ ھالى يوق،**
**ئاغرىق بېرىمنىڭ تايىنى (يوق)**

بۇ، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، سالامەتلىكنى ئاسرىمايدىغان ئېرىنچەك كىشىلەرنىڭ چىدامسىز، بوشاڭلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساقىي بولساڭ ساق بول**

بۇ، ئادەم بىرەر ئىشنى قىلغاندا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل كۈچ چىقىرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساڭا قاراپ مەن،**
**ئىشىككە قاراپ دەم**

بۇ، ھەرقانداق ئىش شۇ ۋاقىت ۋە شۇ ئورۇندىكى ئېھتىياج، ئەمەلىي ئەھۋال ۋە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم**

بۇ، بىراۋنىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ قىلغان يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئاسانلا ئالدىنىدىغان ئادەملەرنىڭ كەم ئەقىللىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇرەسسەچىلەر ماڭا «بالاڭ بېشى ئۆزىڭىز بولغاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ بىچارە ئايالنى تەلىگە ئۆزىڭىز ئېلىڭ» دېيىشتى. مېنى تەشۋىشلىك خىياللار باستى، «سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم» دېگەندەك، بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم.

**سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل**

«ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سالامچى بولساڭ تۆرگە ئۆت**

بۇ، ھەر ۋاقىت كەمتەر، ئېھتىياتچان- لىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، قائىدە - يو- سۇنغا ئەمەل قىلغان ئادەم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سامان باشقىلارنىڭ بولسىمۇ،**
**سامانلىق ئۆزۈڭنىڭ**

بۇ، يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىدا ھەركىم قورسىقىغا تۇشلۇق ئوزۇقلىنىشقا ئادەتلىنىپ، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىقنى، نەپسىنى كونترول قىلالماي كۆپ يېۋېلىپ سىڭدۈرەلمەي ئازابلىنىشتىن ساقلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سامان كىشىنىڭ بولغان بىلەن،**
**سامانلىق ئۆزۈمنىڭ**

«سامان باشقىلارنىڭ بولسىمۇ، سامانلىق ئۆزۈڭنىڭ» دېگەننىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سامان ئوتۇن بولماس،**
**جالاپ خوتۇن (بولماس)**

بۇ، ئۆت - چۆپنى ھەرقانچە قالىغان بىلەنمۇ يېقىلغۇنىڭ ئورنىنى باسالمىغان- دەك، پاھىشىلىكنى كەسىپ قىلىپ يولدىن چىققان بۇزۇق ئايال نىكاھلىق بولۇپ، بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە ئۆتۈشكە كۆنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سانسىزغا سان تەگدى،**
**ئىشتانسىزغا ھال (تەگدى)**

«سانسىزغا سان تەگكەندە، ئىشتان- سىزغا ئاغ تېگەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سانسىزغا سان تەگكەندە،**
**ئىشتانسىزغا ئاغ تېگەر**

بۇ، تۇتامى يوق، سۇيۇق ئادەم بىرەر ئەمەل - مەرتىۋە، مەنپەئەتكە ئېرىشسە ئۆ- زىنى تۇتالماي كۆرەڭلەپ، كەمبەغەل - ئا- جىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۈن بىسەرمەيدى- غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سانى بار، ساپاسى يوق**

بۇ، بىر ئىشنىڭ سان - مىقدارىغا كۆ- ڭۈل بۆلۈپ، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرمەس- لىكنى بىلدۈرىدۇ: ئاشۇ كۈنلەردە ھەر يىلى بىرسى باشلىق بولۇپ، ھەر بىرى بىر ئۆس- تەڭ چاپتۇرۇپ، سانى بار، ساپاسى يوق ئىشلار كۆپ بولغاچ، ئىشلەپچىقىرىش يۈك- سەلمىدى.

**سانىماي سەككىز دېمە**

بۇ، ئەمەلىيەتنى كۆرمەي، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، بىر نەرسىگە تەخ- مىنىي، قارىسىغا باھا بېرىشنىڭ توغرا ئە- مەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

«ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ ئۆزگىنى شىر بىل»،
پاراسەت ئەل ئىچىدە شۇنى ياخشى بىل.
«سانىماي سەككىز دەپ» پو ئاتساڭ ئەگەر،
تىلىڭدىن سۇنار چىشىڭ ئۇندىن ھەزەر قىل.

**ساۋابىنىڭ قوغى تۆشۈك**

بۇ، بىراۋغا رەھىم - شەپقەت، ياخشى-

لىق قىلىپ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرگەنلىكنى ياكى بىرەر تاپا - تەنىگە قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، بۇنداق قاملاشمىغان گەپنى زادى قىلماڭ! ھەي - ھەي! ... ساۋابنىڭ قوڭى تۆشۈك، دېگەن شۇدە! دەپ تۇختىنىڭ گېپىنى بۆلدى.

**سائىتى كەلگەندە سەپەر قىل**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن باشقا، قۇلايلىق شارائىت، پۇرسەت - پەيتنى تېپىپ ئاتلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

زەن قويۇپ ئۆگەندى كۆز داۋالاشنى،
چىن ئىخلاس بىلەن ئۇ يەنە ئىككى يىل.
كەتكىلى قويماستىن دەيتتى ئۇستازى،
«سائىتى كەلگەندە، ئاندىن سەپەر قىل».

**ساياق ئۈچۈن ئىككى دۇنيا بىر قەدەم**

بۇ، مۇقىم ماكانى يوق، سەرگەردان ئادەمنىڭ ئايىغى يېنىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇ يۇرتمۇ يۇرت ئېقىپ يۈرۈپ، جاھان كېزىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ساياق يۈرگەن تاياق يەر**

بۇ، ئەلدىن ئايرىلىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەردە ئېقىپ يۈرىدىغان سەرگەردان ئادەم ئەدىپىنى يەپ دەرد تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە**

بۇ، ئاز - تولا ماددىي شارائىت، ھال - ئوقەت، مەرتىۋىگە ئېرىشىپ كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سايدا تاش تېپىلماپتۇ،**
**ئاختارمىدا داڭگال**

بۇ، توققۇزى تەل، ھەممە نەرسە بار تۇرۇقلۇق، ۋاقتى كەلگەندە كۆڭلى تارتقان نەرسىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: «سايدا تاش تېپىلماپتۇ، ئاختارمىدا داڭگال» دېگەندەك، گۆھەرخان چوڭ ئانام ئاشخانىدىن روزاقنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك بىر نىمە تاپالمىدى، «بۇ تېخى كۆپىنى تويدۇرىدىغان كوللېكتىپ ئاشخانىمىش» دېدى ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىپ.

**سايغا تاش يۇدۇپ بېرىپتۇ،**
**جاڭگالغا ئوتۇن**

بۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇش كېرەكلىكىنى، رېئال ئېھتىياجغا ماسلاشمايدىغان ئەخمىقانىلىقنى قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**سەپەرچىنىڭ سەرەڭگىسى ئۇنتۇلار،**
**ھېچ بولمىسا يىپ - يىڭنىسى (ئۇنتۇلار)**

بۇ، بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاز - تولا چىقىم، زىيان تارتىش بولۇپ تۇرىدۇ، سەپەرگە ئاتلانغاندا ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەپەردە ياخشى ھەمراھ**
**تۇغقان بىلەن ئوخشاش**

بۇ، باشقا كۈن چۈشكەندە ھەمدەم بولغان، جانغا ئەسقاتقان ئادەم ياخشىلىق كۆر-

ئەبەدىي
گۈچىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ، 
ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن
ھېلىقى مەرەزدىن قاچان قۇتۇلارمەن دەپ
ئولتۇراتتىم، سىز كېلىپ خاتىرجەم بول-
دۇم، يولدا ھەمراھ بولىدىغان بولدۇق،
دېدىممەن قورۇنمايلا ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا.
— «سەپەردە ياخشى ھەمراھ تۇغقان
بىلەن ئوخشاش» دەپتىكەن، ئۆزئارا ياردەم-
لىشىپ بىرگە كېتىمىز، — دېدى ئۇ.

**سەپەر قىلغان يول بىلەر،**
**كۆپنى كۆرگەن مول (بىلەر)**

بۇ، يۇرت كەزگەن ئادەم قائىدە
- يوسۇننى، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ؛ ئەمە-
لىيەتنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئادەمنىڭ
بىلىدىغانلىرى جىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**سەت كۆرۈنگەن سارايغا تۇۋرۇك بولۇر**

بۇ، بۇرۇن يامان كۆرىدىغان، چىقىش-
شالمايدىغان ئادىمىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە
دىققەت - ئېتىبارغا ئىگە، ياراملىق بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: خەنسا دوقا
تېزلا يېتىپ كەلدى، «سەت كۆرۈنگەن سا-
رايغا تۇۋرۇك بولۇر» دېگەندەك، يېشى قى-
رىقتىن ئاشقان بۇ شەللەڭزە، داقى خوتۇن
ھاپىز جۇيجاڭنىڭ ئەتىۋارلىق كۆزمونچىقى
ئىدى.

**سەتلىكىمنى بىلىندۈرمىگەن**
**خۇش خۇيلۇقۇم**

بۇ، مىجەز - خۇلقى، مۇئامىلىسى
ياخشى، ئوچۇق چىراي، چىقىشقاق ئادەم-
نىڭ سەتلىكى بىلىنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**سەتنىڭ ھالى يامان،**
**چىرايلىقنىڭ دەردى (يامان)**

«چىرايلىقنىڭ دەردى يامان، سەتنىڭ
ھالى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلارنىڭ
«سەتنىڭ ھالى يامان، چىرايلىقنىڭ دەر-
دى» دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ ئاز -
تولا ھالىمىز بولمىسىچۇ، سىلىدەك داڭدار
ئاشىق ھۆرلىقالار بىر دەمدە ئادەمنى كەشكە
پېتەك قىلىۋالىدۇ، خېنىم! دېدى ھەشخان
لەيلىخانغا تەنە قىلىپ.

**سەدىقە بالانى يەر،**
**تۈۋا گۇناھنى (يەر)**

بۇ، يوقسۇز - نامراتلارغا قىلىنغان
خەير - ئېھسان، ياخشىلىق باشقا كېلىدىغان
خەۋپ - خەتەر، پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛
قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، خاتالىقىنى تو-
نۇغان، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى
يولغا مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمنىڭ
گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**سەركە ھوشيار بولسا،**
**مالغا ئاپەت كەلمەس**

بۇ، چارۋا ماللارنىڭ ئامانلىقى، بىخە-
تەرلىكى پادىنى باشلايدىغان سەركىنىڭ سەز-
گۈرلۈكىگە باغلىق بولغىنىدەك؛ مەلۇم ئو-
رۇن ياكى يۇرتنى باشقۇرۇشتا رەھبەرنىڭ
رولى چوڭ ئىكەنلىكىنى، باشلىق دانا، قا-
بىلىيەتلىك بولسا، پۇقرا جاپا تارتماي، خا-

تىرجەم - باياشات ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەركىسى بولمىغان پادا يولدىن ئازار**

بۇ، مەلۇم ئورۇن ياكى يۇرتقا نىسبەتەن يولباشچى رەھبەرنىڭ رولى چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز پۇقرا ئىگە - چاقىسىز قېلىپ، خەۋپ - خەتەر، ئوڭۇشسىزلىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئېلى پالۋان بىلەن سەپەر قۇل ۋە ئامانقۇللار بولسا، خەلپەم ساقايسۇن، سەركىسى بولمىغان پادا يولدىن ئاسان ئازىدۇ، دەپ بۇ پىكىرگە قوشۇلمايتتى.

**سەكرىگەننى باس، يىقىلغاننى يۆلە**

بۇ، بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن بىھۇدە ئاچچىقلانغان ئادەمگە تەسەللى بېرىش؛ كېلىشمەسلىك كېلىپ، پالاكەت باسقاننى بولسا خەيرخاھلىق بىلەن يۆلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەللە بىلەن يوتقانغا كىرىپتۇ**

بۇ، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە كاللىسىنى ئىشلەتمەي، ئەخمىقانە ئىش قىلىدىغان پاراسەتسىز، ھاماقەت ئادەملەرنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەللە دېگەن يۈك، ساقال دېگەن تۈك**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقى سەللە ئوراپ، ساقال قويۇشى بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى پاك دىيانەتلىك، پەزىلەتلىك ئىش - ئىزلىرى، ئەدەپ - ئەخلاقلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەللە يوغان باش كىچىك،**
**داستىخان چوڭ نان (كىچىك)**

بۇ، قىلغان - ئەتكىنى ئىسمى - جىسمىغا، نام - ئابرۇيىغا ماسلاشمىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن بېخىل كىشىلەرگە قارىتىلغان مەسخىرە — تەنىنى بىلدۈرىدۇ: سورۇندىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئۆز پارىڭىغا چۈشتى، كىمدۇر بىرى تەنە قىلىپ، سەللە يوغان باش كىچىك، داستىخان چوڭ نان كىچىك دېسىلە، يۇسۇپ چوڭ؟ دېدى. لېكىن ئۇ بۇ تەنىنىڭ ئۆزىگە ئالاقىسى يوقتەك خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

**سەللە يوغان ئىمان يوق،**
**داستىخان يوغان بىر نان (يوق)**

«سەللە يوغان باش كىچىك، داستىخان چوڭ نان كىچىك» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سەللە يوغان ئىمان يوق،**
**دەرۋازا يوغان بىر نان (يوق)**

«سەللە يوغان باش كىچىك، داستىخان چوڭ نان كىچىك» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سەللىسى مۇسۇلمان،**
**ئۆزى كاپىر**

بۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېتىقادىغا، ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچى، سەممىيەتسىز كىشىلەرنىڭ دىيانەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن بۆرىنى ئايساڭ،**
**بۆرە سېنى تالايدۇ**

بۇ، ھەركىم دۈشمەنگە يۈز ـ خاتىر، كەڭ قوللۇق قىلماسلىقنى، دۈشمەنگە ئىچ ئاغرىتىپ، رەھىمدىللىك قىلغانلار ئاقىۋەتتە دۈشمەنگە يەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن تارت ـ مەن تارت،**
**بوش تۇتۇپ چىڭ تارت**

بۇ، بىر ئىشنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشىپ سىپلىق سالىدىغان، كۆرۈنۈشتە بەك كۆچەۋاتقان بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە پاسسىپلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھورۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن تاز دېگۈچە،**
**مەن تاز دەۋالاي**

«سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي، گۇناھىمغا مۇشت يەۋالاي» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ھەممە قىلغۇلۇقنى ئۆزۈڭلار قىلىپ، يەنە سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي دېگەندەك، يەنە مېنى ئېرىڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، سەن تاپىسەن دەمسىلەر تېخى؟ دېدى ئۇ.

**سەن تاش سانىساڭ**
**باشقىلار قوم سانايدۇ**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قارىغاندا ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەركىم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەقىللىق، دانا چاغلىماي، كەمتەر بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن تاش سانىساڭ،**
**خەلق قوم سانايدۇ**

«سەن تاش سانىساڭ، باشقىلار قوم سانايدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سەن تېرىيسەن، باللىرىڭ ئورىدۇ**

بۇ، ئاتا ـ ئانىلار تېرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر ئۆمۈر يىغقان بايلىقىنىڭ راھىتىنى پەرزەنتلىرى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن تىنچ — قوشناڭ تىنچ**

بۇ، ھەممە كىشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپتىكىلەر بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا تىنچ ـ مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلىغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي،**
**گۇناھىمغا مۇشت يەۋالاي**

بۇ، قىلغان ـ ئەتكىنى خاتا تۇرۇقلۇق سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىش تۇگۇل باشقىلارغا گەپ بەرمەي، مەمەدانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆكتەملىكىنى بىلدۈرىدۇ: زەۋقىنىڭ ئاشخانىدىكى ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى، ئۇ يەنە قايناپ تۇرۇپ: «سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي، گۇناھىمغا مۇشت يەۋالاي» دېگەندەك، دۇنياغا ئەجەب مەخلۇقلار يارىتىلغانىكەن، دېدى.

**سەن سالا ـ مەن سالا،**
**ئاتقا بوغۇزنى كىم سالا**

«سەن سالا ـ مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سەن سالا ـ مەن سالا،**
**ئاتقا ئوتنى كىم سالا**

بۇ، بەزىلەرنىڭ بۇيرۇلغان ئىشنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ سېلىق سالىدىغان، ئاغى قىلىپ قۇتۇلۇپ قېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ياكى پاسسىپلىق بىلەن كېچىكتۈرىدىغان ھورۇنلۇق ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭ كالام بىلەن قادىرنىڭ كالىسى راۋۇرۇس بىر قوش ئۇي. تۆمۈرنىڭ ئېشىكى بار، كىمدە كىم ئىشقا كەلگەندە «سەن سالا ـ مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا» دېمىسە، بىز جان ـ دىلىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيمىز، دېدى ئۇ.

**سەن كەلسەڭ نېمە ئېلىپ كېلىسەن؟**
**مەن بارسام نېمە ئېتىپ بېرىسەن**

بۇ، ھەمىشە خەقتىن نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەپ، نەپ بېرىشنى خالىمايدىغان نامەرد كىشىلەرنىڭ ئىنساپسىزلىق ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن ئۆزۈڭنى داغلىما،**
**كىشى سېنى ساغلىسۇن**

بۇ، بىرەر جەھەتتە ئاز ـ تولا نەتىجىگە ئېرىشكەندە كۆرەڭلىمەي، ئۆزىنى ـ ئۆزى ماختىماي، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن ئۆل، مەن ياشاي**

بۇ، باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەجرى، ئەمگەك بەدىلى ھېسابىغا نام، شەرەپ قازىنىپ، راھەت كۆرۈشنى كۆزلەيدىغان قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەن ياخشى ـ مەن ياخشى،**
**تونۇر قىزىق نان ياخشى**

«سەن تىنچ — قوشناڭ تىنچ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سەھەردىكى چۈش — ئوڭۇڭدىكى ئىش**

بۇ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ياخشىلىق ياكى يامانلىق ھەر ۋاقىت كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خېنىم بۇ دەھشەتلىك چۈشنى سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەنىدى، ئۇ ئويغىنىپلا قورقۇپ كەتتى، «سەھەردىكى چۈش ئوڭۇڭدىكى ئىش» دېگەن گەپ بار، بۇ نېمىنىڭ ئالامىتىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، نەپىسى بوغۇلدى.

**سەھەر ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق**

بۇ، ئەتىگەن تۇرۇپ ساپ ھاۋادا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەم ئاغرىق ـ سىلاقتىن نېرى، ساغلام، كۈچتۈڭگۈر، سۇرلۇك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەھراغا چىقسا ئېشىكنى تونۇمايدۇ،**
**شەھەرگە كىرسە دوستىنى (تونۇمايدۇ)**

بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ياخشى كۈنگە ئېرىشكەندە ئەتراپتىكىلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ھەممىدىن كېچىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سەھرانىڭ بېگى بولغۇچە،
شەھەرنىڭ ئىتى بول

بۇ، ئەلدىن ئايرىلىپ، چەت - ياقىلاردا يالغۇز ياشاپ دەۋران سۈرگەندىن كۆرە، ئەل ئىچىدە يۇرتنىڭ چاكىرى بولۇپ ئۆتكەن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋەبسىز ئىش بولماس**

بۇ، ھەرقانداق ۋەقە - ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى بولىدۇ، ئاساسسىز ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋەب قىل، تەلەپ قىل**

بۇ، كۆڭۈلگە پۈككەن بىرەر ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چارە - ئامال قىلىش، تەدبىر قوللىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق،**
**قىلالمىساڭ ئامال يوق**

بۇ ھەرقانداق ئىشقا پاراسەت بىلەن چارە - تەدبىر قىلغاندىلا زىيان - زەخمەتتىن ساقلىنىپ، كۆڭۈلسىز ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، خاتىرجەم، باياشات ياشىغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق» دېگەن گەپنى بىلىدىغانلا، تەقسىر؟ بۇ ئالەم — سەۋەب ئالەمى، دېدى يولباشلىغۇچى سوپى.

**سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختار**

بۇ، ئەقىلنى ئىشلىتىپ، پەم - پاراسەت بىلەن ئىش قىلغان ئادەم ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نەتىجە قازىنالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھۈنەرۋەن بالا بۇنىڭغا ئىشىنىپمۇ كەتمەپتۇ، ئىشەنمەيمۇ تۇرماپتۇ؛ «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار» دەپتىكەن، قېنى بۇنىمۇ قىلىپ كۆرەي دەپ ئويلاپ، ھېلىقى بوۋاي دېگەندەك قىپتۇ.

**سەۋر — ئەقىلنىڭ بەلگىسى**

بۇ، بىرەر قىيىنچىلىق، دەرد - ئەلەم، ئاغرىق ئازابىغا چىدام بىلەن تاقەت قىلىش كىشىلەردىكى پاراسەتلىكلىكنىڭ نىشانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، تاقەت بىلەن كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: سىز يېنىكلىك، قىزىققانلىق، ئالدىراڭغۇلۇق ئىللەتلىرىدىن خالىي، ئېسىل خىسلەتلىك قىز، كونىلاردا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار، ئادەملەردىكى سەۋر - تاقەت، چىدام نۇرغۇن ئەسكى خۇي - مىجەزلەرنى يېڭىپ، تەۋرىنىپ قالغان ئائىلىلەرنى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

**سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەر**

بۇ، بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەن ئادەم يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي ئېغىرلىق بىلەن بەرداشلىق

بەرسە كۆزلىگەن ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلەيـ
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋرلىك چىدار، سەۋرسىز يىغلار**

بۇ، تاقەتلىك ئادەم بىرەر قىيىنچىـ
لىق، دەرد - ئەلەم، ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ
كەلگەندە چىدام بىلەن بەرداشلىق بېرىدۇ؛
تاقىتى يوق، غەيرەتسىز ئادەم نالە - زار
قىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**سەۋرنىڭ تۈۋى سېرىق ئالتۇن**

بۇ، بىرەر قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىز-
لىق، پالاكەتكە دۇچ كەلگەندە چىدام بىلەن
تاقەت قىلالىغان كىشى ئاخىر بەختكە نائىل
بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋزە قوشنى بېخىل ئالسۇن،**
**پىياز قوشنى سېخي (ئالسۇن)**

بۇ، پۇل - بايلىقنى پىلانلىق، تېجەشـ
لىك بىلەن ئىشلىتىش؛ ئىش - ئەمگەكنى
مەردلىك بىلەن كۆچىنىپ ئىشلەش كېرەك،
دېگەن مـەنـىنـى بىلدۈرىدۇ.

**سەۋزىدىن خەۋەر يوق،**
**گۇرۇچ دەم يەپتۇ**

بۇ، مۇھەببەت - تۇرمۇش ئىشىدا ئىكـ
كى تەرەپنىڭ بىر-دەك قوشۇلۇشى، پىكىر
ئوخشاشلىقى بولماي تۇرۇپ، قىز ياكى ئو-
غۇل تەرەپ قىزغىنلىقىنىڭ چەككە يەتكەنلىـ
كىنى بىلدۈرىدۇ:

تويي قىلدى سىرداشماي تۇرۇپ ئىككى ياش،
سەۋزىدىن خەۋەر يوق پىشىپ قالدى ئاش.
تويي ئۆتۈپ ئۈچ كۈندە ئاڭلاندى ئۆيدىن،

كۆلكىنىڭ ئورنىغا ئۆكسۈش - بۇقۇلداش.

**سوپى سوۋۇغاننى يەر،**
**تاپسا يوغاننى (يەر)**

بۇ، ئېتىقادقا بېرىلىپ تىرىكچىلىك
بىلەن كارى بولمىغان كىشى تاپقاندا چوڭ
يەپ، تـاپالمىغاندا ئاشقان - تاشقاننى يەپ
غورىگىل ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ.

**سوپىغا باغاق كەتمەس،**
**كوسىغا تارغاق( كەتمەس)**

بۇ، بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئېھتىياج
چۈشمىگەندە ئۇنىڭ تامامەن ھاجەتسىز ئە-
كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودا ساقال سىپىغىچە**

بـۇ، تىجارەتتە ئىككى تەرەپ ئىختىـ
يارلىق بىلەن پۈتۈشكەندە ئالدى - ساتتى
ئىشلىرى تېز، ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودا - سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس**

بۇ، ئېلىم - سېتىم، تىجارەت ئىشى
پۇل بىلەن پۈتىدىغان، قۇرۇق گەپ، تەكەل-
لۇپ ئاقمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**سودىدا دوست يوق**

بۇ، ئېلىم - سېتىم، تىجارەتتە ھېسا-
بات ئوچۇق، توغرا بولۇش كېرەكلىكىنى،
ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقان دەپ بىر
- بىرىگە زىيان سالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈك**
**يايدىغان گۆش كۆرۈندۈك**

بۇ، بىرەر نەرسە سېتىۋېلىشتا سالىماق، تەمكىن بولۇپ، ئالدىرىماي تاللاپ، نەرخىنى پۇختا دېيىشىپ، باھادا ئۇتتۇرۇپ قويماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودىگەرنىڭ پۇلى — دېھقاننىڭ داڭگىلى**

بۇ، تىجارەتتە سودىگەرلەر دېھقاننىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى بىلەن تاپاۋەت قىلىپ نەپ ئالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودىگەرنىڭ جېنى پۇل، خوتۇنى تۇل**

بۇ، پۇل توپلاشقا ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەن تىجارەتچىنىڭ ئائىلىسى بىلەن كارى بولمايدۇ، خوتۇنىنىڭ ئەرگە باغرى قانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا**

بۇ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كەسىپتىكى كىشىلەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ھەرقايسىسىنىڭ تاپاۋىتى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سودىڭىزدىن زېرىكمەڭ،**
**خېرىدارغا تېرىكمەڭ**

بۇ، ھەركىم ئۆز كەسىپىگە ئىشتىياق باغلاپ، قىزغىن بولۇشنى، ئىستېمالچى — چۆپقەتلەرگە چىچىلماي، ئىللىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر**

بۇ، بىر نەرسىگە موھتاج بولغانلار يار-دەم تەلەپ قىلغۇچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھاجەتمەنگە ھەمدەم بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوراپ بىلىش — ئەيىب ئەمەس**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ھەممىلا نەرسىنى بىلىپ كېتەلمەسلىكى ئەيىب ئەمەسلىكىنى، ئەمما بىلمەيدىغان ئىشنى سورا بىلىۋېلىشقا ئىنتىلمەسلىك ئەيىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوراپ - سوراپ مەككىنى تېپىپتۇ**

بۇ، بىلمىگەننى سوراشتىن ئېرىنمىگەن ئادەم ھامان ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ،**
**ئۇيىلا - ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ**

بۇ، تارتىنماي سورىغانلار كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىدىغانلىقىنى، تارتىنچاقلىق قىلغانلار بولسا ھېچنېمە ئۆگىنەلمەي باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سورا - سورا ئىلىم ئاپتۇ،**
**ئىزا تارتىپ كېيىن قاپتۇ**

«سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا - ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سوراقچىدىن تىلماچ يامان**

بۇ، تىل ئۇقۇشمايدىغان ئىككى نەرەپنىڭ سۆزىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشتە تەرجىماننىڭ رولى چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇ پەي-

تى كەلگەندە راستنى يالغان، يالغاننى راست قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سورىغان بىلىم ئالار،**
**ئويلىغان كېيىن قالار**

«سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئويلا - ئويلا كېيىن قاپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سورىمىغان سوئالغا جاۋاب بەرمە**

بۇ، ھەرۋاقىت باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلىپ كەلسە - كەلمەس سۆزلىمەسلىك كېرەكلىكىنى، كىمىكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ مۇناسىۋەتسىز گەپكە ئارىلاشسا، گېپىدىن چاتاق چىقىپ ئورۇنسىز كۆڭۈلسىزلىككە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سورىمىغانغا گەپ يوق،**
**ئۆچرىمىغانغا سالام (يوق)**

بۇ، ھەركىم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، گەپ - سۆز، مۇئامىلىدە ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوغۇق كۆك ماڭقىدىن قورقىدۇ**

بۇ، ھەرقانداق جاپا - مۇشكۈلات ئىرادە - غەيرەتسىزلەرنى قورقۇتىدۇ، كۆكرەك كېرىپ چىققانلارغا باش ئېگىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوقۇرنىڭ ھىيلىسى شەيتانغا دەرس**

بۇ، ئەما ئادەم ھەييار كېلىدۇ، ھېچكىمگە ئالدانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوقۇر - يوقنى ئوقۇر**

بۇ، ئەما ئادەم كۆڭلىگە كەلگەننى دەيدىغان، يۈزسىز، تۆھمەتخور كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سوقۇشۇشتا قورققان خوراز**
**چىللاشتىن قالىدۇ**

بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىق - مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كىشى جۈرئىتىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئىككى ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقمىدىم، «سوقۇشۇشتا قورققان خوراز چىللاشتىن قالىدۇ» دېگەندەك، مەنمۇ قورققان خورازغا ئوخشاپ قالدىم. مۇھەببەت مەغلۇبىيىتى ماڭا قاتتىق زەربە بولدى.

**سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس**

بۇ، ئىچى تار ئادەملەر ھەسەتخورلۇقىدىن تولا ئۇرۇشىدىغان بولغاچقا، يېگىنى چىرايىغا چىقماي، ئەت قونمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ ئاققان ئېرىقتا سۇ ئاقماي قالمايدۇ**

بۇ، جاپادىن قاچماي قىيىنچىلىقتا چىداپ ئىشلىگەن كىشى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بەخت - ئامەتكە قايتىدىن ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ ئانىسى بۇلاقتىن،**
**سۆز ئانىسى قۇلاقتىن**

«سۆز ئانىسى قۇلاق، سۇ ئانىسى بۇلاق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇ ئەكەلگەن خار،**
**كوزا سۇندۇرغان ئەزىز**

بۇ، ئەجىر قىلىپ نەتىجە يارىتقان سەمىمىي كىشىلەر ئېتىبارغا ئېلىنماي، قولدىن ئىش كەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن پايدىلىنىدىغان ساختىپەزلەر ئەتىۋارلىنىدىغان ناھەقچىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ باشتا، نان ئاياغدا**

بۇ، ئاۋۋال تەر تۆكۈپ، جاپالىق ئىشلىگەن كىشى ئاخىرىدا ئەمگىكىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈپ، راھەت ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ باشتىن لاي**

بۇ، يامان - ناتوغرا ئىللەتلەر يۇقىرىدىن باشلىنىپ، تۆۋەنگە تارقىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

تومنى باشقۇرسۇن ئاق كۆڭۈل مىراب،
ئۆستەڭنى پاكىز ساقلىسۇن قاراپ.
سۇ باشتىن لاي بولسا سۈزۈلمەس ھەرگىز،
تومەن مىڭ دېھقانمۇ بولغۇسى خاراب.

**سۇ بېشىدا قوم ئاققۇزار،**
**ئايىغىدا تاش (ئاققۇزار)**

بۇ، ھەرقانداق ئىش دەسلەپىدە كىچىكلىكتىن باشلىنىپ، ئاخىرىدا تەرەققىي قىلىپ، ئەۋج ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ تاشسا، دۆڭگە چاپ**

بۇ، سۇ ئويغا ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن سەلدىن قۇتۇلۇشتا ئېگىزگە چىقىۋېلىش بىخەتەر بولغىنىدەك؛ جېدەل - ماجىرا، غەلۋە چىققان يەردىن ئۆزىنى تارتقاندىلا ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ تالاشساڭ بېشىنى تالاش**

بۇ، زىرائەتنىڭ دەسلەپكى سۇغىرىلىش نۆۋىتى دېھقانچىلىقتا سەل قاراشقا بولمايدىغان ھالقىلىق پەيت بولغىنىدەك، ھەرقانداق نەرسىنىڭ باش بۇرنىنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ تۆۋەنگە ماڭىدۇ،**
**تۇتۇن يۇقىرىغا (ماڭىدۇ)**

بۇ، ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، جۈملىدىن كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولىنى تاللاپ، بەزىلىرى پەزىلەتلىكلىكى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، بەزىلىرى رەزىللىك، پەسكەشلىكى بىلەن نەپرەتكە ئۇچراپ خارلىنىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇدا ئاققان سامانغا ئېسىلار**

بۇ، بەزىلەرنىڭ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچرىغاندا پالاكەتتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلماي، ئەرزىمەس، تايىنى يوق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇدا پىشماي كىگىز بولماس،**
**ئوتقا چۈشمەي بىگىز (بولماس)**

بۇ، ھەرقانداق نەرسە شۇ كەسىپتىكى ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ مېھنەت ماھارىتى بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇس ئەردىن چۇس ئايال ياخشى**

بۇ، ئاياللار ئىچىدىنمۇ بىر قىسىم ئەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان جىگەرلىك، قەيسەر كىشىلەر چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇسىز ھايات بولماس،**
**ئەمگەكسىز راھەت (بولماس)**

بۇ، پۈتكۈل مەۋجۇدات سۇغا موھتاج بولۇپ، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى، راھەتلىك تۇرمۇش ئەجىر - مېھنەتسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇغا بېرىپ چېلەكنى ئۇنتۇپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشقا بەل باغلىغان كىشى زېھنىنى چاچماي، ئەس - ھوشىنى يىغىپ نەتىجە يارىتىش كويىدا بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇغا يېقىن سۇچى كېلەر،**
**چۆلگە يېقىن نوچى (كېلەر)**

بۇ، بىرەر ئىشقا نىسبەتەن ئەۋزەل شارائىتى بارلار پايدىلىق ئىمكانىيەتكە تايىنىدۇ، شەرت - شارائىتى قولايسىزلار بولسا باتۇرلۇق بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس**

بۇ، چوڭ خەۋپ - خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم ئادەتتىكى توسالغۇلارنى پىسەنتىگە ئالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ قاتتىق يەردە توختايدۇ**

بۇ، تۇرمۇشتا ئىسراپخورلۇق قىلماي، پىلانلىق، ئىقتىسادچان بولۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ ئىش - ئوقىتى بەرىكەت تېپىپ پۇل - مال، بايلىق توپلىيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ كەلتۈرگەن خار،**
**كوزا چاققان ئەزىز**

«سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: قارىسىلاچۇ ئۆزلەنى، سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت، دېگەندەك، بۇ ئىشقا شۇنچە بۇرۇنلا كويۇش قىپتىلا، دېدى ئايسە ئاپپاق.

**سۇ كەلگۈچە تۇغان سال**

«سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇ كەلمەستە تۇغان تۇت**

«سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇ ئۆز ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغانلىقتىن، «بۇ ئادەملەر ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنىدا ماڭا رەقىب بولۇپ قالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپمۇ قويانتى ۋە «سۇ كەلمەستە تۇغان تۇت» دېگەندەك، تەسەۋۋۇرىدىكى رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىناتتى.

**سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ،**
**ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ.**

بۇ، ھەركىم قولىدىكى بىرەر ئىش - ئەمەل، دۆلەت - ئامىتىنى مۇتلەقلەشتۇرۇپ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىنى، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق نەرسە ۋاقىتلىق بولۇپ، ھامان بىر كۈنى قولدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: زالىملار ئالدى بىلەن ئالىمغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ئىلىم ئەھلى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى سۈرگۈن قىلىدۇ، پالايدۇ، زىندانغا تاشلايدۇ، لېكىن «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ»، «زالىم تۈگەيدۇ زامان قالىدۇ، ھەقىقەت دائىم ئامان قالىدۇ!» دېدى لۇتپۇللا ھارۋىكەش دوستىغا.

**سۇ كېچىكىدىن ئۆتكەن ئەر ئەمەس،**
**قان كېچىكىدىن ئۆتكەن ئەر**

بۇ، ۋەتەن - مىللەت مەنپەئەتى يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن يالتايغان ئادەمنى ئالىيجاناب، مەرد دېگىلى بولمايدۇ، جاپالىق جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن جەڭچىلا مەرد ئەزىمەت ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇلتان كۈندۈزنى كېچە دېسە،**
**كۈننى ئاي دېگۈلۈك**

بۇ، ھۆكۈمران «ئاقنى قارا، راستنى يالغان، ياخشىنى يامان» دېسە، قول ئاستىدىكىلەر، ھەقىقەتەن شۇنداق دەپ قۇۋۋەتلەش كېرەكلىكىنى، نېمە دېسە ھەق، راست دەپ ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنايچىدىن يەل كېتىدۇ،**
**ھارۋىكەشتىن «تىرت، ۋو - ۋو ...»**

بۇ، بىراۋنىڭ قىلىۋاتقان ئىش - ھەرىكىتىنى قوللاش، مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان ئىجازەت مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «سۇنايچىدىن يەل كېتىدۇ، ھارۋىكەشتىن تىرت ۋو - ۋو» دەيتتى ئۆز پىرىكازچىكلىرىغا، سودىگەر ئۆز مېلىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى پىششىق بىلىشى كېرەك ۋە يەنە ھاجەتمەنگىمۇ بۇنى بىلدۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلەيتتى.

**سۇنبۇلىدە سۇ تۇت،**
**مىزاندا تېرى، سەرەتاندا ئۇر**

بۇ، دېھقانچىلىقتىكى تېرىش، پەرۋىش قىلىش، يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى مول ھوسۇل ئېلىشتا ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتنى چىڭ ئىگىلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنغان توقاچ يېپىشماس**

بۇ، بولۇپ بولغان زىيان - چىقىم، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەرقانچە تىرىشقاندىمۇ ھەرگىز بۇرۇنقىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە،**
**گەپنى قىل سىغار يەرگە**

بۇ، نەم - زەي يەرگە سۇ سەپكەندە، سىڭىپ كېتەلمەي پاتقاق بولىدۇ؛ گەپنى ۋاقىت، شارائىت، سورۇنغا قاراپ قىلمىغاندا سۆزلىگۈچى ئۆز بېشىغا مالامەت تېپىۋالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ**

«سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما**

بۇ، بىر ئىشنىڭ بولۇش ئېھتىمالىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا ئالدىراپ جابدۇنماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

سۇنى كۆرمەي ئۆزلىرى ئۆتۈك سېلىپ،
ھەم قويدىلا ئۇلجىنى تەقسىم قىلىپ.

**سۇنىڭ بېشى لاي بولسا**
**ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ**

بۇ، بىر ئورگان، جەمئىيەت خادىملىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى شۇ ئورگان، شۇ جەمئىيەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى،**
**قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى**

بۇ، ھېچقانداق ئەجىر قىلماي بىكاردىن تاپقان بايلىقنىڭ بەرىكىتى بولماي ئوڭايلا تۈگەيدىغانلىقىنى، بىلىنمەيلا قولدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: نورۇز ئەسەتكە قاراپ كۈلدى ۋە «سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دېگەندەك، نەدىكى پۇل، ئۇدۇللۇق تاپقىنىمىزنى ئاۋۇ جانىۋارلار ئۇدۇللۇق يەپ تۈگىتىۋاتامدۇ! دەپ، بېشى بىلەن لاپاس ئاستىدا كاراسلىتىپ بوغۇز يەۋاتقان ئېشەكلەرنى ئىشارەت قىلدى.

**سۇنىڭ سۇغا كەتتى،**
**قالدى قېتىقنىڭ پۇلى**

«سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر**

بۇ ھەركىم ھالالدىن تەر تۆكۈپ ئېرىشكەن ئەمگەك مېۋىسىنى ئەتىۋارلايدۇ، قەدرىگە يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنىڭ ئېقىشىغا باق،**
**تۆگىنىڭ يېتىشىغا (باق)**

بۇ، بىرەر ئىش، سۆز - ھەرىكەتتە ھەر ۋاقىت ۋەزىيەتكە، جاھاننىڭ رەپتارىغا ماسلىشىش، زامانغا قاراپ ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا**

«سۇنىڭ ئېقىشىغا باق، تۆگىنىڭ يېتىشىغا (باق)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس**

بۇ، قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەر ھەر ۋاقىت تىنچ تۇرمايدۇ، شۇڭا سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

مانا تەدبىر، ئەقىل - ئىدراك دېگەن شۇ،
سۇ كەلمەستە تۇغان تۇتماق دېگەن شۇ.
ۋە لېكىن بىلمىسۇن بۇ سىر سەمەن،
سۇ ئۇخلار، ئۇخلىماس ھەر چاغدا دۈشمەن.

**سۇ ئىچكەندە كۆل قازغاننى ئۇنتۇما**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشكەندە ياخشىلىق قىلغان، نەپ

يەتكۈزگەن كىشىنى قەدىرلەش كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۇنتۇمىدىغان سۇ ئىچكەندە كۆل قازغاننى،
بىلمەمدىغان موماي جاننى كۆزگە قاراپ!

**سۇ ئىچكەن كۆلگە تۈكۈرمە**

بۇ، بىراۋنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ئېرىشىپ ئېھتىياجى قانغاندىن كېيىن يۈز ئۆرۈپ، ۋاپاسىزلىق - تۇزكورلۇق قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ يەتتە يۇمىلىسا ھالال**

بۇ، ھاياتلىق سۇغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئەھۋالدا شەك كەلتۈرمەي، ئىتجەپ ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ يەرنىڭ قېنى،**
**يەر دېھقاننىڭ جېنى**

بۇ، دېھقاننىڭ تۇرمۇشى، تىرىكچىلىكى يەر بىلەن بولىدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىقتا سۇ بولمىسا يەر تېرىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ يوق يەردە تەيەممۇم**

بۇ، شەرت - شارائىت، ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن چاغدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆرەلمە پايدىدىن،**
**ئەپچىل زىيان ياخشى**

بۇ، قولغا كەلمىگەن، دەماللىققا جانغا ئەسقاتمايدىغان ھاياندىن كۆرە، زىيىنى بولسىمۇ نەق سودا ئەۋزەل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز ئانىسى قۇلاق،**
**سۇ ئانىسى بۇلاق**

بۇ، ئېغىزدىن چىققان ھەرقانداق سۆز قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ تارقىلىدۇ، سۇ بۇلاقلاردىن ئېقىپ كۆپىيىدۇ، شۇڭا ھەر ۋاقىت بايقاپ، ئويلىنىپ سۆزلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز بەرگەن يۈز بەرمەس،**
**يول كۆرسەتكەن ئوزۇق (بەرمەس)**

بۇ، بىرەر ئىشتا ۋەدە بەرگەن، لەۋز قىلغانلىقلا ياخشى كۆرگەنلىك، كۆڭلىنى، مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەنلىك بولمايدىغانلىقىنى؛ يوليورۇق، مەسلىھەت بەرگەن كىشى ئاش - نان بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز بىلەن پولۇ پىشماس،**
**ماي بىلەن گۇرۇچ لازىم**

بۇ، زۆرۈر بولغان ماددىي شەرت - شارائىتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، قۇرۇق گەپ بىلەن ھېچقانداق ئىشنى بېجىرگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز تېپىلغاندا يار يوق،**
**يار تېپىلغاندا سۆز (يوق)**

«يارنى تاپقاندا گەپ يوق، گەپنى تاپقاندا يار يوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇلار پارىڭىنى باشقا چاقچاق ۋە ئوقۇش دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىگە يۆتكەپ، كونىلار «سۆز تېپىلغاندا يار يوق، يار تېپىلغاندا سۆز» دەپتىكەن، ئەمدى بەزى گۇمانلىرىمىزنى ئە-

تىگىچە يېششەيلى، دېدى لۇتپۇللا زۇلپىيە-
نىڭ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن ...

**سۆزدىن سۆز چىقار،**
**شوردىن تۇز (چىقار)**

بۇ، شورنى قايناتسا تۇز ھاسىل بولغىنىدەك، ئويلىماي قىلغان سۆز قولاقتىن - قولاققا تارقىلىپ چۆچەككە ئايلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز قوغلىغان بالاغا يولۇقار،**
**يول قوغلىغان خەزىنىگە (يولۇقار)**

بۇ، گەپ كولاپ، گەپ توشۇيدىغان، قۇرۇق گەپكە ئامراق كىشىنى پالاكەت باسىدۇ؛ يول مېڭىشتىن قاچمىغان، ئېرىنمىگەن كىشى بايلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئۇ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، — «سۆز قوغلىغان دەردكە يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە» دېگەن گەپ بار. بىز سۆز قوغلاشمايلى، قەدىناس بولغانلىقىمىز ئۈچۈن گەپنى ئوچۇق - يورۇق دېيىشەيلى، قانداق؟ — دېدى نازاكەت خېنىمغا.

**سۆز قېلىپىدا ياخشى،**
**پىچاق غىلىپىدا (ياخشى)**

بۇ، غىلاپتا ساقلانغان پىچاق بىخەتەر بولغىنىدەك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن راست گەپنىڭ قىممىتى، ئەتىۋارى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز قېلىپىدا ياخشى،**
**قىلىچ غىلىپىدا (ياخشى)**

«سۆز قېلىپىدا ياخشى، پىچاق غىلىپىدا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۆز قىلغان كۈمۈش بولسا،**
**گەپ قىلمىغان ئالتۇن**

بۇ، كۆپ سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ئىناۋىتى، ئەتىۋارى بولمايدۇ، ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئاشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆز كۆركى ماقال،**
**ئەركۆركى ساقال**

بۇ، يىقىملىق، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، پاساھەتلىك سۆز ماقال بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ساقال ئەر كىشىگە زىننەت بېغىشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزگە دەردمەن ياخشى،**
**لايغا كەتمەن (ياخشى)**

بۇ، لاي ئېتىشكە كەتمەن قولايلىق بولغىنىدەك، مۇڭدىشىشقا، سىردىشىشقا جاپا چەككەن، دەردى بار ئادەم مۇۋاپىق كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن،**
**قارىساڭ كۆزۈڭنى تېشىمەن**

بۇ، بىراۋنىڭ ئاجىزلىق، بىچارىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئېغىز ئاچقۇزمايدىغان، سۆز ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان، ھەم تىكىلىپ قارىشىغىمۇ يول قويمايدىغان زوراۋانلىق قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلىسەم تىلىم كۆيىدۇ،**
**سۆزلىمىسەم دىلىم (كۆيىدۇ)**

بۇ، باشقىلارغا ئېيتىش قولايسىز بول-

غان ئىش ـ ۋەقەنى ۋاقىتسىز، قالايمىقان
سۆزلىگەندە ئاۋارىچىلىككە قالىدىغانلىقىنى،
ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۆزلىمەي كۆ-
ڭۈلدە ساقلىغاندا ۋىجدان ئازابى يۈرەكنى
ئۆرتەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلىگەن ئەخمەق بولسىمۇ،**
**ئاڭلىغان ئەقىللىق بولسۇن**

بۇ، نادانىنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان
ئەخمىقانە سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى سال-
ماق بولۇپ، زېرەكلىك بىلەن توغرا مۇئا-
مىلە قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق**

بۇ، نورمال كەيپىياتنى بۇزىدىغان،
كىشىگە كۆڭۈلسىزلىك، پەرىشانلىق كەلتۈ-
رىدىغان پايدىسىز ئىشنى ئېغىزغا ئالماي ئە-
چىگە سىڭىرىپ، بىلمەسكە سېلىش كېرەك-
لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن**
**چاپاق باسقان كۆز ياخشى**

بۇ، قۇلاققا ياقىدۇدەك پاساھەتلىك سۆز-
لەشنى بىلمەيدىغان، نوتۇق قابىلىيىتى يوق
ئادەم سۆزلەيمەن دەپ زورۇقماسلىقى كې-
رەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزنى قىلىشتىن ئاۋۋال،**
**ئاغزىڭدا چايناپ كۆر**

بۇ، ھەرقانداق گەپنى ئېغىزدىن چىقى-
رىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، تەسىرى،
پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر
ئويلاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى،**
**ئاشنىڭ ئىسسىقى (ياخشى)**

بۇ، ئەتراپلىق ئويلىنىپ. ئېيتىلغان
سۆز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، كىشىنىڭ كۆڭ-
لىگە ياقىدۇ؛ ئىسسىقىدا يېگەن غىزانىڭ
لەززىتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزنىڭ توغرىسى ياخشى،**
**تۆگىنىڭ بۇغرىسى (ياخشى)**

بۇ، ئورۇنلۇق راست سۆز ئەھمىيەت-
لىك بولۇپ، قوللاشقا ئېرىشىدۇ؛ ئەركەك
تۆگە كۈچلۈك، چىدامىلىق، يۈك كۆتۈرۈش-
لۈك بولۇپ، كۆپ يول باسالايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزنىڭ ئېزى ياخشى،**
**ئاشنىڭ تۇزى (ياخشى)**

بۇ، ئىخچام، مەنتىقىلىق سۆز يېقىم-
لىق، پاساھەتلىك بولۇپ، كۆڭۈلنى يايرى-
تىدۇ؛ تۇزى تەڭشەلگەن غىزا تەملىك، لەز-
زەتلىك بولۇپ، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلاي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ، تەكرار سۆزلىمە**

بۇ، قايتىلانغان سۆز ھەرقانچە يېقىم-
لىق، پاساھەتلىك بولسىمۇ ئاڭلىغۇچىنى
زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئېتىبارى بولمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزى توغرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈستۈن**

بۇ، ھەر ۋاقىت ئورۇنلۇق، راست
سۆزلىگەن كىشى جەمئىيەتتە ئىززەت ـ ئاب-
رۇيلۇق، ھۆرمەت ـ ئىناۋەتلىك بولىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،**
**قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار**

بۇ، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ، ئەقىللىق كىشىلەر كىچىك پېئىل بولۇپ، كەمتەرلىكنى ياقتۇرىدۇ؛ نادان، ئەخمەقلەر تەكەببۇر بولۇپ، سۆلەتپەرەسلىكنى ياقتۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆلەت تۆگىدە، ھىممەت قويدا**

بۇ، ئەخمەق، نادان، ھاماقەت كىشى ياسانچۇق، سۆلەتپەرەس كېلىدۇ؛ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كىشى رەھىمدىل، شەپقەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆھبەتدىشىڭ قانداق بولسا،**
**سەنمۇ شۇنداق بولىسەن**

بۇ، پەزىلەتسىز ئادەملەر بىلەن ئەسرا بولغان كىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقنى پەرقلەنمەي، قارىقويۇق ئەيىبلىنىپ بىر قاتاردا ھەيدىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇچتۇرپاندا ئۇزاقتىن بېرى دۇشمەنلەرنىڭ، زالىم بەگلەرنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى، رەسىم - يۇسۇنلىرى جارى بولۇپ، «سۆھبەتدىشىڭ قانداق بولسا، سەنمۇ شۇنداق بولىسەن» دېگەندەك، ئەل ئارىسىدا يامان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ، ياخشى بىلەن يامان پەرقلەندۈرۈلمىگەندى.

**سۆيدۈرگەنمۇ تىل،**
**بەزدۈرگەنمۇ تىل**

بۇ، پاساھەتلىك ياخشى سۆز كىشىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئامراق، ئىجىل قىلىدۇ؛ قەيسەر، يامان سۆز كىشىنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، زىتلاشتۇرىدۇ، تەزدۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيگەن كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنمەس**

بۇ، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن كىشى كۆرۈمسىز - سەت بولسىمۇ، چىرايلىق بىلىنىدۇ، ئەيىب - نۇقسانلىرى سېزىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيگەن ئوتتەك ئىسسىق،**
**سۆيمىگەن پوقتەك سېسىق**

بۇ، بىر - بىرىنى چىن دىلدىن ياخشى كۆرگەن، ئۆزئارا مۇھەببەت ئورناتقان كىشىلەرنىڭ مېھرى چەكسىز ئىللىق بولىدۇ؛ ياخشى كۆرمىگەن، ياقتۇرمىغان، مېھرى چۈشمىگەن نەرسە كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ،**
**كۆرگەن كۈنۈم نېمە بولار**

بۇ، كۆڭۈلدىكىدەك جورا تاللىيالمىغان، ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئىشنىڭ بېشىدا ناز قىلىپ كۆيدۈرىدۇ، ھەپتە ئۆتمەيلا كۆيگەن كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئەرلەر: «سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ، كۆرگەن كۈنۈم نېمە بولار» دەپ بىزار بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېدى سەيدۇللا موللا كۆپچىلىككە قاراپ.

**سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس**

بۇ، بىر دەملىك ياخشى كۆرۈش كۆيگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ، پەقەت بىر - بىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە يەتكەندىلا مۇھەببەت رىشتى كۈچىيىپ كۆيگەنلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيمەيدىغان خوتۇن يوق،**
**كۆيمەيدىغان ئوتۇن (يوق)**

بۇ، ئوتۇننىڭ ھەرقانداق كۆيۈۋەرگەندەك، خوتۇنلاردىمۇ سۆيگۇ، مۇھەببەت بولىدۇ، ھەممىسى ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيمىگەنگە سۈركەلمە**

بۇ، ياخشى كۆرمىگەن، كۆڭلىگە ياقمىغان، مەيلى بولمىغان ئادەمگە يېقىنلاشماسلىق، چىرايىنى ئاچماسلىق، كۆڭۈل بەرمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈپۈرگەن يەرگە چىچىپتۇ**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان، يولسىز ئادەم ئامانلىقنى بۇزۇپ خەقنى پاراكەندە قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈت بىلەن كىرگەن خۇي**
**جان بىلەن چىقار**

بۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تۇغما ئادەت، مىجەزى ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

سانجىسا زەھرىنى يۈرەك - باغرىڭغا،
تويسەن كەلگەنگە يورۇق ئالەمگە!
«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي چىقار جان بىلەن»،
ئايلانماس يىلانلار ئاق دىل ئادەمگە.

**سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن**
**قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىدۇ**

«سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ھېلىقى تەلۋە يىللاردا ئۇمۇ ئېلىيسۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئاز دەرد تارتتىمۇ؟! ئۇنىڭمۇ يۈرەكلىرى زەردىگۈش بولغان. شۇڭا «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭمۇشۇنداق يۈرەكئالدى گەپلەرنى قىلىشىمۇ يوللۇق ئىدى.

**سۈتسىز ئىنەك كۆپ مۆرەيدۇ**

بۇ، سۈت بەرمەيدىغان، ئورۇق ئىنەك بېقىش تاپسىمۇ مۆرەشتىن توختىمىغاندەك، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، يارامسىز ئادەم ماختانچاق، داۋراڭچى كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈتلۈك ئىنەك مەھەللىدىن ئاشماس**

بۇ، كۆپ سۈت بېرىدىغان ئىنەك خېرىدارلىق بولغاندەك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يارامىلىق ئادەم يۇرت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ قەدىرلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن،**
**قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر**

بۇ، مەلۇم بىر ئىشتا يېڭىلىشىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئادەم چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كې-

تىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈيۈڭ غول — ھوسۇلۇڭ مول**

بۇ، سۇ دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، سۇ كۆپ بولغاندىلا مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈيۈڭ غول — ئېشىڭ مول**

«سۈيۈڭ غول — ھوسۇلۇڭ مول» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سۈيۈم كۆلدە، ئېشىم چۆلدە**

بۇ، دېھقانچىلىقتا ئېھتىياجغا يېتەرلىك سۇ بولغاندىلا قاقاس يەرلەرگىمۇ ئاشلىق تېرىپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىپى بولمىسا ئىپى بولماس**

بۇ، ① ئەقىلسىز، ئەخمەق كىشى پەمسىز بولىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، قىلغان ئىشى نەتىجىلىك بولمايدىغانلىقىنى؛ ② كۆچمە: بىر ئادەم قانچە بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولسىمۇ، تېگىشلىك ھوقۇق – ئىمتىيازغا ئېرىشەلمىسە چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېتىۋالمىغۇچە كالا بولماس، تۇغۇۋالمىغۇچە بالا (بولماس)**

بۇ، مالنى سېتىۋالماي تۇرۇپ باققان بىلەن ھەرگىز ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغىنىدەك، تۇغماي بېقىۋالغان ئاسراندى بالا بە-

رىبىر ئەسقاتماي تېنىپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىي ئادەمنىڭ كۆڭلى دەريا**

بۇ، رەھىمدىل، مەرد ئادەم قولى ئوچۇق، قورسىقى كەڭ كېلىدۇ، مال – دۇنيانى دوست تۇتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىي خەير قىلسا، بېخىل قان چىچار**

«سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ جېنى چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سېخىي دېسە مېلىدىن كېچىپتۇ، مەرد دېسە جېنىدىن (كېچىپتۇ)**

بۇ، ئەخمەق، ھاماقەتلەرنىڭ خەق سېخىي، مەرد دەپ ئالقىشلايدىغان ئادەملەرگە ئوخشىغۇسى كېلىپ، پۇل – مېلىنى بۇزۇپ چېچىپ تۈگىتىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئورۇنسىز قۇربانلارنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ جېنى چىقار**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، مەرد كىشىلەر بىراۋغا رەھىم – شەپقەت قىلىپ، پايدا – مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئىچى يامان، قىزىل كۆزلەر ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق قىلىپ چىدىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىينىڭ كۈلكىسى بېخىلنى يىغلىتار**

بۇ، رەھىمدىل، مەرد كىشىلەر بىراۋغا

رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق قىلغانلىقىدىن خۇشال بولسا، ھېچكىمگە نەپ بەرمەيدىغان، پىخسىق، خەسىسلەرنىڭ ئىچى ئېچىشىپ تىپىرلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ تۇرار،**
**بېخىلنىڭ ئىشكى يېپىلىپ (تۇرار)**

بۇ، رەھىمدىل، مەرد كىشىلەر ھەر ۋاقىت يوقسۇللارغا خەيرخاھلىق، ياخشىلىق قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ؛ تاش يۈرەك، خەسىس ئادەملەر پىخسىقلىقىدىن بىراۋغا قىل چاغلىق نەپ بېرىشنى خالىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېرىقتال چاغدا ئەر سارغىيار**

بۇ، ئۇزۇكچىلىك پەيتىدە ھەرقانداق ئادەم يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن غەم - ئەندىشە قىلىپ، تەڭلىكتە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېرىقتالدا كەلگەن مېھمان**
**ئوغرى كىرگەندىنمۇ يامان**

بۇ، ئۇزۇكچىلىك كۈنلەردە كەلگەن مېھماننى كۈتۈش ساھىبخان ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق كەلتۈرگەننىڭ ئۈستىگە قاتتىق تەڭلىكتە قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېرىق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى**
**ئالتۇن ئەمەس**

بۇ، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت، سۆلەت ۋە چىراي كىشىگە ئىززەت - ئابرۇي، ھۆرمەت، ئىناۋەت بېغىشلىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېسىق گۆشنى چۈشىن تاپار،**
**يامان ئىشنى يامان (تاپار)**

بۇ، زىيانداش ھاشارەتلەر چىرىگەن، بۇزۇلغان نەرسىگە ئولاشقاندەك، ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ، ناشايان ئىشنى يولدىن چىققان ئەسكى ئادەملەر پەيدا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېمىز قوينىڭ ئۆمرى قىسقا**

بۇ، قوي سەمرىسە ھەممىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، سويغۇسى كەلگەندەك؛ پۇل، مېلى كۆپەيگەن باي كىشى كۆزگە يېقىن بولۇپ، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ قولىدا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تۇرمە باشلىقىنى تىنچلاندۇرۇپ، «سېمىز قوينىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن كېپەنلىكى بوينىغا ئېسىلغان بىر سىياسىي قاچقۇن! يېقىندىن بېرى، يۇقىرىدىن بەزى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى تېزدىن ... تېزدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك! دېدى.

**سېمىز كالا ئورۇق كالىنى يالاپتۇ**

بۇ، كۈچلۈك - مەرتىۋىلىكلەر نامرات، ئاجىز - بىچارىلەرنى بوزەك قىلىپ، كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە يەم قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېمىزلىك ھايۋانغا يارىشار**

بۇ، ھايۋان سەمرىگەنسېرى جىسمىغا يارىشىپ، كۆركەملەشكەن بىلەن، سې-

مىزلىك ھەم مەرتىۋە ئادەمگە ھەر خىل كېسەللىك، غەيرىي خۇي - مىجەز، كىبىر پەيدا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېمىزلىك ئىككى پۇتقا يۇك**

بۇ، سېمىزلىك ئادەمنى پالاكەتلەشتۈرۈپ، ئىش - ھەرىكەتكە قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، كېسەلگە دۇچار قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېمىزنىڭ پۇتى سەككىز**

بۇ، سەمرىش ئادەمگە نىسبەتەن بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، جىسمانىي جەھەتتە كىشىنى پالاكەتلەشتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېنىڭ ماڭغان يولۇڭدىن،**
**مېنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكۈم كۆپ**

بۇ، ئوقۇماي - كۆرمەي ئۇزاق ياشىغان كىشىدىن كۆپ ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن، ئەمەلىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن كىشى تەجرىبىلىك، پەم - پاراسەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر،**
**ئاخىر ئوتقا سالادۇر**

بۇ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئاچ كۆز، مەنپەئەتپەرەس ئادەمنىڭ كۆزىگە بايلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، شۇڭا ھەرقانداق يامانلىقتىن يانماي، ئاخىر ھالاكەتكە يولۇقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېنىڭ باشلىقىڭدىن،**
**ئۆتۈكۈمنىڭ باشلىقى ياخشى**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، پاراسەتسىز كىشىلەرنىڭ يارامسىزلىقىغا بېرىلگەن باھانى بىلدۈرىدۇ.

**سىپاھ سىرىنى يوشۇرالماس،**
**پوچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس)**

بۇ، ئەيىبلىك ئادەم ھەرقانچە سىر تۇتسىمۇ، بەرىبىر ئاشكارا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەپسۇسكى، بىر نەچچە يىل ئۆتمەي خۇددى «سىپاھ سىرىنى يوشۇرالماس، پوچۇق بۇرنىنى» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىدىكى ھارام خىياللىرى بىلەن كۆڭلىنىڭ ئالىلىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى.

**سىر بەرگەنلىك — جان بەرگەنلىك**

بۇ باشقىلار بىلىشكە بولمايدىغان بىرەر خۇپىيانە ئىش ياكى سۆز - ھەرىكەتنى ئاشكارىلاپ قويۇش بەزىدە ئۆلۈم ۋەقەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، ئۆكىلىرىم، سىر بەرگەنلىك — جان بەرگەنلىك. خاتىرجەم بولۇڭلار، ماڭا ئىشىنىڭلار! مەن چوقۇم ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك توغرىلاپ يېنىڭلارغا قايتىپ چىقىمەن! ئەگەر سىلەرگە يامان نىيەتتە بولۇپ، ئالا كۆڭۈللۈك قىلسام، باغرىمدا چىراغ كۆيسۇن! دېدى.

**سىرتتا ئىشلە، ئۆيدە يە**

بۇ، ھەركىم تۇرمۇشتا ئىش ۋە شارائىت تاللىماي، تىرىشىپ جاپالىق ئىشلەپ ئېرىشكەن تاپاۋىتىدىن بالا - چاقىلىرى بە-

لەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىرداشمىغان شەھەردىن،**
**سىرداشقان دۆڭ ياخشى**

بۇ، ئەلمى - تەلىمىنى بىلمىگەن، تونۇمىغان گۈزەل يۇرتتىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئوي - چوڭقۇرى تونۇشلۇق قىشلاق ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىردىشىشقا ئۆز ياخشى،**
**سۆيۈشۈشكە يات (ياخشى)**

بۇ، باشقىلار بىلىشكە بولمايدىغان خۇپىيانە كۆڭۈل سىرلىرىنى ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار ئۆزئارا مۇڭداشقان ياخشى ئىكەنلىكىنى، سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا يات مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىركىسى سۇ كۆتۈرمەس**

بۇ، ئازراق گەپ - سۆز، ئويۇن - چاقچاق، ھەزىلىنىمۇ كۆتۈرەلمەي ئاسان تېرىكىدىغان، كۆڭلى ئىنچىكە كىشىلەرنىڭ نازۇكلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىرلىساڭ سىرلىق ئاياق،**
**سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق**

«سىرلىساڭ سىر يالىقى، سىرلىمىساڭ ئىت يالىقى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سىرلىساڭ سىر يالىقى،**
**سىرلىمىساڭ ئىت يالىقى**

بۇ، تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلىپ، ئاسرالغان، پەرۋىش قىلىنغان نەرسە كۆزگە كۆرۈنۈپ، جانغا ئەسقاتىدۇ؛ ئاسرالمىغان، پەرۋىش قىلىنمىغان نەرسە ئۆز رولىنى يوقىتىپ، تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىرىڭنى ئېيتما دوستۇڭغا،**
**سامان تىقار پوستۇڭغا**

بۇ، «دوست» ساناپ سىرداشقان ياكى سىرداشمىغان كىشىلەرگە ئىشىنىپ، ئىچ سىرىنى ئېيتىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، ھوشيار، سەگەك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىڭمىگەن پولۇدىن**
**سىڭگەن ئۇماچ ياخشى**

بۇ، ئەمگەكسىز ئېرىشكەن ئامەت، ئاش - تاماق تاپا - تەنىلىك بولىدۇ، ھالال ئەجىر قىلىپ تاپقان نېمەت تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىناشقان دوست مۇڭداشقىلى ياخشى،**
**سۆيۈشكەن يار ئويناشقىلى (ياخشى)**

بۇ، چوڭقۇر سىردىشىپ، چىن دىلدىن ياخشى كۆرۈشكەن، ئۆمۈرلۈك جورا بولۇشقا مۇناسىپ كىشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە، سۆز - ھەرىكەتتە ئىشەنچلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىنالمىغان ئاتقا يۈك ئارتما**

بۇ، خۇيىنى بىلمىگەن ئۇلاغنى ئىشلەتكەندە پەخەس بولۇش كېرەكلىكىنى؛ سىرداشمىغان، ناتونۇش كىشىلەرگە ھەرگىز ئىچ سىرىنى ئېيتماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

سىنالمىغان دوستتىن
يولدىكى تاش ياخشى

بۇ، سىرداشمىغان، ئەسرا بولمىغان، ناتونۇش ھەمراھتىن جىددىي ئېھتىياجى چۈشكەندە جانغا ئەسقاتىدىغان تونۇش ئادەم ياكى نەرسە ئەۋزەل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، شۇنچە كەڭ باغلىرىمىز بار، قىلىدىغان ئىشلار چاچتىن تولا، كۆچەتتىن خىجالەت بولغىنىمىز يوقمۇ؟ كونىلار «سىنالمىغان دوستتىن يولدىكى تاش ياخشى» دەيدۇ. يېڭى سورتنىڭ قانداق مىجەز - خۇلقى بار، ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپلا قارىقويۇق ئىش قىلساق بولماس، دېدى.

سىنالمىغان قايماقتىن
سىنالغان قېتىق ياخشى

«سىنىمىگەن پولۇدىن سىنىگەن ئۇماچ ياخشى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

سىنالمىغان يولداشتىن
يولدىكى تاش ياخشى

«سىنالمىغان دوستتىن يولدىكى تاش ياخشى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

سىيىر سىلىغاننى بىلمەس،
يامان ئايىغاننى (بىلمەس)

بۇ، ھايۋاننى ئاۋايلاش، پەپىلەش ھاجەتسىز بولغاندەك، يولدىن چىققان، سىياق ئادەمگە ئارتۇقچە رەھىم - شەپقەت، يۈز - خاتىر قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

سىيىرنى كۆندۈرسەڭ
ئۈستى ئۇلاغ، ئاستى بۇلاق

بۇ، قولدىكى نەرسىدىن تېگىشلىك نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئاز - تولا ئەجىر قىلىپ بەلگىلىك بەدەل تۆلىگەندە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سىيگەك سۈغا ئامراق

بۇ، نەپسىنى باشقۇرالمايدىغان ئادەم ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ، خۇمارى، ئىشتىياقى كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا قانائەت قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ش

**شاپاق - شالتاقنى يه، كۆتۈرمه**

بۇ، ھەر كىم يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىنىشتا ناز - نېمەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**شاپاقتا تېيىلىپ**
**ئۇرۇقتا زوڭ ئولتۇرۇپتۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق، يېنىكلىك قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىدۇ، پالاكەتچىلىككە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاپتۇلدا باغ ئەتمە،**
**ئۆچكىدە مال (ئەتمە)**

«شاپتۇلدا باغ قىلما، ئۆچكىدە مال» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**شاپتۇلدا باغ قىلما،**
**ئۆچكىدە مال (قىلما)**

بۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە شاپتۇلنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئاۋارىچىلىكى كۆپ، ئۇنۇمى ئاز بولۇپ، يېغىلاپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى؛ چارۋا مال ئىچىدە ئۆچكە باشقۇرۇشقا كۆنمەيدىغان، تارقاقلىقنى خالايدىغان، كۆپىيىش نىسبىتىدىن چىقىمى كۆپ ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاخىنىچى كالا خامانىنى بۇلغايدۇ**

بۇ، نومۇسسىز ئادەم ئۆزىنىڭ جېدەل-خورلۇقى بىلەن باشقىلارنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدۇ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي ئۇكام، ئۇ بالىنى قالدۇرۇۋېتەيلىمىكىن، كونىلاردا «شاخىنىچى كالا خامانىنى بۇلغايدۇ» دېگەن گەپ بار، ئۇ بىكار سىلەرنىڭ نامىڭلارنى بۇلغاپ قويارمىكىن، دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ.

**شاكىچىك تىككەن توقۇمنىڭ**
**ئالدى - كەينىنىڭ پەرقى يوق**

بۇ، بىلمەي - ئۇقماي نادانلىق بىلەن بالىلارچە قىلىنغان ئىش قالايمىقان، رەتسىز بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاگىرتنىڭ ھالىغا بېقىپ ھۈنەر ئۆگەت**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئادەمنىڭ رايىغا، ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا مۇئامىلە قىلىش، زۆرۈرىيەتكە قاراپ تەدبىر قوللىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شالاڭ ئاش باش كۆرسەتەر،**
**قويۇق ئاش چەش (كۆرسەتەر)**

بۇ، تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا قارىتىلغاندىن باشقا، كۆچمە مەنىدە، ماختانچاق، نادانلار ئەخمەقلىقى بىلەن مەلۇم بولىدۇ، بە-

لىملىك، زېرەك ئادەملەر كەمتەر، ئەقىل-
لىقلىقى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شامال تۈۋەندىن كېلەر،**
**ئاپتاپ يۇقىرىدىن (كېلەر)**

بۇ، ئەتىيازدا تۇپراق قۇرۇپ شامال
ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، يازدا ھاۋا ئىس-
سىپ، قۇياش نۇرى يەر - جاھاننى ئىللىتى-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس**

بۇ، ھەرقانداق ۋەقە - ھادىسىنىڭ پەيدا
بولۇش مەنبەسى، يۈز بېرىش سەۋەبى بولى-
دۇ، ئاساسسىز ئىش بولمايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ: يىگىتلەر زىياپەت زالىدا
ھاراق - شاراب ئىچىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ
قورال - ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ بىرىنىمۇ
قاچۇرماستىن جايلاپ تاشلايدۇ - دە، قوز-
غىلاڭ باشلىنىدۇ، دېمەك «شامال چىقمى-
سا، دەرەخ لىڭشىماس» دېگەندەك، بىر سە-
ۋەب بولمىسا خەلق قوزغىلامدۇ! ؟ دېدى شا-
ئىر ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي.

**شامالنىڭ ئالدى قويۇن،**
**جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن**

بۇ، بوران چىقىشتىن بۇرۇن قۇيۇن
شەپە بەرگەندەك، تېتىقسىز، چېكىدىن ئاش-
قان ھەزىل - چاقچاق بەزىدە كۆتۈلمىگەن
جېدەل - كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەب بو-
لۇپ، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شامال ئۆتۈشمەيدىغان تام يوق**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھەرقانچە
خۇپىيانە تۈتۈلغان ئىش ھامان ئاشكارا بولى-
دۇ. ئۇقۇلمايدىغان، ئېچىلمايدىغان سىر
بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خەلق-
لەردە «شامال ئۆتۈشمەيدىغان تام يوق» دې-
گەن تەمسىل بار، بىر قاتار تىڭ - تىڭلاش-
لار ئارقىلىق مەن سوۋېتكە ئۇقۇشقا كەتكەن-
دىن كېيىن قەشقەردە، جۇملىدىن مەمۇت
شجاڭنىڭ ئەتراپىدا بولغان ئىشلارنى بىر-
قەدەر بىلىپ چىقتىم.

**شامال يەپ بوران كېكىرىپتۇ**

بۇ، كەمبەغەل - نامراتلىق تۇرمۇش
ئادەمنى يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق كۇنگە قو-
يىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شام ئۆز يېپىنى كۆيدۈرەر**

بۇ، ھەركىم ئالدى بىلەن ئۆزىگە ۋە
يېقىنلىرىغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شانىياز ئوۋغا چىقسا،**
**كەينىدىن غوۋغا چىقىپتۇ**

بۇ، قارا نىيەت، سۇيىقەستچى ئادەم
نەگە بارسا، شۇ يەردە ئىتتىپاقسىزلىق، پا-
راكەندىچىلىك يۈز بېرىدۇ، خاتىرجەملىك
بۇزۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «شا-
نىياز ئوۋغا چىقسا، كەينىدىن غوۋغا چىقىپ-
تۇ» دېگەندەك، پالچى بۇۋىم مەھەللىمىزگە
پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۈچلىشىپ قالغان-
لاردىن بىرەر كىمنى ئامراق قىلالمىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىر نەچ-

چە ئائىلىگە جېدەل ـ ماجىرا، كۆڭۈلسىز-
لىك سوۋغا قىلدى.

**شاھتەك گاداي بار،**
**گادايدەك شاھ بار**
بۇ، ھەركىم تۇرمۇشتا ماختانچاقلىق،
تەكەببۇرلۇق ئادەتلىرىدىن ساقلىنىپ، كەم-
تەر، ئېھتىياتچان، غايىلىك بولۇش
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاھتىن ئىنساپ قاچقاندا،**
**ئەلدىن بەرىكەت قاچىدۇ**
بۇ، ئادەم ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى
ساقلاپ، ئاچ كۆزلۈكتىن، نەپسانىيەتچى-
لىكتىن يىراق بولغاندىلا ئىشلىرى روناق
تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شاھلىقتىن يېقىلساڭ ناۋاي بول**
بۇ، ئەمەل ـ مەنسەپ كىشىگە باقمەي-
دە ئەمەسلىكىنى، ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن
شۇغۇللانغان ئادەم خارلانماي، باياشات ياشاي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ خېلى تېگىر-
قاشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مۇ-
شۇ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى ـ دە،
بالىخانىلىق ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە
ئېلىپ ئورۇنلاشتى. كونىلار «شاھلىقتىن
يىقىلساڭ ناۋاي بول» دېگەندەك، ئالدى بى-
لەن بىر ساماۋارخانا ئېچىشنى ئويلىدى.

**شەپشەك ئېرىق ئاتلار،**
**ئېغىر ـ بېسىق دەريا**
بۇ، تەنتەك ئادەم ئالدىراڭغۇلۇقى بى-
لەن ھەدېگەندىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ،

ئىلگىرى باسمايدۇ، چېچەن، زېرەك ئادەم
تەمكىنلىكى بىلەن روناق تېپىپ، بەختلىك
ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەرتى كېتىپ، پەرتى قالدى**
بۇ، ئۆمۈر ۋە ياشلىقنىڭ ئالتۇن چاغ-
لىرى تۈگەپ، ئاخىرقى مەزگىلى قالغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەرىئەتنىڭ مىخبىر پۇتىقى بار**
بۇ، قانۇن ـ ئىنتىزام، قائىدە ـ يو-
سۇنلارنىڭ تارماقلىرى كۆپ ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ: شەرىئەتنىڭ مىخبىر پۇتىقى بار
شاھىم، دەپتۇ ۋەزىر، بىرىگە چۈشمىسە،
يەنە بىرىگە چۈشىدۇ.

**شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار**
بۇنىڭ «سىياسەتنىڭ يەتمىش ئىككى
پۇتىقى بار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ،
«شەرىئەتنىڭ مىخبىر پۇتىقى بار» نىڭ ئىزا-
ھىغا قاراڭ: نەۋرىخان ئاچا كۆڭلىدە ئاشۇ
يۇلتۇزلارنى ئېرى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاتتى.
ئۇلار مۇندىن قىرىق يىل بۇرۇن قوشۇلغاند-
دى. «شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى
بار» دەپ، ئىمام ئاخۇن نىكاھقا دەخلى يەت-
مەيدىغان بىرەر پەتىۋا تېپىپ قالسا ...
ئىشىكنىڭ «جالاقىدە» ئېچىلىشى ئۇنىڭ
خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

**شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى،**
**تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى**
بۇ، ھەقىقەت ـ ئادىللىق يولىدا دۈش-
مەنگە رەھىم قىلماسلىق؛ دوست بىلەن ياخ-

شىلارغا شەپقەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، مېھرىبان بولۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئىمام نىزامىدىن ھۆكۈم جاكارلاپ: «شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى»، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان جادۇگەرلەر — قانغا بوغۇلۇپ بولغان ئەشەددىي قانخورلار، يالماۋۇز زەھەرلىك چايانلاردۇر، ئۇلار يەنە قان تۆكمەكچى، يەنە خۇن ئىچمەكچى، دېدى.

**شەنگىنىڭدىن قورقمايمەن،**
**قوناقلىقتىن چىقمايمەن**

بۇ، قانۇن - تۈزۈم، قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلغان پاك - دىيانەتلىك ئادەم ھەقدىقەتتىن تايمايدۇ، ھېچكىمگە باشمۇ ئەگمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەنبە شىكار، ئازنا بىكار**

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممە كىشى ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر كۈندە دەم ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ**

بۇ، ھەركىم قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا بىھۇدە كۈچىمەي، ھالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەھەر تالاشقۇچە، يەر تالاش**

بۇ، ھەركىم قۇرۇق نام - ئابرۇي قوغلىشىپ قاتراپ يۇرمەي، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ياشاۋاتقان يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەھەردە كۆز كېرەك،**
**جاڭگالدا قولاق (كېرەك)**

بۇ، ئادەم كۆپ، قىستا - قىستاڭ جايدا ئالدىغا قاراپ ماڭسا كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، خىلۋەتتە شەپكە ھوشيار بولغاندا خەۋپ - خەتەر كېلىپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەيتاندىن ئادەم شەيتىنى يامان**

بۇ، مۇغەمبەر، مەككارلارنىڭ ھىيلىسى ھەرقانداق دۈشمەنلىكتىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، دائىم ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە مەن ھەيران**

بۇ، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدىغان، ھىيلىگەر ئادەملەر مەككارلىق ئىشلىتىپ پايدا - مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەيتاننى توپا يەمسەن دېسە،**
**«يېغى بارمۇ؟» دەپتۇ**

بۇ، ھېچقانداق بەدەلسىز، قۇرۇق گەپ بىلەن ھېچ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە، سوۋغا ئاپىرىش كېرەكمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى، ئايالى سوۋغا ئاپىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، شەيتاندىنمۇ «توپا يەمسەن؟» دەپ سورىسا «يېغى بارمۇ؟» دەر-

مىش، قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقـ-
مايدۇ. جەزمەن ئوبدانراق بىر نەرسە كۆتۈـ-
رۈپ بارسىلا، دېدى ئېرىگە.

**شەيتىنىڭغا ھاي بەر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋېـ-
لىپ، ئېغىر - بېسىق بولۇشنى، ئاچچىقـ-
لىنىشتىن، گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشتىن
ساقلىنىشنى، يامان غەرەزدە بولماسلىق
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**شۇنداق قازانغا،**
**مۇنداق چۆمۈچ**

«ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» نىڭ
ئىزاھىغا قاراڭ: «خەپ، ھاجىم، سىلى
مېنى خورلىسىلا، مەن سىلىنى خورلىيالـ-
مامدىم؟ مېنىڭمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ،
‹شۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ› دېگەننى
ماڭا ئوخشاش بېشىغا كەلگەنلەر ئېيتىپتىـ-
كەن» دېدى تولۇنئاي خېنىم.

**شىكەرنىڭ ئېزى شېرىن**

بۇ، ھەرقانداق ئىش چەكتىن ئېشىپ
كەتمەي نورمال بولغاندا ئۇنىڭ لەززىتى،
ھۇزۇر - ھالاۋىتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،**
**ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر**

«يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچـ-
چىقنى يەڭگەن باتۇر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:
«بۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، دېدى ئۇ سادىققا
تەسەللى بېرىپ، ئاچچىققا ھاي بېرىڭ، بىزـ-
دە ‹شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى
يەڭگەن باتۇر› دېگەن گەپ بار.»

# غ

**غاز كەلدى - ياز كەلدى،**
**غاز كەتتى - ياز كەتتى**

بۇ، قۇشلارنىڭ كېلىش - كېتىشى ۋاقىت، كىلىمات، پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**غازنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ**
**قاغىنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ**

بۇ، شارائىتى يار بەرمەيدىغان، چامى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىمەن دەپ كۆچەمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**غالجىر خۇدانى بىلمەس،**
**ئىت ھارامنى (بىلمەس)**

بۇ، ئەقلىدىن ئېزىپ ئەسەبىيلەشكەن، قارا يۈز ئادەم شەپقەتچىسىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ، ئىنساپ، ۋىجدانىنى تونۇمايدۇ، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،**
**بىغەرەزدىن مەرەز (تۇغۇلار)**

بۇ، يامان نىيەت، غەيرىي مەقسەتتىن رەزىللىك، ۋەھشىيلىك، ئاسىيلىق بارلىققا كېلىدۇ؛ غەرەز ئۇقمايدىغان، يولسىز ئادەم ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غەر غەرەزچى كېلەر،**
**ئوغرى ئاسماقچى (كېلەر)**

بۇ، ناشايان ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇزۇق ئادەم قارا نىيەت، زىيانكەش، گەپ كولىغاق، زىغىر كاللا كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غەم باسسا، غەپلەتمۇ باسار**

بۇ، بىرەر ئىش، ھادىسە تۈپەيلىدىن تەشۋىشلەنگەن، ئەنسىزلىككە چۈشكەن ئادەم ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، بىپەرۋالىق، بىخەستەلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غەمسىز كىشى بولماس،**
**ئەرسىز چىشى**

بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غېمى بولىدۇ، ئۆمۈر بويى ياتلىق بولماي تەنها ئۆتىدىغان ئايال بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غەمسىزنىڭ پەرۋايى پەلەك**

بۇ، بىغەم - پەرۋاسىز ئادەم ھېچقانداق ئىش ۋە نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىپەرۋا ئادەم سۇ ئىچسىمۇ سەمرىيدۇ

بۇ، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە ئادەم كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپ يېگەن - ئىچكىنى سىڭىدۇ، ساغلام - سالامەت بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەم - قايغۇ كېسەل قىلىدۇ،
خۇشاللىق داۋالايدۇ

بۇ، دەرد - ھەسرەت كىشىنى ئاغرىققا دۇچار قىلىدۇ، كۆڭۈل خۇرسەنلىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەم قىلغۇچە پەم قىل

بۇ، بىرەر ئىش - ھادىسە تۇپەيلىدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ ئەنسىرىگۈچە، تېگىشلىك چارە - تەدبىرنى قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس

بۇ، خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان، جۈرئەتلىك ئادەم ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيرەتلىك كىشى تاغنى قۇم قىلار

بۇ، ئىرادىسى مۇستەھكەم قەيسەر ئادەم ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلالايدۇ، مۇشكۈللۈككە ئامال تاپالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيرىتىڭ بولسا يۇلتۇز سانايسەن

بۇ، شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان باتۇر، قەيسەر، ئىرادىلىك ئادەم ئارزۇ - ئارمان چوققىسىغا يېتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى (كەس)

بۇ، دائىم باشقىلارنىڭ كەينىدىن پىتنە - پاسات تۇغدۇرىدىغان ئىغۋاگەرلەرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، قۇرۇق گەپنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيۋەت، شىكايەت — جېدەلگە دالالەت

بۇ، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، پىتنە - پاسات ئۇيدۇرۇپ سۆز - چۆچەك تارقىتىش كۆتۈلمىگەن ئۇرۇش - تالاش، ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەيۋەت ئۆيۈمنى بۇزدى،
مۇسىبەت كۆڭلۈمنى (بۇزدى)

بۇ، بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلىش، پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇش ئائىلىگە سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئىناقلىقنى بۇزىدۇ؛ ئۆلۈم، ھازا كۆڭۈلنى بىئارام قىلىپ، ئاراملىق بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غوجامنىڭ غوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى (بار)

«خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**غوجامنىڭ قورسقى توق،**
**قۇلى بىلەن ئىشى يوق**

«خوجامنىڭ قورسقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**غوجامنىڭ قورسقى توق،**
**قىلغىلى ئىشى يوق**

«خوجامنىڭ قورسقى توق، قىلغىلى ئىش يوق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**غورا بولماي مېغىز بولماس**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدىغانلىقىنى، ئادەممۇ تۇغۇلغاندىن باشلاپ بىر قاتار ھاياتلىق مەنزىللىرىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئەقىل - پاراسەتكە تولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**غورا - غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ**

«ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش ئۇنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك، بۇ قېتىممۇ ئۇ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يول قويمىدى، مەيلى، ھازىرچە ناماز ئوقۇسا ئوقۇپ تۇرسۇن، ئەمما باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن، چۈنكى «غورا - غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، دورايدىغانلار چىقىپ قالىدۇ، دېدىم ئۇنىڭغا.

**غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشنىڭ جاپالىق، مۇشكۇل قىسمى تۈگەپ، نىسبەتەن ئاسان يېرى قالغاندا بوششىپ، بەرداشلىق بېرەلمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ: سەردار خەنجىرىنىڭ بىسىنى ئۇزۇقلۇق قاچىلانغان خۇرجۇنغا سۈركەپ تۇرۇپ ئافغان قېرىنىڭ خەنجەرگە قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ، بېشىنى ئېغىتىپ كۈلدى - دە، غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماسىڭ بولماس، بىزگىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن، ئۆزى؟ دەپ قوشۇپ قويدى.

**غۇلچى تۈگەپ غېرىچى قاپتۇ**

بۇ، قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ياكى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى تۈگەپ ئاز قىسمى قالغانلىقىنى، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي قېرى، كونىلار «غۇلچى تۈگەپ غېرىچى قاپتۇ» دېگەندەك، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى، بەرىبىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ، جېنىڭنى قىينىغۇچە ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ دېدى ئۇ.

**غېرىبسىنساڭ ئۇتسىن**

بۇ، ھاياتلىقتا مۇھىم بولغان ئوت — ئىسسىقلىق تۈگىگەن، يالغۇزلۇق تارتقان ئادەمگە دەرمان بېرىپ، ۋۇجۇدىنى ئىللىتىدۇ، ئۆزگىچە بىر خىل ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «غېرىبسىنساڭ ئۇتسىن» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، بوشاشقان ئاياغلىرىمنى ئاران سۆرەپ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدە چوغدەك قىزارغان مەشنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپاغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

**غېرىبنىڭ تەلپى ئىجابەت**

غېرىبنىڭ تەلپى ئىجابەت
بۇ، ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يې-
سىر، مۇساپىرلارنىڭ ھەققانىي تىلەك -
مۇراجىئەتلىرىنى ئەل - يۇرت قوبۇل
كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىپ يېتەر**

بۇ، ھەر كىم ئۆز قاياشىنى قوللايدۇ،
دەردىگە دەرمان بولىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە
يۆلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**غېرىچقا ئېرىشىپ،**
**غۇلاچقا تىكىلىپتۇ**

بۇ، ئېرىشكەن پايدا - نەپكە قانائەت
قىلماي، تېخىمۇ كۆپرەك مەنپەئەتكە ئىگە
بولۇش كويىدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ق

**قاپاق بېغى بىلەن،**
**تاسما يېغى بىلەن**

بۇ، ھەرقانداق نەرسە ئاسرالسا، پەر-
ۋىش قىلىنسا كۆركەم، چىداملىق بولغىنى-
دەك، ئادەممۇ ھىماتچىسى، مەدەتكار قول-
لىغۇچىسى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل**

بۇ، ئىشنىڭ ئۈنۈمى، سۈپىتى، نەتى-
جىسىگە قارىماي، سۆلەت داۋرىڭىغا قارايدى-
غان، شەكىلۋازلىقنى قوغلىشىدىغان بىر تە-
رەپلىمىلىك خاھىشنى بىلدۈرىدۇ: ھازىر
جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «قا-
پاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بولۇپ قال-
دى، ھە دېسىلا دىپلومنىڭ گېپىنى قى-
لىپ، قورسىقىدىكى ئۈمچى بىلەن ھېساب-
لىشىپ كۆرمەيدۇ.

**قاپاقتا نېمە بولسا**
**تېشىغا شۇ تەپچەر**

بۇ، ھەركىمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى،
ياخشى - يامانلىقى قىلغان ئىش ـ ئەمەلى،
ئادەمگەرچىلىكى بىلەن مەلۇم بولىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: گۈندىپاينىڭ ياش
قۇرامى باتۇق بىلەن دېمەتلىكتەك كۆرۈنەت-
تى، «قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا شۇ تېپەر»
دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاقلىق، سە-
بىيلىك ئوچۇق چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

**قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق،**
**قېرى ئۆلسە يىغا يوق**

بۇ، بەزىبىر زىيان، ئۆلۈم - يېتىم
تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قايغۇرۇش، ئۆكۈ-
نۈشتىن كۆرە سەۋر قىلىپ ئالدىغا قاراش
لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپاقنى پۇلغا ئالماي،**
**بارىڭىنى پۇلغا ئاپتۇ**

«قاپـاق پـۇل ئەمەس، باراڭ پۇل»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قاپ قويۇپ تاغارنى يۆلەپتۇ،**
**ئاغرىق قويۇپ ساقنى يۆلەپتۇ**

بۇ، ئەمەلدار، زومىگەرلەر ئىمتىيازىغا
تايىنىپ نامرات، يوقسۇللارنىڭ كۈچىدىن
پايدىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپمۇ تەڭ، قاپچۇقمۇ تەڭ**

بۇ، كىچىكنىڭمۇ چوڭدىن قېلىشمايدى-
غان ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى، قابىلى-
يىتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپقى جۇتنى قىچقىرىدۇ،**
**كاللۇكى بەرنى سۈپۈرىدۇ**

بۇ، مال - دۇنياغا تويمايدىغان، مەنپەئەتپەرەس، ئاچ كۆز، پىخسىق ئادەملەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپقى ئۇششۇق، پۇلغا تۇشلۇق**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا، ماددىي شارائىتىغا، ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «ئانداق بولسا يېپىق قازان يېپىق بويىچە قالسۇن، — دېدى كامال گەپنى چورتىدە ئۈزۈپ، — نېمىگە ئالدىرايتىڭلار، ‹قاپقى ئۇششۇق، پۇلغا تۇشلۇق›، دېگەندەك، گازىر - پۇرچاقتا توي قىلىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ.»

**قاپقى ئۇششۇق، ئۆزىگە تۇشلۇق**

«قاپقى ئۇششۇق، پۇلغا تۇشلۇق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ

**قاتاردىن قالما، خاتادىن قال**

بۇ، ئار - نومۇسقا خىلاپ يامان ئىش - ھەرىكەتتىن ساقلىنىپ، خەلقتىن - ئاممىدىن ئايرىلماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشمەن دەيدىكەن، مۇلايىم، خۇشخۇي، كەمتەر، ئىشچان، شېرىن سۆزلۈك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاتىلدىن ئىمان كەپتۇ،**
**پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ**

«پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ، قاتىلدىن ئىمان» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ،**
**قوغلىغانمۇ (خۇدا دەيدۇ)**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىكتە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك، راۋان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ**

بۇ، ئۇياتچان، ئار - نومۇسلۇق ياخشى ئادەملەرگە ئەگىشىش، جېدەلخور، بىشەم، يامانلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاچقۇنغا شەپقەت يوق،**
**ئازغۇنغا ھۆرمەت يوق**

بۇ، ئىش - ئوقەت بىلەن خۇشى يوق، ئاقنانچى - ھۇرۇنلارغا رەھىم قىلماسلىق؛ ئالاكۆڭۈل، ۋاپاسىز، قارانىيەتلەرنى ئەتىۋارلىماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار،**
**ساقتىن زېرەك گاچا (بار)**

بۇ، كۆزگە ئىلمايدىغان، ئېتىبارسىز نەرسىلەر ئىچىدىمۇ ئېسىل، يارامىلىقلىرى تېپىلىدىغانلىقىنى؛ مەلۇم ئەيىبى بار ئادەملەردىمۇ ئەقىل - ئىقتىدارلىقلار چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا ئاقارماس،**
**ساراڭ ساقايماس**

بۇ، ھەرقانداق ئىش ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا تۇخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ**

بۇ، ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، ئەرزىمەس ئادەملەردىنمۇ پەزىلەتلىك، ياخشى پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا قازاننىڭ ئىچى تاتلىق**

بۇ، ئەسلىي مەنىسى بويىچە، ساپ چويۇندىن ياسالغان قازان نىسبەتەن قېلىن بولغاچ تاماققا سالغان خورۇچلار ئالدىرىماي پىشىپ ئۆزگىچە تەملىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆچمە مەنىدە: قاپقارا كۆمۈر كۆزچاقنىتىدىغان يالقۇن ۋە كۈچلۈك ھارارەت چىقارغاندەك، كۆرۈمسىز شەيئىلەرمۇ گېزى كەلگەندە مۇھىم ئىشلارغا يارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا قىز سوپۇنغا ئامراق**

بۇ، گۈزەللىكتىن ئەسەر يوق سەت ئايال پەردازنى، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا كىگىز ئاقارماس**

بۇ، ئار - نومۇسنى يوقاتقان، ئىناۋىتىگە داغ تەگكەن ئادەم ھەرگىز باش كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

**قاراڭغۇدا قېرى خوتۇن ياش كۆرۈنەر**

بۇ، شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلگەن پاھىشۋاز ئادەم ئاياللارنى ئۇچراتقاندا ياش قۇرامى، ئەيىب - نۇقسانى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاراڭغۇ دەپ ھاڭۋاقما،**
**يورۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپ**

بۇ، تىرىكچىلىكنىڭ جاپا - مۇشەققەت، مۇشكۇلچىلىكلىرىگە دۇچ كەلگەندە تېڭىرقىماي، تىرىشىپ ئىشلەپ، بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق**

بۇ، ۋاقىت كىشىگە باقمايدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن پۇرسەت قايتىپ كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى قەدىرلەش، مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر**

بۇ، خەلقنىڭ ئامانلىقىغا، مال - مۈلكىگە زىيان سالىدىغان يامان نىيەتلىك ئادەملەر يوشۇرۇن، خۇپىيانە يول بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارامىنىڭ بېشى تاشقا تېگەر،**
**زېرەكنىڭ ئاغزى ئاشقا (تېگەر)**

بۇ، دائىم خەلققە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايدىغان يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئاخىر زاۋال تاپىدۇ؛ ئاق كۆڭۈل، خوش پېئىل، ئەقىللىق كىشىلەرگە بەخت - تەلەي قۇچاق ئاچىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارا ئېشەكنىڭ تېزىكى ئىششىققا داۋا**

بۇ، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان، ئەر-
زىمەس نەرسە ۋاقتى كەلگەندە ئۆز رولىنى
جارى قىلىپ، جانغا ئەسقاتىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا،**
**بوراندا ئۈيقۇ**

بۇ، ھەركىم ۋاقىت، شارائىت، ئەمە-
لىي ئەھۋال ۋە شۇ مەزگىلنىڭ ئېھتىياجىغا
قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**قارغا-ئۆلۈك كۆمگىلى بولماس**

بۇ، يالغانچىلىق، ھىيلە - مىكىر،
ناھەق ئىش ھەرقانچە خۇپىيانە تۇتۇلسىمۇ،
ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچسۇن**

بۇ، بىراۋغا ھەدېگەندىلا يامانلىق تىلەي-
دىغان قارا نىيەت، ھەسەتخورلارنىڭ ئاغزىغا
تاش - تۇپراق، بېشىغا بالا ياغسۇن دېگەن
رەددىيە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارغىغۇچىنىڭ ئاغزىغا قاغا چىچار**

«قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچسۇن»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قارلىغاچ پەس ئۇچتى،**
**يەرگە يامغۇر چۈشتى**

بۇ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھالىتى
- پەسىل ياكى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى-
دىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا**

بۇ، تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىر
كىشىنىڭ ئوي - پىكرى، غېمى بىر -
بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قارنىم خالتا، قوڭۇم بوغچا**

بۇ، تاپقىنىنى يەپ - ئىچىپ، كېيىن-
لىكىنى ئويلىمايدىغان، ئۇدۇللۇق تۇرمۇشقا
ئادەتلەنگەن پەمسىز ئادەملەرنىڭ بەتخەجلىك
خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن،**
**قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن**

بۇ، ئىنسان ئۇچۇن يېمەك - ئىچمەك-
تىن كۆرە، ئىززەت - ئابروي، ئىناۋەت
مۇھىم ئىكەنلىكىنى، نەپسىگە بېرىلگەن ئا-
دەمنىڭ ئەتىۋارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر**

بۇ، نەپسىگە بېرىلگەن ئاچ كۆز، دۇن-
ياپەرەس ئادەم نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن
ئۇزاق ياشيالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قارنىغۇ باتۇر بولار**

بۇ، نادان، گىرى ئادەم ھېچقانداق
ئىشتىن يانمايدىغان تەلۋە، قارام بولىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇ تۇتقىنىنى قويماس،**
**گاس ئاڭلىغىنىنى قويماس**

بۇ، مەلۇم نۇقسانى بار، ئەيىبناق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئىش - ھەرىكىتى زېرەك، تەندۇرۇس ئادەملەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇغا چوڭ يول تار كېلەر**

بۇ، نادان، گىرى ئادەم بىر ئىش قىلسا داۋراڭ سېلىپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، قولىدىن ئىش كەلمىگەندە بولسا قابىلىيەتسىزلىكىگە تەن بەرمەي، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇغا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق**

بۇ، ئەما ئۈچۈن قاراڭغۇ بىلەن يورۇقنىڭ پەرقى بولمىغىنىدەك، ساۋاتسىز، نادان ئۈچۈن بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ پەرقى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇغا يول كۆرسەتسە،**
**ئۆزۈم تاپقان يول دەيدۇ**

بۇ، بىلىمسىز، نادان ئادەم بىغەرەز، يۈزسىز بولغاچقا، باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا كۆز يۇمۇپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ**

بۇ، كۈتكەن ئىشنىڭ ئويلىغاندەك ئەپلىشىپ، ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى، كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: يولۋاسنىڭ ئۇنى قومۇلغا تەكلىپ قىلىشى مېڭىش يولى تاپالمايۋاتقان بۇ چالا ئۆلۈككە جان بېغىشلاپ «قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ» دېگەندەك يېقىپ كەتتى.

**قارىغۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭساڭ**
**گوداڭغا چۈشەرسەن**

بۇ، بىلىمسىز، نادان بىلەن ئارىلاشقان ئادەم تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇنىڭ تىلىكى - ئىككى كۆز**

بۇ، يورۇقلۇقنى كۆرۈشكە تەشنا ئەما ئادەم كۆزىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتكىنىدەك، بىلىمسىز، نادان ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىشى بار**

بۇ، ھەركىم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئادەم بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزخىلى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ**
**بىر كۆزۈڭنى قىس**

«يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قارىغۇنى ياردا قىستاپتۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بىرەر ئىشقا زورلىغانلىقىنى، ھەرخىل ۋاستە بىلەن مەجبۇرلىغانلىقىنى بىلدۈرى-

دۇ: ئىبراھىم ئاكا، دېدى گالى پالۋان ھەيۋە بىلەن، نېمىدېگەن مۇتتەھەملىك بۇ «قارىغۇنى ياردا قىستاپتۇ» دېگەندەك، ھېچ نەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچىۋالا قىستاۋەرسىڭىز بولامدۇ؟

قاچان بولسا لېكىن بىر توي ئىشى بار،
بۇ يوقسۇزلۇق غېمىنىڭ تەشۋىشى بار.
نېمۇ قىلغۇلۇق چولاق مۇبادا،
بۇ ئىشتا قىستىسا قارىغۇنى ياردا.

**قارىغۇ ھاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتار**

بۇ، بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتۈپ ئاچچىق ساۋاق، تەجرىبىگە ئىگە بولغان ئادەم پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق، زىياندىن ئېھتىيات قىلىپ دائىم ھوشيار تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇ ئېشەككە تۈزلۈق سۇ،**
**قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ**

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان نادانغا نەپرەت كۆزىدە قاراپ، تەنقىدىي قاتتىق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇ ئىنەككە چوناق بۇقا،**
**توكۇر ئېشەككە كۇمۇش تاقا**

بۇ، ھەركىم ياكى نەرسىنىڭ ئۆز خىلى - جۈپتى بولىدۇ، ئەقىلسىز، ئەخمەق ئادەم مەسخىرىگە لايىق ئىش قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھېبدىل يوغان كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن ئوينىتىپ «توخۇ تېرەككە چىقتى، ئۈجمىگە پاقا، قارىغۇ ئىنەككە چوناق بۇقا، توكۇر ئېشەككە كۇمۇش تاقا.

خوتۇنلار ئالتە غېرىچ كۆڭلەك كىيىپتۇ، يەتتە غېرىچ ياقا، ئۇنى كىيىپ بىر - بىرىگە باقا، ئوينىڭىزلەر، كۈلۈڭىزلەر» دەپ چۇنچۇن سالىۋات ئېيتاتتى.

**قارىماي ئېتىۋىدىم، بېشىمغا تەگدى**

بۇ، پەم - پاراسەت ئىشلەتمەي، ھاماقەتلەرچە قىلىنغان ئىش مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر**

بۇ، ئادەم بىرەر ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا ئاچچىقلانماي، ئۈمىدسىزلەنمەي، تەمكىن، غەيرەتلىك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز - گەز بولۇپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر» دېگەننى يادىغا ئېلىپ ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ.

**قازا قاتراپ كەلمەس،**
**بالا مۆڭرەپ (كەلمەس)**

«بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قازان ئالساڭ چېكىپ ئال،**
**خوتۇن ئالساڭ بىلىپ (ئال)**

بۇ، مال سېتىۋېلىشتا ئالدى بىلەن كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ سەرخىلىنى تاللاپ ئېلىش؛ ئەسلىي - ۋەسلى تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاندىن ئۆيلىنىش لازىم،

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازان تەكتىم كۇمۇش دېسە،**
**چۆمۈچ ئۇنداقتا مەن نەدىدىم**

بۇ، دائىم ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرمەي قارىسىغىلا سۆزلەيدىغان، ئۇيدۇرمىچى كىشىلەرگە قارىتىلغان كىنايىنى بىلدۈرىدۇ: بۇرۇنقىلار «قازان تەكتىم كۇمۇش دېسە، چۆمۈچ ئۇنداقتا مەن نەدىدىم» دەپتىكەن، ھېممىتاخۇن، سىلى بار يەردە بىزمۇ بار، قۇلىقىمىزغا ماز تىقىقلىق ئەمەستى، گەپكە قانات - قۇيرۇق چىقىرىۋەتتىلىغۇ تازا! دېدى چولاق مەزىن زاڭلىق قىلغان ئاھاڭدا.

قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقار،
بولمىسا نېمە چىقار؟

«قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

قازاندا نېمە بولسا،
چۆمۈچكە شۇ چىقار

بۇ، ھەركىمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، بايلىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى قىلغان ئىش - ئەمەلىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قازاندىن چۆمۈچ چوڭ

بۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئاتىكاچى، باشباشتاق كىشىلەرنىڭ مەنمەنچىلىك ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئادەم دېگەن قىزىق نېمە - دە، ئازراقلا ياخشى كۈن كۆرسە «قازاندىن چۆمۈچ چوڭ» دېگەندەك، گەپنىڭ چوڭىنى قىلىدۇ، دېدى ئۇ.

**قازانغا چۆمۈچ كېرەك،**
**تاۋاققا قوشۇق ( كېرەك)**

بۇ، ھەممە كىشىگە ئائىلە كېرەك، ئائىلىلىك بولۇش ئۈچۈن ئايالغا ئەر، ئەرگە ئايال كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار،**
**يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (يۇقار)**

«يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ

بۇ، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، تۇرمۇشى روناق تېپىپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەردىكى خاتىرجەملىكنى بىلدۈرىدۇ:

كىرسەممۇ مەن ئاتمىش ئۇچكە، شۇ
چاغقىچە —
ھېچ كۆرمىگەن بۇنچە ھوسۇل ئاشقىنىنى.
بولدى بۇگۈن قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ،
كۆر، خالايىق، دىلدا شادلىق تاشقىنىنى.

قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ

بىر ئائىلە بولۇپ ياشاۋاتقان ئەر - خوتۇن ھەرقانداق ئىشتا بىر - بىرىنى قوللىشى، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك، ھىمايىچى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازان تەكتىم كومۇش دېسە،**
**چۆمۈچ ئۇنداقتا مەن نەدىدىم**

بۇ، دائىم ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرمەي قارىسىغىلا سۆزلەيدىغان، ئويدۇرمىچى كىشىلەرگە قارىتىلغان كىنايىنى بىلدۈرىدۇ: بۇرۇنقىلار «قازان تەكتىم كومۇش دېسە، چۆمۈچ ئۇنداقتا مەن نەدىدىم» دەپتىكەن، ھېمىتاخۇن، سىلى بار يەردە بىزمۇ بار، قولىقىمىزغا ماز تىقىقلىق ئەمەستى، گەپكە قانات - قۇيرۇق چىقىرىۋېتىلىغۇ تازا! دېدى چولاق مەزىن زاڭلىق قىلغان ئاھاڭدا.

**قازاندا بولسا چۆمۈچكە چىقار،**
**بولمىسا نېمە چىقار؟**

«قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قازاندا نېمە بولسا،**
**چۆمۈچكە شۇ چىقار**

بۇ، ھەركىمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، بايلىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى قىلغان ئىش - ئەمىلىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازاندىن چۆمۈچ چوڭ**

بۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئاتىكاچى، باشباشتاق كىشىلەرنىڭ مەنمەنچىلىك ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئادەم دېگەن قىزىق نېمە -دە، ئازراقلا ياخشى كۈن كۆرسە «قازاندىن چۆمۈچ چوڭ» دېگەندەك، گەپنىڭ چوڭىنى قىلىدۇ، دېدى ئۇ.

**قازانغا چۆمۈچ كېرەك،**
**تاۋاققا قوشۇق (كېرەك)**

بۇ، ھەممە كىشىگە ئائىلە كېرەك، ئائىلىلىكبولۇش ئۈچۈن ئايالغا ئەر، ئەرگە ئايال كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار،**
**يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (يۇقار)**

«يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار)» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ**

بۇ، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، تۇرمۇشى روناق تېپىپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىكى خاتىرجەملىكنى بىلدۈرىدۇ:

كىرسەممۇ مەن ئاتمىش ئۈچكە، شۇ
چاغقىچە —
ھېچ كۆرمىگەن بۇنچە ھوسۇل ئاشقىنىنى.
بولدى بۈگۈن قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ،
كۆر، خالايىق، دىلدا شادلىق تاشقىنىنى.

**قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ**

بىر ئائىلە بولۇپ ياشاۋاتقان ئەر - خوتۇن ھەرقانداق ئىشتا بىر - بىرىنى قوللىشى، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك، ھىمايىچى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

بىلىپ قوي، يېگەن تامىقىنى ئېرىدىن يو-
شۇرىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بۇ شۇندىقىدىن!
توۋا قىلدىم، نەلەردە قاغدىنىپ كەتكەندۇ
بۇ، ئاۋۋال سۆيىنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئاۋۇ
گۆۋاھچىسى ئېلىپ قويغان قويۇقىنى يەي-
دۇ، دېدى ئۇ.

**قازاننىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ ياغ**

«قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ» نىڭ ئى-
زاھىغا قاراڭ: ئىشلار مۇشۇ تەرىقىدە داۋام
قىلىپ قازىنىمىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ ياغ
بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە نەدىن پەيدا بول-
دىكىن تاڭ؟ كەسپىي سەۋىيىنى، مەدەنىيەت
سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش دولقۇنى قوزغىلىپ
كەتتى.

**قازا ئىككى، ئۆلۈم بىر**

بۇ، ئادەم ھاياتلىقتا تۈرلۈك ھادىسە،
پېشكەللىكتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى،
ئۆمۈر ئاخىرلىشىپ، ئەجىلى توشقاندىلا ئۆ-
لىدىغانلىقىنى، لېكىن كۈتۈلمىگەن قازاغا
يولۇقۇشتىن، بىئەجەل ئۆلۈشتىن ساقلى-
نىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازى بىلەن قالامسەن،**
**مۇپتى بىلەن كېتەمسەن؟**

بۇ، ھەر ئادەم زېرەكلىك بىلەن كېلە-
چىكىنى ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەكلىكى-
نى، كىم ئەقىللىق بىلەن بىراۋنىڭ چىشىغا
تېگىپ قويۇپ، ئورۇنسىز زىيان تارتىشتىن
ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازىدىن قېچىپ، پادىشاھقا ئۇچراپتۇ**

بۇ، ئادىل، توغرا ئىش قىلىدىغانىنى
يامان دەپ يۈز ئۆرۈگەنلەر ئۇنىڭدىن بەتتەر
زالىمغا يولۇقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**قازىنى باشقىنىڭ، قايغۇسى باشقا**

بۇ، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان
ھەر بىر ئائىلىنىڭ غېمى، كۈن ئۆتكۈزۈش
ئادىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق،**
**بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا (باق)**

«بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا باق، قازىنىڭ-
نىڭ قايىنىشىغا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قاسساپ دوستىغا سۆڭەك بېرەر**

بۇ، ئالا كۆڭۈل، سەممىيەتسىز،
ھىيلىگەر ئادەم باشقىلارنى ھەتتا ئەڭ يېقىن
كىشىلىرىنىمۇ ئالدايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**قاسساپقا پۇل بېرىپ،**
**ناۋايغا قاراپتۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا زېھنىنى بىرەر
مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان كىشى-
لەرنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاسساپقا ماي قايغۇسى،**
**ئۆچكىگە جان قايغۇسى**

بۇ، باشقىلارنى ئۆڭدا قويۇش ئارقىلىق

كۆزلىگەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش كويىدا بول-
غان كىشىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان شەخسى-
يەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاسساپ ماي چاينايدۇ،**
**ئاشپەز گۆش (چاينايدۇ)**

بۇ، ھەرقانداق ھۈنەرۋەن - كاسىپ
ئۆز ھۈنەر - كەسپىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرى-
دۇ، ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاسساپنىڭ پىچىقى ئەپلىك،**
**ئاشپەزنىڭ چۆمۈچى (ئەپلىك)**

بۇ، ھەرقانداق كەسىپ ئەھلى تىجارەت-
تە ئۆزىنىڭ ھۈنەردىكى چاققانلىق ۋە ماھىر-
لىقىنى جابدۇق - سايمىنى ئارقىلىق نامايان
قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاسساپ ياغ قايغۇسىدا،**
**ئۆچكە جان قايغۇسىدا**

«قاسساپقا ماي قايغۇسى، ئۆچكىگە
جان قايغۇسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قاشاڭ ئات مىنگۈچە،**
**پىيادە ماڭ ئۆلگۈچە**

بۇ، يارامسىز، لەقۋا ئۇلاغ كىشىنى
سەپەردە قىينايدۇ ياكى يولدا قويىدۇ، ئېزى-
لەڭگۈ، مىسمىس ئادەم بىلەن بىللە بولغان
كىشىنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاشا مەھكەم بولسا،**
**تۈلكە كىرەلمەس**

بۇ، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە پۇختا بولغان
ئادەم ئىناق ئائىلە، بەختلىك تۇرمۇشنى
ئۇنتۇملۇك قوغداپ، باشقىلارنىڭ بۇزغۇنچى-
لىق قىلىشىدىن ساقلىنالايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا،**
**باشقىسى بازاردا بار**

بۇ، مال - مۈلۈك، نەرسە - كېرەكنى
تاپقىلى، سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن
ئىشق - مۇھەببەت، گۈزەللىك بىلەن ئە-
قىلنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ.

**قاشقا سانساڭ كۆزگە،**
**كىشىگە سانساڭ ئۆزىگە**

بۇ، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق يوق،
باشقىلارنى قەستلىگەن، يامانلىق ئويلىغانلار
ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە ئۆزى يامان ئاقى-
ۋەت، بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ: موماي كۆزىنى يۇمۇۋالغان
پېتى تاشلارنى تىزدى. ئاندىن كۆزىنى ئې-
چىپ تاشلارغا بىر مەھەل قاراپ تۇرۇپ:
«قاشقا سانساڭ كۆزگە، كىشىگە سانساڭ
ئۆزىگە» دەپتىكەن، بالام، قاراڭغۇدا يول
يۈرۈپلا، يان تەرەپتىن ئىت كۆرۈپلا، بالام،
ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاخشام ئۆزلىرىگە قوقاق
تېگىپتۇ، ساقىيىپ كېتىلا، دەپ پالنىڭ
تەبىرىنى يەشتى.

**قاغا بالام ئاپئاق،**
**كىرپە بالام يۇمشاق**

بۇ، ھەركىمنىڭ بالىسى سەت، كۆ-

رومسىز بولسىمۇ، ئۆزىگە چىرايلىق، ئو-
ماق، يېقىملىق، ئوقسانسىز كۆرۈنىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغا جىگدىنى يېمەك،**
**مەيدەم ئاغرىدى دېمەك**

بۇ، ھەركىم قالايمىقان ئوزۇقلانماي، يېمەكلىكنىڭ سۈپىتىگە، خام، پىششىقلىقىغا دىققەت قىلىپ، سالامەتلىكىنى ئاسراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس**

بۇ، ① مەرد ئادەم ئۆز قاياشىنى، دوست - يېقىنلىرىنى ئاسرايدۇ، ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛

② ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەر ئۆز ئارا قاياش — ھەمنەپەس بولۇپ، بىر - بىرىنى قوللايدۇ، دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سېيىت ھاجى بىزگە يامانلىق كۆزلىمەيدۇ، كونىلار «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس» دېگەندەك، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇغان نەدە بار؟ دېدى ئۇ.

**قاغا ئېيتار ئاپئاق بالام،**
**كىرپە ئېيتار يۇمشاق بالام**

«قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قاغىغا ئوق ئاتما،**
**يامانغا سۆز قاتما**

بۇ، پەسكەش، نامەرد ئادەم

لاشماسلىق، ئالغۇ - بەرگۈ قىلماسلىق، سىرداشماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغىلار قاق ئېتىدۇ،**
**ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلىدىغىنىنى، قولىدىن كېلىدىغان مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، شاد - خۇراملىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغىنىڭ بارغىنىنى سورىما،**
**يانغىنىنى سورا**

بۇ، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى گەپ - سۆزىگە قارىماي، ئىشنىڭ ئۈنۈمىگە، يارىتقان نەتىجىسىگە قاراش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغىنىڭ كۆزىنى قاغا چوقۇماس**

«قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ**

بۇ، پەم - پاراسەت، ئەقىلگە تايانغان كىشى ئۈچۈن ھەرقانداق مۈشكۈل، جاپالىق ئىشمۇ قىيىن بىلىنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالپاقتا چۈشلۈك قىرغىز يوق**

بۇ، ئادەم بىلەن ئىشنىڭ ئازراقمۇ ماسلاشمىغانلىقىنى، ئاتاق - ئابروي، نامىغا چۈشلۈق ئۈنۈم، نەتىجىسى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالغان ئىشقا قار ياغار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە سۈرمەي، ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىش كېرەكلىكىنى، كېچىكتۈرۈلگەن ئىش ھامان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس،**
**بوغۇز يېسە توۋرا تېشەر**

بۇ، رايى بارمىغان، ئادەتلەنمىگەن ئىشقا زورۇقۇپ كىرىشكەن ئادەم ئۇنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قامچىغا كۆچمەي، يەمگە كۆچە**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئوڭۇشلۇق بېجىرىشتە ھەيۋە، پوپوزا، بۇيرۇققا تايانماي، ياخشى گەپ، ئىللىق مۇئامىلە، ماددىي رىغبەتكە تايىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قانائەت — تۈگىمەس خەزىنە**

بۇ، بار - يوققا، ئۆتۈۋاتقان كۈنىگە شۈكۈر قىلغان كەمتەر، ئىنساپلىق ئادەم ئۆزىنى دائىم باياشات ياشاۋاتقاندەك سېزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق**

بۇ، ئۆتۈۋاتقان كۈنىگە شۈكۈر قىلغان، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرگەن، ئىنساپلىق كىشىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قانائەتنىڭ ئاستى ئالتۇن**

بۇ، بار - يوققا، ئۆتۈۋاتقان كۈنىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ كۆڭۈللۈك، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: شەمشىدىن بولسا ئۆز ئېتىقادى بويىچە، «قانائەتنىڭ ئاستى ئالتۇن» دەپ، بارنى ئايىماي، يوقنى كايىماي كۈن ئۆتكۈزەتتى.

**قانچىلىك ئۇخلىساڭ،**
**شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن**

بۇ، ئىش بىلەن خۇشى يوق، بىكار يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ھۇرۇن ئادەم ھامان ئاچ قالىدۇ، ئىش - ئەمگەكتىن قاچمىغان، تەر ئاققۇزۇشتىن ئېرىنمىگەن ئادەم ھالاۋەت كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس**

بۇ، كەڭ قورساق ئادەم بىراۋنىڭ يامانلىقىغا شۇنداق يامانلىق بويىچە جاۋاب قايتۇرماي، بەلكى ئارىدىكى ئارازلىقنى ياخشىلىقچە، چىرايلىق يول بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ يالۋۇرغان قىياپەتتە، بىزنى ئايىسىلا، كونىلار «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس» دەپتىكەن، ھەر ئىش بولسا، گەپ تۈگىگىنى ياخشى، ئاخۇنۇم بىلەن ئۆيلىرىمىزگە ئامان - ئېسەن كېتىۋالايلى، دېدى.

**قاۋىمىغان ئىتقا تاش ئاتما**

بۇ، چېقىلمىغان ئادەمگە قەستەن يولسىزلىق قىلماسلىقنى، ئورۇنسىز ھالدا بىھۇدە زىيان يەتكۈزمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ**

بۇ، ئادەم گەرچە غورىگىل تۇرمۇشتا

ئۆتسىمۇ، لېكىن كۆڭۈل ئازادىلىكى، خا-
تىرجەم مۇھتقا ھەممىدىن بەك موھتاج ئى-
كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بۇ خىزمەتنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. كونىلاردا «قاي-
ناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن گەپ
بار. مەن پات يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ
كېتىمەن، ماڭا كۆڭۈل تىنچلىقىدىن باشقا
گەپ خۇش ياقمايدۇ، دېدى ئۇ جاۋاب بې-
رىپ.

**قەدىرسىز ياشىغىنىڭدىن**
**قەدىرلىك ئۆلگىنىڭ ياخشى**

بۇ، ئار - نومۇسقا خىلاپ ھالدا غورۇ-
رنى يوقىتىپ، خۇشامەتچىلىك بىلەن ياشى-
غاندىن كۆرە، قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ،
مەردانە ھالدا ئۆلگەن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قەدىرلىگىن ۋاقتىڭنى،**
**ئىشەنمىگىن ئۆمرۈڭگە**

بۇ، ئۆمۈر تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكى-
نى، ھەركىم سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ۋا-
قىتنى قولدىن بەرمەي ئۆمرىنى مەنىلىك
ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەدىناستىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ،**
**قەدىم جايدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ**

بۇ، ھەركىم كۆڭلىدىكى يېقىن ئادىمى-
دىن يوقىلاڭ باھانە - سەۋەب بىلەن يۈز
ئۆرۈمەسلىكىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىن-
دىك قېنى تۆكۈلگەن يەرنى ھەرقانداق ئەھ-
ۋالدىمۇ تاشلىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قەرزدار بولساڭ بېرىپ قۇتۇل،
كېسەل بولساڭ ئۆلۈپ (قۇتۇل).
«ئاغرىق بولساڭ ئۆلۈپ قۇتۇل، قەرز-
دار بولساڭ بېرىپ قۇتۇل» نىڭ ئىزاھىغا قا-
راڭ.

**قەرزداردىن پۈتكەننى ئال،**
**تۈگمەندىن چىقانىنى (ئال)**

بۇ، ئالغۇ - بەرگۈ مۇئامىلىدە قەرز-
دارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتۇش، بەر-
گەننى ئاز كۆرمەي ئېلىپ قولغا كەلگەنگە
شۈكۈر قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا**

بۇ، قەرزنى قايتۇرماي كېچىكتۈرگەن
كىشىنىڭ ئىناۋىتى بولمايدۇ، خەقنىڭ ئال-
دىدا گېپى ئۆتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق**

بۇ، ئېلىم - بېرىمدە گېپىدە تۇرمايدى-
غان، سەممىيەتسىز كىشىنىڭ خەلقئالەم
ئىچىدە نام - نىشانى بولمايدۇ، دېگەن مەن-
نى بىلدۈرىدۇ.

**قەرزدارىڭ پادىشاھ بولسا،**
**ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن**

بۇ، ئالغاننى بەرمەيدىغان، كىشىنىڭ
ھەققىدىن قورقمايدىغان، نائىنساپ، ئاچ
كۆز ئەمەلدارلارغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەت-
مەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەرز سوزۇلسا قالىدۇ،**
**ئاغرىق سوزۇلسا ئالىدۇ**

بۇ، ھەركىم ئېلىم - بېرىم ھېسابىنى
كىچىكتۇرمەي ۋاقتىدا ئۈزۈش، ئاغرىقنى
كىچىكتۇرمەي ۋاقتىدا داۋالىتىش كېرەك،
سوزۇلغان قەرز ئۇنتۇلىدۇ، سوزۇلغان كې-
سەللىك ھاياتتىن ئايرىيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي،**
**تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى (كۆرەي)**

بۇ، تۇغۇلغان ئادەم ھامان ئۆلىدۇ،
قەرزدار بولغان ئادەم قەرزىنى تۆلىمەي ئارام
تاپالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەرزى بار كىشىنىڭ**
**بۇرنىدە دەزى بار**

بۇ، ئېلىم - بېرىم ھېسابى ئۈزۈلمە-
گەن، بىراۋغا قەرزدار كىشى ھەمىشە دەككە
- دۈككىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا**

بۇ، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىپ، قەسەمگە ئادەتلەنگەن كىشى-
نىڭ ھاياتى خەۋپ - خەتەر، قازادىن خالىي
بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

**قەست قىلغاننى پەس قىل**

بۇ، بىراۋغا زىيانكەشلىك قىلغان ئا-
دەمنى قىلمىشىغا يارىشا تېگىشلىك جازاغا
تارتىپ رەسۋاسىنى چىقىرىش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قەشقەرنىڭ قىشى ئاز،**
**سوغۇقى ئەتىياز**

بۇ، كىلىماتنىڭ مۇقىمسىزلىقى تېم-
پېراتۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ھەر
ئېھتىمالغا قارشى ئالدىن تەييارلىق كۆ-
رۈپ، سوغۇق ئېقىمنىڭ زىيىنىدىن ساقلى-
نىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:
ساماۋارنى ھېلىغىچە يۈرۈشتۈرۈپ كېتەل-
مەيۋاتقان شەمشىدىنىنىڭ ئىچى تىت - تىت
بولۇپ يۈرەتتى. چۈنكى «قەشقەرنىڭ قىشى
ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» دېگەن راست - دە،
مانا قارىمامدىغان جۇدۇننى، يا قول ئىشقا
بارمايدۇ،
دەيتتى ئۇ.

**قەيەر ئاغرىسا، جان شۇ يەردە**

بۇ، بەدەننىڭ زەخىملەنگەن جايىغا پۈت-
كۈل سەزگۈ مەركەزلىشىدىغانلىقىنى، تى-
رىكچىلىكنىڭ دەسمايىسى بولغان ساغلاملىق
- بىخەتەرلىكنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغ-
داش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەيەرگە يېقىلىشىمنى بىلسەم،**
**شۇ يەرگە پاخال سېلىپ قوياتتىم**

بۇ، ھەركىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرى-
شىنى، يىقىلىشىنى ئالدىن پەملىيەلمەيدى-
غانلىقىنى، شۇڭا ھەر ئېھتىمالغا قارشى
تەييار تۇرۇش، بىخۇدلۇق قىلماسلىق كې-
رەكلىكىنى، كېيىنكى پۇشايمان پۇتۇنلەي
پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوپ، توختىمەت، ئورنۇڭغا ئۆت**

بۇ، بىرەر ئىشتا دەسلەپ نېزىرقاپ،
چوڭچىلىق بىلەن پەش قىلىپ، ئاخىر يې-
ڭىلگەندە قايىل بولۇپ، پەسكويىغا چۈشۈپ

قالىدىغان كىشىلەرنىڭ كاجلىقىنى بىلدۈر-
دۇ.

**قوناغا بۆرە كىرسە،**
**ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي-
دىغان ھاماقەت، يارامسىز ئادەملەرنىڭ يۈ-
رەكسىز، قورقۇنچاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوتۇر كالىغا مۈڭگۈز ياراشماس**

بۇ، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، ئىچى
يامان، ھەسەتخور ئادەم ئىززەتلەشكە ئەرز-
مەيدۇ، مەرتىۋە، ئابرۇيىنى كۆتۈرەلمەيدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورساق ئاچقاندا خام كۆمەچمۇ تاتلىق**

بۇ، ئاچ قالغان ئادەم تاماق تاللىماي-
دۇ، ئاچلىقتا يېگىلى بولىدىغان ھەرقانداق
نەرسە تاتلىق تېتىيدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا،**
**تاۋۇز يېيىشتىن قورقما**

بۇ، باشقىلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان
ئىشلارنى قىلىپ قويمىغان، ھېچقانداق سە-
ۋەنلىكى يوق ئادەم خۇدۇكسىرىمەيدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورساقتا نان بولسا،**
**بىلەكتە جان بولىدۇ**

بۇ، ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ،
تاماقنى ۋاقتىدا، تويغۇدەك يەپ، سالامەتلى-
كىنى ئاسرىغان ئادەم كۈچ - قۇۋۋەتتىن
قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورساق توق، كۆڭۈل شوخ**

بۇ، تۇرمۇشى باياشات كىشىنىڭ كۆڭ-
لى خاتىرجەم، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ،
ھەممە ئىشقا قىزىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**قورساق دېگەن شىرە، يېسە كىرە**

بۇ، ھەركىم ئەھۋالىغا قاراپ غىزال-
نىشنى، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، تويغىنىنى
بىلمەي يەۋەرسە كېسەلگە دۇچار بولىدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورساق گول، ئېغىز ھارامزادە**

بۇ، قورساققا يېگۈدەك نەرسە بولسىلا
گالدىن ئۆتۈۋېرىدۇ، ئېغىزنى مەھكەم تۇ-
تۇپ، گەپ - سۆزدە ئېھتىياتچان بولغاندىلا
كۆڭۈلسىزلىك چىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قورساقنىڭ ئاچقىنى —**
**ئەقىلنىڭ قاچقىنى**

بۇ، قورساق ئاچقاندا، يوقسۇزلۇقتا ئا-
دەم ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، كۆزىگە ھېچ
نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ھېچكىمدىن ئەيمەنمەي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا**
**ئابرۇيۇڭنى قوشۇپ يەر**

بۇ، ئاچ كۆزلۈك قىلىش، نەپسىگە بې-
رىلىش يامان ئادەت بولۇپ، كىشىنى كۈل-
كىلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، ئىناۋەتتىن

ئايرىيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قورسقى ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،**
**قورسقى توقنىڭ ئۇستۋاشتا**

بۇ، يوقسۇل، نامراتلار يېمەك - ئىچ- مەك، ئوزۇقنىڭ غېمىدە بولىدۇ، بايلار، مەرتىۋىلىكلەر كىيىم - كېچەكنى، ياخشى كىيىنىشنى ئويلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ- رىدۇ.

**قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەر**

«قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر**

بۇ، بىرەر ئىشتىن خۇدۇكى بار، ئە- يىبلىك ئادەم ئۆزىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئالدىئالا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سەن هازىرچە مۇرادىڭغا يەتكەندەك قىلىسەن ... «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك، سەن هايۋانىي ئۇسۇل بىلەن ئالدىن مۇشت كۆتۈرۈۋالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر سېنىڭ تەلىيىڭ ئوڭ- دىن كېلىپ، ئۆزۈڭچە مەقسىتىڭگىمۇ يەت- تىڭ. ئەمما سەن بالدۇر خۇش بولۇپ كەت- مە! دېدى تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭغا.

**قورققان ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشتىن خۇدۇكى بار، ئە- يىبلىك ئادەم دائىم ماڭغان - تۇرغىنىدىن خۇدۇكسىرەپ ئەنسىزلىكتە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قەدىمكىلەر «قورققان سايىسىدىن ئۈركۈپتۇ» دېگەندەك، بۇ پىيەد- چۈكنىڭ كەينىگە بۈگۈن ئەگىشىۋالغىنى پە- قەت ئايدىڭ كېچىدىكى ئۆز سايىسى ئىدى.

**قورققانغا قوش كۆرۈنەر،**
**قارا باسقانغا مۇشت (كۆرۈنەر)**

بۇ، بىرەر كۈتۈلمىگەن ۋەھىمە تۈپەي- لىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن كىشى ئۈستى - ئۈستىلەپ پېشكەللىككە ئۇچراپ، كۆ- ڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەند- نى بىلدۈرىدۇ.

**قورققانغا قوش كۆرۈنەر،**
**كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر**

بۇ، بىرەر ۋەھىمە، تەشۋىش تۈپەيلە- دىن ئەنسىرىگەن، غەمدە قالغان كىشى تۈر- لۈك پۈتلىكاشاڭ، پېشكەللىكتىن قۇتۇلا- مايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ بۇ هالى ئاشۇ بۇلاق بېشىدىكى ئۆلۈم پاجىئەسى- گە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن «قورققان- غا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈ- نەر» دېگەندەك، سەرگۈزەشتىلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەپ قاتتىق بىئارام بولماقتا ئىدى.

**قورققاننى ئەجەل قوغلار**

بۇ، هەرقانداق ئىشتا يۈرەكلىك، قەيسەر بولۇشنى، غەيرىتى يوق، يۈرەك- سىز كىشىنى پالاكەت باسىدىغانلىقىنى بىل- دۈرىدۇ.

**قورققان مۈشۈككە چاشقان**
**ئۆۋۈسى ساراي كۆرۈنۈپتۇ**

بۇ، بىرەر ۋەھىمە، تەشۋىش تۈپەيلە- دىن ئالاقزادە بولغان كىشىگە تۈگمىدەك

نەرسە تۆگىدەك كۆرۈنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قورققان ئىت ئارقىسىغا قاراپ خىرقىرار

بۇ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئادەم ھەرقانداق ئىشتا خۇدۇكسىرەپ قوغدىنىش يۈزىسىدىن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قورققان يەردە جىن بار

بۇ، ئىشتا قەيسەر، جۈرئەتلىك بولمىغان، يۈرەكسىز، ئەنسىرەپلا تۇرىدىغان كىشىنى پالاكەت باسىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئېلىيۋ خەتنىڭ بىر بۇرجىكىگە بۇگۈنكى چىسلانى يېزىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا «قورققان يەردە جىن بار» دېگەن سۆزنى تىركەپ قويىدى.

### قورقۇنچاقتا نومۇس يوق

بۇ، يۈرەكسىز ئادەمدە ۋىجدان، ھايا بولمايدۇ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا نامەردلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قورقۇنچاقنىڭ تومىقى بولغۇچە، باتۇرنىڭ چومىقى بول

بۇ، غەيرىتى يوق، جۈرئەتسىز ئادەمنى ھىمايە قىلغۇچە، مەرد، قەيسەر ئادەمنىڭ چاكىرى بولغان ياخشى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار، نامەرد قەسەمخور بولار

بۇ، غەيرىتى يوق، يۈرەكسىز ئادەم ئىچى تار، چىدىماس بولىدۇ؛ كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان، نائىنساپ ئادەم قەسەم قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قورقۇنچاق ئۆلمەي تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلەر

بۇ، ھەدېسىلا قورقۇپلا تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىنىڭ پەرقى يوق بولۇپ، دائىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ مەسخىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا تەييار

بۇ، ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە شېرىك بولۇۋالىدىغان تەييارتاپلىقنى بىلدۈرىدۇ.

### قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە ساپتۇ

بۇ، بىراۋغا ئارام بەرمەي كەينى - كەينىدىن ئىشقا بۇيرۇپ ئىشلەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: بەگ سەيۋەنلىرى ئالماسنى كۆز قىرىدىن كەتكۈزمەي قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە سېلىپ، ھېچبىر ئارام تاپقۇزمايتتى.

### قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان

بۇ، بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش، ئىناق بولۇش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى؛ بۆلۈنۈش، ئايرىلىش بىردەملىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشنا بولساڭ يۆلەك بول،**
**بولمىسا بۆلەك (بول)**

بۇ، قوشنا ئولتۇرغان ھەقەمسايىلەر بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ياردەملىشىپ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشناڭ ساڭا باقمىسا،**
**سەن قوشناڭغا باق**

بۇ، ۋەزىيەت، شارائىت كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەركىم ۋەزىيەت، شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرىلىشى، ئىتتىپاقلىقتا تەشەببۇسكار بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشناڭ قارىغۇ بولسا،**
**كۆزۈڭنى قىس**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئاما بىلەن بىرگە بولۇش، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشناڭ كەلسە ئاشقا،**
**چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قورسىقى كەڭ، مەرد، سېخىي بولۇش، ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق، پىخسىقلىق قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشناڭنى كولىساڭ كۆچەر،**
**ئۇتنى كولىساڭ ئۆچەر**

«ئۇتنى چۇقچىلىساڭ ئۆچىدۇ، قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۆپكەڭنى بېسىۋال! ئۇنچىۋالا چال-ۋاقاپ كەتمە، قوشنىلار بىلەن چىرايلىق ئۆتكەن ياخشى، ئۆزئارا ئانچە كوچىلاشمايلى، «قوشناڭنى كولىساڭ كۆچەر، ئۇتنى كولىساڭ ئۆچەر» دېگەن گەپ بار. سەن بۇنى بىلەمسەن؟ دېدى ئۇ ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ.

**قوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە**

بۇ، بىراۋنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، كۆڭۈلسىزلىك، كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا تەسەللىي بېرىش، دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھېسداشلىق قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشنامنىڭ قوشنامغا ياخشى كۆرۈنەر**

بۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسى ئۆزىنىڭكىدىن ئېسىل، چىرايلىق كۆرۈنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نەرسىسى باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدىغاندەك، ئانچە ئەرزىمەيدىغاندەك بىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشۇق بولۇپ يالىشىپتۇ،**
**ئىت بولۇپ تالىشىپتۇ**

بۇ، بىراۋ بىلەن ياخشى ئۆتكەندە ئامراقلىشىپ كېتىدىغان، رەنجىشىپ يېرىكلەشكەندە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقتا ئايرىلىدىغان، ناچار ئادەتنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشۇلغاننىڭ تورى بار،**
**ئايرىلغاننىڭ سورى (بار)**

بۇ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق

كۆچ - قۇدرەتكە تولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا غەلبە قازانغىلى بولىدۇ، ئاممىدىن ئايرىلىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئىنسانغا بەختسىزلىك، ئاپەت كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا**

«قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا» دەپتىكەن، ئوڭايلا ساڭا بېرىلگەن قىزنىڭ قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولاتتى؟ ئادىلەنىڭ يېپيېشقاقلىقى جېنىمغا تەگدى. ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، گۈزەلئاي مېنىڭ! دېدى رەقىب ئەلاغا قاراپ.

**قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ،**
**قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ**

«قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس**

بۇ، ياشانغان ئادەم خۇددى پىشقان قوغۇنغا ئوخشايدۇ. پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمىغاندەك قېرىلىق يەتكەن ئادەمنىڭمۇ ھاياتلىق ساپىقى ئۈزۈلۈپ، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوغۇنلۇقتا ئوغرى كىرسە،**
**خام - پىششىقنى تالىماس**

بۇ، ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلغان ئادەم ئىنتايىن رەزىل، رەھىمسىز، قارام بولىدىغانلىقىنى، نەرسىلەرنىڭ قىممىتىگە قارىماي، ئۇچرىغاننى ئوغرىلاپ كىشىلەرنى قاقشىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوڭۇمدا ئىشتان يوق،**
**ئېتىم مارجان بۇۋى**

بۇ، باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرغۇدەك بىرەر ئالاھىدىلىكى يوق تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن قالتىس چاغلايدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان مەنمەنچىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولدىن ئۆتكۈچە، ئۆيگە يەتكۈچە**

بۇ، ئېلىم - بېرىم، سودا - سېتىقتا ئادىل، سەممىي ئىش قىلماي، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش كويىدا بولغان كىشىلەردىكى ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە،**
**باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە**

«باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مېھرىگۈل يەنىلا چىگىش خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغالماي ئاۋارە ئىدى. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. بۇنداق ئىشنى كىمگە ئېيتقۇلۇق؟! خەتنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىشمۇ بەئەپ.

**قول قولنى تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى**

بۇ، بىراۋدىن ئالغان نەرسىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بېرىش، كىمدىن ئالغان بول-

سا ئەل شۇنىڭغا بېرىش، قائىدە بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قول قولنى يۇسا،**
**قول كېلىپ يۈزنى يۇيار**

بۇ، بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان كىشى ياخشىلىق كۆرىدۇ، قىلىنغان ياخشىلىق، خەيرلىك ئىش بىكار كەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولنى چىشلىسە ئاچچىق،**
**قوڭنى چىشلىسە سېسىق**

بۇ، يۈز بەرگەن بىرەر ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، باش قاتتىق قاتىدىغان قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ تېڭىرقىغان كىشىلەرنىڭ ھەسرەتلىك كەيپىياتىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس**

بۇ، ھەركىم كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش، بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاز - تولا چىقىم قىلىش، بەدەل تۆلەش، ئەمگەك سىڭدۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما**

بۇ، ئادەم ھۆرمەت - ئابرويغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرۋاقىت خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەيرى - ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سەلەي، ئەل ئاغزىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار، قولۇڭدىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما دەپتىكەن، بۇ خاسىيەتلىك زەمزەم سۈيىگە پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئېغىز تەگكۈزۈپ، بەختىڭلارنىڭ كۈلۈشىگە، بايلىقىڭلارنىڭ كۆپىيىشىگە، سەئىدە بىلەن ئىككىڭلارنىڭ پاقلانىدەك بىر بالا كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ قويسۇن، قانداق دەيسەن، دەپتۇ مىڭبېشى.

**قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا**

بۇ، ھەركىم ئىمكانىيىتى يار بەرسە قۇربىتى يەتكەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولۇڭدىن كەلگەننى ئەلدىن ئايىما**

«قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قولۇڭ ماي بولسا قونچىڭغا سۈۋا**

بۇ، ئادەم بېيىغان — ياخشى كۈن كۆرگەندە ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىغا مېھىر - شەپقەت، ياخشىلىق قىلىش، يار - يۆلەك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولۇڭنى سوزغان يەرگە**
**پۇتۇڭنى سوزما**

بۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياردەم - مەدەت بەرگەن، باشپاناھ بولغان كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولۇڭنى يۇيۇپ يۇر،**
**غېمىڭنى قىلىپ يۇر**

بۇ، ئادەم ئۇچۇن تازىلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، سالامەتلىكنى ئاسراش؛ ھەرۋاقىت تۇرمۇشى، كىيىم-كېچەكلىرى ئۇستىدە باش قاتۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ.

**قولۇڭ ياغ بولسا، يېنىڭغا سۈركە**

**«قولۇڭ ماي بولسا قونچىڭغا سۈۋا»**

نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: نەسرىدىن تاپاۋەتلىرى بىلەن باياشات تۇرمۇشىنى شايە قىلىپ «قولۇڭ ياغ بولسا، يېنىڭغا سۈركە» دېگەن گەپ بار. ماڭا ھەمراھ بولۇپ، بايىقى جايلارغا بىر-ئىككى قېتىم قاتناشقىلا ئىشىڭ پۈتتى-دە، قازىنىڭمۇ، چۆمۈچۈڭمۇ ماي... قانداق؟ دېدى شەمسىدىنگە.

**قولۇم ئۇچۇق، يۈزۈم ئاق**

بۇ، باشقىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان مەرد، سېخىي كىشىنىڭ ئەل-جامائەت ئىچىدە گېپى ئۆتكۈر، يۈز-ئابرۇيى، ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**قولى بىلەن ئېلىپ،**

**پۇتى بىلەن بېرىپتۇ**

بۇ، ھاجىتى چۈشكەندە چىرايلىق سۆز بىلەن ئېلىپ، قايتۇرۇشتا يولسىزلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇتتەھەملىك قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى**

**قولى سۇنۇق بىلىدۇ**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، يوقسۇزلۇقنىڭ خاپىلىقىنى تارتقان كىشىلەر ئۆزئارا قاياش بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**قولى قاشاڭ موللىدىن**

**ئايىغى ئىلدام بالا ياخشى**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ھەرىكەتسىز، قولىدىن ئىش چىقمايدىغان مىسمىس ئادەملەرنىڭ ئىزىلەڭگۈلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولى قىسقىنىڭ يولى قىسقا**

بۇ، قول-ئىلكىدە يوق، نامراتلارنىڭ يوقسۇزلۇقتىن مۇناسىۋەت دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ، ھەدېگەندە ئىشلىرى توسقۇنلۇققا، كاشىلىغا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولى گۈل ئېتىدۇ غىزا،**

**قولى گال تارتىدۇ ئىزا**

بۇ، قولى ئەپلىك، ئىشى ئوز، چاققان كىشى تۆشۈكتە قىينالمايدۇ. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان مىسمىس ئادەم يارامسىزلىقىدىن ئۆيلىپ تەڭلىكچىلىكتە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق**

بۇ، باشقىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان مەرد، سېخىي كىشىنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، ھەر قانداق ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، راۋان يۈرۈشىدۇ،

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قول ئىچىگە ئېگىلەر**

بۇ، ئۆز قاياشىغا، يېقىنلىرىغا بولۇشىدىغان، بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يان باسىدىغان شەخسىيەتچىلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**قول يارىسى كېتەر،**
**تىل يارىسى كەتمەس**

بۇ، تاياق - توقماق بىلەن زەخىملەنگەن تەن جاراھىتى ساقىيىدۇ، لېكىن يامان سۆز، تىل ھاقارەت تۈپەيلىدىن رەنجىگەن كۆڭۈل جاراھىتى ساقايمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق**

بۇ، ئۆزى ئالالمىغان ياكى كۈچى يەتمىگەن نەرسىنى باشقىلارنىڭ قولغا چۈشۈۋالماسلىقى ئۈچۈن قەستەن يامان سۈپەتتە كۆرسىتىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق**

«قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قومۇش ئۆيۈم – كۆمۈش ئۆيۈم**

بۇ، كونا، ئاددىي بولسىمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆي - زېمىنى ئۆزىگە چىرايلىق بىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قومۇش ئىكەن دەپ خارلىما،**
**يەرگە چۈشسە بورىيا**

بۇ، ئاددىي، ئەرزىمەس دەپ قاراپ كۆزگە ئىلمىغان ئادەم ياكى نەرسىلەر ۋاقتى كەلگەندە جانغا ئەسقاتىدۇ، پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوناقلىقتا ماش بولماس،**
**قېرى كىشى ياش (بولماس)**

بۇ، قوناق ئارىسىغا تېرىلغان ماش سايىداپ قېلىپ ئاينىيالمايدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر گويا ئاتقان ئوققا ئوخشاش ھەرگىز كەينىگە يانمايدۇ، ياشانغان ئادەم ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن ياشارمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوناقلىققا چالما ئاتسام،**
**كېۋەزلىك شالدىرلاپ كەتتى**

«قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قوناقنى دۆڭگە تېرى،**
**بېدىنى ئويغا**

بۇ، دېھقانچىلىقتا ھەرقايسى زىرائەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆسۈش خۇسۇسىيەتلىرى بولىدىغانلىقىنى، تېرىقچىلىقتا شۇنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوي باقماي پاقلان يەپتۇ،**
**ئاش تېرىماي ئاق نان (يەپتۇ)**

بۇ، بەزى ئادەملەردىكى ئىشلىمەي، ئەجىر قىلماي باشقىلارنىڭ تاپاۋىتىگە، راھەت - پاراغىتىگە شېرىك بولۇۋالىدىغان تەييارتاپلىق، ھارامخورلۇق مىجەز، ئادەتلىرىنى

بىلدۈرىدۇ.

**قوي بولسا قوزىسى بولار**

بۇ، ھاياتلىق بولغاندىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ، ئاتا - ئانا بولغاندىلا پەرزەنت بولىدۇ، ئانا بالىلىرىنى تەربىيلەپ ئۆستۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قەدىمكىلەر «قوي بولسا قوزىسى بولار» دېگەندەك، ھۆسنەرىخان كەينى - كەينىدىن بەش پەرزەنت يۈزى كۆردى. ئىككىسىنى «ئىگىسى» دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۈچى گۈلدەك چوڭ بولدى.

**قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغاندىن،**
**يولۋاس بولۇپ بىر كۈن ياشا**

«توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قويچى كىچىك ئىزدىگۈچى،**
**تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بوپتۇ**

بۇ، بىر ئىشنى بىجىرىشتە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، سوۋۇتۇپ - سوقماي تۇرلۇك ئاماللارنى قوللىنىپ، تېز تۇتۇش قىلىش لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوينۇڭدىن تۆكۈلسە**
**قونچىڭغا چۈشەر**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىنغۇدەك ۋەجى بولغان ئەھۋالدا پىخسىقلىق قىلماستىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىغا ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوينۇم ئوغرى، قونچىم ئوغرى**

بۇ، ھەدېسە پەيت كۈتۈپ، ئېپىنى تاپقاندا ئۇچرىغانلا نەرسىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوينى سەركە باشلايدۇ،**
**ئويۇننى ئەركە باشلايدۇ**

بۇ، بىرەر ئىش - پائالىيەتكە باش بولغان كىشى ئاممىنى يېتەكلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى مەيلىگە ئادەتلەنگەن «ئەتىۋارلىق» كىشى ئويۇننى تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوينى قاسساپ سويسۇن**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئۇستىسى، ئەھلى قىلسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوينى قوتاندا سات،**
**ئاشنى باداڭدا سات**

«قوينى قوتاندا سات، ئاشنى ئورىدا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قوينى قوتاندا سات،**
**ئاشنى ئورىدا سات**

بۇ، بەزى ماددىي بۇيۇملارنى ئۆز جايىدا ساتسا تۇرلۇك ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، بازارغا ئاپارغاندا كۆپ ھاللاردا مۆلچەرلىگەن باھاغا چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوي ئۆز ئورنىنى پاسكىنا قىلار**

بۇ، ئىش خوش ياقمايدىغان ھۇرۇن ئا-

دەم تازىلىقتا، سالامەتلىككە ئەھمىيەت بەر-
مەي، ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوي ئۆلەمدۇ، قوزىمۇ؟**
**كۆپ سۇنامدۇ، كوزىمۇ؟**

بۇ، ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى يوق، ئۇ چوڭ
- كىچىك دېمەيدۇ، ياشقا باقمايدۇ، ئەجەل
يەتكەندە ھەربىر ئۆلىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا**

بۇ، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا يارىشا
ئۇزۇن ئارغامچا بولمىسا. سۇ ئالغىلى بول-
مىغاندەك، ئارزۇ - تىلەكنىڭ ئەمەلگە ئې-
شىشى ماددىي شەرت - شارائىتقا باغلىق
ئىكەنلىكىنى، ماددىي شەرت - شارائىتى
بولمىغان كىشىنىڭ ئارزۇ - تىلىكى ئەمەلگە
ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرتنىڭ ئىلاجى قايناق سۇ**

بۇ، سالامەتلىككە خەۋپ كەلتۈرىدىغان
زىيانداش ھاشاراتلارنى ھەرخىل يوللار بى-
لەن يوقىتىپ، تازىلىقنى كۈچەيتىش كې-
رەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرت ياغاچنى ئىچىدىن يەر**

بۇ، ① دەرد - ئەلەم، خاپىلىق ئادەم-
نى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، سالامەتلىكىنى خا-
راب قىلىدۇ؛ ② گېپى تاتلىق، ئىشچان،
مۇلايىم ئادەم پىخسىق، بېخىلدىنمۇ نەپ ئا-
لالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ**

بۇ، ئادەم يېمەك - ئىچمەككە تايىنىپ
ياشايدۇ، ئاچ قورساق كىشى تىرىكچىلىك
قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:
نەدە بار قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان،
كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا؟

**قۇرۇق تۇۋرا ئاتنى ئۇسسۇرغاق قىلار**

بۇ، بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئادەمنى
ھەدېسە لاپ ئۇرۇپ، يالغان سۆزلەيدىغان
پوچى قىلىپ قويىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپتۇ**

بۇ، ھېچقانداق چىقىم قىلماي، بەدەل
تۆلىمەي، دەسمايىسىزلا ئىش پۈتكۈزىدى-
غان، ئەجىر - ئەمگەكسىز يوقنى بار قىلى-
دىغان ھىيلە - نەيرەڭچىلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق چايدىن كاچات ياخشى**

بۇ، پايدا - مەنپەئىتى يوق، نەپ تەگ-
مەيدىغان ئىش ھېچكىمگە خۇش ياقمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق دۇئاغا پىتمۇ ئۆلمەيدۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ قارغىشى بىراۋغا ئۆتمەي-
دۇ، قارغىش - لەنەتكە ئادەم ئۆلمەيدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: راست، شۇنداق،
قۇرۇق دۇئاغا پىتمۇ ئۆلمەيدۇ، دېدى تۆمۈر
خەلپە.

**قۇرۇق دۇئايى سالامغا**
**توكۇر بارىكاللا**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت، نەپ چىقمايدى-

غان ئاغزاكى تىلەك، ھاۋالىگە ھېچكىم قىـ
زىقمايدۇ، رەھمەت - ھەشقاللا دېمەيدۇ،
دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق سۇدىن كاچات ياخشى**

«قۇرۇق چايدىن كاچات ياخشى» نىڭ
ئىزاھىغا قاراڭ.

**قۇرۇق سۆڭەكنى ئىت غاجىماس**

بۇ، ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتى يوق، نەپ چىقمايدىغان ئىشقا ھېچكىم قىزىقمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق سۆڭەكتىن ياغ چىقماس**

بۇ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان، ئىشەنچسىز، تايىنى يوق ۋەدىدىن ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتمەيدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت**

بۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىماي، دائىم چىرايلىق، سالاپەتلىك كىيىنىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ياسانچۇقلۇق خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ بويىدىن ئەترىنىڭ ھىدى گۇپ - گۇپ پۇراپ، كىچىككىنە تار كوچا ئىچىنى بىر ئالغانىدى. مانا بۇ «قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت» خانىم شۇ چاغلاردا تەخمىنەن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدا ئىدى.

**قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار**

بۇ، نەپ چىقمايدىغان قۇرۇق تەسەللى، ھال سوراشتىن ھېچكىم رازى بولمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق قۇلاققا قۇرۇق قۇلاق خۇش ياقمايدۇ**

«قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مەن دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدە سۇلتان چاچچاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھال سوراپ قويۇشۇم كېرەك، توختا! قۇرۇق قۇلاققا قۇرۇق قۇلاق خۇش ياقمايدۇ، دېگەندەك، ھوشۇر قاسساپتىن ئىككى كىلوگرام گۆش ئېلىۋېلىشىم كېرەك، ئۇ چۆچۈرىگە ئامراق ئادەم، دېدى روزاخۇن ئۆز - ئۆزىگە.

**قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس**

بۇ، ھېچبىر پايدىسى تەگمەيدىغان قۇرۇق گەپكە ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ: ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئۇنداق ئاسان ئەمەستە. بۇنىڭغا ئازراق بىر نەرسە بولمىسا «قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتمەمدۇ، دېدى ئۇ ئەخمەتجانغا.

**قۇرۇق گەپكە قورساق تويماپتۇ**

بۇ، نەپ چىقمايدىغان، مەنپەئىتى يوق قۇرۇق گەپ بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ**

بۇ، نەپ تەگمەيدىغان ھەقسىز ئىشنى قىلىشقا ھېچكىم قىزىقمايدۇ، مىدىرلاپمۇ قويمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ: «قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ» دېگەندەك، ھەرقايسىڭلارنى دەپ ئاۋۇ گىلەمنى بۇگۈن كەچتىلا توقۇپ بولدۇق.

**قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس**

بۇ، تەربىيىنى قوبۇل قىلمايدىغان، گەپكە كىرمەيدىغان نادان، ئاڭسىز ئادەم باشقۇرۇشقا بويسۇنمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشەر**

بۇ، بىر ئادەم ياخشى ئىش - ئىزلىرى، يارانقان تۆھپىسى ئارقىلىق شان - شەرەپ قۇچسا، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن كۆپچىلىك - ئاممىمۇ بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش بالىسى كۆككە باقار، قوي بالىسى يەرگە (باقار)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تىرىكچىلىك ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش بالىسى ئۇۋىدا نېمە يېسە، ئۇچقاندا شۇنى ئىزدەيدۇ**

بۇ، ئادەم كىچىكىدە نېمىگە ئادەتلەنسە، چوڭ بولغاندىمۇ شۇ ئادىتىنى تاشلىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش تىلىنى قۇش بىلەر**

بۇ، كەسپداش - مەسلەكداش كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ سىرىنى، خۇي - پەيلىنى بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ**

بۇ، ھەركىم مۇناسىۋەتسىز سۆز - ھەرىكەتكە ئارىلاشماي، ئۇرۇش - جېدەل، غەلۋە - غوۋغا، ماجىرادىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن**

«قوينى قاسساپ سويسۇن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئاشخانا ئىچى ۋە سۆگەت سايىسىدىكى تاماق يەيدىغان سۇپا مانتىنىڭ مەزىلىك پۇرىقىغا تولدى، — «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دەپ بىكار ئېيتىمىغان -دە، تاماقنى چوڭ ئانام ئەتسۇن، مانتىنى باشقا بىرى بۇنداق ئۇخشىتىپ ئېتەلەمدۇ؟! دېدى ئورمىچىلاردىن بىرى.

**قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆش**

بۇ، ھۈنەر - كەسىپ، سودا - سېتىقتىن قولغا كەلگەن ھايان - نەپ ئاز بولسىمۇ جانغا ئەسقاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئال، ئۇكا، قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆش. لېكىن ئامبىرىڭنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇما، دېدى ئۇ.

**قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىماس**

بۇ، زىيان - چىقىمدىن قورققان ئادەم ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشقاچ قېرىسا جاڭگالچى بولار، جۇۋان قېرىسا يالغانچى بولار**

بۇ، ئادەم ياشانغانسېرى تىنىم تاپمايدۇ-

غان، ئىشچان، ئۆيچان بولۇپ كېتىدۇ؛ كۆپ ئەرگە تەگكەن ئايال قېرىغانسېرى قاقباش، قۇۋ، ئالدامچى بولۇپ قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشقاچ كىچىك بولسىمۇ،**
**ھەممە ئەزاسى تولۇق**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئادەم ۋە نەرسىلەرگە ئادىل، توغرا باھا بېرىش كېرەك. كۆزگە ئىلمىغان ئادەم ۋە نەرسىلەر ئىچىدىن يارامىلىق، تاكامۇللاشقانلىرى چىقىپ قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە، «قۇشقاچ كىچىك بولسىمۇ، ھەممە ئەزاسى تولۇق» دېگەن گەپ بار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرىدىكى شېئىرغىمۇ بۇ گەپ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**قۇشقاچنىمۇ قاساپ سويسا ياخشى**

«قوينى قاساپ سويسۇن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

تېخى چاچقان نۇرى ئەمەس ئىقبالنىڭ،
خىيال پەيدا قىلغان غايىپ يالتىراق.
ھەر كەسپنىڭ ئۆز ئادىمى بولىدۇ،
قۇشقاچنىمۇ قاساپ سويسا ياخشىراق.

**قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ،**
**پۈتى بىلەن قونىدۇ**

بۇ، پەزىلەتلىك، دانا كىشى ھەرقانچە شان ـ شەرەپ، مەرتىۋىگە ئېرىشسىمۇ، تەكەببۇرلۇق قىلماي كەمتەرلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش قېرىپ تورغا چۈشمەس،**
**ئەر قېرىپ قولغا (چۈشمەس)**

بۇ، قۇشلار قېرىغانسېرى تۇيغۇنلىشىپ تۇزاققا چۈشمىگەندەك، ئادەم ياشانغانسېرى تەجرىبىلىك، ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇپ، خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشتانچىمنىڭ ئىشنى ئوخشاتقان**
**موللامنىڭ ئوتىيېشى**

بۇ، بىرەر ئىش ۋە نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئالدىنئالا قىلىنغان تەييارلىق بىلەن ماھارەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇشنى دان ئالدايدۇ،**
**ئادەمنى سۆز (ئالدايدۇ)**

بۇ، ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىق بىلەن تولغان يالغان گەپ ھەممىنى يولدىن چىقىرىدۇ، ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: تورپاق يېغىلىقىنى ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن جىمىقتۇرۇپ بەرگەن كىشى مۇشۇ جاڭجۇن ئىدى. ئۇنىڭ «قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دېگەن گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، دېدى شامەخسۇت قاتتىق خۇرسىنىپ.

**قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق،**
**دۇشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (يوق)**

بۇ، يامان نىيەتلىك ئادەم ھەمىشە باشقىلارغا بەختسىزلىك، پالاكەت، زاۋاللىق تىلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇشنى يەم ئالدايدۇ،
ئادەمنى گەپ (ئالدايدۇ)

«قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قۇش ئۇچۇپ ھارغاندا**
**ئۇۋىسىنى تاپار**

بۇ ھاياتلىقتا پۈتكۈل جانلىق ياشاش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قىدىرىپ جان ساقلىسىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى ئەسلىي ياشىغان ماكانىغا قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدۇ**

بۇ، ھەركىم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئائىلىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلاق ئاڭلىغانىنى كۆز كۆرەر**

بۇ، خۇپىيانە تۇتۇلغان سىر، مەخپىيەتلىك ھامان بىر كۈنى قۇلاققا يېتىدۇ. ئاڭلانغان ئىش - ھەرىكەت بەرىبىر كۆزگە چېلىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلاق ئاڭلىغان يالغان،**
**كۆز كۆرگەن راست**

بۇ، ھەرقانچە ئاڭلىغان بىلەن كۆز كۆرمىگۈچە ھېساب ئەمەس، ئەمەلىيەت ھەممىدىن ئەۋزەل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلاق كۆزدىن بۇرۇن ئاشىق بولار**

بۇ، ھەر كىم چىرايلىق نەرسىلەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۆرمەي تۇرۇپ خۇشتار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلاقنى نەدىن چىقارسا،**
**قازانچىنىڭ ئىختىيارى**

بۇ، ھەرقانداق ھۈنەرۋەن ئۆز كەسپىدىكى ماھارەت - قابىلىيىتىنى ھۈنىرى ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە**

بۇ، ھەركىم جاپادىن قاچماي، تەر تۆكۈپ ئىشلەپ ھالاۋەت كۆرۈش، راھەتتە ياشاش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

بىلىپ قوي، كېيىنەك، ھۈنىرىم مېنىڭ،
ئىش - مېھنەت، تەر تۆكۈش ھۇزۇرۇم مېنىڭ.
«قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە» دېگەن ئىكەن،
ئىزدىمەيمەن ئۆلۈپ قالسام تەييار كېپەن.

**قۇلنى بارىكاللا ئۆلتۈرەر**

بۇ، ئالدامچىلار قۇرۇق رەھمەت، ھەقسىز ھەشقاللا ئارقىلىق ئاجىز - ياۋاشلارنى بوزەك قىلىپ، قان - تەرىنى شورايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلىقى تۇرۇپ گاس،**
**تىلى تۇرۇپ گاچا**

بۇ، قۇرۇق گەپ، پىتنە - ئىغۋاغا قۇلاق سالمايدىغان، پەزىلەتلىك، ئېغىر - بېسىق ئادەملەرنىڭ خىسلىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلياغا قويماق، ياسىنغا پولو**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، پەزىلىتىگە يارا-شا ھۆرمەت، ئابرۇيغا سازاۋەر بولىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوم يىغىلسا تاغ بولۇر،**
**ئەل يىغىلسا باغ (بولۇر)**

بۇ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ مەھ-كەم ئۇيۇشقاندا قۇدرەت تاپقىلى، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلغىلى، نەتىجە قازانغىلى بو-لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوم يىغىلىپ تاش بولماس،**
**قول يىغىلىپ باش (بولماس)**

بۇ، يارامسىز نەرسىلەر كۆپ بولغىنى بىلەن كېرەككە كەلمەيدۇ، بىلىمسىز، نا-دانلار ھەرقانچە تىرىشىپ بىرلەشسىمۇ، قۇدرەت تاپالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-دۇ.

**قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار**

«تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

بەزىلەر يوللۇق بولۇشقا ئۈندىگەن،
«ئىلىنار قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقتىن»
دېگەن.
ئەمما مەن پەسكەش ھايانغا دەندىگەن،
ئەگرى يولدىن يانمىغان بايۋەچچىمەن.

**قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغۇلار**

بۇ، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقتىن پەسكەشلىك، قارا نىيەتلىك، سۇيىقەستچى-لىك، بالايىئاپەت تەۋەللۇت قىلىنىدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ**

بۇ، مالىنىڭ چىرايلىق - ياخشىسىنى كۆرسىتىپ، ناچار - ئەسكىسىنى قولدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر قىسىم تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدامچىلىق - نەيرەڭۋازلىق ئىستىلىنى بىلدۈرىدۇ.

**قويرۇقنى كۆتۈرگەن كالا**
**تېزەكلىمەي قالماس**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشقا نىيەت باغ-لىغان ئادەم ھامان ئويلىغىنىنى، مۇددىئا-سىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېتىققا ئامراق، ئىنەككە ئۆچ**

بۇ، بىرەر ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشنى بىلىپ، ئۇنىڭ جاپاسىدىن ئۆ-زىنى قاچۇرىدىغان بولمىغۇر ئادەتنى بىلدۈ-رىدۇ: قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى جو-رىسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ ياقتۇرۇشى، ھۆرمەتلىشى، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشى لازىم. ھەرگىزمۇ «قېتىققا ئامراق، ئىنەك-كە ئۆچ» بولۇشتىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمى-لىك خاتا ئىدىيىدە بولماسلىق لازىم.

**قېتىق نانغا ئۆلگۈرمىدى،**
**نان قېتىققا (ئۆلگۈرمىدى)**

بۇ، تاپقىنى تۇرمۇشىغا يەتمەيدىغان، ئېھتىياجىنى قامدىيالماي، بىرىگە تاپسا، بىرىگە يوق ئۆتىدىغان نامراتلىقنى بىلدۈرى-

ىدۇ.

**قېنىق ئىچكەندە ئاكا،**
**دوغ ئىچكەندە ئۇكا**

بۇ، باشقىلاردىن پايدىلانغاندا، پايدا - مەنپەئەتنى كۆرگەندە يېلىنىپ، خۇشامەت قىلىدىغان، باشقىلارغا ئازراق نەپ يەتكۈزگەندە كۆرەڭلەپ ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈزسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېنىق ئىچكەن قۇتۇلدى،**
**تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى**

بۇ، ئاساسلىق گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم قۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەگەشكەن، قايمۇققانلار بالاغا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىچىپ كەتسەڭ چېچىپ كەت**

بۇ، بىرەر ئىش قىلغاندا باشقىلارغا يوچۇق، ئىز - قۇيرۇق قالدۇرماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىچىپ كەتكەن چېچىپ كېتەر**

«قىچىپ كەتسەڭ چېچىپ كەت» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قېچىرنىڭ تۆپىقى قىزىسا،**
**سايغا سال**

بۇ، ياخشى ئاسراپ، ئوبدان بېقىلغان ئۇلاغ ئېغىر ئىشلارغا، سەپەرگە بەرداشلىق بېرىپ، جانغا ئەسقاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى ئات چۆنەك بۇزماس**

«قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس**

بۇ، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئېسىل ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا باشقىلارغا زىيان سالمايدۇ، ۋاپاسىزلىق، قارا نىيەتلىك قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى بىلگەننى پېرى بىلمەس**

بۇ، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپ قىلغان، تەجرىبىسى مول ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى ھامان باشقىلاردىن جىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يېرىكلىشىپ، باشقىلارغا ئاداۋەت ساقلاپ، ئۆچ ئالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «قېرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال» دەپتىكەن، دېدى ئەزەمشاھ ئۇلپەتلىرىنىڭ ئۇستىبېشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن يالاڭتۆش ئەمدى كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ.

**قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ**

بۇ، باشقىلارغا ھەمىشە ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاپ قەستەن زىيان سالغان، ئۇۋال قىلغانلار ياخشى كۈن كۆرمەي خارلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال**

«قېرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال» نىڭ ئەزاھىغا قاراڭ.

**قېرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر**

بۇ، ياشانغان ئادەمگە ھەممە نەرسە ئېسىل، قىممەتلىك بىلىنىدۇ، شۇڭا ئاددىي نەرسىلەرنىمۇ قەدىرلەپ ئەتىۋارلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىغاندا قېرى تاتۇق،**
**قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق**

بۇ، قېرىغىنىغا باقماي، ياش - قۇرامىغا قارىماي غەلىتە ئىش - ھەرىكەتلەرگە ئامراق ئادەملەرنىڭ تېتىقسىز مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ: ئازىنخان تەشۋىشلەنگەن، نېمىشقىدۇر ھاياجاندىن يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان، قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق دېگەندەك، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى قارا، دەپ پىچىرلاپ قويدى.

**قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىنى كۆردۈم**

بۇ، ياشنىپ قالغىنىغا تەن بەرمەي، ياشلارغا خاس مىجەز - قىلىقلارغا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس**

بۇ، ياشانغان، كۆپنى كۆرگەن ئادەم ھوشيار، ئېھتىياتچان بولغاچقا باشقىلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭگە ئاسانلىقچە ئالدانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى قىز ئەر تاللىماس**

بۇ، ئارزۇ - مەقسىتىگە يېتەلمەي تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇۋۇغان كىشىنىڭ ياشاش تەلىپى ئاددىي بولىدۇ، بارىغا، تېپىلغىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس**

بۇ، كۆپنى كۆرگەن، ئىسسىق - سوغۇققا پىشقان تەجرىبىلىك ئادەم خەۋپ - خەتەر، جەبىر - زۇلۇمغا دۇچ كەلسە پەرۋا قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۈنى قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقتى، چىقساق، ياڭ دالياڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم: «قېرى كالا پىچاقتىن قورقمايدۇ، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، قامىساڭمۇ، ئۆلتۈرسەڭمۇ مەن ئامىدىن ئايرىلمايمەن» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ.

**قېرى كەلسە ئاشقا،**
**ياش كەلسە ئىشقا**

بۇ، ياشانغانلار كېيىنكىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چەككەچكە، ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈپ، پاراغەتتە ياشاش كېرەك؛ ياشلار ئەگىلىك يارىتىش، بايلىق توپلاش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، جاپالىق ئىشلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىلىق بىلەن ئۆلمەس،**
**ياشلىق بىلەن تۇرماس**

بۇ، ياشلىق ئادەمگە باقمەندە ئەمەس، ئادەم ھامان قېرىيدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆمۈرنى قەدىرلەپ ئەگىلىك يارىتىپ، مەنىلىك ياشاش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-

رىدۇ.

**قېرىلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرار**

بۇ، ھەركىم ياشلىق ۋاقتىنى قەدىرلە-
شى، ۋاقىتنى بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتكۈز-
مەسلىكى، قېرىلىق يەتكەندە پۇشايمان قىل-
ماسلىقى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى**

بۇ، بىرەر پايدا - مەنپەئەت، ياخشىلىق-
قا ئېرىشكەندە باشقىلارنىڭ غېمىنى يې-
مەيدىغان ئادەملەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنداشنى يۈرەك تونۇيدۇ**

بۇ، قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ ئىنتا-
يىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇس-
تەھكەم رىشتى ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن
ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يېقىنلاشتۇرىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنى قاپتا ساقلا،**
**ئۆلۈكنى ھەپتە (ساقلا)**

«قېرىنىڭ ئۆلۈكنى ھەپتە ساقلا،
سۆزىنى قاپتا ساقلا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قېرىنىڭ چىشى يوق، تۆشكە ئامراق،**
**مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئامراق**

«مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئا-
مراق، قېرىنىڭ چىشى يوق، تۆشكە ئامراق»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قېرىنىڭ ئۆلۈكنى ھەپتە ساقلا،**
**سۆزىنى قاپتا (ساقلا)**

بۇ، ياشانغانلارنى ئىززەت - ھۆرمەت
قىلىشتىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى
ئەستە چىڭ تۇتۇپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى
ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش كېرەك، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېلىنلىق يېرىم دۆلەت**

بۇ، ئۇيات، تارتىنىش، ئىزا - نومۇس-
نى بىلمەيدىغان مەككار ئادەم ھەممىدىن بۇ-
رۇن پايدا - نەپ، ھوزۇر - ھالاۋەتتىن
بەھرىمەن بولۇۋالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**قېيىدىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان**

«يامانلىغان قەلەندەرنىڭ خورجۇنىغا
زىيان» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قىچقارسا ئېتى بار،**
**تۇتسا سېپى (بار)**

بۇ، جەمئىيەتتە تۇتقان بەلگىلىك ئورنى
ۋە نام - ئابرۇيى بار، مەرتىۋىلىك ئادەملەر-
گە قارىتىلغان باھانى بىلدۈرىدۇ.

**قىردا بار، قىرلاشتا يوق**

بۇ، بىرەر ئىمكانىيەتنى ھازىرلاشقا
قاتناشماي، ھەممە ئىش تەييار بولغاندا پەيدا
بولىدىغان، جاپا بىلەن خوشى يوق، راھەتكە
ئامراق ئادەملەرنىڭ ھورۇنلۇقىنى بىلدۈرى-
دۇ:

«قىردا بار، قىرلاشتا يوق»
لەيلەڭگۈلەرگە يوق شامال،

تەڭ ـ باراۋەر بولدى ھەممە،
تۈتتى كەتمەن سىپىنى.

**قىرسىز يەر ئەسكى،**
**پۇلسىز ئەر (ئەسكى)**

بۇ، قىر سېلىنمىغان يەر يارامسىز بولۇپ، مەھسۇلات بەرمەيدۇ، كەمبەغەل ـ نامرات ئادەم باشقىلارغا نەپ يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال،**
**ئانا كۆرۈپ قىز (ئال)**

«ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال، ئانا كۆرۈپ قىز ئال» دېگەننى بىلەمسەن؟ دېدى ئاقساقال بوش ئاۋازدا، ھاشىم قارىقاش كىم؟ بىز كىم؟ بىزمۇ ئۆزىمىز بىلەن پار كەلگۈدەك ئادەم بىلەن قۇدا بولىمىز.

**قىرىققا چىدىغان**
**قىرىق بىرگىمۇ چىدايدۇ**

بۇ، قاتمۇ قات قىيىنچىلىق، جەبىر ـ جاپا، يوقسۇزلۇققا بەرداشلىق بەرگەن كىشى ئازغىنا قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىرىق كىشى بىر ياق،**
**قىڭغىر كىشى بىر ياق**

بۇ، پەزىلەتلىك، سەمىمي ئادەملەر ئىتتىپاقلىشىپ ئۆتتۈشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ باشقىلارغا يامانلىقنى ئويلايدىغان، قارا نىيەت ئادەملەر ئايرىلىشقا ھېرىس بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى**

بۇ، بىراۋنىڭ ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى ئورۇنداپ قويغىنىنى ياكى تاسادىپىي ئېرىشكەن ئامەت ـ بەختىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز ئالماق — شەھەر ئالماق**

بۇ، ئەر كىشىگە نىسبەتەن توي قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئايالغا ئېرىشىش ناھايىتى قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: توي — ئۆمۈرلۈك سودا. بۇرۇنقىلار «قىز ئالماق — شەھەر ئالماق» دېيىشەتتى. يېڭى جەمئىيەت توينىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلدى. ئەركىن ـ ئازادە ئىش بولۇپ قالدى، دېدى ئانا.

**قىز بالا ئەردە ياخشى،**
**بولمىسا يەردە ياخشى**

بۇ، قىز بالا بويىغا يەتكەندە توي قىلىپ، ياتلىق بولغىنى تۈزۈك. تۇرمۇش ئەشىغا سەل قارىسا ئۆزىگە ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى ئەمەس، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز بالا سالغا تېشى**

بۇ، قىز بالا خۇددى مېھمانغا ئوخشاش، ۋاقتى كەلگەندە يىراق ـ يېقىن دېمەي ياتلىق بولۇپ، يېڭى تۇرمۇش يولىنى باشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز بالا ئۆي زىننىتى**

بۇ، قىزى بار ئائىلىنىڭ ئىشلىرى ھەر جەھەتتىن رەتلىك، سەرەمجان، جۇشقۇن، قايناق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز تەرەپتىن خەۋەر يوق،**
**ئوغۇل تەرەپ دۇمباق چاپتۇ**

«سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قىز چوڭ بولسا كۆز تولا،**
**ئوغۇل چوڭ بولسا سۆز (تولا)**

بۇ، بويىغا يەتكەن قىزغا ھەممە كىشى نەزەر سالىدۇ، ھەر تەرەپتىن لايىق چىقىدۇ؛ ئوغۇل بالا قۇرامىغا يەتكەندە شوخلۇق قىلىپ، ئاتا ـ ئانىنى ئالدىرىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزدا گۇناھ يوق — ئانىسى بۇزۇق،**
**چاقتا گۇناھ يوق — تانىسى بۇزۇق**

«خامنى بۇزغان شانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: قىز «مەن ۋىجدانسىزلىق قىلسام بولامدۇ؟ ياق! بۇ ھەرگىز ھەقىقىي ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس! » دەپ ئانىسىغا پىچىرلىغاندا، دادىسى ئاچچىقلاپ «قىزدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق، چاقتا گۇنا «يوق تانىسى بۇزۇق» دېگەن مانا شۇ ـ دە! دەپ سەل غەزەپلەندىيۇ، غەزىپىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ بىر سىقىم ناسۋالنى ئاغزىغا ئېتىپ ئۆتتەك مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

**قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،**
**ئانىسى ئارتۇق غونان (بار)**

بۇ، قاشاڭ ئاتتىن كۆرە، جانغا ئەسقاتقان تاي ياخشى؛ ھۇرۇن، بىشەم، ۋاپاسىز قىزدىن كۆرە، ئىشچان، كۆڭلى توز، ۋاپادار جۇۋان ياخشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزغانچۇقنىڭ ئىشىنى بېسىپ يە**

بۇ، ئىچى تار، پىخسىق ئادەمنىڭ قىلىقىغا يارىشا پەم ئىشلىتىپ ئۆزىنى باپلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز كۆۋرۈكى — خان كۆۋرۈكى**

«قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمىدى، «قىز كۆۋرۈكى — خان كۆۋرۈكى» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۆيىگە يىراق ـ يېقىندىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. قەلبىنۇر بۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلدى.

**قىزلىقتىن خەۋەر يوق،**
**ئوغۇللۇق دۇمباق چاپتۇ**

«سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قىزلىق ئۆي — كۆۋرۈك**

«قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: «بۇ خوتۇن بىر ئىش ۋەجىدىن كەلمىسە، بىكارچىلا دوقۇرۇپ يۈرمەس، قىزلىق ئۆي — كۆۋرۈك، ئۇنىڭدىن ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ ئۆتىدۇ، ئېھتىمال جەمىلەگە سۆز ئېيتىپ كەلگەن چېغى» مەخمۇت شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا

يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.

**قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار**

بۇ، بىر ياخشى نەرسىنى ھەممە كىشى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ، لېكىن ئۇ نەرسە ئاخىرىدا بىر كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن،**
**ئوغۇلنى ئاتىسى (ساقلىسۇن)**

بۇ، تەلىم - تەربىيە پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، پەرزەنتلەرنى باشقۇرۇشتا ئاتا - ئانىلاردىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا**

بۇ، زىبۇ زىننەت، ئەپىس كىيىم - كېچەككە ئامراق بولۇش، چىرايلىق ياسىنىشقا قىزىقىش خوتۇن - قىزلاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزنىڭ كۆزى ئوسمىدا،**
**تازنىڭ كۆزى پوسمىدا**

بۇ، خوتۇن - قىزلار پەردازغا، ياسىنىشقا ئامراق كېلىدۇ، نۇقسانلىق ئادەم ئۇستىۋاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىز ۋاقتىم سۇلتان ۋاقتىم،**
**خوتۇن ۋاقتىم شەيتان (ۋاقتىم)**

بۇ، ئاياللار قىزلىق دەۋرىدە پاك، ئىپپەتلىك، ساددا بولغاچقا، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئەتىۋارلاشقا ئېرىشىدۇ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن تۈرلۈك خۇلق - قىلىقلارنى چىقىرىپ شوخلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزى بارنىڭ نازى بار**

بۇ، قىزلىق ئائىلە ئەتىۋارلىق، ئىززەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇچۇق چىراي، تەكەللۇپچان كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «قىزى بارنىڭ نازى بار» دېگەندەك، جەننەتخان بىر ھازاغىچە ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ تارتقان «ئاھانەتلىرى»نى سۆزلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى خۇددى مېنى دەۋاتقاندەك دىلىمنى غەشلىككە سالاتتى.

**قىزى رازى بولسا**
**ئاتا - ئانىسىدىن سورىما**

بۇ، تويلىشىشتا نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ئىختىيارلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزىق ئوچاقتا تۇتۇرۇق لازىم ئەمەس**

بۇ، شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن، بولۇشقا تايىن تاپقان ئىشقا ۋاستە ھاجەتسىز، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزىڭ ئاشىق بولسا يەرگە باق**

بۇ، تەربىيە - نەسىھەتنى ئاڭلىماي باشباشتاقلىق قىلىپ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن پەرزەنت ئاخىر ئاتا - ئانىسىنى يەرگە قارىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: زىبىگۈل قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، مايسىخان غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. كونىلار «قىزىڭ ئاشىق

بولسا يەرگە باق» دېگەندەك، مېنى خەلقئا-
لەم ئالدىدا رەسۋا قىلماقچىمىدىڭ؟...

**قىزىڭنى ئالغۇچە قىرىڭدىن ئۆتەي،**
**ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن (ئۆتەي)**

بۇ، مەقسەتكە يەتكۈچە، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغۇچە سېنىڭ راست دەپ، ئاخىردا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان نائىنساپلىقنى بىلدۈرىدۇ: زەرگەرنىڭ كۆكسى بېسىلماي ھېلىقى جۇۋانغا قاراپ: خېنىم، ناباپ مال بىلەن قىز تەرەپنى ئالدىسىلا نائىنساپلىق ئەمەسمۇ؟ كونىلار ئېيتقاندەك «قىزىڭنى ئالغۇچە قىرىڭدىن ئۆتەي، ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي» قىلماقچىمۇ يا؟... دېدى.

**قىزىل ئالما سارغايماس**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم موھتاجلىق دەردىنى تارتمايدۇ، خارلانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار،**
**چىرايلىقنىڭ سەپكۈنى (بار)**

بۇ، ھەرقانداق گۈزەل، ياخشى نەرسىنىڭمۇ مەلۇم ئەيىبى، نۇقسانى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزىم ساڭا ئېيتاي،**
**كېلىنىم سەن ئاڭلا**

بۇ، بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن گەپنى ئۇچۇق، توغرىدىن توغرا دېمەي، ئەگىتىپ - دارتىملاپ قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: يارى دورغىنىڭ كىنايە گەپنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن سەل رەنجىگەن ھەسەن بالاجى ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ: بەللى ئوغۇل بالا، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ! دەپ قاتتىق كۈلۈپ تاشلىدى.

**قىزىم يەپ قىرغا چىقتى،**
**ئوغلۇم يەپ ئۇۋىغا (چىقتى)**

بۇ، باشقىلارنى ئاسراپ، كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئاقتا قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**قىزى يارىسا ئانىسىغا قارىما،**
**ئېشى يارىسا قاچىسىغا (قارىما)**

بۇ، كۆڭۈلگە ياققان، ياخشى كۆرگەن نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىنى زىغىرلاپ سۈرۈشتۈرمەي قولغا كەلتۈرۈپ پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىش غېمىنى يازدا يە،**
**ياز غېمىنى قىشتا (يە)**

بۇ، بىر ئىشقا ئالدىنئالا تەييارلىق قىلمىسا پەيتى كەلگەندە تەمتىرىمەيدۇ، ئالدىراپ قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىشلىقى قايان باراي،**
**يازلىقى ساراي سالاي**

بۇ، بىرەر مۈشكۈل قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي زارلىنىپ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ غەم يېمەيدىغان بىغەملىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىشنىڭ ئاپتىپى**
**دۈشمەننىڭ كۆلكىسىچىلىك**

بۇ، چىرايلىق بىر بەلگە، كىچىككىنە بېشارەت، ساختا قىزغىنلىقتىن ھېچقاچان مۇراد ھاسىل بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن،**
**ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن**

بۇ، يېقىلغۇ سوغۇقتا توڭلىغان كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ئايال كىشى ئەرگە چىن مۇھەببەت مېھرىنى ئاتا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلاردا «قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن، ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن» دەيدىغان بىر گەپ بار، بەگ ھاجىم، بىر كۈن بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى خۇش ئۆتكۈزسىلە، مۇھىمى سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە باب كېلىدىغان ئوچۇق - يورۇق، شىرىن - سۇخەن جۇۋان بولسا - ھە، دېدى رەجەپ ئاقساقال مەسلىھەت بېرىپ.

**قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر،**
**ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن (ئۆتەر)**

بۇ، باھارنىڭ كېلىشى بىلەن ھاۋا رايى نورماللاشماي تۇرۇپ ئالدىراپ يېلىڭ كىيىنمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: قىشچە قېلىن قار ئاستىدا ياتقان ئېدىرلىقلار ئەمدى ئانچە - مۇنچە كۆكىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، «قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەر» دېگەندەك، تاغنىڭ سوغ شامىلى دۈمبىلەرنى خېلىلا قورۇپ تۇراتتى.

**قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ**

بۇ، قاتتىق سوغۇقنىڭ كىيىم تاللىمايدىغانلىقىنى، ئەسكى - تۈسكى كىيىم بولسىمۇ، جان ئارام تاپسا، بەدەن توڭلىماي ئىسسىق تۇرسىلا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىشنىڭ گۈلى ئوت**

«قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن، ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:
شۇڭلاشقا دەيدۇ ئەل: «قىشنىڭ گۈلى ئوت»،
ئاشۇ ئوت كېلىدۇ يەرنىڭ تەكتىدىن.
يەردىكى قۇدرەتكە كىم بولماس قايىل،
ئالغاندا ئىللىقلىق ئوتنىڭ تەپتىدىن.

**قىش ئوچىقى تار،**
**قوپ ئۆيۈڭگە بار**

بۇ، قىش كۈنى بىراۋنىڭ ئۆيىگە بېرىش، كەچلەپ ياكى قونۇپ قېلىش ساھىبخانىنى ئاۋارە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىغسىز يەر - پۇلسىز ئەر**

بۇ، يېتەرلىك ئوغۇتلانمىغان يەر كۈچسىزلىكىدىن ھوسۇل بەرمىگەندەك، مال - دۇنياسى يوق نامرات ئادەم يوقسۇزلۇقىدىن گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىڭغىر ئولتۇرساڭمۇ تۈز سۆزلە**

بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئادەم سەممىي، راستچىل بولۇش، توغرا، ئادىل

ئىش قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر**

بۇ، خاتا قىلىنغان ئىش — جىنايەتنى ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرغان بىلەنمۇ، ھامان بىر كۈنى پاش بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلدەك گەپ قىرىق تەڭگىگە توختار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا سالماق، ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز كىشىلەرنىڭ تەمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «قىلدەك گېپى قىرىق تەڭگىگە توختايدىغان» ئايال ئىدى. پىلچەلەر ئۇنى «تىلى قاتتىق، گېپى قىممەت ئايال»، «ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئارتۇق گەپنى ئامبۇر بىلەنمۇ تارتىۋالالمايسەن» دېيىشەتتى.

**قىلدەك ھوقۇقىنىڭ پىلدەك كۈچى بار**

بۇ، ئىش بېجىرىشتە ھوقۇق بىرىنچى ئامىل ئىكەنلىكىنى، ھوقۇق بىلەن ئارزۇ - مەقسەتكە يەتكىلى، ھەممىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلغان ئىشىڭ پىلانسىز، ئاتقان ئوقۇڭ نىشانسىز**

بۇ، قارىغۇلارچە قىلىنغان ئىشتىن نەتىجە چىقمايدۇ، ئۇنداقلار ھەرقاچان مەغلۇپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قاتتىق (بولما)**

بۇ، تۇرمۇشتا ئېغىر - بېسىق، سوغۇققان، كىچىك پېئىل بولۇش كىشىلەردىكى ياخشى پەزىلەت؛ قىزىققانلىق، تېرىككەكلىك، تەكەببۇر - چوڭچىلىق كىشىلەردىكى ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قوپال (بولما)**

«قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قاتتىق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ**

بۇ، ھاياتلىق — ھەرىكەتتە دېگەندەك، ئادەم ئەمگەك قىلمىسا، مەلۇم ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللانمىسا ھورۇنلىشىپ كېرەكتىن چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق**

بۇنىڭ مەنىسى «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى» دېگەن ماقالنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قورالغا تايىنىشتىن كۆرە، ئىلىم - ھۈنەرگە تايىنىش كۆپ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس**

بۇ، مەرد - ۋىجدانلىق ئادەم قوۋم - قېرىنداشى، دوست - يېقىنلىرىغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىمار ئويۇنغۇچە قاتار ئويۇنا**

بۇ، ھەركىم يامان ئىش - ھەرىكەت، غەيرىي ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، بىلىم ئېلىشى، مەدەنىي، ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىمىرلىغان قىر ئاشار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئىشەنچ - ئىرادىنى بوشاشتۇرماي داۋاملىق غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندە، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىيسىقا كەمستىپ قارىما،**
**كۆزۈڭگە قادىلار**

بۇ، باشقىلار مەنسىتمىگەن، كۆزگە ئىلمىغان ئادەم ۋاقتى كەلگەندە نى - نى ئىشلارنى قىلىپ، ھەممىدىن ئۆزۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىيىنچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى،**
**باتۇر ئۈچۈن توخۇ تۈكى**

بۇ، توخۇ يۈرەك ئادەم جەبىر - جاپا، مۇشكۇلاتقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، يۈرەكلىك، جەسۇر ئادەم ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، مەن دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى چوقۇم ئورۇندايمەن، بۇ يولدىكى بارلىق توسالغۇلار مەن ئۈچۈن «قىيىنچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى، باتۇر ئۈچۈن توخۇ تۈكى» دېگەندەك بولىدۇ، خالاس، دېدى.

**قىيىن ئىشنىڭ بېشىغا**
**باتۇر كېلەر قېشىغا**

بۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر ئادەم ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت، ئېغىرچىلىقتىن قاچماي، پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،**
**غەيرەت بولسا ئادەمدە**

«قىيىن ئىش يوق ئالەمدە كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،**
**كۆڭۈل قويغان ئادەمگە**

بۇ، ھەرقانداق جاپالىق، مۇشكۇل ئىش تىرىشچان، ئىرادىلىك ئادەمگە تەس بىلىنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ك

كاجنى بازار ئوڭلايدۇ
بۇ، دائىم ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇرۇۋالىدى-
غان، گەپ يېمەيدىغان، جاھىل ئادەم ھەممە
ئىشتا زىيان تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**كالا ئالساڭ تونۇپ ئال،**
**بولمىسا تاغىل ئال**
بۇ، بىرەر نەرسە ئالغاندا ئۇنىڭ ئەسلى
ۋە ياخشى - يامان خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن
ئوبدان تونۇشۇپ ئېلىش كېرەك، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**كالاڭ ھارۋا يول بۇزار،**
**يامان ئادەم يۇرت بۇزار**
بۇ، قارا نىيەت ئادەملەرگە نىسبەتەن
ھەر ۋاقىت سەگەكلىكنى بوشاشتۇرماي،
ھوشيار تۇرۇش لازىم، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**كالا ئۆلسىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس**
بۇ، ئەسكى ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ بالا-
سى، خاپىلىقى تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**كاللا دېسە «پاقالچاق» دەيدۇ،**
**«پىشۇرۇپ بېرەي» دېسەم «خام يەيمەن»**
**دەيدۇ**

بۇ، مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ
سورالسا، مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر مەسىلە
ئۈستىدە گەپ قىلىدىغان، تاغدىن سورىسا
باغدىن جاۋاب بېرىدىغان دۆتلۈكنى بىلدۈرى-
دۇ.

**كاللا ئۈتلەپ قۇلاق يەپتۇ،**
**پاچاق ئۈتلەپ تۇياق (يەپتۇ)**
بۇ، تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلغان ئادەم
نەپكە ئېرىشەلمەي، لېۋىنى يالىغىنىچە ئار-
مىندا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كاللىسىمۇ يېمە، چىشىنىمۇ چاقما**
بۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماس-
لىقنى، ئەجىرسىز نەپمۇ ئالماي، زىيانمۇ
تارتماي، تىنچ، ئارامخۇدا ئۆتۈش كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**كالىلار سۇ ئىچسە**
**موزايلار مۇز يالايدۇ**
بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ قابىلىيەت -
ئىقتىدارى، تىرىكچىلىك ئىمكانىيىتىگە يا-
رىشا كۈن كەچۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن،**
**سۈتى ھەركۈن**
بۇ، چارۋا مالنى سويۇپ ياكى سېتىپ

يوقىتىۋەتمەي، ياخشى ئاسراپ، كۆڭۈل قويۇپ باقسا كۈندىن - كۈنگە راۋاج تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇزاق مۇددەت ئۇنۇملۇك پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا،**
**تۇيىقى سىرقىراپتۇ**

«ئۇيىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىراپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كانايچىدىن يەل كەتتى،**
**سۇنايچىدىن «تۇ- تۇ- تۇت»**

«سۇنايچىدىن يەل كېتىدۇ، ھاۋىكەشتىن ‹تىرت ۋۇ - ۋۇ›» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مېھماندارچىلىق ئەترەت باشلىقلىرى ئۈچۈن نەچچە ئايدا بىرەر قېتىم توغرا كېلىپ قالىدىغان ھېسابلىق ئولتۇرۇش بولىدۇ. «كانايچىدىن يەل كەتتى، سۇنايچىدىن تۇ- تۇ - تۇت» دېگەنىدەك، بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا كەنت باشلىقى ئىشارەت قىلىپ قويسىلا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈۋېرىدۇ.

**كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە**

بۇ، ئۆزىگە يوق نەرسە باشقىلارغىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، مۇھىم ئىشلارغا يوق نەرسە ئادەتتىكى ئىشلارغا تېخىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

غېچىلدار ھارۋىنىڭ چاقى قەدەمدە،
كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە!
ئەگەر سۆز سام بۇ گەپلەرنى يازاي دەپ،
قەلەم - قەغەز بىلەن تۈگەرمىدى گەپ.

**كاناي ياغلىغلى ياغ يوق،**
**سۇناي ياغلىغلى ياغ نەدە**

بۇنىڭ مەنىسى «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە» بىلەن ئوخشاش.

**كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن،**
**زىخمۇ كۆيمىسۇن**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايسىسىغا زىيان يەتكۈزمەي، مەسىلىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئادىل، توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: بۇ يېزىدا باش ئۇچىغا چىقالمىغان نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ئەختەمباينىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، بەزىلەر «كاۋاپمۇ كۆيمىدى، زىخمۇ كۆيمىدى» دەپ قايتىدۇ. ئۇنىڭ ھەل قىلغان بەزىبىر ئىشلىرىنىڭ سىرىنى تا ھازىرغىچە كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ.

**كەپە بولسىمۇ ئۆيۈڭ ياخشى،**
**ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ (ياخشى)**

«ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسۇن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: مېنىڭ قەلبىمدىمۇ «ھېچكىمگە تېگىشكۈسىز ئېرىم بار» دېگەن بىر تۇيغۇ — ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۇيغۇسى كۈچىيىپ كېلەتتى. كونىلاردىكى «كەپە بولسىمۇ ئۆيۈڭ ياخشى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ (ياخشى)» دېگەن تەمسىلنىڭ توغرىلىقىنى بارغانچە ھېس قىلاتتىم. راست، ھېچنېمەم كەم ئەمەس ئىدى. گۈلدەك بالام، ياسىداق ئۆيۈم، ھېچكىمدىن كەم ئەمەس ئېرىم كۆڭلۈمگە تەسەللى بولاتتى.

كەتكەن كېلەر،
كەتمەنلىگەن كەلمەس

بۇ، مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىر - بىرىدىن ئايرىلغان كىشىلەر هامان بىر كۈنى يۈز كۆرۈشۈپ، جەم بولىدۇ، ئەمما ئۆلۈپ كەتكەنلەر هەرگىز قايتا جەم بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بەزىلەر كەتتى، بەزىلەر كەتمەنلەندى، «كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلىگەنلەر كەلمەس» دېگەن راست بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاكىسى كەلمەيدۇ؟ ئېهتىمال، «تىرىك ئايرىلىدۇق» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ئۇ شاللىقتا قونغان ئاققۇدەك يەككە - يېگانە قالدى.

كەتمەن ساماندىن قورقىدۇ،
ئادەم ياماندىن (قورقىدۇ)

بۇ، سامان، ئوت - خەس يۇمشاق بولغىنى بىلەن كەتمەن ئۆتمەيدۇ؛ ئەسكى - مۇتتەهەمگە هېچكىم چېقىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كەتمەننى بىز چاپساق،
بېتىپ يەيدۇ بەگزادە

بۇ، جاپا چەككەن، تەر تۆكەپ ئەمگەك قىلغانلار ئاقتا قېلىپ، ئىشلىمىگەن، بىكار تەلەپلەر هۇزۇر - هالاۋەت كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كەتمىنىڭنى مەن چاپسام،
بېتىپ يەيدۇ خان خوجام

«كەتمەننى بىز چاپساق، يېتىپ يەيدۇ بەگزادە» نىڭ ئىزاهىغا قاراڭ.

كەچ بولدى يات، سەهەر بولدى كەت

بۇ، دەم ئېلىش بىلەن خىزمەتنى تەڭ تۇتۇش، هەر ئىشنى ئۆز پەيتىدە پۈتكۈزۈش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ

بۇ، بىرەر قىيىنچىلىق، مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەن كىشى هەرقانداق خەۋپ - خەتەر، كەلگۈلۈككە پىسەنت قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كەسسە پىچاق ئۆتمەيدۇ،
چەكسە قان چىقمايدۇ.

بۇ، بىراۋغا نەپ بەرمەيدىغان، رەهىم - شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان بېخىللارنىڭ پىخسىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كەكلىك قاغىنىڭ مېڭىشىنى دوراپ،
چاترىقى يىرىلىپ كېتىپتۇ

بۇ، هەركىم ئىمكانىيىتىگە، چامىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى، قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا چوڭچىلىق قىلىپ باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ، مەسخىرە - كۈلكىگە قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كەڭ بولساڭ كەم بولمايسەن

بۇ، خالىس ئىش قىلىدىغان، ساخاۋەتلىك، مەرد ئادەم هېچنېمىدىن قىسىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

بۇ، ئازادە تىكىلگەن كىيىمنى ئۇزاق كىيگىلى بولغاندەك؛ ئەتراپلىق پىكىر - مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان ئىش ئەپلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەڭگە كەڭ دۇنيا، تارغا تار دۇنيا**

بۇ، خەير - ساخاۋەتلىك ئىشنى قولىدىن بەرمىگەن پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قايتىدىغان؛ قارا نىيەتلىك، ياۋۇزلۇق، شۇملۇق قىلغانلارغا قىلمىشىغا يارىشا جازا بېرىلىدىغان زامان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما،**
**چېتىم يېرىلدى دېمە**

بۇ، ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا چوڭچىلىق قىلغان كىشى ئاقىۋەتتە دەرد - بالاغا يولۇقۇپ پۇشايماندا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆز ئارا توغرا پوزىتسىيە، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئادەمگەرچىلىكتىن چىقماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەلگۈچە مېھمان ئۆيلار،**
**كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى (ئۆيلار)**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئاڭلىق بولۇش، ئۆزىمۇ تەڭلىكتە قالىدىغان، باشقىلارنىمۇ ئورۇنسىز ئاۋارە قىلىدىغان مېھماندارچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ**

بۇ، ئامەت - تەلىيى قاچقان بەختسىز كىشىنىڭ ئىشلىرى چېپىگە تارتىپ، ئىلگىرى باسمايدۇ، قىلغان ئەجرى بىكار كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي، كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ دېگەن راست گەپ ئىكەن، دېدى ھاجى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئەزرائىلنىڭ شامەخسۇتنى بۇ ئالەمدە ئۆتكۈزگەن تۈگىمەس - پۈتمەس گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇ ئالەمدە جاۋاب بەرگەي دەپ، ياقىسىدىن سۆرەپ ئەكەتكىنىنى قارىمامدىغان.

**كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنى كەم سۇندۇرماسلىق، تۇرمۇشىدىن كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، ئۆي - ماكان تۇتقان كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مال - بىساتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مانا «كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق» دېگەندەك، قولۇم - قوشنىلارغا يادنامە قىلىپ ئاشقانلىرىمۇ يەنە يېرىم ماشىنا كەلدى.

**كەمبەغەل تۆگە مىنسىمۇ ئىت چىشلەيدۇ**

بۇ، يوقسۇل - نامراتلار بىرەر ئىش قىلسا ھەر تەرەپتىن توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، پۇتلىكاشاڭدىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەل — كەمبەغەلنىڭ قاياشى**

بۇ، ھەركىم ئۆز خىلى بىلەن يېقىنلىشىدۇ، قىيىنچىلىق، مۇشكۈل ئىشلاردا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ھېسداشلىق قىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھاشىم قارىقاش بوۋاينىڭ ئاق كۆڭۈل، دىلكەشلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، كونىلارنىڭ «كەمبەغەل — كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەن گېپى راست ئىكەن. ئەتىگەندىن بېرى تەمتىرەپ يۈردۈم. مانا ئەمدى ھەمدەرد بولىدىغانلارنى تاپتىم، دېدى.

**كەمبەغەللەر روزا تۇتسا،**
**بايلار ھېيت ئوينايتۇ**

بۇ، بىرەر ئەجىر - ئەمگەك، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالاۋىتىنى جاپا چەككەنلەر كۆرەلمەي، تەييارتاپ — ئىمتىيازلىقلار ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس،**
**ھۇرۇنلۇق ئەيىب**

بۇ، ئىشلىگۈدەك ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق جاپا چېكىشتىن باش تارتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقتىكى تەييارتاپلىق ئىللىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى**
**پادىشاھ بولغىنى**

«نامراتنىڭ بىر تويغىنى باي بولغىنى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بۇرۇنقىلار «كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى پادىشاھ بولغىنى» دېگەندەك، مەيلى ئۇ مەدىكار، ھاممال، تامچى، ياغاچچى، موزدۇز، تىكىمچى بولسۇن، نورمال ئىجتىمائىي ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە ئىشلىگەن كۈندىلىك ئىشىغا يارىشا تاپقان كىرىمى بىلەن شۇ كۈنلۈك تۇرمۇشىنى تەمىن ئەتكىنى ئۇنىڭ پادىشاھتىن ئارتۇق راھەت كۆرگىنى!

**كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا**

بۇ، بىراۋنىڭ داستىخىنىغا تەرەپبال داخىل بولغاندا ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تامىقىنى كەمستمەي ئېغىز تېگىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى**
**خۇدانىڭ ئۆيى**

بۇ، كەمبەغەل - نامراتلار بىچارە، ئاجىزلىقىدىن كۆڭلى ئىنچىكە، نازۇك كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى رەنجىتىش، بوزەك قىلىش نامەردلىك، ۋىجدانسىزلىق، تەڭرى ئالدىدا زور گۇناھ ھېسابلىنىپ، ھېچكىم راۋا كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەلنىڭ مۇشۇكى چاشقان تۇتسا،**
**باينىڭ مۇشۇكى توشقان تۇتار**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۇرمۇش شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەلنىڭ ھايىنى يوق،**
**تاپقان پۇلىنىڭ تايىنى (يوق)**

بۇ، نامرات — قولى قىسقا ئادەمنىڭ ئىش - ئوقىتى چەكلىك بولىدىغانلىقىنى، ئېرىشكەن پايدا - تاپاۋىتى ئېھتىياجىنى قامدىيالماي، ھېچنېمە ئېشىنالمايدۇ-

غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەلنى ئىززەت قىلساڭ،**
**چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقار**

بۇ، ئىمتىيازلىق، مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشىلەر نامرات - يوقسۇللارنى كۆزگە ئىلماي كەمسىتىپ ئارىغا ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمتەر بولساڭ ئۇزارسەن،**
**مەغرۇرلانساڭ غۇلارسەن**

بۇ، ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتماي، كىچىك پېئىل بولغاندا ھەممە جەھەتتىن ئىلگىرىلەپ ھۆرمەتلىنىدۇ؛ تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك قىلغاندا نەزەردىن چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن،**
**مەغرۇرلانساڭ چۆكەرسەن**

«كەمتەر بولساڭ ئۇزارسەن، مەغرۇرلانساڭ غۇلارسەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق،**
**تولا گەپنىڭ مەززىسى (يوق)**

بۇ، كېچىكىپ تېرىلغان كېۋەز تولۇق غوزا ئالمىغاندەك، ئورۇنسىز كۆپ سۆزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كوزا سۇندۇرغان ئەزىز،**
**سۇ كۆتۈرگەن خار**

«سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:
ئالىمنىڭ كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار،
كوزا سۇندۇرغان ئەزىزدۇر، سۇ كۆتۈرگەن خار.

**كوزا كۈندە سۇنماس،**
**كۈندە سۇنار**

بۇ، بالا - قازا، ھادىسە دائىم كۆرۈلمەيدۇ، كۈتمىگەن بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: دىققەت قىل، بالام، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ، بىر ۋاقتى كېلىپ تۇتۇلۇپ قالساڭ چاتاق بولىدۇ، دېدى ئۇ ئوغلىغا.

**كونا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى**

بۇ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ نەرسىسى كونىلىقىغا قارىماي باشقىلارنىڭكىدىن ئەلا بولۇپ، خالىغاندا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كونا گەپ قۇلاققا ياقماس**

بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار قايتىدىن تەكرارلىنىدىغان گەپ - سۆزگە ھېچكىم قىزىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كونا ئۇستىخاننى ئىت غاجىماس**

بۇ، مەنپەئەت چىقمايدىغان پايدىسىز ئىشقا ھېچكىم قىزىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپ تۇرغاندىن سورىماي،**
**كۆپ يۈرگەندىن سورا**

«كۆپ ياشىغان بىلمەس، كۆپنى كۆرگەن بىلەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

## كۆپ تۇكۇرسە كۆل بولار

«كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بىزدە قورال - ياراغ، ئوق - دورا بولۇشى لازىم، كەم دېگەندە مۇشۇ شەرتلەرنى پۇختا ھازىرلىماي تۇرۇپ، غەيرىتىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان بولساق، نەتىجە قازىنالمايمىز! چۈنكى، كونىلار «كۆپ تۇكۇرسە كۆل بولار» دېگەندەك، ھازىر يۇرتىنىڭ قولىدا ئون - يىگىرمە تال مىلتىق بار، بىر يەرگە توپلىساق بىر گەپ بولاتتى! دېدى مەخسۇتباي كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ.

## كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولار

بۇ، ئاممىنىڭ كۈچىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، كۆپنىڭ كۈچى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆپتىن يامانلاپ، كۆمۈلمەي قاپتۇ

بۇ، ھەركىم ئاممىدىن ئورۇنسىز ئاغرىناسلىقى ھەم ئايرىلماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە ئەھۋالدا ھەممىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆپ سۆز ئېشەككە يۈك

بۇ، ئادەم ھۆرمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كەم سۆز بولغىنى ياخشى، كۆپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلەر

بۇ، جاھان كەزگەن، ئەمەلىيەتكە چۆككەن ئادەم ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ، بىلىمى ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: خەلق ئىچىدە «كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلەر» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. بايىقى رىۋايەتنى ئالساق، ئۇنى مەن بىرەر كىتابتىن ئوقۇغان ئەمەس، دادامدىن ئاڭلىغانىدىم، دېدى ئايۇپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ.

## كۆپنى كۆرۈپ ئازدىن قورۇق قاپتۇ

بۇ، ئېرىشكەن نەق پايدىغا قانائەت قىلماي، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەنپەئەتنى قوغلاشقانلار قولىدىكىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆپنىڭ مېلىنى ئوغرى ئالماس

بۇ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشقان كۈچكە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئىش - ئوقەتى، بايلىقى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆپ ياشغان نېمە بىلەر، كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر

بۇ، ئوقۇماي - ئۆگەنمەي، ساۋاتسىز، نادانلىقتا ياشغان كىشىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمايدۇ؛ ئوقۇغان - ئۆگەنگەن، ئىلىم ئىزدىگەن كىشى ھەممىنى بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال

بۇ، ئادەم بىرەر كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، تۆپىلەپ يەنە بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مۇبادا شا مەخسۇتنىڭ ئوغلى ئەپيۈنكەش نەزەرگە ۋاڭ-

لىق تېگىپ قالسا، ئۇ - زە، مەن مۇسۇل-
مان دەپ، پۇقرانى ئاياپ قويارمۇ؟ بۇنى
ئويلاپ باقمامدىلا! ئۇ ۋاقىتتا «كۆتۈرەلمى-
سەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بىر ياندا
چېرىك، بىر ياندا نەزەر، پۇقرانى نېمە دىش-
ۋارچىلىقلارغا سالماس! مەن ياقا يۇرتلاردا
يۈرۈپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، دېدى
ئۇ.

**كۆتۈرۈشنى بىلسەڭ تاغمۇ يېنىك**

بۇ، ئەقىل ۋە پەم - پاراسەت بىلەن
ئىش قىلغاندا ھەرقانداق ئېغىر قىيىنچى-
لىق، مۈشكۈللۈك ھېچقانچە بىلىنمەيدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆرپە سېلىش ھۆرمەت،**
**داستىخان سېلىش ھىممەت**

بۇ، ئۆيگە كەلگەن كىشىنى قىزغىن
قارشى ئېلىش، ياخشى غىزا بىلەن كۈتۈۋې-
لىش ئىجتىمائىي ئەخلاق بولۇپ، مېھمانغا
قىلىنغان ئىززەت - ئىكرام ئىكەنلىكىنى،
ساھىبخانىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**كۆرسە ھالى يوق،**
**كۆرمىسە كارى يوق**

بۇ، كۆرۈنۈشتە بىراۋغا ھەمتاۋاق،
كۆيۈمچان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەت-
تە خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىغان تەكەل-
لۇپچى كىشىلەرنىڭ ياسالمىلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ: ئۇ ئەسلي ئۇستامنىڭ ئالدىغا بارماق-
چى بولۇۋىدى، شۇ ئەسنادا خۇددى قېرىش-
قاندەك «كۆرسە ھالى يوق، كۆرمىسە كارى
يوق» بىر دوستى كېلىپ قالدى.

**كۆرگەن ئاڭلىغاننى يېڭىپتۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز بېشىدىن
كەچۈرگەن، ئەمەلىيەتنى بىلگەن ئادەم مۇ-
نازىرىدە غالىب كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما،**
**شىرچورۇقۇڭنى قورۇتما**

بۇ، ھەركىم ئۆتمۈشنى، بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى
ئەستىن چىقارماي، ھازىرقى بەختلىك تۇر-
مۇشنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ: بايۋەچچە ئۆز خوتۇنىنىڭ قەدرىگە يې-
تىپ «كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرچو-
رۇقۇڭنى قورۇتما» دېگەننى ئېسىدە چىڭ
تۇتۇپ، كۆرەڭلىمەيدىغان بولۇپ، پەملىك
ئايالى بىلەن بىر ئائىلىدە ھالال ئەمگەك
قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

**كۆرگىنىم كۆپ، يېگىنىم چۆپ**

بۇ، ئۆمرىدە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى-
ى بېشىدىن كەچۈرگەن، كۆپ ئىشنى
كۆرگەن، تۇرمۇشى جەبىر - جاپا، غۇربەت-
چىلىكتە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**كۆرمەككە بار، يېمەككە يوق**

بۇ، قارىماققا ھەممە نەرسە بار تۇرۇق-
لۇق، ئەمەلىيەتتە ھېچكىم بەھرىمەن بولال-
مايدىغان ئالدامچىلىق، ساختىلىقنى بىل-
دۈرىدۇ: كېرىم «كۆرمەككە بار، يېمەككە

يوق» ھىيلىسىنى قوللىنىپ پەرىزاتىنىڭ دەردىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئارام بەرمەكچى بولغان ئىدى.

كۆرمىگىنىم كۆپ،
يېمىگىنىم چۆپ

بۇ، ئۆمرىدە ھېچقانداق ئىش كۆرمەي، جەبىر - جاپا، قىيىنچىلىق تارتماي، بىر خىل خاتىرجەملىكتە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر

بۇ، مەھبۇبنى چىرايىغا، گۈزەللىكىگە قاراپ سۆيمەي، كۆپ سىردىشىپ، قەلبىنى چۈشىنىپ سۆيۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

بۇ، ھەركىمدە ئارزۇ قىلغان، كۈتكەن كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ دەيدىغان، كېلەچەككە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان ئىشەنچ، ئىرادە، غەيرەت بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، ئابدۇخالىق،
كۈت، ئۈمىد، سېغىنغانىڭ كېلىدۇ،
سۆزۈلۈر شۇندا جاھان.

كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق،
ئېچىلمايدىغان سىر (يوق)

بۇ، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ خۇپىيانە تۇتۇشقا بولمايدۇ، ھەرقانداق سىر ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: زامانقۇل مۇشۇ يول بىلەن بارا - بارا ئۆزىگە خاس خاراكتېر يارانقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىشقا باشلايدۇ. بىراق كونىلار «كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق، ئېچىلمايدىغان سىر يوق» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاخىر ئېچىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئال قۇش» دەپ نام بېرىدۇ، دېدى ئۇ ئىرپانغا.

كۆز دېگەن كامار نېمە،
كۆرمىسە بىكار نېمە

بۇ، ھەرقانداق نەرسىنى ئەقىل، زېھنىسىز پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، كۆز بولسا بىر ۋاستە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆزدىن ئايرىغان خۇدا
ھاسىسىدىن ئايرىماس

بۇ، ئادەم دەماللىققا بىرەر قوللىغۇچى، ھىمايىچىسىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، لېكىن تىرىكچىلىكتە باشقا تەرەپتىكى ياردەم - مەدەتتىن قۇرۇق قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماس» دېگەندەك، قىسمەت ئۇنى كېلىشكەن ھۆسن - جامال، خۇشخۇي، شوخ مىجەزىدىن ئايرىغان بولسىمۇ، يەنە ساغلام، كۈچلۈك تېنى، كەمتەرلىك خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئادالەتسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان بولدى.

كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق

بۇ، ئۇزاق مۇددەت كۆرۈشمەي، بىر - بىرىدىن يىراق تۇرغان كىشىلەرنىڭ دوست-

لۇق ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بارا - بارا ئازىيىپ، كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ چاغدا كىشىلەر خۇددى ئانا - بالا ئىككىسىنى ئۇنتۇغاندەك، بۇ مەھەللىدە «كوسا دۆڭ» دەيدىغان بىر تەبىئەت مۆجىزاتىنىڭ بولغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىدۇ. چۈنكى كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق ئەمەسمۇ؟! دېدى كۆپچىلىك.

**كۆز قورقاق، قول باتۇر**

بۇ، بىر ئىشنى باشلاش مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى، باشلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يۈرۈشىدىغانلىقىنى، شۇڭا قەتئىي ئىرادە، غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆز كۆرگەنگە مەيل قىلىدۇ**

بۇنىڭ «كۆز كۆردى، كۆڭۈل سۆيدى» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، كىشىلەر ئۆز-ئارا كۆپرەك ئۇچرىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھېرىسلىك، ئامراقلىق كۆچىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئەگەر تەكرار كۆرسە ئىشق مۇستەھكەملىنىدۇ، «كۆز كۆرگەنگە مەيل قىلىدۇ» دېگەندەك، كۆپ كۆرگەندىن كېيىن ھېرىس (ئامراق) بولىدۇ، دېدى ئۇ.

**كۆز كۆرمەي، كۆڭۈل سۆيمەس**

بۇ، بىرەر ئادەم ياكى نەرسىنى بەلگىلىك مۇددەتتا بىلەن كۆزدىن كەچۈرمەي، خاراكتېر - خۇسۇسىيىتىنى بىلمەي، چوڭقۇر سىردىشىپ ماھىيىتىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ كۆڭۈل بېرىش، ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت قويۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق**

بۇ، جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان كىشىلەر ئىچىدىن بەزىدە يارامىلىق، قابىلىيەتلىكلەر چىقىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارمۇ نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق دېمەك، كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق دېگەن گەپ بار. بەزىدە سىزدەك چوڭلار كۆزگە ئىلمىغان كىچىكلەرنىڭ قولىدىنمۇ چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، دېدى ئۇ.

**كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،**
**قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت)**

بۇ، ھەر ئادەم سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن، يامان ئادەتلەرنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىنى ئاسراش، قەدىرلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر،**
**چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە**

بۇ، ئادەم ھاياتلىقىدا تولاراق ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق تۇرمۇش بىلىمىنى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان، ئاتىمىز نېمە ئۈچۈن بىزنى تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار دەيدۇ؟ مۇشۇنىڭدا بىر گەپ بار، «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دەپتىكەن، تەۋەككۈل قىلىپ بىر ئۆتۈپ باق-

مايمۇ، دېگەن ئارزۇنى قىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

**كۆزۈم قارىغۇ، قۇلىقىم ساغرۇ**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى بىلدۈرىدۇ: بوسۇق دورغا ئوغلىنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئات قىلامدۇ، ئېشەك قىلامدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ كۆزۈم قارىغۇ، قۇلىقىم ساغرۇ دەپ يۈرۈۋەرسەڭ بولماسمىدى، دېدى.

**كۆزى مىدىرلىغاندىن قورق**

بۇ، ئادەم ھەر قاچان ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇپ، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرمەسلىك، سەل چاغلىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆزىنى يۇمغان پوقىنى يەر**

بۇ، نومۇسسىز، قارايۈز ئادەم ھەرقانداق يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆسەي ئۆزۈن بولسا قول كۆيمەس**

بۇ، ھەر جەھەتتىكى شەرت ـ شارائىتنى تولۇقلاپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىش باشلىغاندا ھېچنېمىدىن قىسىلمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆككە باقماي، كۆپكە باق**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئاممىغا تايىنىش، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆكنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە**

بۇ، بىرەر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىغا قاراپ ئالدىراپ كۆرەڭلەپ كەتمەي، ئاخىرقى نەتىجىسىگە بېقىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭلۈڭ رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا**

بۇ، بىرەر دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىققا دۇچ كەلگەن كىشى ئىمكانقەدەر ھېچنېمە بولمىغاندەك، كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، خۇشال ـ خۇرام ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، كۆزۈڭگە ياقماس**

بۇ، كۆڭۈل چۈشمىگەن، ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغان نەرسە كۆزگىمۇ سىغمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە**

بۇ، ئادەم كۈتۈلمىگەن دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىققا قالغاندا ئىشەنچىنى يوقاتماي، ھەرۋاقىت ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش (ئەمەس)**

«مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كۆڭۈل نارتقان ئاش ھالال**

كۆڭۈل نارتقان ئاش ھالال
بۇ، كۆڭۈل پاك دەپ بىلگەن نىسۋى-
دىن بەھرىمەن بولۇش ئىشەنچىلىك ئىكەنلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۆزىگە پاك ئىدى،
ھەمىشە «كۆڭۈل تارتقان ئاش ھالال» غۇ،
دەپ ئويلايتتى. دەرۋەقە شۇنداق ئەمەسمۇ؟
خەق نىمە دىسە دەۋەرمەمدۇ! ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن غوتۇلداپ، كۆندە بىر خىل چۆرىمە
- چۆچەكلەرنى توقۇپ يۈرگەن ئاشۇ ئاياللار
شۇنچىلىك پاكمىدۇ؟! خۇدا ئۇلارغا ئىنساپ
بەرسۇن! دەيتتى.

**كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق**

بۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئى-
رادىسىگە خىلاپ ئىش قىلغان ئادەم ھامان
ئۆزى زىيان تارتىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار**

بۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى چۈشەنگەن،
قەلبداش كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرى
راۋان يۈرۈشىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**كۆڭۈل كۆرمىسە**
**كۆز دىگەن نامىنىڭ تۆشۈكى**

«كۆز دىگەن كامار نىمە، كۆرمىسە بى-
كار نىمە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر**

بۇ، بىر - بىرىنى ھەقىقىي چۈشەن-
گەن، قەلبى تۇتاش كىشىلەر ھەرقانداق
ئىشتا ئۆزئارا ھەمدەم بولالايدۇ، دىگەن مە-

**كۆڭۈلنىڭ ئالىسى، خۇدانىڭ بالاسى**

بۇ، نىيەتنى بۇزۇپ باشقىلارغا زىيان-
كەشلىك قىلىدىغان ئالا كۆڭۈللۈك ئەڭ خە-
تەرلىك، قورقۇنچلۇق ئاپەت ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭۈلنىڭ تۈۋرۈكى سەۋر**

بۇ، ئادەم ئۆزىگە دۇچ كەلگەن مۇشكۇ-
لاتقا تاقەت قىلالايدىغان غەيرەت، چىدامغا
ئىگە بولغاندىلا ئاندىن روھىي خاتىرجەملىك-
كە ئېرىشەلەيدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭۈل ئويغا تويمايدۇ،**
**بۆرە قويغا تويمايدۇ**

بۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلار تاپقا تويمىغان-
دەك، ئىش خۇش ياقمايدىغان، بىكار تەلەت
ئادەم خىيالپەرەس كېلىدۇ، دىگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ: خانىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ بول-
دۇڭمۇ، باتوق؟ دىدى مامۇت قورغۇي ئە-
يىبلەش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، «كۆ-
ڭۈل ئويغا تويمايدۇ، بۆرە قويغا» دىگەن-
دەك، سىنىڭ خىياللىرىڭ تېخى تۈگىمەپتۇ
- دە! ...

**كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر**

بۇ، قارانىيەت، سۇيىقەستچى ئادەم دا-
ئىم ھىيلە - مىكىر، گۇمانخورلۇق بىلەن
باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى پايلاپ، قۇسۇر،
ئىللەت تېپىشقا تىرىشىدۇ، دىگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر**

بۇ، ئىچى يامان، ھەسەتخورنىڭ ئىش
- ئەمىلى ھەمىشە ئۆچمەنلىك، زەھەرخەندى-
لىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆڭلى قارىنىڭ يۈزى قارا**

بۇ، ۋىجدانى يوق، رەھىمسىز ئادەم
ۋاپاسىز كېلىدۇ، يۈزسىزلىكىدىن ئار -
نومۇسنى بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ.

**كۆنگەن خۇي كۆڭۈلدىن قالماپتۇ**

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالمايدۇ»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇ ئىشلارنى قويايلى،
«كۆنگەن خۇي كۆڭۈلدىن قالماپتۇ» دېگەن-
دەك، ئەنۋەر مۇھىم ئىش ئورنىغا ئېرىش-
كەندىن كېيىنمۇ كونا ھۈنىرىنى تاشلىماپ-
تۇ، دېدى ئۇ ھېزىمغا.

**كۆنگەن كۆڭۈل كۆمۈلگۈچە**

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالمايدۇ»
نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئارىدىن ئۆتۈپ كەت-
كەن سەككىز يىل ئۇنىڭ چىرايىنى سولاش-
تۇردى. ئەمما «كۆنگەن كۆڭۈل كۆمۈلگۈ-
چە» دېگەندەك، خۇماقىز ئۆزىنىڭ بارغانسې-
رى قورۇقلار كۆپىيىۋاتقان چىرايىنى گى-
رىم بىلەنلا ياپاتتى - دە، ئامال قىلىپ
كىنو، تىياتىر، تانسىدىن قالمايتتى.

**كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى**

بۇ، زىمىستان قىش پەسلىدىن، قاراڭ-
غۇ كېچىدىن كۆرە، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇ-
رى، ياز پەسلى ئاپتاپلىق كۈندۈز ياخشى
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆيگەن جۇۋانغا ئات تېزىكى ئاي كۆرۈنەر**

بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت چىراي تاللى-
مايدۇ، چىن دىلىدىن سۆيگەن، ياخشى
كۆرگەن كىشىسى سەت بولسىمۇ چىرايلىق
كۆرۈنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆيگەن ئوتنىڭ تۈتۈنى يوق**

بۇ، كۆڭۈل قەسرىدىن ئورۇن ئالغان
ھەقىقىي ئىشىق — مۇھەببەتنىڭ ھىجران
پىراقى بولسىمۇ، دەرد - ئەلىمى، ئازارى
بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى،**
**ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات (ياخشى)**

بۇ، ھاياتلىقتا ئۇرۇق - تۇغقان، قې-
رىنداشلار ئۆزئارا رەھىمدىل بولۇپ، بىر -
بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئىجىل - ئىناق ئۆتۈش
كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈتكەندە مېھمان كەلمەس،**
**ياسانغاندا يىغا (كەلمەس)**

بۇ، مېھمان كۆڭۈل خالاپ ساقلىغاندا
كەلمەيدۇ، ئادەم شادلىق ۋە خۇشاللىق ئىل-
كىدە ياشىغاندا ياش تۆكمەيدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە**

«ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» نىڭ
ئىزاھىغا قاراڭ: مەن سەزدىم، ئۇنىڭ كۈچ
- قۇدرىتى ئۇيۇشقانلىقتا، خۇددى قۇدۇق-
تىن سۇ تارتىدىغان توم زەنجىرنىڭ ھالقى-

سىدەك بىر - بىرىگە چېتىلىپ كەلگەن
«كۈچ بىرلىكتە، ئۈش ئۆملۈكتە» دېگەن
سۆز ئەسلىي ئىشچى تاغىلارنىڭ سۆزى.

**كۈچى بار تاغقا چىقار،**
**ئەقلى بار كۆككە (چىقار)**

بۇ، ئوقۇماي، بىلىم ئالماي، ناداند-
لىق، مەدەنىيەتسىزلىك بىلەن قارا كۈچكە
تايىنىپ راۋاج تاپقىلى بولمايدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ: خالايىق، بىزمۇ ئۇلۇغلار-
نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەتتە ياشتىن يەت-
مىش ياشقىچە ئوقۇيلى، ئىلىم - پەن ئۆگى-
نەيلى، ئىلىم - پەننىڭ خاسىيىتى كۈچ،
«كۈچى بار تاغقا چىقار، ئەقلى بار كۆككە
چىقار» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان! دې-
دى سەيد هاجىم سورۇندىكى جامائەتكە.

**كۈلەلمىگەن هالىڭغا ھىجايما**

بۇ، ھەركىم قولىدىن كەلمەيدىغان
ئىشنى قىلىمەن دەپ پو ئاتماسلىق، كۈچە-
مەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**كۈلمە كىشىنىڭ دەردىگە،**
**ئۆزۈڭگە كېلەر ئەتىگە**

بۇ، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى باشقىلار-
نىڭ بېشىغا بەختسىزلىك، پالاكەت كەلگەندە
ھەرگىز كۈلمەسلىك كېرەكلىكىنى، بۇنداق
ئەھۋالنىڭ ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ
كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقنى بىلدۈرى-
دۇ.

**كۈلمە كىشىنىڭ ئىشىغا،**
**كېلەر سېنىڭمۇ بېشىڭغا**

«كۈلمە كىشىنىڭ دەردىگە، ئۆزۈڭگە
كېلەر ئەتىگە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن قورق،**
**ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن (قورق)**

بۇ، تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ھاۋا ئاپەت
ئېلىپ كېلىدۇ؛ ھىيلە - مىكىرلىك، نەي-
رەڭۋاز ئايال ئەركىشى ئۈچۈن خەۋپلىك بو-
لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار-
نىڭ «كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن
قورق، ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن
قورق» دەيدىغان تەمسىلى ئورۇنسىز ئەمەس
... بۈگۈن سانجاپا يولىدا ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ-
لا كۆتۈرۈلگەن بوران ئەنە شۇنداق ئادەم
قورققۇدەك دەھشەتلىك چىققانىدى.

**كۈنداشلىق ئۆيدە كۈندە جېدەل**

بۇ، ئەر - ئايال ئادەتتە بىر - بىرىگە
كەڭ قورساق بولۇش كېرەكلىكىنى، ئۆزئا-
را ئىشەنمەي، ئورۇنسىز گۇمانسىرىغاندا ئا-
ئىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلۇپ خاتىرجەم-
سىزلىك يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندە غوۋغا بېشىڭدا،**
**ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا**

بۇ، ئەقىل ۋە پەم - پاراسەت ئىشلەت-
مەي قىلغان ئىشتىن ھەدېگەندە كاشىلا چى-
قىدۇ. ئۇنىڭ دەرد - خاپىلىقى داۋاملىق
تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندە ھېيتمىدى ساڭزا يېگىلى**

بۇ، تۇرمۇش ھەمىشە بىرخىل ئۆتمەيدۇ، بەزىدە ياخشى، بەزىدە غورىگىل بولىدۇ، ھەركىم تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققىتىگە، ياخشى - يامان شارائىتىغا كۆنۈشى لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندۈزدە ئاچ قالساڭ،**
**كېچىدە يۇلتۇز سانا**

بۇ، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغان كىشى كەچلىكى ئەتىنىڭ غېمى ئۈچۈن چارە ئويلاپ، ئامال تېپىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندۈزى سۆز قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق،**
**كېچىسى سۆز قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق**

بۇ، ھەدېگەندە ئاغزىڭغا كەلدى دەپ قالايمىقان سۆزلىمەي، ھوشيار، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋەزىيەتكە بېقىپ گەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندۈزى يۈرگەن يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا،**
**كېچىسى يۈرگەن ئەرنىڭ ئۆمرى (قىسقا)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئامانلىقى، بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىپ، يۈرۈش - تۇرۇشتا ساياقلىقتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندىن قالساڭ ئايدىن قالىسەن،**
**ئايدىن قالساڭ يىلدىن (قالىسەن)**

بۇ، ۋاقىت — ئۈنۈم دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ تىرىكچىلىكتە ھەممىدىن مۇھىم، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەستىن چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈندىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن**

«كۈندىن قالساڭ ئايدىن قالىسەن، ئايدىن قالساڭ يىلدىن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئوغلۇم، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋەرگەندىن ھېچنېمە چىقمايدۇ. بۇ ئەتىياز ۋاقتى «كۈندىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن» دېگەن گەپ بار. ياتما، تېرىلغۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئاز - تولا مىدىرلىغىن، — دېدى توختاخۇن بالىسىغا.

**كۈن كۆرمىگەن كۈن كۆرسە،**
**كۈندۈزى چىراغ ياقار**

بۇ، بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، ماختانچاق ئادەم سەل بېيىسا، شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ، داۋراڭ سالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈنلۈك يولغا چىقساڭ،**
**ئايلىق ئوزۇق ئال**

بۇ، سەپەرگە ئاتلىنىش ياكى بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن بۇرۇن ھەر ئېھتىمالغا قارشى پۇختا تەييارلىق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈننىڭ ئىشىنى سەھەردىن قويما**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا كىرىشىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس**

بۇ، ھىيلە - مىكىر، ساختىلىق بىلەن

پاكىتنى بۇزمىلىغلى، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار ھەرخىل ۋەھشىيلىك ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، بورتالانى قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، كۈننى ئېتەك بىلەن يايقىلى بولمىغاندەك، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ قالالمىدى.

**كۈنۈڭ كەچ بولمىسا بازار چۆرگىلە**

بۇ، تىرىكچىلىكتە راۋاج تاپالمىغان ئادەم شەھەر كېزىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەقىل تېپىشى كېرەك، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كۆيەر**

بۇ، بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارتۇقچە ئارىلىشىپ ھامىيلىق قىلغان كىشى ئورۇنسىز زىيان تارتىپ، تۆگىمەس خاپىلىقتا قالىدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**كېپىنەك پەرۋانە بولماس،**
**ياسانچۇق مەردانە (بولماس)**

بۇ، ھەشەمەتچى، نامەرد، قورقۇنچاق ئادەم ھەرقانچە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ نىقابلانسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ياپالمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**كېتمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە**

بۇ، ھەر ئادەم ھېچنىمىدىن - ھېچنېمە يوق قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئالدىراپ قول ئۈزمەسلىك كېرەك، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**كېچىسى يول ماڭساڭ،**
**تاڭ ئاتقاندا خۇشال بولىسەن،**

بۇ، بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەندىلا قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**كېچىككەن ئىشقا قار ياغار**

بۇ، بىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىماي، پاسسىپلىق قىلىپ سۇس تۇرغاندا، تۈرلۈك كاشىلا - ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئالتۇننىڭ باھاسى ئەمدى لەڭگىدە ئۆرلەيدۇ، كېچىكىپ قالساق، پۇشايمانغا قالىمىز، «كېچىككەن ئىشقا قارياغار» دېگەن گەپ بار. مەن جامالىدىن خاتىرجەم ئەمەسمەن، ھازىر زاۋۇتقا بارىمەن، ئەتە يايلاۋغا چىقىپ كېتىمىز، دېدى ئۇ.

**كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق**

بۇ، تىرىكچىلىكتە لازىم بولىدىغان، ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۇچراتقاندا قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق»، لازىم بولۇپ قالار دەپ ئاتقا مىندى - دە، كورلىغا كىرمەستىن ساي يولى بىلەن تىمغا قاراپ يول سالدى.

**كېسەك كۆتۈرۈشتىن قېچىپ**
**كاڭمەنزە كۆتۈرۈپتۇ**

«خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلۇپتۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كېسەل بولمىغان ساقلىقنىڭ**
**قەدرىنى بىلمەس**

بۇ، ھاياتلىقتا ئىنسان ئۈچۈن ساقلىقتىن ئارتۇق بەخت، بايلىق بولمايدىغانلىقىنى، ھەركىم سالامەتلىكىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۆزىنى ئاسراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېسەل ساقايغۇسى كەلسە،**
**تېۋىپ ئۆزى كېلەر**

«ئاغرىقنىڭ تۈزەلگۈسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: كونىلار «كېسەل ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېپتۇ» دېگەندەك، ئۇ ئۆيگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارىسام، بۇرۇنقى مەردان ئەمەس، باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ ئۆزگىرىپ كەپتۇ.

**كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان،**
**كېتىشى تەس**

«ئاغرىق پاتمانلاپ كىرەر، مىسقاللاپ چىقار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كېسىلىڭنى يوشۇرساڭ**
**ئۆلۈمىڭ ئاشكارا**

«ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا بولار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن**

بۇ، مەرتىۋىسىز - نامراتلارنىڭ قىلغىنى، دېگىنى ئورۇنلۇق، توغرا بولسىمۇ گېپى ئاقمايدىغانلىقىنى، پۇلدار، مەرتىۋىلىكلەرنىڭ قىلغىنى، دېگىنى خاتا بولسىمۇ گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

«مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇ بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئۆزى مۇشۇ مېھمانخانىسىدا تەنھا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئويلىناتتى. ئۆزى بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرىنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ سەمىگە سالاتتى، دائىم «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دەيتتى.

**كېلىش مېھماندىن،**
**كېتىش ساھىبخاندىن**

بۇ، بىراۋنىڭ ئۆيگە بارغان كىشى ساھىبخانىنىڭ رايىغا، كۆتۈشىگە مايىل بولۇش، ساھىبخانىنى تەڭلىك قىلىپ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېلىننى كەلگەندە كۆر،**
**چاچتەڭگىنى سالغاندا**

بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈپ، ئاخىرقى نەتىجىسىگە قاراپ يەكۈن چىقىرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئالماس ئاكامنىڭ ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلدىڭىز، ئۈنىڭسىزمۇ ئالماس ئاكام «كېلىننى كەلگەندە كۆر، چاچتەڭگىنى سالغاندا» دېگەن ماقالغا بەكمۇ ئامراق ئىدى، ئەمدىزە خەلچەم ئىزمىسىنى ئېزىپ ئۆيىنى ئۆي قىلغۇچە، ھويلىنى چۆل قىلىدىكەن - دە، دېدى ئۇ.

كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر،
بۆكنى كىيگەندە (كۆر)

«كېلىننى كەلگەندە كۆر، چاچتەڭگىنى سالغاندا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن**

بۇ، ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئوبدان كېڭىشىش كېرەكلىكىنى، ئويلانماي، ئالدىراپ قىلىنغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى پۇشايمانغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلۇغ سۇلتانىم، بىزگە بۇ ئىشلارنى جىددىي ئويلاش ۋاقتى ئاللىقاچان كەلدى. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلساق كېچىكىپ قالىمىز، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» بولۇپ قالىدۇ، دېدى ئۇ.

**كىچىك پېئىل بولساڭ**
**كىچىكلەپ كەتمەيسەن**

بۇ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتقان، كەمتەر ئادەم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاپ، تەكەببۇرلۇق قىلغانلار نەپرەتكە ئۇچراپ، ئىززىتىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا**

بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى مۆلچەرلەش، ئوبدان كېڭىشىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىدىكى پۇل - چۈشىدىكى پۇل**

بۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىماي، كىشىنىڭ پۇلىغا، ياردىمىگە ئېرىشىشنى تەمە قىلىش ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىدىن ھايا كەتسە،**
**ئورنىغا بالا كېلەر**

بۇ، ئار - نومۇس، ئەخلاقنى يوقاتقان ھاياسىز كىشى ھەرقاچان ئاپەتكە ئۇچراپ خاراپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىدىن ئۇيالغۇچە ئۆزۈڭدىن ئۇيال**

بۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىغا تېگىرقاپ نومۇس قىلغاندىن كۆرە، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەيىب، قۇسۇرلىرىدىن خىجىل بولۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىگە ئامەت كەلسە،**
**تۆگە مايىقى گۆھەر بولار**

بۇ، تەلەيلىك كىشىنىڭ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ھەرتەرەپتىن راۋاج تاپىدۇ، پايدا ئۈستىگە پايدا كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس**

بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ئازدۇر - كۆپتۇر ياخشىلىق ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار**

بۇ، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق يوق، كىشىنى قاقشاتقان ئادەم ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-

دۇ.

**كىشىگە كۈلسەڭ، ئۆزۈڭگە يىغلايسەن**

«كۈلمە كىشىنىڭ ئىشىغا، كېلەر سېنىڭمۇ بېشىڭغا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**كىشىگە ئورا كولىغان ئۆزى چۈشەر**

بۇ، بىراۋنى قەستلىگەن ئادەم ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، كۈتۈلمىگەن جازاغا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇستازنىڭ يامان نىيەت بىلەن ساڭا سۇيىقەست قىلىپ، ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان بۇنداق جايغا ئەۋەتىپتۇ. كىشىگە ئورا كولىغان ئاۋۋال ئۆزى چۈشىدۇ، دېگەن گەپ بار. خەير، سۇيىقەست ئۆزىگە يانسۇن.

**كىشىگە ئىشەنگۈچە،**
**بىلەكنىڭ كۈچىگە ئىشەن**

بۇ، بىراۋنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتكەندىن كۆرە، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنى ئالدىغانلىق**
**ئۆزىنى ئالدىغانلىق**

بۇ، بىراۋ بىلەن بولغان مۇئامىلىدە راستچىل، سەممىي بولۇپ، ساختىپەزلىك، ئالا كۆڭۈللۈك قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار**

بۇ، مۇستەقىل ئىش قىلالماي باشقىلارنىڭ سالاسىغا قۇلاق سالغان كىشى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ھەممىدىن زىيان تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ بەرگىنى بىلىلىق بولماس**

بۇ، ھەركىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش كېرەكلىكىنى، باشقىلارنىڭ قىلغان ياردىمى چەكلىك بولغاچ، ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ توخۇسى كىشىگە غاز كۆرۈنەر**

بۇ، ئۆزىنىڭكىگە قانائەت قىلماي، باشقىلارنىڭكىگە سەپسالىدىغان، كۆزى قىزىرىدىغانلارنىڭ چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس**

بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن بىغەملىك، بىپەرۋالىق، رەھىم - شەپقەتنى ئۇقماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا**

بۇ، ھەركىم ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى تىكلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، قەدرىنى قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ ئېشىنى يېسەڭ**
**تىلىڭ قىسقىرار**

بۇ، ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشىماي، ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق قىلىپ نەپسىگە بېرىلگەن كىشىنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا يۈز ئابرۇيى، ئىناۋىتى بولمايدۇ، گېپى ئۆتمەي-

دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭغۇپتۇ

بۇ، ئىش خوش ياقمايدىغان ھورۇن ئا-دەملەرنى ئىشقا بۇيرۇسا ھەرخىل باھانىلەر-نى كۆرسىتىپ باش تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول

بۇ، ھەركىم ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ۋەتىنى ھەممىدىن ئەزىز، مۇقەد-دەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدى لېۋىنى چىشلەپ

بۇ، ياخشى نىيەت، كۆڭۈلچەكلىك بى-لەن بىراۋغا خىزمەت قىلىپ، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئارماندا قالىدىغان كىشىلەرنىڭ پۇشايمان، ھەسرىتىنى بىل-دۈرىدۇ.

كىشى ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات (ئەمەس)

بۇ، ھەركىم بىراۋنىڭ ياردىمىگە تاياڭ-ماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىشى كې-رەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىم كولىسا ئورىنى،
ئۆزى چۈشەر ئاخىرى

«ئورىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

نىيىتىڭىز رۇس بولسۇن ھەر بىر ئىشتا — ھەرىكەتتە،
سەممىيلىك ئىنساننى كۆكلىتىدۇ، گەللۇەتتە.
«كىم كولىسا ئورىنى، ئۆزى چۈشەر ئاخىرى»،
ئاق كۆڭۈل، پاك كىشىنىڭ كۆلگەي بەختى ئامەتتە.

كىم نېمىدىن قورقسا
شۇنىڭغا يولۇقار

بۇ، بىراۋغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئاجىز-لىقى، ئەيىبلىك ئىشى بار ئادەم ھامان نۇق-سان، ئىللەتلەردىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىمنىڭ زۇلمى كۆپ بولسا،
زاۋالى يېقىن بولار

بۇ، بىراۋغا جەبىر - جاپا سالغان، زوراۋانلىق قىلغانلار ئاخىر تېگىشلىك جازا-سىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىمنىڭ قەيىرى ئاغرىسا،
شۇ يەرنى سۆزلەر

بۇ، ھەركىم ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلى-دۇ، نېمە ئەلەم تارتقان بولسا شۇنى سۆزلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىيىمنىڭگە قاراپ قارشى ئالار،
ئەقلىڭگە قاراپ ئۇزىتار

بۇ، ئادەم مەنىلىك ياشاش ئۈچۈن يەم - پاراسەتتىن باشقا چىرايلىق ئۇستىۋاش، سالاپەت، يېتەرلىك بايلىق بولۇشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كيمىڭگە ئوت تۇتاشسا،**
**ئۆزۈڭنى سوغا تاشلا**

بۇ، ئادەم كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زېرەكلىك بىلەن چارە - تەدبىر ئىشلىتىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭچە، بۇگۈنكى ئىش توغرىسىدا ئالدىراپ بىر نەرسە دېيىش تەس! «كيمىڭگە ئوت تۇتاشسا ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا» دېگەن گەپ بار. ئوتنى خەق تۇتاشتۇردى، كۆيگۈچىلەر ئۆزىنى سۇغا تاشلىماي قاراپ تۇرمايدۇ - دە! دېدى سەيىد ھاجىم.

# گ

**گاچا بالىنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر**

«گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: «گاچا بالىنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر» دېگەندەك، ئەنۋەر تارتىۋاتقان روھىي ئازابلارنىڭ سىرىنى پەقەتلا مېھرىبان ئانا ئايزىمخان ئاچاملا چۈشىنەتتى، شۇڭا ئېرى بىلەن پىچىرلىشىپ - كېڭىشىپ، بىرقانچە لايىقلارغا يول ماڭدى.

**گاچا چۆچۈرە يېسە**
**ئىچىدە ساناپ يەر**

بۇ، كەم سۆز، ئەقىللىق ئادەم بىرەر ئىش قىلغاندا كۆڭلىدە سان بولىدۇ، ھەر بىر ئىشنى ئويلىنىپ، پەم - پاراسەت، پىلان بىلەن قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ**

بۇ، بىر ئائىلە، بىر يول، بىر نىيەتتىكى كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى، غەرىزىنى، قىلغان ئىشلىرىنى بىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ماڭا «ھوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئىشقا بىز ئارىلاشساق ياخشى بولمايدۇ، ئۆزۈڭلار پۈتۈشۈپ بىر تەرەپ قىلارسىلەر» دېدى. قارىغاندا گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ، دېگەندەك، سىدىقۇپنىڭ تىلى ئۇنىڭغا ئايان ئوخشايدۇ.

**گاچىنى سۆزلەتكەن ئۇنىڭ پۇلى**

بۇ، مال - دۇنيا، بايلىق ھەرقانداق ئىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدۇ، تىلسىزغا تىل، ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاداي بولساڭ شەھەر تالاش**

بۇ ھەرقانچە ئىشلەپمۇ روناق تاپالمىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان ئادەم شەھەرگە يۆلىنىپ مۇۋاپىق كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گادايىنىڭ بالىسى — بايىنىڭ كالىسى**

بۇ، نامراتلىق كىشىنى كىشىگە موھتاج قىلىدۇ، نامرات ئادەم ئۆمۈر بويى چاكارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاس بىلەن ئورتاق بولدۇم،**
**گەپ ئاڭلىتالماي پۇرداق (بولدۇم)**

بۇ، ئاڭسىز - نادان بىلەن ئەسرا بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتەلمەي، قۇرۇق كۈچەپ كاردىن چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاس دەپ غەيۋەت قىلما،**
**قارىغۇ دەپ خىيانەت (قىلما)**

بۇ، ھەر ۋاقىت نەپسانىيەتچىلىكتىن ساقلىنىپ كىشىلەرگە سەمىمىي، توغرا مۇئامىلە قىلىش، پۇرسەت ئىزدەپ يامان نىيەت بىلەن پىتنە تۇغدۇرماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاس گەپكە ئارىلاشسا،**
**قارىغۇ پال سالار**

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، نادان ئادەم بىرەر ئىش ياكى سۆھبەتكە قوشۇلسا، بىلەرمەنلىك قىلىپ ھەممىگە چات كىرىپ، ئىشنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاس گۇمانخور كېلەر،**
**ئوغرى قەسەمخور (كېلەر)**

بۇ، مەلۇم ئىللىتى بار ئادەم ھەر جەھەتتىن ئەنسىرەپ، خۇدۇكسىرەيدۇ، بار ئاماللار بىلەن قىلمىشىدىن تانىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گال پىچاقتىن قول ياخشى**

بۇ، ئىش ـ ئەمگەكتە ئەسۋاب ـ جابدۇق خىل بولسا، ئادەم جاپا تارتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گال – تۇۋى يوق غار**

بۇ، ھاياتلىق كۈندە ئۈچ ۋاخ ئوزۇق ـ تۈلۈككە موھتاج ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىشلەپ بايلىق يارىتىش كېرەكلىكىنى، يېتىپ يېيىشكە ھېچ نەرسە توشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گالدىن ئۆتكەن غەنىمەت**

بۇ، ئاش ـ تاماق، يېمەكلىك ئادەمگە كۈچ ـ ماغدۇر ئاتا قىلىدۇ، شۇڭا تەننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن يېمەكلىك ئوزۇقلىنىش، كۆڭۈل تارتقاننى يېيىش پايدىلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گالۋاڭ ئېگىزنىڭ بېشى ھەمىشە زىدە**

بۇ، ئەقىل ئىشلەتمەي ئەخمىقانە ئىش قىلغان ئادەم خاپىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گالۋاڭ يولۇچى قاشاڭ ئات مىنەر**

بۇ، ئاقىۋەتنى ئويلىماي ئىش قىلىدىغان، ھاماقەت ئادەم ھەمىشە زىيان تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گاھى خۇدا بىلەن روسۇل،**
**گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل**

«بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**گەپ بىر، قۇلاق ئىككى**

بۇ، ئېغىزدىن چىققان سۆزنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش كېرەكلىكىنى، قايتا سوراش، تەكرار سۆزلەش ياخشى ئادەت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گەپتە گەپ بار،**
**قورساقتا دەرد (بار)**

بۇ، ئىچى دەرد ـ ئەلەمگە توشۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ دەيدىغىنى كۆپ بولىدۇ، سۆزلىگەنلىرى گەپ گەپنى تۇغىدۇ، دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول**

بۇ، ئىشلىمەي سۆزمەنلىك قىلىش ئا-
دەمگە كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىك كەلتۇ-
رىدۇ؛ كەم سۆز بولۇپ، تەر تۆكۈش ئادەم-
نى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار**

بۇ، چېكىدىن ئاشقان ناتىقلىق ئادەمگە
پايدىسىز بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە پۇتلىكاشاڭ-
لارغا ئۇچرىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**گەپ دېسە بەش ئېشەككە يۈك،**
**ئىش دېسە خەپ شۈك**

بۇ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئىش
خۇش ياقماس بىكار تەلەپلەرنىڭ ھۇرۇنلۇقى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**گەپ دېسەڭ قاپ - قاپ،**
**ئىش دېسەڭ سامانلىقتىن تاپ**

«گەپ دېسە بەش ئېشەككە يۈك، ئىش
دېسە خەپ شۈك» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،**
**بولمىسا ئىلغۇچى (بار)**

بۇ، ئەقىلسىز دائىم تىلدىن ئازىدۇ،
ئادەمنىڭ ئۆتكۈر - زېرەكلىكى تىلىدىن مە-
لۇم بولىدۇ، شۇڭا ئېھتىيات بىلەن ئويلاپ
سۆزلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**گەپ - سۆز قەغەزدە،**
**كەپتەر پەغەزدە**

بۇ، ھەر ئىش ئۆز يولىدا، ئۆز پەيتى-
دە، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش كېرەك، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گەپ قىلسا ۋالاقتەگكەن دەيدۇ،**
**گەپ قىلمىسا مۆرىمەسكەن دەيدۇ**

بۇ، گەپ - سۆزدە سالماق، ئېھتىيات-
چان بولۇش؛ كەيپىياتتا خۇشخۇي، جۇش-
قۇن بولۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**گەپكە گەپ كەلگەندە، ئاتاڭدىن قايتما**

بۇ، ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە بىراۋنىڭ
كۆڭلىنى ئاياپ، قائىدە - يوسۇن، پرىن-
سىپتىن ۋاز كەچمەسلىك، دەيدىغاننى دې-
يىش، قىلىدىغاننى قىلىش كېرەك، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

بۇ گەپنى تەگمىسە تەگمەيتتىم،
كەلمەيتتى مېنىڭ «گەپدان» ئاتالغۇمۇ.
دەۋالاي ئەمدى «گەپكە گەپ كەلگەندە،
قايتمىغىن، دەپتىكەنغۇ، ئاتاڭدىنمۇ.

**گەپ گەپنىڭ تېگىنى ئاچىدۇ**

بۇ، بولۇۋاتقان گەپ ئۇلغايسا كونا
ئىشلار تەكرارلىنىپ، تەگىشىش تۈپەيلىدىن
يېڭى ئىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**گەپنى تەگسە تېرىق بولار**

«تەگسەڭ تېرىق بولار، تەگمىسەڭ
ئېرىق بولار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: تىللا-

... تېخى قىلمىسام تېخى قىلسام گەپ خان، «گەپنى تەگىسە تېرىق بولىدۇ» دېگەن گەپ بار، نېمىشقا تەگەۋېرىلا دەيمەن؟ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىلىغۇ، قىزىمىزنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىلىم ئىشتىياقى بار ئىكەن، دېدى سادىر ئاخۇنغا چۈشەندۈرۈپ.

گەپنى تېجىمەلدىن سورا،
يولنى كارۋاندىن (سورا)

بۇ، بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، جا-
هانكەزدى ئادەم سۆزمەن بولىدۇ، كۆپنى بى-
لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گەپنى قىسقا قىل،
كۆسەينى ئۇزۇن (قىل)

بۇ، ئىخچام، پاساھەتلىك سۆزلەيدى-
غان، قولى ئۇچۇق كىشىنىڭ ئىناۋىتى يۇ-
قىرى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گەپنى قىل سىغار يەرگە،
سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە

«سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

گەپنىڭ ئايىغى يوق،
بەرنىڭ ياسقى (يوق)

بۇ، گەپ ئۇلغايغانسېرى داۋاملىشىۋې-
رىپ ئاخىرى تۈگىمەيدۇ، يەرگە تەر تۆكۈپ
ئىشلىسىلا ھوسۇلى ئۆكسىمەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گەپنىڭ پىششىقى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىقى (ياخشى)

بۇ، ئىخچام، مەزمۇنلۇق، پاساھەتلىك
گەپ يېقىملىق، جەلپ قىلارلىق بولىدۇ،
ئىسسىقىدا يېيىلگەن تاماق تەملىك، مەززى-
لىك بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار،
ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ (بار)

«گەپتە گەپ بار، قورساقتا دەرد بار» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئىشان گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى چۈشەندى ـ دە، قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلدى.

گەپنىڭ ياخشىسى «خۇدايا تۇۋا»،
ئاشنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا

«گەپنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

گەپنىڭ يامىنى كۇس ـ كۇس،
ئۇسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس ـ پۇس

بۇ، ئۈنسىز ئۇسۇرۇق دىماغنى ئۆرتى-
گەندەك سېسىق بولغاندەك، ئېغىزنى قۇلاققا
يېقىپ قىلىنغان سۆز غەيۋەت ـ شىكايەتتىن
تەركىب تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

گەپنى ئۇيلاپ دە، ناننى چايناپ يە

بۇ، گەپ قىلغاندا ئاقىۋەت —
تەسىرىنى ئويدان مۆلچەرلەش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

گەپ ۋاقتىدا ياخشى،
كاۋاپ زىخىدا (ياخشى)

«گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

گەپ ياشتا ئەمەس، باشتا

بۇنىڭ مەنىسىنى «ئەقىل ياشتا ئە-
مەس، باشتا» نىڭ ئىزاھىدىن كۆرۈڭ: سا-
ۋۇتاخۇن ئاكا، بۇرۇنقىلار «گەپ ياشتا ئە-
مەس، باشتا» دەپ بىكار ئېيتمىغان دېسە-
لە، دېدى كەنت باشلىقى ئۆزىدىن چوڭ باش-
لىقنى ماختاش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي،
باشلىقىمىز ياش بولغىنى بىلەن بىلىدىغىنى
تولا يىگىت ئىكەن. كۆپ ئوقۇغانىنىڭ پايدى-
سى - دە، بۇ.

گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە

بۇ، قەيسەرلىك بىلەن تەر تۆكۈپ ئىش-
لىگەن ئادەم ئەجرىگە يارىشا ھوسۇل - دارا-
مەتكە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

گەپ يۈزدە ياخشى،
ئۇسسۇل تۈزدە (ياخشى)

بۇ، ھەركىم بىراۋدىن كۆڭلى قالغان
ياكى نارازى بولغاندا يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ،
ئارقىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ: ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلسىمۇ سۆلەۋېرەي،
«گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە» ، ئار-
قىدا غەيۋەت قىلغاندىن كۆرە، ئالدىدا ئېيت-
قان ياخشى، دېدى ئۇ.

گەپ يېمەك - ئىچمەكتە ئەمەس

بۇ، بىراۋنىڭ داستىخىنىغا داخىل بو-
لۇش — قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن بولماس-
تىن، ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەت، قەدىر
- قىممەت ۋە دىدارلىشىشنى ئەۋزەل بىلگەن-
لىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: سىز باشلىق
بولمىسىڭىزمۇ خېلى ئەتىۋارلاپ چاقىرىپتۇ
- دە، بوپتۇ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپسىز،
گەپ يېمەك - ئىچمەكتە ئەمەس، دېدى ئايا-
لى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېرىغا.

گۈگۈم ۋاقتىدا قىز كۆرمە،
قاش - كۆزىنى ئۈز كۆرمە

بۇ، كۈندۈزدە قىلغان ئىش كۆڭۈلدى-
كىدەك، ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىنى، قا-
راڭغۇدا قىلغان ئىش ئىشەنچسىز بولۇپ،
پۇشايماندا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئۇماچ مېھماننى (قاچۇرار)

بۇ، ئورۇنسىز شۈبھىلىنىش كىشىلەر-
نىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى بو-
شاشتۇرۇپ، ئىشىنىشنى يوقىتىدۇ؛ غورى-
گىل تاماق مېھماننى بىزار قىلىپ، تەزدۇ-
رىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئىمان شەيتاننى (قاچۇرار)

بۇ، ئورۇنسىز شۈبھىلىنىش كىشىلەر-
نىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى بو-
شاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ؛
چوڭقۇر ئىشەنچ ئاساسىدىكى ئىناق - ئىتتى-
پاقلىق نىيىتى يامان، سۇيىقەستچىلەرنى
مات قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ

«گۇمان ئىماننى قاچۇرار، ئىمان شەي-
تاننى» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ:

ماشيەنگەن ئۇستەلدىن ئايلىنىپ چىقىپ،
دانىيار يېنىغا كەلدى ھىجىيىپ.
... «ئىمانىنى قاچۇرار دەيدىكەن
گۇمان»،
سۆزلىدى ماشيەنگەن كۈلۈپ، گىدىيىپ.

**گۇناھىڭدىن غەم قىلما،**
**ھەممە گۇناھ شەيتاندا**

بۇ، دۇنيادا ئازمايدىغان – يېڭىلىشمەيدىغان ئادەم بولمايدىغانلىقىنى، ھەممە گەپ يامان خۇي – پەيلىدىن يېنىپ، ئەيىب – ئىللەت، خاتالىقىنى تۈزىتىپ، توغرا يولغا مېڭىشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان**

بۇ، ئائىلىدىكى ئۇرۇش – تالاش، ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان خاتىرجەمسىزلىك باشقا ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس،**
**ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق (چىقماس)**

بۇ، دەپنە قىلىنغان ئادەم تىرىلمەيدۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھمان كۈتۈۋېلىنماي قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس**

بۇ، بىر ئىشنىڭ تېزراق بىر تەرەپ بولماي، سۆرۈلۈپ كېچىككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان،**

**پىيازنىڭ كۆيگىنى بىكار**

بۇ، دوست – بۇرادەر، يېقىنلار ھامان قېرىنداشتەك ئۆز بولىدۇ؛ يات – غەيرىيلەر بەرىبىر قېتىلالماي يېتىمسىرەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش داڭقانغا تۇشلۇق**
**خېنىم سالتاڭغا (تۇشلۇق)**

بۇ، تۇرمۇش غورىگىل ئۆتسىمۇ، ئەر – خوتۇن ئىناق، ئامراق بولسىلا نامراتلىق كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش كۆرمىگەنگە ئۆپكە تاڭسۇق**

بۇ، بېشىدىن ئىسسىق – سوغۇقلارنى ئۆتكۈزمىگەن تەجرىبىسىز ئادەم ئاددىي، كىچىك ئىشلارنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆشمۇ گۆش، ئۆپكىمۇ گۆش**

بۇ، تۇرمۇشتا مەنپەئەتنىڭ چوڭىمۇ – كىچىكىمۇ ئوخشاشلا مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى، ھەركىم ئېرىشكەن مەنپەئىتىگە قانائەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش نەدە بولسا،**
**چۈمۈچ شۇ يەردە**

بۇ، پايدا – مەنپەئەت، نەپ تېگىدىغان يەرگە ھەممە ئادەم ئىنتىلىدۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەييار تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆشنىڭ بوقىدىن ئىت بولدۇم،**

كىيمىنىڭ يوقىدىن پىت (بولدۇم)

بۇ، نامراتلىق - يوقسۇزلۇق ئادەمنى ھەممە نەرسىگە موھتاج قىلىپ تەلمۈرتىدۇ، كۆڭلىنى غەشلىككە تولدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۆشنى يېسەڭ چىشقا كىرەر،
يېمىسەڭ چۈشۈڭگە (كىرەر)

بۇ، راھەت كۆرۈشنىڭ جاپاسى بولىدۇ، جاپادىن قاچقان ئادەم ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي كاللىسى شېرىن خىيالغا تولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۆشنى يېگەنمۇ ئوغرى،
شورپىسىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى

بۇ، خەلققە بىۋاستە زىيان سېلىپ، جىنايى ئىشلارنى قىلغان ھەم يامانلارنى قانات ئاستىغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۆشى سېنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ

بۇ، بىلىم ئېلىش، ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان ھەۋەسكارلارنىڭ ئۇستازلارغا بولغان ئىخلاس، ئېتىقادىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

گۆھەرلىك بولۇشتىن
ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق

بۇ، مال - دۇنيا، بايلىق بىر ئۆمۈر ئەسقاتمايدىغانلىقىنى، بىلىم - تېخنىكا ئۆگەنگەن كىشىلا تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشىپ، ئۆمۈرلۈك بەختكە نائىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

گۆھەرنى تاشقا ئۇرما

بۇ، ياخشى بىلەن ياماننى، پايدا بىلەن زىياننى پەرق ئەتمەي قارىغۇلارچە ئىش كۆرىدىغان ھاماقەتلىكنى بىلدۈرىدۇ:

ئىشىك ئالدى ئانارگۈل،
ئانارگۈلنى پۈراملا.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇراملا.

گۆھەر ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىساڭ نېمە پايدا

بۇ، ئىختىساسلىقلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئىخلاس قىلماسلىق نادانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ، ئاقىل - دانالارنى ئەتىۋارلىماسلىق جەمئىيەتنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دەيدىغان تەمسىلىمىز بار، دېدى دورىگەر يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلق ئىچىدىكى ئەسكى چاپانلار ئىچىدە گۆھەر كۆپ.

گۈزەل يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار)

بۇ، سىرداشمىغان ئايالغا چىرايلىقكەن دەپلا كۆڭۈل بەرسە، كىشىنى داغدا قويىدۇ؛ ھەمراھسىز يولۇچىنى ئوغرى باپلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گۈل تىكەنسىز بولماس

بۇ، دۇنيادا ئەيىب - قۇسۇرسىز ھېچ-

قانداق شەيئى، جاپا-مۇشەققەتسىز راھەت-پاراغەت بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

گۈلگە كىرەك تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە زىيا،
تۈت ئامىلسىز ياشنىيالماس باغدا گىياھ.
باغۇ بوستان بولماس ئەلسىز، گۈلسىز ئاۋات،
گۈل تىكەنسىز بولمىغاي، بۇ — ئاددىي ساۋات.

**گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق**

بۇ، ھەيۋىنى چوڭ قىلىپ، داۋراڭنى كۆپ سالغان بىلەن بىرەر ئەمەلىي نەتىجىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلزاردا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس**

بۇ، چىن ۋە تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ئۈستىگە قوشۇلغان زىننەت، پەردازنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈل سەھەردە ئېچىلار،**
**خىيال كېچىدە**

بۇ، ئادەملەر كېچىسى گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرى ھەققىدە ئويلايدۇ، ئويلىغانلىرىنى كۈندۈزى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلگە قونغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس**

بۇ، كۆيدۈم-پىشتىم دەپ يۈرۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشىق دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈل گۈلى بىلەن، مال خىلى بىلەن**

بۇ، ھەر ئادەم جورا تاللىغاندا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان-ماس كەلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلنى سۆيگەن تىكىنىدىن قورقماس**

بۇ، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن ئېسىل نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولغان كىشى ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا،**
**ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا**

بۇ، ھەقىقىي ئېسىل نەرسە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېپىلىدۇ؛ ۋىجدانى كامىل ئالىيجاناپ ئادەم خەلق ئارىسىدا يېتىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋار ياغلىقىقا ئوراپ تۈت**

بۇ، سۆيگۈ-مۇھەببەتكە ئېرىشكەنلەر جۈپتىگە كۆيۈنۈپ، ئىناق-ئىجىل ئۆتۈشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئادەمنىڭ كومشارلىقى قاچان تۈزىلەر، كونىلار «گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋار ياغلىقىقا ئوراپ تۈت» دەپتىكەن، تۇمۇچۇقتەك قىزنى ئۇچۇرما قىلىمەن، پۇلىغا چىدىغان يىگىت ئالىدۇ، دېدى ئايىسخان زەردە بىلەن ئېرىگە ھومىيىپ.

**گۈلۈڭ بار چاغدا گۈلۈڭنى قىس،**
**گۈلۈڭ توزۇغاندا كۆتۈڭنى (قىس)**

بۇ، ھەركىم ئۆمرىنىڭ ئالتۇندەك

چاغلىرىدا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى، قېرىغاندا مۇناسىپ ئىش - ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىپ بەھۇزۇر ئارام ئېلىشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلى بارنىڭ تىكىنى بار**

بۇ، راھەت - پاراغەت بىلەن جاپا - مۇشەققەت بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت كۆرگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۈلى گۈلىگە يارىشىدۇ،**
**ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز**

«گۈل گۈلى بىلەن، مال خېلى بىلەن»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**گېپى گەپكە ئوخشىماس،**
**ئاغزى گەپتىن بوشىماس**

بۇ، دائىم دېگۈدەك مەنتىقىسىز، بىمەنە گەپ قىلىدىغان، ئاغزى زادىلا بېسىقمايدىغان ئادەملەرنىڭ تېتىقسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گېلىمدىن ئۆتكىنى غەنىيمەت،**
**ئاغزىمغا گۇمانىم بار**

بۇ، ھەدېسە يېيىش - ئىچىش، نەپ ئېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، قورساقىغا كىرگەننى پايدا ھېسابلايدىغان نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گىجىڭ ئۇستىدىن، ئىلدام گاداي ياخشى**

بۇ، ئېزىلەڭگۈ - بوشاڭ ھۈنەرۋەن خېرىدارسىز قېلىپ، تاپقىنى ئېھتىياجىغا يەتمەيدۇ؛ قولى گۈل، چاققان ئادەم تۇرمۇشتا رىيازەت چەكمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**گىلەمچى باي بولالماس**

بۇ، بىرەر ھۈنەر - كەسىپ قىلىش ئۈچۈن شەرت - شارائىتتىن باشقا يېتەرلىك مەبلەغ بولۇش لازىملىقىنى، دەسمايىسىز قۇرۇق قول ئىشلەش بىلەن بېيىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گىلەمنىڭ ئېسىللىقى قىلىدىن،**
**سودىگەرنىڭ خېرىدارلىقى تىلىدىن**

بۇ، ماتېرىيال ياخشى بولسا مەھسۇلات سۈپەتلىك، نەپىس چىقىدۇ، مۇئامىلىگە ماھىر، سۆزى شېرىن تىجارەتچىنىڭ خېرىدارى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ل

**لاپ ئۇرغىلى يات يەر ياخشى**

بۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، سەمىمىي ئادەملەر ھەرقانداق جايدا كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ھۆرمەت - ئىناۋەت تاپىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ماختانچاق كىشىلەر نەگە بارسا يالغان ئېيتىپ، پو ئاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لاچىن قاراپ تاپىدۇ،**
**تۈلكە ماراپ، بۆرە پۇراپ (تاپىدۇ)**

بۇ، زېرەك ئادەم بىر نەرسىنى ئۆتكۈرلۈكى بىلەن، مەككار ھىيلە - مىكىر بىلەن، زومىگەر زورلۇق بىلەن قولغا چۈشۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لالما بولغۇچە سالما بول**

بۇ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ، بىكار تەلەپلىك بىلەن ياشىغاندىن كۆرە، تېتىك، چەبدەسلىك بىلەن جاپالىق ئىشلەپ، ھالال تاپاۋەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ياخشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لاۋا - لاتقا ئەخلەتنىڭ ئىشى،**
**نەكەبىۋرلۇق ئەخمەقنىڭ (ئىشى)**

بۇ، ئەقىللىق ئادەم كىچىك پېئىل، كەمتەرلىكىدىن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ؛ ئەقىلسىزلار چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلىدىن نەزەردىن چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لايدىن ياسىغان خام كوزا**
**سۇغا چۈشسە ساق چىقماس**

بۇ، ھىيلە - مىكىر، ساختىلىق بىلەن قىلىنغان ئىش ھەقىقەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: زەرگەرنىڭ كۆكسى بېسىلماي ھېلىقى جۇۋانغا قاراپ: خېنىم، «لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس» دەيدىغان گەپ بار. ناباپ مال بىلەن قىز تەرەپنى ئالدىسىلا نائىنساپلىق ئەمەسمۇ؟ دېدى.

**لايغا ئۆتمىگەن پىچاق قولغا ئۆتەر**

بۇ، كۆزگە ئىلماي، ئېتىبارسىز قارىغان ئادەم ياكى نەرسە ئاقىۋەتتە ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيان ۋە كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى**

بۇ، ياخشى - يامان نام ھەركىمنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەز - خۇلقى، ئىش - ئەمەلىگە يارىشا دانالار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لەمپىسى يوق ساراي،**
**مەن قايان باراي**

بۇ، نام - شۆھرىتى بار، ئەمما ھىما-

يېچىسى يوق كىشىنىڭ بارار - تۇرار يېرى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس**

بۇ، گېپىدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ۋىجدانغا مۇخالىپ ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەر كىم لەۋزىگە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن**
**مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.**

بۇ، ھەركىم ئۆمۈرلۈك جورا تاللاشتا چىراي ۋە بىردەملىك ھەۋەسكە ئەمەس، چوڭقۇر سىردىشىپ، چىن قەلبىدىن سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لولا قولدىن ئالىدۇ،**
**ئوغرى يولدىن (ئالىدۇ)**

بۇ، ھىيلىگەر ئادەم ھەييارلىق بىلەن كىشىلەرنى ئالداش ئارقىلىق نەپ ئالىدۇ، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان نەپساندىيەتچىلەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ كىشىلەرگە تەھدىت سالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**لولىنىڭ ئېتىنى سۇغار،**
**پۇلىنى ئال**

بۇ، ھاجەتمەن دانا كىشى ھالال ئەجرى، سىلىق مۇئامىلىسى، پاساھەتلىك سۆزى بىلەن ھىيلىگەر، قۇۋ ئادەمدىنمۇ نەپ ئالالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## م

**ماختانچاق ـ بىكارچىغا ئويۇنچۇق**

بۇ، ماختىنىش، دامخورلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، لاپ ئۇرۇشقا ئامراق ئادەم بىكارچىلارغا ئەخمەق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما،**
**كېرىلگەننىڭ تويىغا (بارما)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنى چوڭ تۇتماي، ۋىجدان، غۇرۇرلۇق بولۇپ، قەدىر - قىممىتىنى ساقلىشى، مەنمەنچى، تەكەببۇر ئادەملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماختىغان قىز تويىدا چىچىپتۇ**

بۇ، كۆڭۈلگە پۈككەن ئارزۇ، كۈتكەن ئۈمىد، ئىشەنچلەر يوققا چىقىپ، باشقىلارنى داغدا قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ماختىغان قىز مالىخايىغا چىقىرىپتۇ**

«ماختىغان قىز تويىدا چىچىپتۇ» نىڭ لىزاھىغا قاراڭ.

**مازاردىن مەدەت تىلىگۈچە،**
**نوغراقتىن ئاتمۇت تىلە**

بۇ، غايىبتىن بەخت ـ تەلەي تەلەپ قىلىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ھەركىم بەخت ـ تەلىيىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماقۇلغا جاۋاب يوق**

بۇ، بىراۋنىڭ گېپىگە، بۇيرۇغان ئىشىغا مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر «ھەئە، ئوبدان، شۇنداق، بولىدۇ» دېيىشنىڭ كىشىگە ھېچقانداق زىيان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماڭا كەلگەندە سايىنىڭ سۈيى توختاپتۇ**

بۇ، تەلەيسىز ئادەم ھەر تەرەپتىن ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقىدۇ، قىلغان ئىشلىرى چىپپىگە تارتىپ ئىلگىرى باسمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماڭا كۈيگۈچە بالاڭغا كۈي،**
**مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي**

بۇ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەش بىلەن مۇھەببەتكە سادىق، ئەرگە ۋاپادار بولۇش ئايال زاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماڭغان پۇتقا نوپا يۇقار**

بۇ، ئىشچان ئادەم تېگىشلىك مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، باسقان قەدىمى بىكار كەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا**

بۇ، ھەر ئىشتا ئىشەنچنى بوشاشتۇر-
ماي، غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن ئادەم نە-
تىجە قازىنالايدۇ؛ جاپا چېكىشنى خالىمايدى-
غان، ئېرىنچەك ئادەم ھۇرۇنلۇقىدىن خار-
لىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماڭغانىنىڭ يولى تۈگەر،**
**ئولتۇرغانىنىڭ كۈنى ئۆتەر**

«ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا» نىڭ ئى-
زاھىغا قاراڭ.

**ماڭقا ئوقۇردىن بولار،**
**يېغىر توقۇمدىن (بولار)**

بۇ، ① ئات - ئۇلاغنى ياخشى ئاسراپ
باققاندا كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بو-
لىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: كې-
سەللىك تولاراق قازان - قومۇچ، چىنە -
قاچا، كىيىم - كېچەك تازىلىقىنىڭ تەلەپكە
لايىق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مال ئالساڭ كۆرۈپ ئال،**
**قىز ئالساڭ بىلىپ (ئال)**

بۇ، سودىلىق قىلغاندا مەھسۇلاتنى
ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئوبدىنىنى تاللاپ
سېتىۋېلىش كېرەكلىكىنى؛ ئۆيلىنىشتىن
ئاۋۋال قىز بىلەن سىردىشىپ، تېگى - تەك-
تىنى ئۇقۇپ ئالدىرىماي توي قىلىش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مال بولسا مومام باقار**

بۇ، تەييار نەرسىنى ھەركىم ساقلىيا-
لايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ، ھەممى-
دىن قىيىنى ئەجىر قىلىپ بايلىق يارىتىش-
تا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مال تۆرى بىلەن،**
**ئادەم خىلى بىلەن**

«گۈل گۈلى بىلەن، مال خىلى بى-
لەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مالدا مال بار، ئادەمدە ئادەم (بار)**

بۇ، كۆپ نەرسىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى
قاتاردا تۇرىدىغان سەرخىللىرى بولغىنى-
دەك، تۇمەنلىگەن ئادەمنىڭ ئىچىدىمۇ تا-
رىختا نامى ئۆچمەيدىغانلار بولىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مال سەمرىسە ياغ بولار،**
**يەر سەمرىسە باغ (بولار)**

بۇ، مەنپەئەتلىنىۋاتقان نەرسىدىن دا-
ۋاملىق پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاز -
تولا چىقىم قىلغان، ئەمگەك سىڭدۈرگەن
كىشى تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان**

بۇ، كەمبەغەللىك، نامراتلىقتىن كۆ-
رە، قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، نادانلىق
ئەڭ قورقۇنچلۇق، ھەممىدىن ئېغىر يوق-
سۇللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مالنى باقساڭ توق بولار،**
**بولمىسا يوق (بولار)**

بۇ، ياخشى ئاسراپ پەرۋىش قىلىنغان چارۋا ئاۋۇپ، ئىگىسىگە پايدا يەتكۈزىدۇ؛ ئاسرالماي تاشلىنىپ قالغان مال - مۈلۈك كاردىن چىقىدۇ، يوقىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مالنى تاپقان باقسۇن،**
**ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن**

بۇ، بىر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىم ئەجىر قىلسا، راھىتىنى شۇ كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مالنى كېپەككە ئال،**
**باققۇچىنى ئالتۇنغا (ئال)**

بۇ، مال - چارۋىنى ئالغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇنىڭ پېيىدە بولۇپ ياخشى بېقىش ھەممىدىن مۇھىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مالنىڭ بېشى توخۇ**

بۇ، باقمىچىلىقتا توخۇ بېقىش بېيىشنىڭ، ئىگىلىك يارىتىشنىڭ باشلىنىش يولى ئىكەنلىكىنى، ئۇنۇمدارلىقتا توخۇ ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك**

بۇ، قائىدە - يوسۇننى ئوقمايدىغان مۇتتەھەم، زومىگەرلەرنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بوۋاي بايىقى سۆلەتلىك يىگىتنى گۇۋاھلىققا تارتتى. ئەمما ساقچىلار تېخىمۇ ئۆكتەملىك قىلدى. ئۇ كونىلارنىڭ «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەن گېپى راست ئىكەن - دە، ساقچى دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ مەن بەش بالامنى مۇشۇ ئوقەت بىلەن ئاران بېقىۋاتىمەن، دېدى.

**مال ئىگىسىنى دورايدۇ**

بۇ، چوڭلار ياكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئادەم قانداق يول تۇتسا، كىچىكلەر ياكى بالا - چاقىلارنىڭ خۇي - پەيلى شۇلارغا تارتىدۇ، نەگە باشلىسا شۇ يەرگە ماڭىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مانتا كۆرمىگەن قاسقانغا دوم چۈشۈپتۇ**

بۇنىڭ «مانتا كۆرمىگەن ئابدال قاسقانغا دوم چۈشتى» دېگەن ۋارىيانتى بولۇپ، ئاچ كۆز ئادەم مەنپەئەت كويىدا ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدۇ، نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مانتىغا پىياز، سامسىغا تۇز،**
**ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۆز**

بۇ، غىزا - تاماقلار ئۆزىگە خىل كېلىدىغان ئوتياش، دورا - دەرمەك قوشۇلسا تەملىك، مەززىلىك بولغاندەك، ھەركىمنىڭ چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن مەشۇقى ئۆزىگە چىرايلىق بىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەدداھ گەپ سېتىشتىن ئۇيالماس،**
**ھۇرۇن پىت بېقىشتىن (ئۇيالماس)**

بۇ، قۇرۇق گەپ قىلىشنى كەسىپ قىلغان كىشى ھېچكىمدىن خىجىل بولمايدۇ؛ بىكار يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن كىشى جارلىق، مەينەتچىلىكتىن نومۇس قىلمايدۇ،

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم**

بۇ، ھەر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم ياكى ئىش - ھەرىكەتكە يۈز - خاتىر قىلىشقا، يول قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنداقلارنىڭ ئىشى ئاسان. كونىلاردا «مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپ بار. بىز يەنە بىر نۆۋەت چىرايلىقچە بارىمىز. ماقۇل كەلمىسە، ھېلىغۇ باپكاركەن، ئەۋلىيا، مازار - ماشايىخ بولسىمۇ ئۇنداقلارنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ، ئورنىدىن قوپالماس قىلىۋېتەلەيمىز، دېدى رەھىم سوپى.

**مەرد باتۇر يىقىتىدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ**

بۇ، كەڭ قورساق ئادەم ئېلىشىشتا يېڭىلگەن، باش ئەگكەن رەقىبىگە ئۇستىلەپ زەربە بەرمەيدۇ، قاراملىق قىلىپ ئۆچ ئالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش**

بۇ، مەرد ئادەم ھالقىلىق پەيتلەردە خەۋپ - خەتەرگە پىسەنت قىلماي، پىداكارلىق بىلەن ئالدىغا چىقىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەرد سۆزىدىن قايتماس،**
**يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس)**

«يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مەرد نامەردكە باش ئەگمەس**

بۇ، مەرد ئادەم قارا نىيەتلەرنىڭ ھەرقانداق سۇيىقەست، ئەسكىلىكلىرىگە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرىدۇ، ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن**

بۇ، مەرد - ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە سەۋر - تاقەت، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەردنىڭ سۆزى بىر**

بۇ، ۋىجدانلىق، مەرد ئادەم قىلغان گېپىدە تۇرىدۇ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەردنى مەيداندا سىنا**

بۇ، جاسارەتلىك، قەيسەر ئادەم ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي سىناققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۈگۈنزە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، مېنىڭ ئالدىمنى توسماقچى ئىكەنسەن -دە؟ «مەردنى مەيداندا سىنا» دەيدۇ، ئوغۇل بالا بولساڭ، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەت، مېنى تاشلاپ ئۇزۇپ چىق، ئاندىن سېنىڭ شەرىپىڭ ئۈچۈن چاۋاك چالىمەن! دېدى سابىر ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ.

**مەردنى مەيداندا كۆر،**
**سېخىينى جەننەتتە**

بۇ، ياخشىنىڭ ياخشىلىقى قىلغان ئىش

ـ ئىزلىرىدىن نامايان بولۇپ، يۈكسەك شان
ـ شەرەپ بىلەن تارتۇقلىنىدۇ، دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ.

**مەرد يوقلۇقنى بىلىندۈرمەس،**
**تۇلپار ئاچلىقنى (بىلىندۈرمەس)**

بۇ، كەڭ قورساق ئادەملەر ئېغىر قى-
يىنچىلىق، موھتاجلىقتا قالسىمۇ، سەۋر -
تاقەت قىلىپ يوقسۇزلۇقىنى سەزدۈرمەيدۇ؛
ياخشى ئات بېقىشسىز قالسىمۇ، ئالدىراپ
ئەت تاشلىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**مەززىسى يوق گەپتىن**
**ياقىنىڭ كۈرۈلدىشى ياخشى**

بۇ، تۇتامى يوق، تېتىقسىز نوتۇقنىڭ
ھېچقانداق رولى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**مەستلىك — پەسلىك**

بۇ، خۇدىنى يوقاتقۇدەك ھاراق ئىچكەن
كىشى رەسۋالىشىپ قەدرى ـ قىممىتىنى،
ئىناۋىتىنى يوقىتىدۇ، ئىتتەك خارلىنىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس**

بۇ، ئەتراپلىق كېڭىشىپ قىلىنغان
ئىش ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، باشباشتاقلىق بى-
لەن خىيالىغا كەلگەنچە قىلىنغان ئىش مەغ-
لۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**مەسلىھەتنى دوستۇڭغا سال،**
**كېڭەشنى ئۆزۈڭ قىل**

بۇ، بىرەر ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال يې-
قىنلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەكلىكى-
نى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەتراپلىق ئويلى-
نىپ ئاندىن رەسمىي كىرىشىش كېرەكلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى،**
**ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئوي ـ خىيالى بىر
يەردىن چىقماي، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويى-
چە ئىش كۆرىدىغان باشباشتاقلىقنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**مەن بىلمەيدىغان بازار ئەمەس،**
**پۇل بەرمىگۈچە نان بەرمەس**

بۇ، تۇرمۇشتا ماددىي ئېھتىياجنى قان-
دۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىل پۇل ئىكەنلى-
كىنى، پۇل بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل
قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، پۇل بولمىسا با-
زارغا بېرىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى
يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن پىچاق بولاي،**
**سەن لوق گۆش بول**

بۇ، ئۆكتەم ـ زوراۋانلارنىڭ ئاجىز ـ
ياۋاشلارنى بوزەك قىلىشتا تۇتقان يولىنى
بىلدۈرىدۇ.

**مەن دوپپىچى بولسام،**
**كىشىلەر باشسىز تۇغۇلاتتى**

بۇ، بىرەر كەسىپنى قىلىپ باقمىغان
ئادەم تىرىكچىلىككە كىرىشىشى بىلەن ئىشى

ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ، يورۇشمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن سالا ـ سەن سالا،**
**ئاتقا چۆپنى كىم سالا**

«سەن سالا ـ مەن سالا، ئاتقا چۆپنى كىم سالا» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: بىز خەقنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمىز، ھەممە كىشىنىڭ نام ـ ئەمىلى بەش قولدەك ئايان تۇرسا! مۇنداق «مەن سالا ـ سەن سالا، ئاتقان چۆپنى كىم سالا» دېگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمىزدىن ئىچىم پۇشىدۇ، دېدى ئۇ ئايالىغا.

**مەنسەپ گۆرگە يېقىن،**
**مەرىپەت گۈلگە (يېقىن)**

بۇ، ھوقۇق ـ ئەمەل كىشىگە باقمەندە ئەمەسلىكىنى، ئىلىم بولسا كىشىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ ئۆمۈرلۈك ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن قىلارمەن ئوتتۇز،**
**خۇدايىم بېرەر توققۇز**

بۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشلىرى ھەر قانچە قىلسىمۇ يورۇشمەي، ھەدېسە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، راۋاج تاپالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بىر كۆك ئىبلىپلا باي بولۇپ يۇرت ـ مەھەللىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرماقچى بولغانىدى. شۇنچە پالاقلاشلىرىنىڭ نەتىجىسى «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم بېرەر توققۇز» دېگەندەك بولدى.

**مەن كۆرمىگەن شەھەر ئەمەس،**
**پۇل بەرمىگىچە نان بەرمەس**

«مەن بىلمەيدىغان بازار ئەمەس، پۇل بەرمىگۈچە نان بەرمەس» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇلاردىن بىرى، ئايسخان، قازاننىڭ قاينىشى شۇنداق، جاھاندا راپاۋەتچىلىك قالمىدى، دېيىدى، ئايسخان ئېتىراز بىلدۈرۈپ، راپاۋەتچىلىك قالماپتۇمىش تېخى، «مەن كۆرمىگەن شەھەر ئەمەس، پۇل بەرمىگۈچە نان بەرمەس» دەپ، تويدا بىر ئالدىدى، ئۇنداق كۈيئوغۇلنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى، قىزىمنى چىقىرىۋالىمەن! دېدى.

**مەن كۆرمىگەن يېرىڭ بارمۇ،**
**سىڭار يېقى تاتۇق**

بۇ، بىراۋنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىراۋ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن كۆيەرمەن بالامغا،**
**بالام كۆيەر بالىسىغا**

بۇ، ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ساغلام چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ؛ پەرزەنتلەر ئۆي ـ ماكان تۇتۇپ پەرزەنتلىك بولغاندا بالا غېمىدە كۆيۈپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يېتىشەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن كۈلۈپ بولغۇچە،**
**سەن تېلىقىپ تۇر**

بۇ، باشقىلارنىڭ بەختلىك ياشاۋاتقىنىدى-

نى كۆرەلمەي ئىچى تارلىق قىلىدىغان، نە-
پىتى يامان شەخسىيەتچىلەرنىڭ ھەسەتخور-
لۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەنمەنلىك — شەيتانلىق**

بۇ، كىشىلەردىكى ئۆزىنى چوڭ تۇ-
تۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئىللىتى
ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ناچار خاھىش
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەنمۇ چوڭ بولارمەن،**
**تامغا تېزەك ياقارمەن**

بۇ، ھاياتلىقتا سالامەتلىكنىڭ ھەممە-
دىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئادەم سەھەت -
سالامەت بولغاندىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىـ-
لالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەنمۇ سېير ساغارمەن،**
**تامغا تېزەك ياقارمەن**

«مەنمۇ چوڭ بولارمەن، تامغا تېزەك
ياقارمەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مەنمۇ ئىدىم سېنىڭدەك،**
**سەنمۇ بولارسەن مېنىڭدەك**

بۇ، ھەممە ئادەم بالىلىق، ياشلىق،
قېرىلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ،
شۇڭا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنىڭمۇ
ياش پېتى تۇرۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئەستىن
چىقارماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**مەنىسىز ياشلىق — سايدىكى تاشلىق**

بۇ، ئۆمۈر ئىبقىن سۇدەك ئۆتۈپ ھەر-
گىز قايتىلانمايدىغانلىقىنى، ھەركىم ياشلى-
قىنى قەدىرلەپ، ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈ-
زۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس،**
**كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست (ئەمەس)**

بۇ، ھەرقانداق ئېسىل تائام بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئوبدان سىڭىپ تەنگە تەقۋا قىلـ-
مىسا ياخشى دېگىلى بولمايدۇ؛ ئاچقۇچلۇق
پەيتلەردە شەخسىيىتىدىن كېچەلمەي يېقىنـ-
نىڭ دىلىنى چەككەن ئادەم ئاغىنىدارچىلىقتا
يارىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەيلى بارغا مايىل بول**

بۇ، چىن دىلدىن سۆيگەن، ياخشى
كۆرگەن كىشىسىگە سادىق، ۋاپادار بولۇش
كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەيلىڭ بولسا مەيخانە،**
**پۇلۇڭ بولسا سەيخانە**

بۇ، ئادەم ھاياتلىقتا بىرەر ئىشقا كۆ-
ڭۈل تارتىپ ئىشتىياق باغلىغان بىلەن پۇل
بولمىسا ئەمەلگە ئاشماي، شېرىن خىيال پې-
تى قالىدىغانلىقىنى، پۇل بىلەن ھەممىنى
ئوخشاتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەيلىڭ بولسا مەيخانە،**
**چىلىم بولسا سەيخانە**

بۇ، كۆڭۈل تارتىپ قىزىققان ئىش دە-
ماللىققا كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، پەقەت
دەسمايە بولغاندىلا ئاندىن رېئاللىققا ئايلىنىـ-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مورا دىگەن ئەجدىھا**

بۇ، بىر ئۆينىڭ ئىھتىياجى زادى تۇگىمەيدىغانلىقىنى، ھاياتلىقتا يەپ - ئىچىشكە ھىچنىمە توشۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موزاينىڭ يۇگۈرۈشى سامانلىققىچە**

بۇ، ئۆزىنى چاغلىماي بىر ئىشنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمايدىغان، ئاغزى پالۋان، لاپچى ھەم تەجرىبىسىز ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ: بەزىلەر، نەچچە ۋاقىتتىن بىرى مەيدىسگە مۇشتلاپ يوغان گەپ قىلغان سالى دورغىنىڭ ئەمدى سۇدىن چىققان مۇشۇككە ئوخشىشىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، بۇ خۇددى «موزاينىڭ يۇگۈرۈشى سامانلىققىچە» دىگەنىنىڭ ئۆزى بولدى - دە، دىيىشتى.

**موزاي قوزۇققا چوڭلۇق قىلار**

بۇ، ئاز - تولا مەرتىۋە، بايلىققا ئىرىشىپلا ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، باشقىلارنى ياراتماي مەنمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا بولماق ئاسان،**
**ئادەم بولماق قىيىن**

بۇ، ئوقۇپ بىلىملىك بولۇش ھەركىم ئۈچۈن ئانچە مۇشكۈل ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ھەققىي ۋىجدانلىق ئادەم بولۇش تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا بىلگىنىنى ئوقۇيدۇ،**
**توخۇ كۆرگىنىنى چوقۇيدۇ**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىكتە ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ، قۇربىتى يەتكىنىچە ئىش كۆرىدۇ، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا پۇلنى دوست تۇتماس،**
**قولىغا كىرسە بوش تۇتماس**

بۇ، بىلىملىك — ئوقۇمۇشلۇق ئادەم پۇل - بايلىققا بېرىلمەيدىغانلىقىنى، پۇل - بايلىققا ئېرىشسە بۇزۇپ - چاچماي ئىھتىياجلىق يەرگە سەرپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا تەمەخور كېلىدۇ،**
**ئوغرى گۇمانخور (كېلىدۇ)**

بۇ، ئەجىر قىلماي باشقىلاردىن نەپ ئېلىپ ئادەتلەنگەن كىشى ھەمىشە شۇنداق مەنپەئەتنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى؛ بىراۋنىڭ ھەققىگە قارا سانىغان نەپسانىيەتچى ئادەم قىلمىشىدىن خاتىرجەم بولالماي خۇدۇكسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا كۆپ بولسا،**
**قوي هارام ئۆلەر**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا بىلەرمەن كۆپ بولسا، بىر - بىرىگە ئەقىل ئۆگىتىش، بەس سېلىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ئىشنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللام كۈلمەيدۇ،**
**كۈلسە تىلىقىپ كېتىدۇ**

«خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تىلىقىپ

قالىدۇ» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ: ئۇ، ھەممىسى ئالتە يۈز كوي، ساڭا ئېغىرىم چۈشمىسۇن، يالتىراق پەردە ئېلىپ بەرگىن، دېيدى، ئوغلى: بەللى، بەللى، بۇ قالتىس ئۆزگىرىشقۇ! «موللام كۆلمەيدۇ، كۆلسە ئېلىپ كېتىدۇ» دېگەن شۇكەن-دە! دېدى.

**مولla مەنۇ موللا مەن،**
**موللا كۆرسەم بولدا مەن**

بۇ، ھېچقانداق كەسىپتىن خەۋىرى يوق ئادەم كەسىپ ئەھلى ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا موللىنى كورەلمەيدۇ**

بۇ، بىلىملىكلەر ئىچى تار، شەخسىيەتچى بولسا ئۆزئارا مەنمەنلىك تالىشىپ، بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا ئوقۇپ يەر،**
**قاغا چوقۇپ(يەر)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھۈنەر - كەسپ، قابىلىيىتىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن جان باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا ئېلىشنى بىلەر،**
**بېرىشنى بىلمەس**

بۇ، ئوقۇمۇشلۇق بولسىمۇ ئاچ كۆز، بېخىل كەلگەن ئادەملەر شەخسىيەتچىلىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلاردىن نەپ ئېلىشنىڭلا چوتىنى سوقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللا يوق يەردە موللىمەن،**
**موللا بار يەردە بولدىمەن**

«موللا مەنۇ موللامەن، موللا كۆرسەم بولدا مەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**موللىغا مەسە ياخشى،**
**ھەممىگە بەرسە (ياخشى)**

بۇ، ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى ئادەملەر پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشكەنسېرى ئىنساپ قىلمايدۇ، كىم نەپ يەتكۈزسە شۇنى ماختايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللىغا ئون تاياق،**
**نادانغا بىر تاياق**

بۇ، بىلىمسىلىكتىن خاتالاشقاننى نەسىھەت بىلەن ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن گۇناھ سادىر قىلغانلىق قىلمىشىغا قاراپ ئەدىبىنى بېرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللىنىڭ دېگىنىنى قىل،**
**قىلغىنىنى قىلما**

بۇ، بىراۋنىڭ ئورۇنلۇق پىكرى، نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ ناتوغرا ئىش - ھەرىكىتىنى دورىماسلىق لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى،**
**ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى**

بۇ، مۇكەممەل بىلىم ئىگىلىمىگەن ئا-

دەم ئاڭلىغان تەرىمىلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ بىلەرمەنلىك قىلىدۇ؛ قاراقچى قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن يول توسۇپ كارۋانلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**موماي مومايىنى ئاپا دەپتۇ**

بۇ، ياشانسىمۇ ئۆزىنى ياش چاغلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ياشانغىنىغا تەن بەرمەي ياشلىق دەۋاسى قىلىدىغانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**موھتاجلىق تاشتىنمۇ قاتتىق**

«يوقسۇللۇق تاشتىن قاتتىق» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مۆت — زەھەر بولسىمۇ يۇت**

بۇ، بىكاردىن كەلگەن نەرسىدىن ھەممە كىشى بەھرىمەن بولۇشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىنى، زەھەر بولسىمۇ يېيىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇزلىساڭ مۇز يە**

بۇ، بىرەر ئىشتىن كۆڭلى رەنجىگەن ئادەم ئالدىراپ ئاچچىقلانماي، سوغۇققان بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە**

بۇ، ھەرقانداق ئىش - نەرسىنىڭ ھامان مەۋجۇتلۇق چېكى بولىدۇ، مەڭگۈ بىر ئىزدا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس**

بۇ، ئادەم يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ بار - يوقنىڭ دەردىنى تارتمىغۇچە، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزمىگۈچە ھەقىقىي ئىنساني خاراكتېرى يېتىلمەيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇساپىر بولمىغۇچە،**
**يۇرتنىڭ قەدرىنى بىلمەس**

بۇ، ئۆي - ماكانىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ، تىرىكچىلىك ئۆتكەمىسىدە تاسقالمىغان ئادەم ئۆز يۇرت - ماكانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى**

بۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يات يەرلەردە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن كىشى يار - يۆلەكسىزلىكتىن يەكلىنىپ ئەركىن ياشىيالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا**

بۇ، ھەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى شەرت - شارائىت، ئەمەلىي ئەھۋالغا باقىدىغانلىقىنى، شۇڭا پۇرسەت كۈتۈپ سەۋر - تاقەتلىك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھاجى، چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان كونا ملتىقلاردىن يىگىرمە تالنى ياراشقانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىپ ئەلچىلەرگە تاپشۇردى - دە، لى دارىنغا ئېيتىڭلار، بىزدە «مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا» بولىدۇ دېگەن گەپ بار، دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى

مۇسۇلمانچىلىق مەسچىتتە ئەمەس،
ئەل ئىچىدە

بۇ، ئادەمنىڭ پەزىلەتلىك، پاك - دىيانەتلىك ئىكەنلىكى خاس ئىبادەت قىلىش بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، پەقەت ئەل - يۇرتقا كۆيۈنىدىغان ياخشى ئىش - ئەمەللىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندىلا ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس

بۇ، بىلىم ئېلىش، ھۈنەر ئۆگىنىش ھەقىقەتەن جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئېرىنمەي، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇشت بەرگەنگە ئاش بەر

بۇ، بىراۋنىڭ يامانلىقىغا، ئەركەكلەرچە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق مەردلىك، كەڭ قورساقلىقنى ئىپادىلەپ تەسىرلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇشت تەگلىگۈچە مەيدىسىنى چىقىرىپتۇ

بۇ، كۈتۈلمىگەن خاپىلىققا دۇچ كەلگەن كىشى يېنىكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەببەت چىراي تاللىماس،
ئۇيقۇ جاي (تاللىماس)

بۇ، ئۇيقۇسىرىغان كىشى يەر ئىلغىما-غاندەك، بىر - بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ، چىن دىلدىن سۆيۈش تاشقى گۈزەللىكتىن كۆرە، قەلب گۈزەللىكىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس

بۇ، ئىختىيارىي ھالدا بىر - بىرىنى چىن دىلدىن ياخشى كۆرۈش بىلەن مۇھەببەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، مەيلى بولمىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى ھەرقانداق ۋاستە بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر

بۇ، سۆيگۈگە سادىق كىشى چىن دىلدىن ياخشى كۆرگەن كىشىسى ئۈچۈن ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلماي، بارلىقىنى بېغىشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇدۇرمەيدىغان ئات يوق،
يېڭىلىشمايدىغان ئادەم (يوق)

بۇ، ئاتنىڭ ھەرقاندىقى يول يۈرگەندە پۇتلىشىدۇ؛ ئادەممۇ تۇرمۇشتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېڭىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇشۇك چۈشىدە چاشقان كۆرەر

بۇ، ھەركىم ئۆز ئېھتىياجى ھەققىدە غەم يەيدۇ، تىرىكچىلىك كويىدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن**

بۇ، تۇرمۇش كەچۈرۈش هال - ئوقىتى ياخشىلار ئۈچۈن ئويۇن - تاماشىدەك بىلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە كەمبەغەل - بىچارىلەر ئۈچۈن تولىمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «ئالتۇنچىلار» يېلىك كىيىم، ناچار تاماق بىلەن بارغانسېرى جۇدەپ مادارىدىن كەتتى، قەھرىتان سوغۇق باشلانغاندىن كېيىن نۇرغۇن ياشلار توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەر خۇددى «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» بولۇپ، ئۆلۈملەر ئەۋجى خوجايىنلارنىڭ قىرغىنمۇ كېلىپ قويمايتتى.

**مۇشۇك گۆشكە بويى يەتمىسە، روزا تۇتتۇم دەر**

بۇ، ئۆزى قولىغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا يارامسىز، پايدىلىنىشقا ئەرزىمەيدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، نەپ ئالغۇزمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچى يامانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇشۇك گۆشكە بويى يەتمىسە، سېسىقكەن دەر**

«مۇشۇك گۆشكە بويى يەتمىسە روزا تۇتتۇم دەر»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئامراق**

«مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق، قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق»نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق، قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە (ئامراق)**

بۇ، ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى يار بەرمەيدىغانلىقىغا قارىماي، ياشانغىنىغا تەن بەرمەي، ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن ئارزۇلارنى قىلىشتەك هاماقەتلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇشۇكنى هارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ**

بۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ساختىپەزگە ۋەزىپە تاپشۇرسا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ كاشىلا تۇغدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇشۇكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى ساق**

بۇ، ئۆز مەنىسى بويىچە ياخشى مۇشۇك ئاشلىقنى چاشقانلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆچمە مەنىدە، ئۆي تۇتۇشتا ماهىر ئاياللار ئائىلىنى رەتلىك، سەرەمجان باشقۇرۇپ ئەر كىشىنى روناق تاپقۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۇكچەيگەنىنىڭ بېلىنى كەتمەن تۈزەيدۇ**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپ هۇرۇنلارنىڭ بوشاڭلىقىنى تۇرمۇش ئەمگەك قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇرلاپ ئوڭشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرىسەن**

بۇ، هەرقانداق ئىشقا بوشاڭلىق قىلغان كىشى ئاقىۋەتتە ئېرىنگىنىنىڭ سورىنى

تارتماي قالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېغىشقا ئېرىنسەڭ يۈگۈرەرسەن**

«مېغىشقا ئېرىنسەڭ كېيىن يۈگۈرەرسەن» نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**مېغىشنى بىلمىگەن ئۆي قىرنى بۇزىدۇ**

بۇ، ئىشقا ئېپى يوق كالامپاي ئادەم گىدىيىپ يۈرگىنى بىلەن ھېچنېمىنى ئەپلەشتۈرەلمەي ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېغىشى ئۆزگەرگەن بىلەن**
**مېغىسى ئۆزگەرمىگەن**

بۇ، كۆرۈنۈشتە قائىدە - يوسۇنلۇق، سەممىي بولۇۋېلىپ، ماھىيەتتە ھىيلە - مىكىردىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ساختىلىق، يالغانچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېلى بارنىڭ مېلىغا كېلەر،**
**مېلى يوقنىڭ جېنىغا (كېلەر)**

بۇ، بايلار بىرەر پالاكەتكە يولۇقسا پۇل - مېلى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ قالىدۇ؛ ئۇڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان نامراتلار ئۆزىنى قۇتقۇزالماي بالا - قازا، پالاكەتنىڭ قۇربانى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە،**
**دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن**

بۇ، مال - دۇنيا كۆپ بولسا جانغا ئەسقاتمايلا قالماي، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك، خەۋپ - خەتەرلەرنى كەلتۈرىدۇ؛ دوستنىڭ كۆپ بولۇشى ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، قەدىر-قىممەت، ئىززەت-ھۆرمەت بېغىشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېنىڭ توغرا دېگەن كۆپنى كۆرمەس**

بۇ، دائىم ئۆزىنىڭكىنى راستقا چىقىرىپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلار جاھىل، تەجرىبىسىزلىكىدىن ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېنىڭ ئېتىم بېگىلى،**
**ئەرگە تەگدىم يېگىلى**

بۇ، ياتلىق بولغان ئايال ئەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېنىڭ ئىدى سېنىڭ بولدى،**
**تىلىسەم دورا بولدى**

بۇ، باشقىلارنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشكەندە كۆڭۈلچەكلىك بىلەن بېرىۋېتىپ، ئۆزىگە لازىم بولغاندا بار نەرسىمۇ ھېچكىمدىن چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ**

بۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋېلىشتا قىزغىن، سەممىي بولۇش ساھىبخان ئۈچۈن زۆرۈر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان ئاز ئولتۇرار، كۆپ سىنار**

بۇ، بىر ئاۋغا مېھمان بولغان كىشى كۆپ ئولتۇرمايدۇ، ئەمما ساھىبخانىنىڭ ھەممە ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە**

بۇ، مېھمانىنىڭ كۆڭلى ئىنچىكە، نازۇك بولىدۇ، ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ساھىبخان بالىلىرىنى ئۇرۇپ - تىللاشتىن، بىر نەرسىلەرنى ئاۋازلىق قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان خۇشاللىق ئېلىپ كېلەر**

بۇ، مېھمان كەلگەن ئۆي مېھمانىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قىزغىن، جۇشقۇن كەيپىياتقا چۈمدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان سوراپ يېمەس**

بۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا ۋاقتىدا داستىخان سېلىپ تاماق بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان قويدىن ياۋاش**

بۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن بىلەن ساھىبخانىنىڭ كۈتۈشىگە رازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمانىنى كايىتىپ،
دۈڭ تاۋاقنى يېيىتىپ**

بۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھمانىنى باشتا قىزغىن كۈتمەي رەنجىتىپ قويۇپ، كېيىندىن ناز - نېمەتلەرنى تولدۇرۇپ داستىخان سالغان بىلەن رەنجىگەن كۆڭۈلنى خۇش قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان مېھماندىن قىزغىنار،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن (قىزغىنار)**

بۇ، مېھماندارچىلىققا كەلگەنلەر كۆپ بولسا بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ئىچى تارلىق قىلىشىدۇ، بۇنداق ھەسەتخور مېھمانلارنى كۈتۈشتىن ساھىبخانمۇ بىزار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئاش قوي،
ئىككى قولىنى بوش قوي**

بۇ، ساھىبخان ئۆيگە كەلگەن مېھمانىنى گەپكە تۇتماي، داستىخانىنى ئوبدان سېلىپ ئىختىيارىي تائام يېيىشكە ئۇندەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمانىنىڭ كېتىشىنى سورىما،
كېلىشىنى سورا**

بۇ، چاقىرغان مېھمانىنى ياخشى كۈتۈپ، كۆڭلىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە كەلگەن مېھمانىنى رەنجىتىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمانىنىڭ مەستلىكى كەيپ،
ساھىبخانىنىڭ مەسلىكى ئەيىب**

بۇ، مېھمان سورۇندا قالايمىقان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىسمۇ ئەيىبكە بۇيرۇلمايدىغانلىقىنى، ساھىبخان مېھماننى كۈتۈش جەريانىدا تەڭ قىزىپ كەتمەي، سالماق، تەمكىن بولۇپ، سۆز - ھەرىكەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھماننىڭ ئۆزىنى باققۇچە،**
**ئېتىنى باق**

بۇ، مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىللە كەلگەن ھەمراھىنى، ئات - ئۇلىغىنى ياخشى كۈتۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھماننى ئۆيگە سولاپ،**
**ئۆزى يۈرەر ئەر سوراپ**

بۇ، بىراۋنى ئۆيگە چىللاپ قويۇپ خىيالىدا يوق يۈرىدىغان، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بىپەرۋالىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھنەتتىن قاچما،**
**مىننەتتىن قاچ**

بۇ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئىش - ئەمگەكتىن باش تارتماي، ھالال تەر ئاققۇزۇش كېرەكلىكىنى، ئەكس ھالدا بىكار تەلەپ بولۇپ، تاپا - تەنىگە قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھنەت، ئۇنىڭ تېگى راھەت**

بۇ، تەر تۆكۈپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ھەقىقىي ھۇزۇر - ھالاۋەت، بەختلىك پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېۋىسىز دەرەخنى قاقما**

بۇ، مېۋىسى يوق دەرەخنى لىڭشىتسا مېۋە چۈشمىگەندەك، ئەخمەق ئادەمگە چېقىلماسلىق كېرەكلىكىنى، چۈنكى بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىشنى بۇزۇشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن**

بۇ، مېۋىسى كۆپ دەرەخنىڭ شېخى تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۇرغاندەك، بىلىم - ئىقتىدارلىق ئادەم شۇنچە كىچىك پېئىل، كەمتەر كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرار،**
**مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ (تۇرار)**

بۇ، بىلىم — قابىلىيەتلىك ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ، كىچىك پېئىل، كەمتەر كېلىدۇ؛ بىلىمسىز نادانلار ئۆزىنى چاغلىمايدىغان چوڭچى، تەكەببۇر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىخنى ئايىساڭ تاقىدىن ئايرىلىسەن**

بۇ، كىمدە كىم ئازراق چىقىم قىلىشتىن، تېگىشلىك بەدەل تۆلەشتىن باش تارتسا، كەلگۈسى مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولۇپ، چوڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىدىرلىغان قىر ئاشار**

بۇ، ئىرادىلىك بولۇپ، غەيرەت - چىدام بىلەن ئىش قىلغان ئادەم ئۈزلۈكسىز

يۇقىرى ئۆرلەپ، نەتىجە قازىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىراستىن مۇشتتەك تەگسىمۇ ئال**

بۇ، ئاتا - ئانىلاردىن پەرزەنتلەرگە قالغان ماددىي ئۈلۈش قانچىلىك بولسا ئاز كۆرمەي تەۋەررۈك ساناپ ئېلىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا**

بۇ، بىر ئىش توغرۇلۇق ھەرقانچە كۆپ ئاڭلىغان بىلەنمۇ كۆز بىلەن كۆرگەندەك بولمايدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۇگۈنكى ئىشنى كۆرۈپ، چوڭلارنىڭ «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە چىنپۈتتۈم، مۇشۇ ئىستراخۇۋانىيە شىركىتى سىلى - بىزدەك ئىشلەپ پۇل تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئوقەتچىلەرنىڭ بېشىنى سىلاش ئۈچۈنلا قۇرۇلغان خاسىيەتلىك ئىدارە ئىكەن، دېدى ئايالىغا.

**مىڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان**

بۇ، ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن ئۈچرىشالماي قېلىش ھېچ گەپ ئەمەسلىكىنى، ئىشق دەردىگە ئۈچراش ھەممىدىن ئېغىر ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ دوست ئاز،**
**بىر دۈشمەن كۆپ**

بۇ، دوست قانچە كۆپ بولسا كىشىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئىززەت - ئابرۇيى، قەدىر - قىممىتى ئاشىدىغانلىقىنى، دۈشمەن ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، تىنچ تۇرمۇشنى بۇزىدىغان خەتەرلىك ئامىل ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دۈشمەننى سەل چاغلاپ بىخەستەلىك قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر**

بۇ، ھۈنەر - كەسىپ، تىجارەتتە ئوبوروتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن باھادا ئادىل، مۇئامىلىگە ماھىر بولۇپ، ئېرىشكەن تاپاۋەتكە قانائەت قىلىش كېرەكلىكىنى، خېرىدار بىلەن باھا تالاشقان تىجارەتچى كۆز ئالدىدىكى ئۇرغۇن پايدا - مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭلىققا بۆرە تەگسە،**
**بىرلىككە پىچاق ئېلىپ يۈگۈرەر**

بۇ، پۇلدار - ھوقۇقدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتسە، ئالدى بىلەن كەمبەغەل - يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭلىققا كەلمەي،**
**بىرلىككە كېلىپتۇ**

بۇ، باي - ئىمتىيازلىقلارنىڭ مال - مۈلكى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي ئاۋۇيدىغانلىقىنى، كەمبەغەل - يوقسۇللارنىڭ ئازغىنا ھال - ئوقىتى زىيان - زەخمەتتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ ئۆلۈكتىن بىر تىرىك ئەلا**

بۇ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىمگە

پايدىسى تەگمەيدىغانلىقىنى، ھايات ئادەملا ئىنسانىيەتكە ئازدۇر - كۆپتۇر پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ ئېغىز كاپ - كاپتىن**
**بىر ئېغىز چىپ - چاپ ياخشى**

بۇ، نەپ تەگمەيدىغان، ئەھمىيەتسىز قۇرۇق گەپ ساتقاندىن كۆرە، ئەمەلىي مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىش ھەممىدىن ئەلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئايالىغا كايىدى: ھازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان چاغ. سوۋغا - سالام، پارا بەرمەي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىش ھەل بولمايدۇ. نەدىكى قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرمىگەن ئىشلارغا ئاغزىڭنى تاتلىق قىلماي، مانتا ئېتىڭلار، مانتا، كونىلار «مىڭ ئېغىز كاپ - كاپتىن بىر ئېغىز چىپ - چاپ ياخشى» دەپتىكەن ...

**مىلەپ يېگەن مېھماندىن قورق**

بۇ، مېھماندارچىلىققا بارغاندا قائىدە - يوسۇن، ئەدەپ - ئەخلاققا رىئايە قىلماي، زىيادە يەپ - ئىچىپ، ھۆرمىتىنى ساقلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىلىنقسىز يۇرگەندە كېيىك ئۇچراپتۇ**

بۇ، ئادەم ئامەت - تەلىيىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىلجىڭ ئادەم سۆز بۇزار،**
**قىڭغىر ھارۋا يول (بۇزار)**

بۇ، گەپكە شاخ - پۇتاق چىقىرىپ ئاۋۇتىدىغان، قىلغان ئىشى ئىلگىرى باسمايدىغان ئەزمە ئادەم سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ،**
**ئەزمىنى بەزمە (يېڭىدۇ)**

بۇ، سۆز - ھەرىكەتتە ئېزىلەڭگۇ ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش بوشاڭ ئادەم باپلايدۇ، ئەزمە ئادەمنى ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى ئوڭلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىننەتلىك ئېشىڭدىن**
**قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى**

بۇ، بىرىكىمگە قىلغان ئازراق ياخشىلىقىنى پەش قىلىپ، داۋراڭ سېلىش ئۆزئارا ئىناقلىققا، نورمال مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ، خەيرلىك ئىشلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ن

**نائەھلىگە قەرزدار بولما،**
**ناتونۇشقا ھەمراھ (بولما)**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكى يوق، نامەرد ئا-
دەم بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلماسلىق، تو-
نۇشمايدىغان ئادەم بىلەن بىللە يۈرمەسلىك
كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نادان ئەلدە موللا تولا**

بۇ، ئوقۇمىغان، مەدەنىيەت بىلىمل-
رىدىن خەۋەرسىز كىشىلەر ئىچىدىن ھەممە-
گە قوشۇق سېلىپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەي-
دىغان بىلەرمەن ئادەم كۆپ چىقىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نادانغا سۆزلىگەن ئىسسىت سۆزۈم،**
**ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم**

بۇ، ئۆلگەن ئادەمگە يىغلاشنىڭ ھېچ-
قانداق ئەھمىيىتى بولمىغاندەك، غەرەز ئۇق-
مايدىغان كاج ئادەمگە پەند، نەسىھەت، تەر-
بىيە كار قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**نادان قازانغا قارايدۇ،**
**نادان ئوچاققا (قارايدۇ)**

بۇ، گول-ئەخمەق ئادەم تەييارنى كۈ-
تىدۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، مەنپە-
ئەتپەرەس ئادەم پايدا-نەپنىڭ كويىدا پايپې-
تەك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نادان گۈلگە يۈگۈرىدۇ،**
**زېرەك مېۋىگە (يۈگۈرىدۇ)**

بۇ، ئەخمەق - ھاماقەت ئادەم ھەشە-
مەت، داۋراڭنى ياخشى كۆرىدۇ؛ كاللىسى
ئىشلەيدىغان، ئەقىللىق ئادەم ئەمەلىي نەتى-
جە يارىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**نادانلىق قاراڭغۇدىن يامان**

بۇ، مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىق ئىن-
سانىيەتكە خەۋپ كەلتۈرىدىغان ئەڭ قور-
قۇنچلۇق ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى گادايلىق**

بۇ، بىلىمسىزلىك ئىنسانىيەتنى يوق-
سۇللۇق، مۇتەررزلىك پاتقىقىغا ئىتتىرى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نادانني نادان ئوڭلايدۇ،**
**هارۋىنى كاتاڭ (ئوڭلايدۇ)**

بۇ، ئېگىز - پەس يول ھارۋىنى كاردىن
چىقىرىدۇ؛ ئەخمەق - ھاماقەتنى ھېيلىگەر،
چۇتۇچى ئادەم باپلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**نادان ھاكىم يۇرت بۇزار**

بۇ، ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيدىغان، قارا
قورساق ئەمەلدار يۇرتنى خارابلاشتۇرۇپ،

خەلقنى زۇلمەتكە باشلايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ناز قىزغا يارىشار،**
**غاز كۆلگە (يارىشار)**

بۇ، ئەركىلەش، جىلۋىسىنى ئوينـ
تىش قىزلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان گۈزەل
خۇلق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ياپياش
تۇرۇپلا ئالتە ئەرنى يولغا سېلىپ بولدى …
ئۇ «ناز قىزغا يارىشار، غاز كۆلگە (يارـ
شار)» دېگەننى ئوبدان بىلىۋالغان بولۇپ،
ئىشنىڭ بېشىدا ناز قىلىپ كۆيدۈرىدۇ،
ھەپتە ئۆتمەيلا كۆيگەن كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىـ
دۇ.

**ناسۋال قاپاققا پۇل بارمۇ**

بۇ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى بىلمەي
بارنى بۇزۇپ-چېچىپ تۈگىتىدىغان پىلان-
دىتى يوق ئادەملەر تۇرمۇشتا موھتاجلىق
تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار
تۇرمۇشتا ئەڭ زۆرۈر نەرسە نېمە؟ ئالدى
بىلەن نېمىنى سېتىۋېلىش كېرەك؟ نېمىنى
كېيىنرەك سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ؟ دېگەنلەر-
نى ئويلاپمۇ قويمايتتى. زۆرۈرىيەتسىز نەر-
سىلەر بىلەن ئازغىنا پۇلنى تۈگىتىپ،
«ناسۋال قاپاققا پۇل بارمۇ» قىلىپ ئولتۇ-
راتتى.

**ناغرا - سۇناي ئاۋازى**
**يىراقتىن ياخشى**

بۇ، بىرەر ئىش - پائالىيەتنىڭ بـول-
ـۇش ئـالدىـدىكى داغـدۇغىسى دىققەت -
ئېتىبارنى ھەممىدىن بەك قوزغايدۇ، دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نامازدىگەردە ئىش تۈگەر،**
**ئىشى تۈگىمىگەنگە مۈشت (تېگەر)**

بۇ، ھەر ئىش قەرەلىدە ئورۇنلىنىپ
تاماملانسا، ھەممە جەھەتتىن ياخشى بولىدـ
ىغانلىقىنى، كېچىككەن ئىشنىڭ خاپىلىق -
زىيىنى كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**نامەردكە سوزساڭ بوينۇڭنى،**
**پۇچەك ياڭاققا تولدۇرار قوينۇڭنى**

بۇ، باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، ئا-
دەمگەرچىلىكى يوق بېخىلدىن شەپقەت كۈتـ
كەن كىشى مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەي، يالغان
ۋەدىگە ئالدىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىـ
دۇ.

**نامەرد گېپىدە تۇرماس،**
**ناكار ئېشەك چۆپتە (تۇرماس)**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان نا-
ئىنساپ ئادەم لەۋزىگە ئەمەل قىلماي كىشىـ
لەرنى ئالدايدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان
يارامسىز ئادەم كۆرگەن كۈنىگە شۈكۈر قىلـ
ماي، ھەددىدىن ئاشىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**نامرات بولساڭ شەھەر قوغلاش**

بۇ، تىرىكچىلىكتە روناق تاپالماي كەمـ
بەغەللىكتە قالغان ئادەم ياشاۋاتقان يېرىدىن
يۆتكىلىپ (يۇرت ئارىلاپ) نەزەر دائىرىسىـ
نى كېڭەيتىپ، پايدىلىق بىرەر كەسىپنى
تاللاپ روناق تېپىش كېرەك، دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ.

**نامراتنىڭ بىر تويغىنى— بىر باي بولغىنى**

بۇ، يوقسۇل - نامراتلار سەۋرلىك، قانائەتچان بولغاچ، قورسىقى تويغۇدەكلا تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشسە ئۆزىنى بايدەك ھېس قىلىپ، ئۆتكەن كۈنگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نامراتنىڭ نېنى يانچۇقىدا**

بۇ، كەمبەغەللەر يوقسۇزچىلىقتىن قاتتىق - قۇرۇق، غورىگىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ، بارىغا قانائەت قىلغاچ، يېمەكلىكى ئۆكسۈمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نان تۇرۇپ قالسا سۇغا يۇگۇر**
**سۇ تۇرۇپ قالسا گۆرگە (يۇگۇر)**

بۇ، ھەركىم ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن سالامەتلىككە دىققەت قىلىپ، يېمەك - ئىچمەك، غىزالىنىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق**

بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقتى - سائىتى، پەيتى كەلگەندە كېچىكتۈرمەي دەرھال بېجىرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نان – ئىمان، ناننىڭ يوقى يامان**

بۇ، ئاش - تاماق ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئاش - تاماقنى ئىسراپ قىلماي، قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نان يۈز قولدىن ئۆتۈپ ئېغىزغا كىرەر**

بۇ، ئاش - تاماق نۇرغۇن جاپالىق ئەجىر بەدىلىگە تەييار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە يېڭى كۆيەر**

بۇ، ھەرقانداق كاسىپ ئۆز ھۈنىرىدىن ئۇتۇق - نەتىجە قازانغۇچە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەپسى بالا — جانغا بالا**

بۇ، نەپسانىيەتچى، نائىنساپ ئادەم ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلىدىن پايدا - مەنپەئەت كويىدا ھەرقانداق يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر مۈشۈك ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپتۇ - دە، ۋىچىرلاپ ياتقان كەنجى قارلىغاچنى «كاپ» قىلىپ ئاغزىغا ئېلىپلا قېچىپتۇ، بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ بىر دەمدىلا يەپ قويۇپتۇ. «نەپسى بالا - جانغا بالا» دېگەن ماقال كەنجى قارلىغاچنىڭ ئاشۇ ئاقىۋىتىدىن قالغانىكەن.

**نەپسى دېگەن بالادۇر،**
**ئاخىر ئۇتقا سالادۇر**

بۇ، نەپسىگە بېرىلىپ ئاچ كۆزلۈك قىلىش كىشىنىڭ ئىستىقبالىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان يامان ئىللەت بولۇپ، جىنايەت پاتقىقىغا سۆرەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەقلىق،**
**پالاكەت تېگىدە ياتماقلىق**

بۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمەي ھاماقەتلىك

قىلىپ نەپسىگە بېرىلگەن مەنپەئەتپەرەس ئادەم دائىم كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەپسىنىڭ تىزگىنىنى ئەقىل تۇتسۇن**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىكتە ئەقىل - پاراسەت، دانالىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەپسى يامان خامغا ئامراق**

بۇ، نەپسىگە بېرىلگەن ئاچ كۆز ئادەم پايدا - مەنپەئەت كويىدا ھالال - ھارامنى ئىلغاپ ئولتۇرمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەپسى يوق سۇلتان بولماس،**
**ياقىسى يوق چاپان (بولماس)**

بۇ، ياقىسىز چاپان بولمىغاندەك، دۇنيادا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا نەپسى بارلىقىنى، پايدا - مەنپەئەتكە زادىلا بېرىلمەيدىغان ئادەم تېپىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەقشۇەنىنىڭ پىرى مەن،**
**ھويلا قويماي كىرىمەن**

بۇ، كۆرۈنۈشتە تەقۋادار بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆيمۇئۆي تىمىسقىلاپ، قاقتى - سوقتىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى كەسىپ قىلغان بىكار تەلەپلەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەزىرى ئۇستۇن، نەرخى پەس**

بۇ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك قىلىدىغان تەكەببۇر ئادەملەرنىڭ ئەل- جامائەت ئىچىدە ھۆرمەت - ئىناۋىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق**

بۇ، كىشىگە تەربىيىلەش مەقسىتىدە بېرىلگەن تەنقىد گەرچە قاتتىق بىلىنسىمۇ، ئەمما ئەستايىدىل ئاڭلاپ قوبۇل قىلسا، ئاقىۋىتى پايدىلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەشە چەككەنىنىڭ**
**تۇتۇن بىلەن قارنى توق**

بۇ، يامان ھەۋەس - كەيپكە بېرىلگەن ئادەم جىسمانىي زەئىپلىك تەسىرىدە كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەشپۈتنى نەۋرەڭگە قوي،**
**شاپتۇلنى مېھمانغا (قوي)**

بۇ، يېمەك - ئىچمەكتە باللار بىلەن مېھماننى ئوخشاش كۆرۈپ، كۆڭلىنى تەڭ ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەقتىن ھەسەل چىقار،**
**نېسىدىن كېسەل (چىقار)**

بۇ، كەسىپ - تىجارەتتە ھېسابى ئېنىق، سودىنى نەق قىلغان كىشى ئوقىتى روناق تېپىپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىدۇ؛ ھېسابى مۇجمەل، سودىنى نېسى قىلغان كىشى زىيان تارتىپ ھەسرەت چېكىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت**

بۇ، تىرىكچىلىك - جاھاندارچىلىقنىڭ ئومۇمەن قانۇنىيىتى قەيەردە بولمىسۇن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئەجىر - تەر ئاققۇزۇپ تىرىشمىسا ھېچ نەرسە ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: يېتىم بالا ئۇنداق ئىشلەپ، بۇنداق كەچلەپ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ئارىدىن بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ، لېكىن «نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك، بارغان يېرىنىڭ ھېچ يېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ، شۇڭا ئۇ سەپىرىنى توختاتماي داۋام قىلىۋېرىپتۇ.

**نوقانچىنىڭ[①] يامان،**
**سۆخەنچىنىڭ سۆزى «يامان)**

بۇ، غۇرۇرسىز، ۋىجدانغا گاداي مۇرەككەپ خاراكتېرلىك ئادەمنىڭ قارىشى سىرلىق، غەيرىي بولۇپ، كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ؛ گەپ توشۇيدىغان چېقىمچى ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ ئىناقلىقنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نوھنىڭ كېمىسى توپاندىن قورقماپتۇ**

بۇ، ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن، تىل قىسنچى يوق ئادەم ئەيىبلەش، تەھدىتكە پىسەنت قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئابدۇقادىر داموللا قەتئىي ئاھاڭدا، ئۇ قانداق يەرگە بېرىپ دادخاھلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن. نوھنىڭ كېمىسى توپاندىن قورقماپتۇ، دېگەندەك، نېمە پەرۋايىم! مەن گۇناھ قىلغىنىم يوق، قورقۇپ قالامتىم! دېدى يېنىدىكىلەرگە.

**نېسى ساتقاننىڭ ھالى خاراب،**
**قالىدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ**

بۇ، تىجارەت - سودىدا مېلىنى نېسى ساتقان ئادەم دەسمايىدىن ئايرىلىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نېسىدىن تەلىيىم يوق**

بۇ، سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىمدا ھېسابنى ئوچۇق قىلىش، مالنى نەق سېتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئالمىسىلا مەيلى، موللام، ئەزەلدىن نېسىدىن تەلىيىم يوق. ئوتتۇز تەڭگىنى بىر - بىرىدىن ساناپ ئالىمەن، دېدى ساۋۇت.

**نېسىنى دەپ نەقتىن قۇرۇق قاپتۇ**

بۇ، دەماللىققا قولغا كەلمەيدىغان قەرزنى يىغىمەن دەپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ، تەييار تاپاۋەتنى كەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نېسى ئېلىشتا ھاي - ھاي،**
**پۇلىنى بېرىشتە ۋاي - ۋاي**

بۇ، بىراۋنىڭ مېلىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نېسى ئېلىۋېلىپ، پۇلىنى بېرىشتە قىتىغۇرلۇق قىلىپ كەينىگە سۆرەيدىغان سەممىيەتسىز كىشىلەرنىڭ نامەردلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نېسى يېمەڭ گۆشنى،**
**تېشىپ چىقىدۇ تۆشنى**

بۇ، پۇلى يوق تۇرۇپ قەرزگە مال ئال-

---

① كۆزى [illegible]

ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. غان ئادەم پۇلىنى ۋاقتىدا بېرەلمەي ئۇسال

**نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن**

بۇ، بىراۋغا غەرەزسىز خەيرخاھلىق قىلغان كىشى باشقىلاردىن ياخشىلىق كۆرىدۇ؛ سۇيىقەست، ئۇۋالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ؛ ھەركىمنىڭ ياخشى - يامان ئىش - ئەمىلى ئاقىۋەتتە ئۆزىگە قايتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**نېمە دېسەڭ شۇنى ئاڭلايسەن**

بۇ، ھەركىم گەپ - سۆزدە پاساھەتلىك، شېرىن سۇخەن بولۇش كېرەكلىكىنى، قوپال، قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى؛ قوپال سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشى ئاقىۋەتتە ئۆز كۆڭلىگىمۇ غەشلىك كەلتۈرۈپ، پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نېمىدىن قورقساڭ شۇنىڭغا يولۇقىسەن**

بۇ، ئىرادىسىزلىك تۈپەيلى جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىقتىن قاچىدىغان ئادەم ھەمىشە ئۇڭۇشسىزلىق، پۇتلىكاشاڭغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نىكاھ غايىب، رىزقى غايىب**

بۇ، نورمال ئادەم قۇرامىغا يەتكەندە كىم بىلەن بولمىسۇن توي قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما بىر ياستۇققا باش قويىدىغان ھەمراھنى ۋە كۈننى ئالدىن بىلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**نىكاھ – ئۆمۈر سودىسى**

بۇ، نىكاھلىنىش قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، ئۆجمە كۆڭۈللۈك قىلىپ بىر دەملىك ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك**

بۇ، بىراۋغا ھەمىشە سۇيىقەست ئويلايدىغان، قارا نىيەت ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىك غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ھامان ئاشكارىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ھ

«ھاپ»تىن كەلگەن «ھوپ»قا كەتتى

بۇ، ئەجىر قىلماي ئوڭاي قولغا كەل-
گەن پايدا ـ نەپ كىشىگە ئەسقاتمايدۇ، كۆ-
تۈلمىگەن سەۋەب بىلەن ئاسان قولدىن كې-
تىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھاپىتىغا شاپىتى،**
**توغرىلىققا مەرەزدا**

بۇ، ھەركىم ئۆز خىلى بىلەن ئارىلى-
شىدۇ، مىجەز ـ خاراكتېردە قاملىشىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «ھاپىتىغا شاپى-
تى، توغرىلىققا مەرەزدا» دېگەندەك، بەد-
رەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك دامولىنىڭ
تېپىشىپ مۇنداق قىزغىن كۆرۈشكەنلىكى
ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرمەي قال-
مايتتى.

**ھارام ھارامغا كېتەر،**
**ھالالنى زايە ئېتەر**

بۇ، ئالداپ ـ سالداپ تاپقان ھارام تاپا-
ۋەت ناپاك ئىشقا سەرپ بولىدۇ، بەھرىلى-
نىشكە تېگىشلىك ھالال مەنپەئەتنى بۇلغاپ
ۋەيران قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھارغاندىن ھال سورا،**
**گەپ سورىما**

بۇ، ئىش ـ ئەمگەك قىلىپ ياكى يول
يۈرۈپ دەرماندىن كەتكەن كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىنى ياساپ، ئىلھام ـ مەدەت بېرىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھارماڭ دېسە، ھاپاش بوپتۇ**

بۇ، كۆڭۈل سوراپ ھېسداشلىق قىل-
غان ئادەمگە ئېغىرىنى سالىدىغان رودۇپاي
خاراكتېرلىكلەرنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ھارماڭ دېسە، خامان باقتىم دەپتۇ**

بۇ، سورالغان سوئالغا لايىقىدا جاۋاب
بېرەلمەي، كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىغانلار-
نىڭ دۆت ـ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھارۋا بۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال غىچىرلايدۇ**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن
ئىلگىرى پايدا ـ زىيان، خەۋپ ـ خەتە-
رىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىش
لازىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھارۋاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،**
**ئېتىڭ ئۆلسە گۆش (بولار)**

بۇ، بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئات ـ
ئۇلاغ، قورال ـ جابدۇق ناكار بولۇپ ئىش-
تىن قالسىمۇ، يەنە بىر ئېھتىياجنى قاندۇ-
رۇپ ھاجەتتىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**هازىغا بارغان خوتۇن**
**ئۆز يىغىسىنى يىغلار**

بۇ، مۇسىبەتكە داخىل بولغان، ئۆلۈم - يېتىمنى كۆرگەن كىشى كېلەچكىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هاقارەتلىك تۇرمۇشتىن**
**ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى**

بۇ، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، خورلۇق تارتىپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆز ئېتىقاد - ۋىجدانىغا سادىق بولۇپ ئىززەت - هۆرمەت بىلەن ئەتىۋارلىق ئۆلگەن ئەۋزەل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هاڭرىمىغان ئېشەكتىن ئالۋان ئاپتۇ**

بۇ، تاپاۋەت كويىدا قىلمىغان ئىش، دېمىگەن گەپ ئۈچۈن تۆلەم تۆلىتىپ باشقىلارنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىتىدىغان ناهەقچىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**هاڭۋاقتى ئادەمگە**
**هارامزادە موللا ئامراق**

بۇ، هېچ ئىشقا ئەقلى يەتمەيدىغان، هۈنەر - كەسىپمۇ بىلمەيدىغان، نادان ئادەمنى ساختىپەز، ئالدامچىلار ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالالدىن نان تاپساڭ**
**كوچىغا چىقىپ يە**

بۇ، هالال ئەجىر قىلىپ ئېرىشكەن يوللۇق تاپاۋەتتىن ئۇچۇق - ئاشكارا، يۈرەكلىك پايدىلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالاللىقنىڭ يولى بىر،**
**هارامىلىقنىڭ يولى مىڭ**

بۇ، پاك ياشاشنىڭ بىردىنبىر ئامالى راستچىل، سەمىمىي، ئادىل بولۇش ئىكەنلىكىنى؛ ناپاك هاياتلىقتا هەرقانداق ئىشنى ياخشى - يامان دەپ ئايرىماي قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالال ناننىڭ مىننىتى يوق**

بۇ، ئەجىر قىلىپ ئېرىشكەن تاپاۋەتنىڭ سورىقى، تاپا - تەنە، مىننىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالغا بېقىپ هەشەم،**
**دايقا بېقىپ سەنەم**

بۇ، هەركىم ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قۇربىگە قاراپ ياسىنىش، ماختىنىش؛ ۋەزىيەتكە، ئەمەلىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالۋىنى كۆپ يېسەڭ زاڭ تېتىيدۇ**

بۇنىڭ «هالۋىنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، هەددىدىن ئاشۇرۇپ قىلىنغان ئىش - هەرىكەت، گەپ - سۆزنىڭ هېچقانداق قەدىر - قىممىتى، مەززىسى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالۋىنى هېكىم يەر،**
**تاياقنى يېتىم (يەر)**

بۇ، تۇرمۇشنىڭ راهەت - هالاۋىتىنى ئەمەلدار، ئىمتىيازلىقلار كۆرۈپ هۇزۇرلان-

سا، ئۇنىڭ خاپىلىق، جاپاسىنى نامرات، ياۋاش بىچارىلەر تارتىدىغان تەڭسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت،**
**خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، ئىمكانىيىتىگە يارىشا ئىش قىلىشى، چامى يەتمەيدىغان ئىشقا كۆچىمەسلىكى، مەنمەنلىك قىلماسلىقى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھاماقەتنى ھارماق دېمە،**
**ھارغاندا ئۆزى توختايدۇ**

بۇ، نادان - ئەخمەق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياش، ئىچ ئاغرىتىش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ خىل كىشىلەر گەپ يېمەي، ئۆزىنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھاممامنىڭ كەلگىنى ياخشى،**
**تاغامنىڭ بەرگىنى (ياخشى)**

بۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا ئىزدىشىپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ئارقىلىق يار - يۆلەك بولۇپ، ئىجىل - ئىناق ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھايات چېغىمدا تىللىما،**
**ئۆلگىنىمدە يىغلىما**

بۇ، ھەركىم ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، بىراۋنى قاقشىتىپ دىلىنى چەكمەي، ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى، قايغۇلۇق كۈنلەردە ھەسرەتلىنىش، پۇشايمان قىلىش پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھايالىق كىشى — باھالىق كىشى**

بۇ، ئار - نومۇسنى ساقلاپ، پەزىلەتلىك ئىشنى كۆپ قىلغان ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە قەدىر - قىممىتى، ئىناۋەت - ھۆرمىتى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھايان ماڭا بولسۇن،**
**زىيان ساڭا (بولسۇن)**

بۇ، كەسىپ - تىجارەتتە ئادىل ئىش تۇتماي، ھەدېسە ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، ئېلىم - بېرىمدە سەممىيەتسىزلىك قىلىدىغان، مەنپەئەتپەرەس كىشىلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەر كاللىدا بىر خىيال،**
**تاز كاللىدا مىڭ خىيال**

بۇ، ھەر ئادەمدە ئۆزىگە يارىشا ئارزۇ - ئىستەك بولىدۇ، جىسمانىي ئەيىبى بار ئادەم تۈرلۈك - تۈمەن ئويلاردىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەر كۈننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەمگىكى بار**

بۇ، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمگەك قىلىش ئىكەنلىكىنى، تىرىكچىلىكتە ئىشنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەر كىشى ئۆز غېمىدە،**
**كور كىشى كۆز غېمىدە**

بۇ، ھەركىم خاتىرجەم ياشاش كويىدا مەلۇم ئىش - ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى، كۆزى ئەما ئادەم يورۇق دۇنيانى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا پۇچىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەركىم بارغا باتۇر**

بۇ، شارائىتى يېتەرلىك، توقۇزى تەل ئادەم يۈرەكلىك ئىش تەۋرىتەلەيدۇ، تەييار بايلىقنى چوڭ - چوڭ ئىشلىتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەركىم قىلسا ئۆزىگە،**
**توپا تىقىلار كۆزىگە**

بۇ، بىراۋنى قەستلىگەن ئادەم ئاقىۋەتتە ياخشىلىق كۆرمەيدۇ، قىساس تۇتۇپ ئۆزى ھالاك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئامانقۇل بىلەن ئايقىز دەرھال تىك يارنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ، پەسكە قارىدى. ئەمەت كۈرۈك شېغىل تاشلار ئارىسىدا قانغا مىلىنىپ دۈم ياتاتتى. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، توپا تىقىلار كۆزىگە» دېدى ئامانقۇل ئايقىزنىڭ چېچىنى سىلاپ.

**ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ**

بۇ، ئارزۇ - ئۈمىد كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، غايىسىز ئەھۋالدا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەركىمنىڭ ئۆزىگە، ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە**

بۇ، ھەركىمنىڭ ھەققىي ياخشى كۆرۈپ چىن دىلدىن سۆيگەن كىشىسى گەرچە سەت بولسىمۇ، ئۆزىگە چىرايلىق بىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەركىمنىڭ ئۆزىگە راست**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇۋاپىق دەپ ئىپتقان گېپى ئۆزىگە توغرا ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەركىم ھەر كويدا،**
**تاز خوتۇن ئەر كويىدا**

بۇ، ھەر ئادەم تىرىكچىلىكتە ئۆزىنىڭ مۇراد، مەقسىتىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ؛ ياتلىق بولالمىغان جىسمانىي ئەيىبى بار ئايال توي قىلىش ھەلەكچىلىكىگە كىرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سوپى مەرگەن قاپاقلىرىنى سىلىپ «ھەركىم ھەر كويدا، تاز خوتۇن ئەر كويىدا» دېگەندەك، بىرلىرى تۆگىلىرىنىڭ، يەنە بىرلىرى قىزلىرىنىڭلا غېمىنى يېگۈچە، ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، يۇرتنىڭ كويىدا ئىش كۆرسەك ئوبدان بولارمىكىن؟ دېدى كۆپچىلىككە.

**ھەركىم ئۆز ئاغرىقىنى سۆزلەيدۇ**

بۇ، ھەر ئادەمنىڭ ھال - ئەھۋالى، دەرد - ئەلىمى ئۆزىگە ئايان، كىشىنىڭ دەردۇھالىنى كىشى بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلايدۇ**

بۇ، هەر ئادەم ئۆزى يولۇققان دەرد - ئەلەم، بەختسىزلىك، دىشۋارچىلىققا زارلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەر كىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ**

بۇ، هەر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ماكانىدا ئەركىن ياشىيالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئاققىز، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كونىلاردا «هەركىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ هازىرچە تۇتقان ئۆيىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن كەڭ ئاسماننىڭ ئاستى بىزنىڭ ماكانىمىز، نەگىلا بارساق دوستىمىز، قېرىندىشىمىز، پاناھىمىز بار! دېدى باتۇق.

**هەركىم ئۆزىنى چاغلاپ،**
**ئىش قىلىدۇ بېلىنى باغلاپ**

بۇ، هەر ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى، شەرت - شارائىتىنى مۆلچەرلەپ ئاندىن بىر ئىشقا نىيەت قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقىچە**

بۇ، ئاتا - ئانا ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ مېھرى - ئوتى باشقا - باشقا بولۇپ، بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەرنەرسە كىچىكىدە ئاتلىق**

بۇ، پەرزەنتلەر بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئوماق قىلىقلىرى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا**

بۇ، هەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ئوخشاشمىغاچقا، تىرىكچىلىكمۇ پەرقلىق بولىدۇ، هەرقايسىسى ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىت، ئىمكانىيىتىگە يارىشا كۈن ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەرىكەتتە بەرىكەت،**
**بىكارچىلىقتىن نېرى كەت**

بۇ، بېرىلىپ هۈنەر - كەسىپ قىلغان كىشى تېگىشلىك ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىدۇ، كۈچ - قۇۋۋىتى تۇرۇقلۇق ئىشلىمىگەن ئاقىنانچىدىن هەممە ئادەم بىزار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەرىكىتى كېتىپ،**
**بەرىكىتى قالار**

بۇ، مەلۇم هۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئاز - تولا زىيان تارتسىمۇ، شۇنىڭغا يارىشا پايدا - تاپاۋەتكە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەرىمۇ شىرىنىسى بار يەرگە قونىدۇ**

بۇ، باشقىلاردىن هېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان، قولى ئوچۇق ئادەمگە هەممە يېقىنلىشىدۇ، نەپ - پايدىغا هەممە ئادەم يېپىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**هەرىنىڭ هەسىلىمۇ بار،**
**زەھىرىمۇ بار**

بۇ، تۇرمۇشنىڭ راھەت - جاپاسى ئۆزئارا قوشكېزەك ئىكەنلىكىنى، ئۇمىدۋارلىق بىلەن ئەجىر قىلىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەر ئىش ئۆز يولىدا ياخشى**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم چېكىدىن ئېشىپ كەتمەي، ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كەتمەي، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ، ئۆز يولىدا «سىڭىپ پاتار» ئىش قىلغان تۈزۈك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەسەنخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،**
**سۆخەنچىدىن دەردىڭنى (يوشۇر)**

بۇ، بەخت - ئامەتنى كېلىپ ياخشى كۈن كۆرگەندە نائەھلىگە ماختانماسلىق، ئادەمگەرچىلىكى يوق گەپ ئۆرۈقى ئادەملەرگە سىرىنى ئېيتماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەسەت قىلغۇچە ھەسرەت قىل**

بۇ، باشقىلارنىڭ بەخت - ئامىتىگە ئىچى تارلىق، نائەھلىلىك قىلىشتىن كۆرە، ئادەمگەرچىلىككە يات، يارىماس ئىللەتلەر بىلەن بىھۇدە ئۆتكەن كۈنگە ئۆكۈنۈش، پۇشايمان قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار،**
**گۈلنىڭ تىكىنى (بار)**

بۇ، راھەت - ھالاۋەتلىك كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەسسىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق**

بۇ، بىراۋنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ ھاجىتىنى ھەل قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدىغان نائىنساپ كىشىلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەق سۆز — ئاچچىق سۆز**

بۇ، جايىدا ئېيتىلغان راست گەپ دەماللىققا قاتتىق، قوپال تۇيۇلسىمۇ، نەتىجىسى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەقنىڭ رىزقى نەق**

بۇ، ھەرۋاقىت ئادىل ئىش قىلىدىغان، كىشىنى ئالدىمايدىغان، سەممىي، راستچىل ئادەمنىڭ نېسىۋىسى ئىشەنچلىك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس**

بۇ، توغرىلىق دەماللىققا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ، ھامان غالىب كېلىپ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىش بىلەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

جان ھېيتگاھ، شۇنداق سەن، شۇنداق
ئىدىڭ سەن،
بىر مەھەل ئۈستۈڭنى قاپلىدى زۇلمەت.
«ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس» دېدىڭ
سەن،
پۈكمىدىڭ قەددىڭنى تارتساڭمۇ كۈلپەت.

**ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق**

بۇ، مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن دەماللىققا پايدىلىنىشقا بولىدىغان، ئەمما ھۆر-

مەتكە ئەرزىمەيدىغان، قاتاردا يوق ئادەملەرنىڭ قەدىرسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەممە ئىشقا پەم كېرەك،**
**ئۆتۈككە چەم (كېرەك)**

كەش - ئۆتۈككە چەم (كېرەك)
بۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ئەقىل - پاراسەت لازىم ئىكەنلىكىنى، ئەقىلنى قايرىپ قويۇپ قىلىنغان ئىش - ئوقەت نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەممە ئىشنى موللا بىلەر،**
**ئۆزى قوپۇپ كۆلگە سىيەر**

بۇ، كۆپ ھاللاردا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ياخشى - ياماننى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۆز سالاھىيىتىگە، ئەخلاق ئۆلچىمىگە زىت ئىشلارنى قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت**

بۇ، تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ يوللىرى ئومۇمەن ھەممە يەردە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، تىرىشمىسا، ئىزدەنمىسە ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

ئاسمان - زېمىندا ئوخشاشلىق كۆپكەن،
ھەريەردە قازان قۇلىقى تۆتكەن.
تۆت بولسا مەيلى قازان قۇلىقى،
ئوقچۇپ تۇرسىلا جۇرئەت بۇلىقى.

**ھەممىنى كۆرگەن كۆز**
**ئۆزىنى كۆرمەس**

بۇ، ھە دېسە باشقىلارنىڭ ئەيىب - قۇسۇرىغا سەپسالىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەيىب - قۇسۇرىنى يوشۇرۇپ، تۈزەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوت — كەتمەن سېپىنى تۇت**

بۇ، كالېندار ھېسابىدا يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ، دېھقانچىلىقتا تېرىقچىلىق باشلىنىدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورى تۈگەپ، شورى قالدى**

بۇ، مەلۇم ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن پۈتۈن تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ يامان كۈنگە قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۆيۈڭنى بېشىڭغا كەي، ھورى تۈگەپ شورى قالغان ئۆيۈڭگە خۇشتار ئەمەسمەن، دېدى ئايالى ئېرىگە دومسىيىپ.

**ھوسۇلۇڭ كەم بولسا ھاۋادىن كۆرمە**

بۇ، ھەركىم قىلغان ئىشنىڭ ئىلگىرى باسمىغانلىقىنى، دارامىتىنىڭ ئازايغانلىقىنى تەبىئەتتىن، باشقىلاردىن كۆرمەي، ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقى، تىرىشىپ ئىشلىمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوسۇلۇڭ يەتسە گۈل قىس**

بۇ، قىلغان ئىشى ئىلگىرى بېسىپ، دارامىتى ئاشقان، ئېشىنچىغا ئېرىشكەن ئادەم راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوشيار بولساڭ، ئاپەت كۆرمەيسەن**

بۇ، ھەرۋاقىت سەزگۈرلۈك بىلەن ئىش قىلغان ئادەم ھېچقاچان كۆتۈلمىگەن بالا ـ قازا، بەختسىزلىككە يولۇقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھوبلامنىڭ تېمى يوق،**
**دەرۋازام قۇلۇپلاقلىق**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئالدىنئالا پۇختا تەييارلىق قىلمايلا خىيالغا كەلگەنچە ھەرىكەتكە كىرىشىدىغانلارنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ يۈك**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپ ئادەمنى ھېچكىم ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنداقلار خارلىنىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇنغا ھويلىدىكى سۇمۇ يىراق**

بۇ، ئىشتىن قېچىپ تەييارغا تايىنىپ ياشاشنى ئادەت قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتىنمۇ ئېرىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇنغا ئېتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپ ئادەم قورقۇنچاق، ئىرادىسىز كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇننىڭ كۆڭلى كۆلگە تارتىدۇ،**
**ئىشچاننىڭ كۆڭلى گۈلگە (تارتىدۇ)**

بۇ، ئىشتىن قاچىدىغان، ئېرىنچەك ئادەم خارابلىقنى خالايدۇ؛ جاپادىن قورقمايدىغان، ئىشچان ئادەم گۈللىنىشنى ئارزۇلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇننىڭ ئېتىمۇ ھارغاق كېلىدۇ**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئېرىنچەك، بوشاڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «ھورۇننىڭ ئېتىمۇ ھارغاق كېلىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، ھېكايىمىز پۈتكۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن قوشكۆلگە بارغىنىمدا، قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

**ھورۇن ئېشەكنىڭ يېمى تولۇق**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپ ئادەم ھەرخىل يوللار بىلەن ئوزۇق تېپىپ يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: باياتىن مەن سىلەرنى ئۇستا تامچىلاردىن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ھورۇن ئېشەكنىڭ يېمى تولۇق دېگەندەك، پەمىمچە سىلەرنىڭ كۆپۈڭلار «قىشلىقى قايان باراي، يازلىقى ساراي سالاي» دەپ ئويناپ يۈرىدىغانلاردىن ئوخشىماسىلەر؟ دېدى ئۇ.

**ھورۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر**

بۇ، لايپۇس، ئېرىنچەك ئادەم ئىشتىن قېچىپ ئاقىۋەتتە تۈگىمەس ئاۋارىچىلىككە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھورۇن ئىككى قېتىم چىچار**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان ئېرىنچەك ئادەم بىرەر ئىشنى قايتا ـ قايتا ئىشلىسىمۇ

ئوڭۇشلۇق قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۆپۈپ دۈڭگە چىقسا قۇش بەر،**
**يېتىم توپىغا بارسا مۈشت (بەر)**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلار قەيەرگە بارسا پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۆپۈپ كاماردا، موللا نەمەدە**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى ئادەم پايدا - مەنپەئەت، نەپ ئېلىش كويىدىلا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۆرمەت قىلساڭ ھۆرمەت كۆرىسەن**

بۇ، مويسىپىتلەرنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنگەنلەر باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنەر تۈگىمەس گۆھەر**

بۇ، بىلىم، ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەش ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنەر - قىلسا ئۈنەر**

بۇ، ھەركىم تىرىكچىلىكىنى ھۈنەر - تېخنىكىغا تايىنىپ ئۆتكۈزسە تۈگىمەس نەپكە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىز سىلىگە ئىككى يۈز ئەللىك كوي قەرز بېرىپ تۇرايلى دېيىشتۇق، بۇ پۇلنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىككى قوي ئېلىپ بېقىپ، قالغىنىنى دەسمايە قىلىپ قوشۇمچە مۇزدۇزلۇق بىلەن شۇغۇللانسىلا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزلىرىنى ئوڭلىۋالالايلا، چۈنكى «ھۈنەر - قىلسا ئۈنەر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! دېدى ئۇ ئىمىن ئاكىغا.

**ھۈنەرلىك ئادەم — مېۋىلىك دەرەخ**

بۇ، ھۈنەر - تېخنىكىغا تايانغان ئادەمنىڭ تاپاۋىتى كەم بولمايدۇ، تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق نەرسىلەردىن قىسىلمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس،**
**دوست - دۈشمەنگە زار (بولماس)**

بۇ، تىرىشىپ ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىگەن ئادەم ماددىي بايلىققا، شان - شەرەپكە ۋە ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ، ھېچكىمگە يېلىنمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنەرنى بىركىشىدىن ئۆگەن،**
**ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن (ئۆگەن)**

بۇ، ھەركىم ھۈنەر - كەسىپتە مەخسۇس ئۇستاز تۇتۇپ نۇقتىلىق ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ھۈنىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنەر — ھۈنەردىن بەرىكەت ئۈنەر**

بۇ، كەسىپ - تېخنىكا ھاياتلىقتا تىرىكچىلىكنىڭ ياخشى كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم يېتەرلىك نەپ - تاپاۋەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ دادىسى «نېمىلا بولسا، ھۈنەرنىڭ بەرىكىتى تولا، ‹ھۈنەر — ھۈنەردىن بەرىكەت ئۈنەر›» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ ياغاچچى دوستى سۇلايمان ئۇستىغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەردى.

**ھۈنەرۋەن باي بولماس،**
**قورسىقىنى ئاچ قويماس**

بۇ، ئادەتتىكى ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم گەرچە بېيىپ كېتەلمىسىمۇ، تۇرمۇشتا قىسىلماي، نورمال كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنىرى بار قۇل ئۆلمەس**

بۇ، مەلۇم ھۈنەر - تېخنىكا بىلگەن ئادەم بار - يوقنىڭ دەردىنى تارتماي غەمسىز ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنىرى يوق ئەردىن مېكىيان ياخشى**

بۇ، ھۈنەر - تېخنىكا بىلمىگەن كىشىنىڭ مېكىيان توخۇچىلىك تاپاۋىتى بولمايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ،**
**مەززىسى يوق ئىشىنىڭ**

بۇ، ھېچقانداق ھۈنەر - تېخنىكا ئىگىلىمىگەن ئادەم ھەر قانچە تىرىشسىمۇ ئىشلىرى ئىلگىرى كەلمەي، ئۆمرى مەنىسىز ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق**

بۇ، كۆرۈنۈشتە بىللە، نەپ ئېلىشتا ئايرىلماس بولۇۋېلىپ، يېقىن - يورۇقلىرىغا پايدىسى تەگمەيدىغان قۇۋ كىشىلەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرىدۇ: تۇغقان، تۇغقان دەيدىكەنسىلەر، ئۇنداق ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق تۇغقاندىن يات ياخشى، دېدى ئۇ.

**ھېسابلىق دوست ئايرىلماس**

بۇ، ئېلىم - بېرىم، باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەردە ئۆزئارا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، مۇئامىلىدە ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش يولىنى تۇتقان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەركىن، كونىلاردا «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن بىر ماقال بار، بۇ پۇل سىزگە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ لازىم بولىدۇ، ئېلىڭ، دېگىنىمچە ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا مەجبۇرىي سېلىپ قويدۇم.

**ھېيتاخۇن روزا تۇتۇپ،**
**روزاخۇن ھېيت ئويناپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشتا جاپا چەككەن، ئەجىر قىلغان بىر چەتتە قېلىپ، راھەت - ھالاۋەتنى باشقىلار كۆرىدىغان ئادالەتسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ھېيتتا قويمىغان ئوسماڭنى،**
**ھېيتتىن كېيىن كاساڭغا قوي**

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، ئېھتىياج چۈشكەندە قىلىش كېرەكلىكىنى، پەيتى ئۆتكەندە قىلغاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھېيتتىن كېيىن ناغرا،**
**ئاشتىن كېيىن زاغرا**

بۇ، زۆرۈر ئىشنى ھالقىلىق مەزگىلى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قىلغانلىقنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئاغىنە، «ھېيتتىن كېيىن ناغرا، ئاشتىن كېيىن زاغرا» بولىدىكەن - دە، باھار ئۆتۈپ كەتكەندە باھار ھەققىدە شېئىر يازساڭ ئۇنداق شېئىرنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ دېدى نىياز چاقچاق ئارىلاش.

**ھېيتنى ھېيت قىلغان — ناغرا**

بۇ، ھەر ئىشنىڭ داغدۇغىلىق بولۇشى ھەر تەرەپلىمە شەرت - شارائىتنىڭ ھازىرلىنىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلە قىلغان تۇتۇلار،**
**توۋا قىلغان قۇتۇلار**

بۇ، يالغان سۆز - ھەرىكەت بىلەن باشقىلارنى ئالدىغانلار قولغا چۈشىدۇ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، گۇناھلىق ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا ۋەدە قىلغانلار كەڭچىلىككە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلىدىن ھالۋا ياساپتۇ**

بۇ، يالغان سۆز ۋە ساختا ھەرىكەت بىلەن باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ نەپكە ئې--
رىشىشتەك رەزىللىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلىگەردىن توخۇم ئالساڭ،**
**ئىچىدىن سېرىقى چىقماس**

بۇ، ساختىپەزلەر بىلەن ئالغۇ - بەرگۈ قىلغان ئادەم ھەرخىل نەيرەڭلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلىگەر ساماننىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتەر**

بۇ، مەككار ئادەم پۇرسەت تاپسىلا يالغان سۆزلەش، ئالداش، ساختا قىلىش نەيرەڭلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى تۇيدۇرماي ئورىغا ئىتتىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلىگەر كاسىپنىڭ تىلەيدىغىنى**
**كور خېرىدار**

بۇ، ساختىپەز ھۈنەرۋەن ساددا ئادەمنى تاپسا تۈرلۈك نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئالداش كويىدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھىيلىلىك ئىشتا خەير يوق**

بۇ، ساختىلىق بىلەن مەككارلىق ئارىلاشقان ئىشتا ياخشىلىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئو

**ئوت بىلەن سۇ — تىلسىز يېغى**

بۇ، تىنچ تۇرمۇشنى ۋەيران قىلىدىغان بىشارەتسىز خەۋپ ئىنسانغا بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن ئاپەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەرۋاقىت ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوت بىلەن ئويناشقاننىڭ قولى كۆيەر**

بۇ، ھەر ئىشقا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى، يېنىكلىك، تەۋەككۇلچىلىك كۈتۈلمىگەن يامان ئاقىۋەتكە يولۇقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بىزنى «ئوت بىلەن ئوينىشىۋالىسىلەر»، «ئوت بىلەن ئويناشقاننىڭ قولى كۆيىدۇ» دەيتتى. بىز مۇنداق ئوت بىلەن قولىمىز ئەمەس، ئۆزىمىز كۆيۈپ كەتسەكمۇ ئويناشقىنىمىز ئويناشقان، دەيتتۇق.

**ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز،**
**ئوتتۇز ئەلگە تارقاپتۇ**

بۇ، گەپ - سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇپ، مەخپىي تۇتۇشقا تېگىشلىك سىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ**
**بىر كۈن پوقتا ئىپتار قىپتۇ**

بۇ، دائىم خەيرلىك ئىش - ئەمەللەرنى قىلغان تۇرۇپ بىرەر يامان ئىشى ئارقىلىق پۈتۈن ياخشىلىقىنى يوققا چىقىرىۋېتىش قىلمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ**
**بىر كۈن ھېيتى بار**

بۇ، سەۋر - تاقەتلىك، ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىككە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتتۇز ئوغلۇم بولغۇچە،**
**ئوسۇرغاق ئېرىم بولسىچۇ**

بۇ، ئېرىدىن ئايرىلىپ تۇل قالغان ئاياللار پەرزەنتلىرىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالغاندا، تۇرمۇشى كاپالەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ**
**ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار**

بۇ، ئۇچرىغانلا يەردە ئورۇنسىز گەپنى كۆپ قىلىدىغان يامان ئادەت كىشىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، ئىناۋىتىدىن ئايرىيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار» دېگەندەك، خۇرشىدەنىڭ زەنجىرسىمان سۆزلىرىنىڭ ھېچ ئاخىرى چىقمايۋاتاتتى.

ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما،
ئىت ھاۋشىغان يەرگە بار

بۇ، سەپەر ئۈستىدە ئادىشىپ قالماسلىقتا دىققەت قىلىپ، تاۋۇش چىققان يەرگە بېرىپ چۈشكۈن قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ،
شامال چېچىپ سورۇيدۇ

بۇ، تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى، يۈز بېرىش ئېھتىيالى بولغان ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالمىغاندا ئىنساننىڭ ھاياتى، تىنچ تۇرمۇشى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيان كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوت نەدە كۆيىدۇ —
تۈل خوتۇننىڭ بېشىدا

بۇ، ۋاپادار ئېرىدىن ئايرىلغان تۈل خوتۇن دەرد - ئەلەم چېكىپ غەم - ئەندىشىلىك، مۈشكۈل تۇرمۇشتا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر،
قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچەر

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە تىنچ - ئىتتىپاق ئۆتۈش ئۇچۇن ھەقەمسايە، مەھەللە - كوي بىلەن يېقىن، ئىناقلىقنى ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ،
دۈشمەننى كىچىك دېمە ئۆلتۈرىدۇ

بۇ، ھەرقانداق ئىش - نەرسىگە ئۆزە، ئاددىي قارىماي، ھوشيار، ئېھتىياتچان، تەدبىرلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتنى كىم تۇتسا
شۇنىڭ قولى كۆيەر

بۇ، باشقىلارغا زىيان سېلىش مەقسىتىدە كۆيدۈرگىلىك قىلغان ئادەم جەزمەن قىلمىشىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي

بۇ، توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ خورلۇق تارتقۇچە، باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئېلىشىپ باشقا كەلگەننى كۆرگەن تۈزۈك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئاقساقال بوۋاي توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئاغىنىلەر، تۇغقانلار، كونىلاردا «ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم ھازىر ھاجىمنىڭ پالۋانلىرى ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئۆيدە يەتتە جان ئادەم بار. ئوغلۇڭلار ھۆكۈمەتكە قارشى قورال كۆتۈرۈپتۇ دەپ، ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلىماقچى بولسىزە، كۈرۈك توخۇدەك جىم ياتقۇلۇقمۇ! ؟ دېدى.

ئوتۇن ئوبدان — خوتۇن ئوبدان

بۇ، تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر تەل بولغان ئائىلىدە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت قىزغىنلىققا تولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوت ئۈستىگە ماي چېچىپتۇ،**
**پاتقاق ئۈستىگە لاي چېچىپتۇ**

بۇ، ئۇرۇش - جېدەل، ماجىرانى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن زىددىيەتنىڭ چوڭىيىپ، كەسكىنلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق**
**سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى (يوق)**

بۇ، بارلىق ئىمكانىيەت، شەرت - شارائىتنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇغا ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، قىسمەن تەرىپى تەل بولسىمۇ، يەنە قىسمەن تەرىپى كۈتكەندىكىدەك ھازىرلانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئونغا چىدىغان ئوينايدۇ،**
**پۇلغا چىدىغان چاينايدۇ**

بۇ، جەبىر - جاپاسىغا، دەرد - ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلىگەن، زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرنى تۆلىيەلىگەن كىشى مۇھەببەت ۋەسلىگە قېنىپ ئارمانسىز ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئورناقچىلىقتىن كەپسەن ياخشى**

بۇ، بىراۋغا بېقىنىپ شېرىك قىلغان ئىش سەدىقە ئالغانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇنۇم - بەرىكىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئورغاق تۇتۇپ ئاناڭ قالغۇچە،**
**ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن**

بۇ، پەرزەنتلەر ئەقىللىق، ساغلام، پاكىز ئۇسۇپ - يېتىلىشتە ئانا مېھرىگە ھەممىدىن بەك موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئورۇق قوينىڭ مايىقى يوغان**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر گېپى چوڭ، ماختانچاق، ھەشەمەتچى كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئازنىخان ئۇلارغا: ھەي ئېزىلەڭگۈلەر، ئورۇق قوينىڭ مايىقى يوغان دەپ كۈلۈشۈڭلار قالتىسقۇ، ئات ئۈركۈتكۈدەك كۈلۈشكىچە كوچىغا سۇ چاچساڭلار بولمامدۇ؟ دەپ چېچىلدى.

**ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق**

بۇ، ئىش - ھەرىكىتى چاققان، جۇدەڭگۈ ئادەم ساغلام، غەمسىز ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئورۇق ئۆيگە يوغان مۈڭگۈز**

بۇ، يارامسىز ئادەمگە ماختانچاقلىق، مەنسەپ، ئابرۇي ياراشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئورنى كىم كولسا ئۆزى چۈشەر**

بۇ، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق يوق، كىشىنى قەستلىگەن ئادەم ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: توقسۇن يۈگەن دېگەن مۇناپىقنىڭ ھاجىغا قەست قىلىشىدا بولۇۋاس تازنىڭ قولى بار دەپ ئويلايمەن، ئىلاھىم بۇ تازىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەس، «ئورنى كىم كولسا ئۆزى چۈشەر»، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دېدى ئابدۇرېھىم دورغا قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋې-

تىپ.

**ئوزۇقلۇق ئات هارماس**

بۇ، پۇختا تەييارلىق بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان كىشى ئانچە قىيىنالماي مەنزىلگە يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوسما ئامراققا ئەر ئامراق**

بۇ، ھەدېسە پەرداز قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ياسانچۇق ئايالغا ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، ئەر كىشىلەر مەپتۇن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «ئوسما ئامراققا ئەر ئامراق» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس جۇمۇ، ھەمراخان، ئاي بولۇپ كەتتىڭلار، ئاي. مەھەللىنىڭ ئەر خەقلىرى خوتۇنلىرىغا قارىغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلغۇلۇق، دېدى ئۇ.

**ئوسمابىلامنىڭ ئون كۆڭلىكى بار،**
**بىر كۆڭلەكچىلىك ۋەسلى يوق**

بۇ، تۇرمۇشتا پەم - پىلانسىز، تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلمايدىغان، بەتخەج كىشىلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلۇق ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇشقا سەۋەب كۆرسىتىپ، يالغان ئېيتىشقا، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوشۇق دۆلەت باشقا تاج**

بۇ، تۇرمۇشنى تېجەشلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېھتىياجدىن ئېشىنىپ توپلىغان بايلىق كىشىگە بەخت - باياشاتلىق ئاتا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس**

بۇ، ئەجىر قىلىپ ئېرىشكەن تاپاۋەتتىن ئاز - تولا ئېشىنىپ بايلىق توپلاش ھەرگىز زىيانلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بوۋاي «مەن ئوتتۇنچىلىق بىلەن ياشىغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولدى، كۆرمىگىنىم قالمىدى. لېكىن ھەر كۈنى تاپىدىغان بىر نېنىم ئىككى بولمىدى. ئەمدى مەن ھەر كۈنى تاپقان بىر ناننى شۇ كۈنلا يەپ تۈگەتمەي، يىغىپ قوياي، ‹ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس› » دەپ ئويلاپتۇ - دە، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى چارەك ناننى ئاشۇرۇپ قاپتۇ.

**ئوغرى ئاسماقچى كېلەر،**
**غالچا غەيۋەتچى (كېلەر)**

بۇ، يامان نىيەتلىك ئادەملەر باشقىلارنىڭ سىرىنى تىڭ - تىڭلاپ بىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ؛ خوشامەت، يالاقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغانلار ئەتراپىدىكىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، پىتنە - پاسات تارقىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار**

بۇ، ھەركىم مال - مۈلكىگە ئوبدان ئىگە بولۇپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن ساقلىنىش

كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرى بېيىماس، جاغدا قېرىماس**

بۇ، يامان يولدىكى ئادەم خەقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ئېرىشكەن پايدا - تاپاۋەت بىلەن راۋاج تاپالمايدۇ، ئۆزىنى ئاسرىغان، ساغلام ئادەم ھاياتىي كۈچىنى ئۇزاق ساقلىيالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرى تۇتساڭ چوغىنى تۇت**

بۇ، خەقنى قاقتىشتا ئادەتلەنگەن يامان يولدىكى ئادەملەرنىڭ باشلامچىسىنى قولغا چۈشۈرگەندىلا، ئەگەشكۈچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرى تۇتقىن تۇماندا،**
**ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا**

بۇ، خەقنى قاقشىتىپ نەپ ئالىدىغان، يامان يولدىكى ئادەمگە شۈبھىلىنىپ ھەسرەت چەكمەي، پەيتىنى كەلتۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «ئوغرى تۇتقىن تۇماندا، ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا»، دېدى مەريەم ئۆز - ئۆزىگە، مانا تاڭ ئاتاي دەپ قالسىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇ بۈگۈن كېچە چوقۇم ھەسەلنىڭ ئۆيىدە، ھەسەلنىڭ ئېرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ تېخى مېنى ئالداپ «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» قىلماقچىمىش.

**ئوغرى تۈنۈلار، قىمارۋاز ئۇتۇلار**

بۇ، خەقنى قاقشىتىپ قاقتى - سوقتىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ھامان قولغا چۈشىدۇ؛ قىمار ئويناشقا بېرىلگەن ئادەم قولىدىكى بايلىقىدىن ئايرىلىپ تەس كۈنگە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرىدىن ۋاپا كۈتمە،**
**ئوغىدىن شىپا (كۈتمە)**

بۇ، خەقنى قاقشىتىپ پۇل - مېلىنى سوقۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن يامان يولدىكى ئادەمدىن رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق كەلمەيدۇ؛ ئاغرىقنى زەھەر بىلەن ساقايتقىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس،**
**بۆرىسى يوق جاڭگال (بولماس)**

بۇ، يامان ئادەت، يامان كەسىپنى ياشاش يولى قىلىپ جەمئىيەتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە زىيان سالىدىغان ئەسكى ئادەملەر ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرى مال كويىدا،**
**قۇشناچىم گال كويىدا**

بۇ، ياخشى ياكى يامان ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ**

بۇ، بىراۋنى قاقشىتىپ ئېلىۋالغان پۇل - مال ھەرگىز ئەسقاتمايدۇ، ئۇ ھامان باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ تېمىدىيىشىنى بىلەل-

مەي قالدى. چوكاننىڭ چىرايىنى ماختاش خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپ كېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

**ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى**

بۇ، يامان «كەسىپ» بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۆزىگە ئوخشاشلار بىلەن ئۈلپەت بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك**

بۇ، ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ھەر ۋاقىت قىلمىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە - دۈككىدە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى پاراڭلىرىمۇ ئۇنىڭغا «قاراڭلار، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان خېنىمنىڭ ھېچ يەرگە يارىماي سالپىيىپ كەلگىنىنى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئۇنى روھسىزلاندۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» كېلىدۇ - دە! زىننەت بۇنداق روھىي ئازابقا چىداپ تۇرالمايدۇ، گەلۋەتتە.

**ئوغرىنى ئوغرى ناپىدۇ**

بۇ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى «كەسىپ» كە ئايلاندۇرۇۋالغانلار ئۆزىگە ئوخشاش يولدىكى كەسپداشلىرىنى ئىزدەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغلۇڭ ئاشىق بولسا كۆككە باق،**
**قىزىڭ مەشۇق بولسا يەرگە (باق)**

بۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەپ ئەخلاقلىق، شەرم - ھايالىق قىلىپ ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن شۇنداق ئەنسىرەيمەن، مەن ئۇنىڭ دادىسىغۇ؟! «ئوغلۇڭ ئاشىق بولسا كۆككە باق، قىزىڭ مەشۇق بولسا يەرگە باق» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇ بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمىسۇن، دەيمەن، دېدى سادىراخۇن تىللاخانغا جىلە بولۇپ.

**ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار،**
**قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى (ئالار)**

بۇ، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ باسقان يولى ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى ساغلام، ئىنجابىي تەربىيىلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغلۇم بولسا ئوچاقتەك،**
**قىزلار كېلەر قوچاقتەك**

بۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنى سۆيەتتىلىك تۇغۇپ، ساغلام، ھايالىق، ئىشچان، قابىلىيەتلىك چوڭ قىلغاندا ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئىستىقباللىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى،**
**قىزىم يەپ قىرغا (كەتتى)**

بۇ، پەرزەنتلەر چوڭ بولۇۋالغۇچە ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىگە تايىنىدۇ، قۇرامىغا يەتكەندە ئوغۇل ئۆيلىنىپ، قىز ياتلىق بولۇپ، يېڭى تۇرمۇش يولىنى باشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار،**
**قىزى بارنىڭ ئىزى (بار)**

بۇ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئوغۇل پەرزەنت ئاتىغا، جۈملىدىن ئائىلىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئىز باسار ئىكەنلىكىنى، قىز پەرزەنت ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئائىلىدىن ئايرىلىپ يېڭى ھايات يولىغا قەدەم تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كىمدۇر بىرى «ھەي دورغام، دۇنيالىقتا بىرتاللا ئوغۇللىرى بولۇپ قالدى، ‹ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار، قىزى بارنىڭ ئىزى بار›، دەپ، ئوغۇللىرى جىقراق بولغان بولسا، ئۇرۇقلىرىمۇ كەڭرەك بولاتتى» دېدى.

**ئوغلى بار ئوغۇلدىن كۈلمە،**
**قىزى بار قىزدىن (كۈلمە)**

بۇ، ھەركىم ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياراملىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى، باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىكى ئەيىب، ئىللەتلەرنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىپ كېرىلمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ،**
**ھوسۇل ئالىسەن قاچىلاپ**

بۇ، دېھقانچىلىقتا ئوغۇتنىڭ رولى چوڭ ئىكەنلىكىنى، تېرىقچىلىقتىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوغۇت توپلاشقا، بەرنى كۈچلەندۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ،**
**قىز ئانىنى دورايدۇ**

بۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقلىق، شەرم - ھايالىق ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار ئىجابىي رول ئويناپ، ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوغۇل دادىنىڭ، قىز ئانىنىڭ**

بۇ، ئوغۇل بالا ئاتىنىڭ تەربىيىسىگە، قىز بالا ئانىنىڭ تەربىيىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئاتا - ئانىنىڭ ئىزىنى بويلاپ خاراكتېر - مىجەزىنى تارتىپ چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوقەت قىلغان ئەيىب ئەمەس**

بۇ، قانۇنلۇق، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرقانداق كىشىگە ئەيىب بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوقۇدۇم دېگۈچە، بىلدىم دېگىن**

بۇ، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى ھەرقانداق ئىش سەۋەبتىن كۆرە، نەتىجىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوقۇغان ئۇزار، ئوقۇمىغان توزار**

بۇ، بىلىملىك ئادەم ھەرقانداق زاماندا روناق تاپىدىغانلىقىنى، بىلىمسىز، نادانلار خاراب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ**

بۇ، ئوقۇپ بىلىملىك بولۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، دانىشمەنلەر ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىمە**

بۇ، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئەخمەقلەرچە ئۇرۇنماسلىق، بىھۇدە كۈچىمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭدا ياتقان گىردە يەيدۇ،**
**كەتمەن چاپقان جىگدە (يەيدۇ)**

بۇ، بەزىدە ئەجىر قىلمىغان بىكار تەلەپلەر ھالاۋەتكە ئېرىشىپ، تەر تۆكۈپ ئىشلىگەنلەر قۇرۇق قول قالىدىغان ھايات تەڭسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،**
**سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال**

بۇ، دەرد ـ ئەلەم، ناھەقچىلىقتا ئۇچرىغاندا ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىپ، ئېغىر ـ بېسىق، سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،**
**ئىككىلىسى ئۆز قولۇم**

بۇ، ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى، يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ كاچىتىڭغا ئۇرغانغا**
**سول كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر**

بۇ، ئۇقۇشماسلىقتىن يامانلىق قىلغان كىشىدىن ئۆچ ئالماي، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك قىلىش ئارقىلىق قەلبىنى يۇمشىتىپ، مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ كۆزۈڭ سول كۆزۈڭگە دۈشمەن**

بۇ، پايدا ـ مەنپەئەت تۈپەيلىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن كىشىلەرمۇ ئۆزئارا زىتلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئولتۇرسا ئوچاقنى ئۆرۈپتۇ،**
**قوپسا مورىنى**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمىگەننىڭ ئۇستىگە قەيەرگە بارسا زىيانغا تۇرىدىغان كالامپاي ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون تال يىڭنىنى سوقسا،**
**بىر تال تۈمۈنە بولماس**

بۇ، ساپاسى يوق نەرسىلەردىن بىرمۇنچىسىنى يىغقان بىلەن جانغا ئەسقاتىدىغان يارامىلىق نەرسە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان**

بۇ، ھامىلىدارلىق مەزگىل ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئاسرايدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق پەيتى ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشى سالامەتلىككە دىققەت قىلىپ، ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە نورمال ئىش تۇتماي، خۇشامەتچىلىك بىلەن باشقىلارغا ئۇۋال قىلىپ نەپ ئالىدىغان غۇرۇرسىز كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار**

بۇ، تۇرمۇش ھەمىشە تەكشى، خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتمەيدىغانلىقىنى، خۇشاللىقنىڭ كەينىدىن قايغۇنىڭ يۈز بېرىشى قانۇنىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون مادا تەخەيلىسە،**
**بىر ھاڭگىنىڭ كۆتى ئاغرىماس**

بۇ، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشكۈلىنى كۆرۈپ تۇرۇپ خەيرخاھلىق قىلمايدىغان تاش يۈرەكلەرنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون ئىتقا يېگۈزگەندىن،**
**بىر بۆرىگە يېگۈزگەن خوپ**

بۇ، ھالقىلىق پەيتلەردە ئەسقاتمايدىغان، يارامسىز ئادەمنى «باققان» دىن كۆرە، قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەرد ئادەمنى «باققان» ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا،**
**توشقاننىڭ نەزىرىسى بار**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئادەمگەرچىلىكنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەم ياردەمگە، ھەمكارلىققا موھتاج بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا كىشىلەر بىر - بىرىگە نامەردلىك قىلماي، ھەمدەم بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇۋنى ئۇۋلا ئۇۋچى بىلەن،**
**توينى ئوينا تويچى بىلەن**

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەن، تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن بار مەسلىھەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيغاقنى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس**

بۇ، زېرەك، ئېھتىياتچان ئادەمنى ھەرقانداق ۋاستىلەر بىلەن قايمۇقتۇرۇشقا، سەزگۈرلۈكىنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيدا ياتماي، دۈڭدە يات**

بۇ، ھەر ۋاقىت ئاممىدىن ئايرىلماي، خەۋپ - خەتەرلىك ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىنچ - خاتىرجەم ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيلىسام دىلىم كۆيىدۇ،**
**سۆزلىسەم تىلىم (كۆيىدۇ)**

بۇ، باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئەيىبلىك ئادەم ھەمىشە كۆڭلى پەرىشانلىقتا ئۆتىدۇ، ئويلىغىنىنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىماي سۆزلىسەڭ،**
**ئاغرىماي ئۆلىسەن**

بۇ، ھەرقانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىپ، ئاقىۋىتىنى بايقاپ سۆزلەش كېرەكلىكىنى؛ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قىلىنغان گەپلەر باشقا بالا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،**
**كۆڭۈلدە غوۋغا بېشىڭدا**

بۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ھاماقەتلىك

**ئوق بەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىمە**

بۇ، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئەخمەقلەرچە ئۇرۇنماسلىق، بىھۇدە كۈچىمەسلىك كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭدا ياتقان گىردە يەيدۇ،**
**كەتمەن چاپقان جىگدە (يەيدۇ)**

بۇ، بەزىدە ئەجىر قىلمىغان بىكار تەلەپلەر ھالاۋەتكە ئېرىشىپ، تەر تۆكۈپ ئىشلىگەنلەر قۇرۇق قول قالىدىغان ھايات تەڭسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،**
**سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال**

بۇ، دەرد - ئەلەم، ناھەقچىلىقتا ئۇچرىغاندا ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىپ، ئېغىر - بېسىق، سەۋر - تاقەتلىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،**
**ئىككىلىسى ئۆز قولۇم**

بۇ، ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى، يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ كاچىتىڭغا ئۇرغانغا**
**سول كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر**

بۇ، ئۇقۇشماسلىقتىن يامانلىق قىلغان كىشىدىن ئۆچ ئالماي، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك قىلىش ئارقىلىق قەلبىنى يۇمشىتىپ، مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوڭ كۆزۈڭ سول كۆزۈڭگە دۈشمەن**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت تۈپەيلىدىن ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن كىشىلەرمۇ ئۆزئارا زىتلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئولتۇرسا ئوچاقنى ئۆرۈپتۇ،**
**قوپسا مورىنى**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمىگەننىڭ ئۇستىگە قەيەرگە بارسا زىيانغا تۇرىدىغان كالامپاي ئادەملەرنىڭ خاراكتېر - مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون تال يىڭنىنى سوقسا،**
**بىر تال تومۇنە بولماس**

بۇ، ساپاسى يوق نەرسىلەردىن بىرمۇنچىسىنى يىغقان بىلەن جانغا ئەسقاتىدىغان يارامىلىق نەرسە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان**

بۇ، ھامىلدارلىق مەزگىل ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئاسرايدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق پەيتى ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشى سالامەتلىككە دىققەت قىلىپ، ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون خوجايىندىن بىر يالاقچى يامان**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە نورمال ئىش تۇتماي، خۇشامەتچىلىك بىلەن باشقىلارغا ئۇۋال قىلىپ نەپ ئالىدىغان غۇرۇرسىز كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار**

بۇ، تۇرمۇش ھەمىشە تەكشى، خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتمەيدىغانلىقىنى، خۇشاللىقنىڭ كەينىدىن قايغۇنىڭ يۈز بېرىشى قانۇني مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون مادا تەخەيلىسە،**
**بىر ھاڭگىنىڭ كۆتى ئاغرىماس**

بۇ، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشكۈلىنى كۆرۈپ تۇرۇپ خەيرخاھلىق قىلمايدىغان تاش يۈرەكلەرنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون ئىنقا يېگۈزگەندىن،**
**بىر بۆرىگە يېگۈزگەن خوپ**

بۇ، ھالقىلىق پەيتلەردە ئەسقاتمايدىغان، يارامسىز ئادەمنى «باققان» دىن كۆرە، قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەرد ئادەمنى «باققان» ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا،**
**نوشقانىنىڭ نەزىرىسى بار**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئادەمگەرچىلىكنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەم ياردەمگە، ھەمكارلىققا موھتاج بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا كىشىلەر بىر - بىرىگە نامەردلىك قىلماي، ھەمدەم بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇۋنى ئۇۋلا ئۇۋچى بىلەن،**
**نوينى ئوينا تويچى بىلەن**

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەن، تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن بار مەسلىھەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويغاقنى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس**

بۇ، زېرەك، ئېھتىياتچان ئادەمنى ھەرقانداق ۋاستىلەر بىلەن قايمۇقتۇرۇشقا، سەزگۈرلۈكىنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويدا ياتماي، دۆڭدە يات**

بۇ، ھەر ۋاقىت ئاممىدىن ئايرىلماي، خەۋپ - خەتەرلىك ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىنچ - خاتىرجەم ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىسام دىلىم كۆيىدۇ،**
**سۆزلىسەم تىلىم (كۆيىدۇ)**

بۇ، باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئەيىبلىك ئادەم ھەمىشە كۆڭلى پەرىشانلىقتا ئۆتىدۇ، ئويلىغىنىنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىماي سۆزلىسەڭ،**
**ئاغرىماي ئۆلىسەن**

بۇ، ھەرقانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىپ، ئاقىۋىتىنى بايقاپ سۆزلەش كېرەكلىكىنى؛ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قىلىنغان گەپلەر باشقا بالا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا،**
**كۆنده غوۋغا بېشىڭدا**

بۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ھاماقەتلىك

قىلغان ئادەم بىھۇدە تاپا ـ تەنىگە قېلىپ، كۆڭلى رەنجىشتىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىماي ئىش قىلساڭ،**
**سانىماي تاياق يەيسەن**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئەقىلگە تايىنىش كېرەكلىكىنى؛ ئەقىلنى ئىشلەتمەي خىيالىغا كەلگىنىچە ئىش قىلغان ئادەم قۇتۇلغۇسىز دەردىسەرگە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىمىغان كىشى**
**بۇيرۇمىغان ئاشتىن ئىچەر**

بۇ، ئاق كۆڭۈل ـ ئىشچانلىق ئادەمنى تەلەيگە ئېرىشتۈرۈپ، كۈتۈلمىگەن رىزىق ـ نېسىۋىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويلىمىغان بەردىن**
**تۇغۇلمىغان توشقان چىقىپتۇ**

بۇ، كۆڭلى تۈز، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر تەلەيلىك بولۇپ، تاسادىپىي خۇشاللىق ياكى خىيال قىلمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ كېتىۋېتىپ «بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ؟ «ئويلىمىغان بەردىن تۇغۇلمىغان توشقان چىقىپتۇ» دېگەندەك، كۈتمىگەن بىر چاغدا كۈتۈلمىگەن كىشىگە يولۇقۇپ قالدىما؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

**ئويلىمىغان بەردىن تۈلكە چىقار**

بۇ، بىرەر ئىش قىلغاندا ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى، بىخۇد، بىپەرۋا ئادەملەر يامان نىيەتلىك مەككارلارنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويماقسىز خوتۇن بولماس،**
**تىغسىز ئەر (بولماس)**

بۇ، ئادەملەر جىنسىي پەرقى بويىچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلىپ ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويناپ دېسىمۇ كۆڭلىدىكىنى دەر**

بۇ، ھەر ئادەمنىڭ نىيەت، مەقسەتلىرى قىلغان ئويۇن ـ چاقچىقى، ئېيتقان گەپ ـ سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويناپ گەپ قىلساڭمۇ،**
**ئويلاپ گەپ قىل**

بۇنىڭ «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ، ھەركىم ئويۇن ـ چاقچاقتا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، گەپ ـ سۆزدە ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىشى، ئەقىلنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ساقاللىق ئەلچى يەنە گەپ يورغىلىتىپ، تەقسىر، ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا، «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاش» قا بولماس، ئۇلۇغلارنىڭ «ئويناپ گەپ قىلساڭمۇ، ئويلاپ گەپ قىل» دېگەن گېپى بار ـ دە، دېدى شەمشىدىنگە.

**ئويناپ ئۆگەنمەي، ئويلاپ ئۆگەن**

بۇ، ھۈنەر ـ كەسىپ، بىلىم ئۆگىنىش-

ته ئۇجمه كۆڭۈللۈك قىلماي، ئىخلاس بىـ
لەن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش كېرەك، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوبناشسا ئۆكسى ئۇنار،**
**چىڭداشسا ئاكسى (ئۇنار)**

بۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار-
نىڭ بىر - بىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىنى،
چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرايدىغان، كىچىك-
لەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىجىل - ئىن-
ناقلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوبناشمىغىن ئەرباب بىلەن،**
**ئەپلەپ ئۇرار ھەر باب بىلەن**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا
ئىش قىلىپ، ئەمەلدار، مەرتىۋىلىك كىشى-
لەر بىلەن قارشىلاشماسلىقنى، ئۇلار بىلەن
زىتلاشقاندا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوينىغلى قىز ياخشى،**
**ئىبىلغىلى مۇز (ياخشى)**

بۇ، ھاياتنىڭ لەززىتى چىن دىلدىن
سۆيگەن مەھبۇب بىلەن كۆڭۈللۈك ئەر -
خۇتۇنچىلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوينىمايدىغان جۇۋان يوق،**
**قاينىمايدىغان قازان (يوق)**

بۇ، ھەرقانداق ئايالدا ئىشىق - مۇھەب-
بەت، سۆيگۈ بولىدۇ. كۆڭۈل كەينىگە
كىرمەيدىغان، ھېسسىياتسىز ئادەم بول-
مايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويۇپ يېسەڭ ئون كۈن يېتەر،**
**قىرىپ يېسەڭ قىرىق كۈن (يېتەر)**

بۇ، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ، بەد-
خەجلىك قىلغاندا ھەرقانچە كۆپ نەرسىمۇ
بىر دەمدە تۈگەيدۇ، تېجەشلىك، ئىقتىساد-
چىللىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندە ئاز
نەرسە خېلى ۋاقىتقىچە جان ساقلاشقا يېتى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويۇندىن ئويماق چىقتى،**
**قازاندىن قۇيماق (چىقتى)**

بۇ، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەن ئادەم
ئاقىۋەتتە كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولىدۇ؛
ئىش - ئەمگەكنى سۆيگەن ئادەم توق تۇر-
مۇشقا ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ.

**ئويۇنغا بېرىلگەن ئوڭدا قالار**

بۇ، ھەر ئادەم توغرا ھۈنەر - كەسىپ،
ھالىغا يارىشا ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ-
غۇللىنىش كېرەكلىكىنى، كۆڭۈلنىڭ كەي-
نىگە كىرىپ ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن كۈن
ئۆتكۈزگەن كىشى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي
خاراب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئويۇننى چىدىغانغا چىقارغان**

بۇ، ئىشنىڭ جاپا - مۇشەققەت، قىي-
يىنچىلىقىغا چىدام بىلەن بەرداشلىق بېرە-
لىگەن كىشى ئويلىغىنىنى رېئاللىققا ئايلان-
دۇرۇپ، ئارزۇيىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

ئويۇننى قەيەردە ئوينىساڭ،
يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا

بۇ، بىرەر ئىش تۇپەيلىدىن كۆڭۈل-
سىزلىككە ئۇچرىغان كىشى ئۆزى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان ئوڭۇشسىزلىقنى ئۆزى ئوڭ-
شاپ، باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەس-
لىكى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئۈ

**ئۈچاڭ قىچىشسا تۈگمەنگە بار**

بۇ، بىكار يۈرۈش ئادەمنى ھورۇنلاش-
تۇرۇپ كاردىن چىقىرىدۇ، ئىشتىن قاچماي-
دىغان ئادەم پايدا - مەنپەئەت، ھالاۋەتكە
ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچقۇندىن قورققان**
**تۈمۈرچى ئەمەس**

بۇ، جاپادىن، خەۋپ - خەتەردىن قاچ-
قان ئادەم يارامىلىق ھۈنەرۋەن بولالمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈراي دېسەم قولۇم چولاق،**
**تېپەي دېسەم پۇتۇم توكۇر**

بۇ، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بول-
مىغان، ئەيىبناق ئادەم بىرەر ئىشنى قى-
لىشتا ئاجىزلىق قىلىدۇ، جاپا - مۇشەق-
قەت، قىيىنچىلىق تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۈراي دېسەم يالغۇز بالام،**
**ئۈرماي دېسەم ياۋۇز بالام**

بۇ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە شەك-
لەن كۆيۈنمەي، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ
قاتتىق تەلەپ بىلەن ئەخلاقىي، ئەقلىي جە-
ھەتتىن ئەستايىدىل تەربىيىلەش كېرەك،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈرگىلى بولماس خوجىنى،**
**تىللىغىلى بولماس خوجىنى،**
**خۇدا ئۈرسۇن خوجىنى**

بۇ، چېقىلغىلى بولمايدىغان رەھىم-
سىز، نائىنساپ خوجايىن - ئەمەلدارلار خۇ-
دانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ بېشىنى يەيدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈرگىنىڭدىن نىقتىغىنىڭ ئۆتۈپ كەتتى**

بۇ، جىسمانىي ئازابتىن كۆرە، تىل -
ھاقارەت، دىل ئازابى كىشىنىڭ روھىي دۇن-
ياسىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، دېگەن مەن-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈرۈشقاق خوتۇن تۇل قالار**

بۇ، خۇي - مىجەزى يامان، جېدەلخور
ئايال ئەر - خوتۇنچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئى-
ناقلىققا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۆز بەختىگە زا-
مىن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈرۈشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرىيدۇ**

بۇ، ياخشى - يامانىنى، ئار - نومۇسنى
بىلمەيدىغان بىغەرەز، بىشەم ئايال ئېرىنى
نابۇت قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈرۈشقاق ئۆز سايىسى بىلەنمۇ ئۈرۈشار**

بۇ، غەرەز ئۇقمايدىغان، ھەدېسىلا سو-
قۇشۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، خۇي - مىجە-

زى ئەسكى، بىشەم ئادەم ئەتراپىدىكىلەرگە ئاراملىق بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقان تېپىشار،**
**ياتقا بالا يېپىشار**

بۇ، مەلۇم سەۋەب بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار گېزى كەلگەندە ئىزدىشىپ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ؛ ياتلار ئۆزئارا زىتلىشىپ بىر - بىرىنى پۇتلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ بارى ياخشى،**
**پېتىرماننىڭ هورى (ياخشى)**

بۇ، غىزانى ئىسسىقىدا يېسە لەززەت - هۇزۇرلۇق بولىدۇ؛ قېرىنداش - تۇغقانلارمۇ زۆرۈر تېپىلغاندا بىر - بىرىگە ئەسقىتىپ، يار - يۆلەك، هەمدەم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ يىرىقى ياخشى،**
**ئوتۇن - ياغاچنىڭ يېقىنى (ياخشى)**

بۇ، يېقىلغۇ يېقىن بولسا پايدىلىنىشقا قولايلىق بولىدۇ؛ قېرىنداش - تۇغقانلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئولتۇراقلاشقاندا ئۆزئارا يوقلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقان يات بولماس،**
**ئالتۇن - كۈمۈش دات (بولماس)**

بۇ، ئالتۇن - كۈمۈش ساپ بولغاچقا مەينەتچىلىكتە قالسىمۇ ئېسىللىقىنى يوقاتمايدۇ؛ قېرىنداش - تۇغقانلار رەنجىشىپ قالسىمۇ تۇغقانلىقتىن كېچەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇق - تۇغقان يامانلاشسا،**
**ياتنىڭ مېھرى قاچار**

بۇ، قېرىنداش - تۇغقانلار ئۆزئارا رەنجىشەي، ئۆچ - ئاداۋەتلەشمەي ئىناق ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇرۇقۇڭنى يېگۈچە، ئۈيۈڭنى يە**

بۇ، دېھقانچىلىقتا ئۇرۇق ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، تېرىقچىلىقنىڭ دەسمايىسى ئىكەنلىكىنى، ھەرقانچە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ ئۇرۇقنى يوقىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇزۇن گەپ ئۆزنى ئۇرار،**
**ئۇزۇن چاپان پۇتنى (ئۇرار)**

بۇ، قۇلاققا ياقمايدىغان جىق گەپ سۆزلىگۈچىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن كىيىم ئىش - ھەرىكەتكە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇزۇن گەپ ۋاقىتنى بۇزار،**
**ئۇزۇن چاپان رەختنى (بۇزار)**

بۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا گەپنى ئىخچام قىلىپ ۋاقىتنى تېجەش كېرەكلىكىنى، كىيىمنى بەدەنگە لايىق كىيىپ رەختنى ئىسراپ قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنى قويۇپ قىسقىنى كەس**

بۇ، ① قولى ئوچۇق، مەرد، سېخىينى ئاياپ، بېخىل پىخسىقنى يونۇش، باپلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② ياخشىغا ئۇۋال قىلماي ئاسراش، يامانغا رەھىم قىلماي، ئەدىبىنى بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنىڭ ئارىسىدا قىسقا بار،**
**قىسقىنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈن (بار)**

بۇ، ① باي بار يەردە نامرات بار، نامرات بار يەردە باي بار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② مەرد، سېخىي بار يەردە بېخىل - پىخسىقلارمۇ بولىدۇ، بېخىل - پىخسىق بار يەردە مەرد - سېخىيلارمۇ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت،
مولla باردا تىلىڭنى (تارت)

بۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك، گەپدانلىق قىلىپ سۆزگە لوقما سالماسلىقنى، بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ ئۇستىلىق قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ خېلىدىن بۇيان سۆزلىنىۋاتقان ھېكايىلارنى ئىچىدە باشتىن ئاياغ بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتى - دە، دەر ھەقىقەت، ئاتا - بوۋىلار «ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت، موللا باردا تىلىڭنى تارت» دەپتىكەن، مەن بۇگۈن نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم، دېدى.

ئۇستاز ئۇنتۇلماس

بۇ، ئەۋلادلارغا ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەتكەن، تەلىم - تەربىيە بەرگەن ئۇستازلارنى ئەل - يۇرت بىر دەك قەدىرلەپ، بىر ئۆمۈر ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت**
**ھەر مۇقامغا يورغىلار**

بۇ، مۇئەييەن تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇستازدىن تەلىم ئالمىغان كىشى ئۆز سەندىمىگە دەسسەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار،**
**قابىل دېھقان بوز ئاچار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا مۇئەييەن ماھىرلىق، ئەمەلىي تەجرىبە بولمىسا، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇستا ئوۋچى ئىز تونۇيدۇ،
زېرەك يىگىت قىز (تونۇيدۇ)

بۇ، كەسپىگە ماھىر، تەجرىبىلىك كاسىپنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئەقىللىق ئادەم جورا تاللاشتا چىرايىدىن كۆرە، قەلب گۈزەللىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا**
**ئۆينىڭ تارلىقى باھانە**

بۇ، بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىگە تەن بەرمەي، ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭ خىيال يىپلىرىم ئۈزۈل-

دى. يەنە نېمە گەپتۇ، «ئۇسسۇل ئويىنيال-
مىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە» دېگەن
شۇ - دە، بەلكىم چېچىمنى يەنە قاملاشتۇ-
رۇپ ئالالمايۋاتقاندۇ!

**ئۇسسىساڭ تالقاننى كاپ ئەت**

بۇ، بىرەر ئېھتىياج تۇيەيلىدىن موھ-
تاجلىقتا يولۇققان كىشى قىيىنچىلىقتا بەر-
داشلىق بېرىپ، سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈ-
شى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇماچقا زەدەك توغراپتۇ،**
**پولۇغا مەدەك (توغراپتۇ)**

بۇ، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز تەلىپىگە يارى-
شا ئىش تۇتماي، ئەخمىقانىلىق قىلىدىغان
كىشلەرنىڭ تېجىمەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇماچىنىڭمۇ ئۈتىنىسى بار**

بۇ، ھەرقانچە ئاددىي چاغلانغان ئىش-
نىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردىسەرى بولىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇماچ ئىچتىم توق،**
**ئۆرە قوپسام يوق**

بۇ، ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولغان يې-
مەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىنىشقا كۆڭۈل بۆ-
لۈپ، قۇۋۋەتلىك تاماق يېگەندە بەردەم تۇ-
رۇش مۇمكىن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ،**
**مۈز يالاپ بۇرۇت تولغاپتۇ**

بۇ، قىلغان ئىش - تاپاۋىتىنىڭ تايىنى
يوق تۇرۇپ، ھەدېسە ھالىغا باقماي پو ئې-
تىپ، داۋراڭ سالىدىغانلارنىڭ ماختانچاقلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق،**
**ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق**

بۇ، يوقسۇل - نامراتنىڭ ئېھتىياجىغا
ھەرقانچە مولچىلىق، كەڭتاشا شارائىتتىمۇ
ھېچ نەرسە تېپىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئۇمىچى يوق مازاردىن**
**شەيخ زېرىكىپتۇ**

بۇ، پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەم، نەپ
چىقمايدىغان ئىشتىن ھەممەيلەن قاچىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈنچى ھاكچىنى كۆرەلمەس**

بۇ، شەخسىيەتچىلىك تۇيەيلىدىن پايدا
- مەنپەئەت قوغلىشىپ، باشقىلارنىڭ روناق
تېپىشىغا ئىچى تارلىق قىلىدىغان ھەسەت-
خورلۇق ئىللەتنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ**

بۇ، ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشتا
ئىشنى سادىر قىلغۇچىغا ئوخشاش ئۇسۇل
قوللىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ: ئىمىن تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە سى-
پاھلارنىڭ يىغىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن،
ئۆتكۈر تەنە بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئۇچە-
يىنى بەكرەك قوچۇۋېتىش ئۈچۈن «ئۇنداق
قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ئىشلەتتى.

### ئۆن - ماي ھەر ئۆيدە بار،
### ياخشى تاماق بىر ئۆيدە (بار)

بۇ، شەرت - شارائىت تولۇق، كېتەرلىك نەرسە تەل بولسىمۇ، تاماقنى ئوخشىتىپ، تەملىك ئېتىش ئاسان ئەمەسلىكىنى، ھەممە كىشىنىڭ تاماق ئېتىشنى ياخشى ئۆگىنىپ، تۆشۈككە ماھىر بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۆنغانغا يونىغان

بۇ، بىرەر جەھەتتە يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق ياكى كېلىشمەسلىك ئۈستىگە تۆپىلەپ يەنە بىر پېشكەللىك يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «ئۆنغانغا يونىغان» دېگەندەك، بارات چەكەدى باتۇقنىڭ ئۆتكەن كۈنى خان بۇۋىگە قىلغان ئاپئاشكارا رەسۋاچىلىقىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، ھارسىنىپ تۇرغاندا، بۈگۈن بۇ ئىشنىڭ تۇيۇقسىز قايتا تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچەلىدى، ئەرلىك غورۇرىغا قاتتىق تەگدى.

### ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق

بۇ، تۇرمۇشتا ئاش - ئوزۇق ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئاش - ئوزۇقتىن ئايرىلسا ئادەم روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، رەڭگىرويىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۇن يوق دېسەم زاڭ دەيدۇ،
### ھاردىم دېسەم ماڭ دەيدۇ

بۇ، ئىقتىسادىي شارائىت يار بەرمىگەنسېرى ماددىي ئېھتىياجنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، بىرەر ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان كىشىنى تۆپىلەپ يەنە ئوڭۇشسىزلىق، مۈشكۈللۈككە مەجبۇرلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۆۋىنى چىشى قۇش ياسار

بۇ، ئۆي - ئائىلە پەقەت ئاياللارنىڭ يەكدىل تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەجرى بىلەن گۈللىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار

بۇ، ئار - نومۇس، شەرم - ھايا بار يەردە ئىشەنچ، ئىرادە، ئىنساپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۇياتسىز خوتۇن — تۇزسىز ئاش

بۇ، ئار - نومۇسنى، ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان، ھاياسىز ئايال خۇددى تۇزى تېتىمىغان ئاشقا ئوخشاش تېتىقسىز بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۇياتسىز مۈشۈككە
### قازاننىڭ ئىشكى ئوچۇق

بۇ، خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان، يۈزى قېلىن ئادەم ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي ئۇچرىغاننى ئالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئۇياتلىق مېھمان كەلگەندە نان تۆگەپتۇ

بۇ، تۇرمۇشتا تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولمىغاندا ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش، مېھماندوستلۇقتا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى، تەرەپپال كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيات ئۆلۈمدىن قاتتىق**

بۇ، ئار - نومۇس، شەرم - ھايانى يوقىتىپ رەسۋا بولۇش جان چىقماي تۇرۇپ ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇياقتا تارتسام ئات ئۆلىدۇ،**
**بۇ ياقتا تارتسام ھارۋا سۇنىدۇ**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بىراۋنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالدىغان ئىشنى قىلماسلىقنى، تىنچ - خاتىرجەملىككە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي دورغام، دەپ خىرقىراپ جاۋاب بەردى بومباسال ئىمام، مېنى دېمىدى دەمدىلا، بىزمۇ تەڭلىكتە قالدۇق، «ئۇيان تارتسام ئات ئۆلىدۇ، بۇيان تارتسام ھارۋا سۇنىدۇ» دېگەندەك، بۇنىڭ ھەممىسى بېشىمىزغا كەلگەن بىر دىشۋارچىلىق دېسىلە، دورغام.

**ئۇيانغا باق، بۇيانغا باق،**
**ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق**

بۇ، ھەر ۋاقىت ئەتراپقا، ئەمەلىيەتكە قاراپ ھوشيارلىق بىلەن ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيقۇدا ئۆيات يوق**

بۇ، ئۇخلىغان ئادەم ھېچ نەرسىنى سەزمىگەچكە نومۇس - ئىزانى بىلمەيدۇ، شۇڭا سەۋەنلىكلىرى ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيقۇ يەر تاللىماس،**
**قېرى قىز ئەر تاللىماس**

بۇ، چارچاپ ئۇيقۇسىرىغان ئادەم ئۇچرىغان جايدا ئۇخلايدۇ؛ ياتلىق بولالماي ئولتۇرۇپ قالغان قىز چىققان لايىققا رازى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا،**
**تۇيىقى سىرقىرار**

بۇ، سەركەردە ئەدەپ يېسە قول ئاستىدىكىلىرى ئالاقزادە بولۇپ، ئەندىشىگە چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي ئۆلتۈرگەن پالتا بوسۇغىدا قاپتۇ**

بۇ، جاپا چەككەن، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئىش تۈگىگەندە قەدىرلەنمەي، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» ، ئامانقۇل خەلپەمنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى تۇرسا، ئۇنى ماختىمىغانغا نېمە بوپتۇ. كونىلار «ئۆي ئۆلتۈرگەن پالتا بوسۇغىدا قاپتۇ» دېگەندەك، مەن ئۆزلەنى تالادا قالمىغىيدى دەپ غەم يەيمەن، دېدى ئۇ بوسۇققا پەسرەك ئاۋازدا.

# ئۆ

**ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالدى**

بۇ، بىر ئىشنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈگەپ، كىچىككىنە قىسمى ئېشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالغاندا كەپسەن، بوپتۇ، قالغىنىنى سەن قىلىۋەتكىن، دېدى ئۇ.

**ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىپتۇ**

بۇ، كۆرۈنۈشتە ھەققانىيەتچى بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە تۈيدۈرماي يوشۇرۇن قەستلەيدىغان ھىيلىگەرلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتكەل ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت،**
**كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ بۇرۇنراق ھەرىكەتلىنىش پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندە كۈتۈلمىگەن ئۇڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتكەمدىن ئۆتۈپ،**
**غالۋىردە تۇختاپتۇ**

بۇ، ئۇڭاي ئىشلاردا كۆرەڭلەپ بويى بەرمەيدىغان، مۇشكۈللۈككە ئۇچرىغاندا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قاتىدىغان تەدبىرسىز ئادەملەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتكەن ئۆمۈر – ئاققان سۇ**

بۇ، ھايات چەكلىك بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەركىم ۋاقىتنى قەدىرلەپ مەنىلىك ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات**

بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى تەگىمەي، نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورۇشتۇرمە، دېدى رىلا ئەپەندى.

**ئۆتكۈر سۆز – ئاتقان ئوق**

بۇ، ۋەزنى بار گەپ خۇددى ئاتقان ئوقتەك كۈچ – قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئوبيېكتىنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتمەس پىچاق ئاسقۇچە،**
**چىشلەپ يېگەن ياخشى**

بۇ، قۇرۇق سۆلەتكە، ياسانچۇقلۇققا بېرىلمەسلىكنى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسقاتمايدىغان، يارامسىز جابدۇقلارنى ساقلىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتمەس پىچاققا غىلاپ بىلەي**

بۇ، ھەر ئىش ئېھتىياجغا يارىشا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاندا ئۇنۇمى بولمايدى-

غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتمەس پىچاق قول كېسەر**

بۇ، رەقىبىنى ئاجىز ھېسابلاپ سەل چاغلىماي، دائىم ھوشيار، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا**

بۇ، تىجارەت ـ كەسپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، سودىغا ماھىر بولۇش، خېرىدارسىز كاسات ماللارنى تۇتماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتنە جاھان – ھېسابلىق ئالەم**

بۇ، ھەممە ئىشنىڭ چەك ـ ھېسابى بولىدۇ، بىرسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈن باشقىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت**

بۇ، ھەر ئىش ئۆز ئېھتىياج ـ تەلىپى بويىچە ماددىي شارائىت تەل بولغان ئاساستا ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى چىقىش قىلىپ پۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتۈكۈڭ تار بولسا**
**جاھاننىڭ كەڭلىكىنىڭ نېمە پايدىسى**

بۇ، بەدەنگە باب كەلمىگەن كىيىم ـ كېچەك ھەرقانچە كۆركەم، نەپىس بولسىمۇ جاننى قىيناپ، كىشىنى بىزار قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆتۈكى يىرتىق تۆرگە چىقالماس،**
**يېڭى يىرتىق ئاش يېيەلمەس**

بۇ، كەمبەغەل ـ نامراتلار ياخشى كىيىنەلمەسلىك تۈپەيلىدىن سورۇنلاردا تېگىشلىك كۈتۈنۈشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچىدىغان چىراغنىڭ يورۇقى پەس**

بۇ، كۈچ ـ ماغدۇرىدىن ئايرىلغان ئادەم ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۆچۈش ئالدىدىكى چىراغتەك پىلدىرلاپلا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچكە تاغدا پۇل،**
**ئۈزۈم باغدا (پۇل)**

بۇ، ھەر نەرسىنىڭ ئەتىۋارى، قەدىر ـ قىممىتى ئۆسكەن ـ ئايىنىغان ماكانىدا نامايان بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچ كۆرسەڭ ئۆچەكىشىدۇ،**
**تار يەردە تىرەجىشىدۇ**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر بىلەن زىتلاشماي، ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچ كۆرگەننى ئوتتۇز قېتىم كۆرۈپتۇ**

بۇ، بىراۋنى بىھۇدە يامان كۆرگەن، ئۆچەكەشكەن ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا شۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچكىگە جان قايغۇسى،**
**قاسساپقا ياغ (قايغۇسى)**

بۇ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئار-

قىلىق كۆزلىگەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش كويىدا بولغان كىشىلەرنىڭ قارا نىيەت، شەخسىيەتچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس، بەڭگىنىڭ ئويى (تۈگىمەس)**

بۇ، ئۆچكىنىڭ تېۋىتىنى ئالغانسېرى تۈگىمىگەندەك، كەيپ بىلەن شۇغۇللانغان كىشى خىيالپەرەسلىككە بېرىلىپ بىرەر ئىشنى باش - ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىش نىيىتىدە: هاجى ئاكا، «ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس، بەڭگىنىڭ ئويى تۈگىمەس» دەپتىكەن، سىلىنىڭ بۇ خىياللىرىنىڭ باش - ئايىغى بارمۇ زادى؟ دېدى.

**ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا هېچ گەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ قالسا هويت - هويت**

بۇ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك - ئەيىبلىرىنى تۈزەتمەي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئاز - تولا قۇسۇر - ئىللەتلىرى ئۈستىدە جار سالىدىغان كىشىلەرنىڭ پىتنىخورلۇق مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار**

بۇنىڭ «ئۆچكە ئۆز پېيى بىلەن ئېسىلار» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ، يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم هامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلى، قىلمىشى بىلەن تۇتۇلۇپ سازايى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆردەككە سۇ يۇقماس**

بۇ، خاتا يولدا مېڭىۋاتقان ئادەمگە هەرقانچە تەلىم - تەربىيە، پەندى - نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ «ئۆردەككە سۇ يۇقماس» دېگەندەك، هېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى.

**ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول**

بۇ، بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىۋاتقان ئادەم كەلگۈسى هەققىدە باش قاتۇرۇپ كېيىنكى مەنپەئەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە شارائىت هازىرلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆرۈك قىزىلكوس، بۇغدايغا سۇنى توس**

بۇ، دېهقانچىلىقتا تېرىقچىلىقنىڭ ۋاقىت - مەۋسۇمىنى ئىگىلەش قانداق مۇهىم بولغان بولسا، دەل پەيتىدە سۇغىرىشنىڭمۇ شۇنداق مۇهىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار**

بۇنىڭ «غورا غورىنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئادەملەر هامان بىر - بىرىنىڭ خۇي - مىجەزىنى، ئىش - هەرىكىتىنى دورايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: دادىسى «ئۇ ئۆتكەندە ئەتلەس كۆڭلەك تىكتۇرۇپ بېرەيلى دېسەك ئۇنىمىغان ئىدىغۇ؟» دېۋىدى، ئانىسى «ئۇنى بىر دېمەڭلا، ‹ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار›، دېگەندەك، ئاداشىنىڭ كىيگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ

كىيگۈسى كېلىپتۇ» دېدى.

**ئۆز ئاناڭ كەلمەيدۇ،**
**ئۆگەي ئاناڭ ئۆلمەيدۇ**

بۇ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ تۇغقان ئانىسى ياخشى ئىكەنلىكىنى، بالىغا نىسبەتەن ئۆگەي ئانا ھەرقانچە كۆيۈمچان بولسىمۇ ئۆز ئانىسىغا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزگىگە ئۆلۈم تىلىگۈچە،**
**ئۆزۈڭگە ئۇمۇر تىلە**

بۇ، باشقىلارنىڭ زاۋال تېپىشىنى ئۈمىد قىلغۇچە، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئامان - ئېسەن ياشاشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە،**
**كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس**

بۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە شەخسىيەتچىلىك قىلماي، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئادەمگەرچىلىكتىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،**
**پۈت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى**

بۇ، ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ھەركىم ئۆز ئۆيىدە ئەركىن - ئازادە، بەھۇزۇر بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاناڭغا بەرمە**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆزى ئەقلىنى ئىشلىتىپ يول تېپىشى، ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭدە يوق — ئالەمدە يوق**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىشى كېرەكلىكىنى، خەقنىڭ ئىلكىدىكى نەرسە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭ قىڭغىر بولساڭمۇ،**
**گېپىڭ تۈز بولسۇن**

بۇ، ئادەم جىسمانىي جەھەتتە تەندۇرۇس بولمىسىمۇ ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزى ئورۇنلۇق بولسا، ئەيىبى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ،**
**كىشىگە يامانلىق قىلما**

بۇ، بەختكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان كىشى باشقىلارغا ئۇۋالچىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭگە ياقمىغاننى كىشىگە تاڭما**

بۇ، ئۆزى قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى باشقىلارغا زورلىماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ،**
**دوستۇڭغا شۇنى قوي**

بۇ، دوستلار ئۆزئارا بارنى تەڭ كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىماسلىقنى، يوققا كايىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،**
**باشقىنى شىر چاغلا**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كەمسىتىشتىن ساقلىنىش، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھەسەن بالا ھاجى ئۆۋەيس ئەلەمنىڭ بۇ قىلىقسىزلىقىدىن رەنجىپ، قەدىمكىلەر «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىنى شىر چاغلا» دەپتىكەن، ئەمدى خوپ بولدى دەپ ئويلاپ، تەتۈر قارىۋالدى.

**ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي،**
**كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولۇپ، مۇناسىۋەتسىز ئادەم ياكى ئىشقا ئارىلاشماي مۇستەقىل ھالدا تىنچ تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنى چاغلا، بېلىڭنى باغلا**

بۇ، كىشى ھەر ۋاقىت كەمتەر بولۇپ، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا بىھۇدە زورۇقماي، ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يارىشا يول تۇتۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە،**
**كۆچۈڭنى خار قىل**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن جاپادىن قاچماي، تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ،**
**كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، خۇي - مىجەزىنى باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقان ياكى قۇدىلاشقاندىلا بىلەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت،**
**قوشناڭنى ئوغرى تۇتما**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بىخۇدلۇق، بىپەرۋالىق قىلماي، ھەر ۋاقىت ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئەتراپتىكىلەردىن ئورۇنسىز گۇمانلانماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن،**
**يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن**

بۇ، ئادەم كۆڭۈل شادلىقى ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەل - يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇش، بارلىقىنى بېغىشلاش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈڭ يېمىسەڭ غېمىڭنى،**
**قاغا چوقۇر تېنىڭنى**

بۇ، ھەركىم ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا يامان كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكى، مەسخىرىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈلۈككە ئارتۇق، تۆپىلىككە تارتۇق**

بۇ، بىرەر ئوڭۇشسىزلىق ئۈستىگە تۆ-

پىلەپ كۆڭۈلسىزلىك قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈم پاتمىغان كامارغا،**
**غەلۋىر باغلاي قوڭۇمغا**

بۇ، ئۆزىمۇ چاقىرىلمىغان سورۇن - مېھماندارچىلىقلارغا ئادەم ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ساھىبخانىغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان تېتىقسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈم تاپقان بالاغا،**
**نەگە باراي داۋاغا**

بۇ، ھەركىم ئۆزى تۇغدۇرغان كاشىلا، سەۋەنلىكىنىڭ، ھادىسىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: قولۇم - قوشنىلار مېنى بۇرۇنقىدەكلا گۇمان ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن كۈتۈۋېلىشتى، «ئايلىنىپ يەنە كەپتۇ بۇ ئوغرى» دېگەندەك سۆزلەرنى چالا - بۇلا ئاڭلاپ تۇردۇم. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك، ئۇلاردىن رەنجىشكە ھەققىم يوق ئىدى.

**ئۆزۈمدىن ئۆتكەن،**
**قولۇمدىن كەتكەن**

بۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىماي قىلغان ئىشنىڭ خاپىلىقى كىشىنى شادلىق، بەختتىن مەھرۇم قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىنىڭ ئېتىپتىمەن،**
**پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن**

بۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىماي قىلىنغان ئەخمىقانە ئىش كىشىگە تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈمنىڭ ئەيىبى ئۆزۈمگە كۆرۈنمەس،**
**قىزىمنىڭ ئەيىبى كۆزۈمگە (كۆرۈنمەس)**

بۇ، ھەركىمنىڭ يامان ئادەت، ناچار ئىللەتلىرى ئۆزىگە بىلىنمەيدۇ؛ پەرزەنتلەرنىڭ ئەسكى خۇي - مىجەزى ئاتا - ئانىسىغا سېزىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈمنىڭ دەرمەن،**
**ئولتۇرۇپ - قوپۇپ يەرمەن**

بۇ، ھەركىم ئۆزىگە تەئەللۇق بايلىق - مەنپەئەتتىن قاچان بولمىسۇن خالىغانچە پايدىلىنالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈم يېسەم سېسىق ئېشىم،**
**كىشىگە بەرسەم ئىست ئېشىم**

بۇ، تاپقىنىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشنى بىلمەيدىغان، كىشىگە نەپ يەتكۈزۈشكە چىدىمايدىغان، بېخىل - پىخسىقلارنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،**
**كېچە - كۈندۈز غېمىنى (يە)**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆز يۇرتىدا تىرىكچىلىك قىلىشنى ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىشنى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى بەرگەن خۇدايىم،**
**ئۆزى ئالغان خۇدايىم**

بۇ، دىنىي چۈشەنچە بويىچە تىرىشقاق، ئىشچان، ئىمانى كامىل ئادەمگە ئاللا بايلىق

ئاتا قىلىدۇ؛ ئەمگەك سۆيمەيدىغان، بېخىل، ناكەسلەرنىڭ مال - دۇنياسىنى ئاللا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن توزۇتۇۋېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى بولالمايدۇ،**
**بولغاننى كۆرەلمەيدۇ**

بۇ، يارامسىز ئادەم ئىچى تار، ھەسەتخورلۇقىدىن روناق تاپالمايدۇ، باشقىلارنىڭمۇ روناق تېپىپ، ياخشى كۈن كۆرۈشىگە تېخى چىدىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى بىر غېرىچ،**
**ساقىلى ئىككى غېرىچ**

بۇ، كىچىك تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى دورايدىغانلارنىڭ ياسانچۇقلۇق، شەپشەكلىك ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى تاپمىغان مالنىڭ قەدرى بولماس**

بۇ، ئەجىر سىڭدۈرمەي تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان بايلىقنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس**

بۇ، نەپسى يامان، تەمەخور ئادەم ئېرىشكەن نەپ - نېسىۋىسى قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئىنساپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ھەي ئەخمەقلەر، دۇنيادا ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن نېسىپ بولغان نېمەتكە قانائەت قىلمايدۇ، ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدۇ. تاپان رىزقى تۈگەپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ، ئىككى كۆزىگە توپا تىقىلغاندىن كېيىنلا دۇنياغا تويىدۇ، دەپتۇ پادىشاھ.

**ئۆزىدىن ئاشسا، ياتقا**

بۇ، خەير - ساخاۋەتنى ئاۋۋال ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ، ئېشىنغۇدەك ئىمكانىيەت بولسا، قولۇم - قوشنا، غەيرىيلەرگە بېرىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىدىن خورىكى چوڭ**

بۇ، ھالىغا باقماي كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى قوڭغۇزدەك، گېپى توڭگۇزدەك**

بۇ، كىچىك تۇرۇپ يوغان گەپ قىلىدىغان، چوڭلار ئالدىدا قوپال، ئەپسانە سۆزلەيدىغانلارنىڭ بولمىغۇر تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى كەتكەن يارەي،**
**ئۆزى كەلگەن يارەي**

بۇ، تۇراقسىز ھېسسىياتىنى باسالماسلىق تۈپەيلى بىرەر ئىشتىن دەماللىققا ۋاز كېچىپ، ئارقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي ئەسلىگە قايتقانلىقنى بىلدۈرىدۇ: قاسىم دادىسىدىن يامانلاپ ھەپتىگىچە ئۆيگە كىرمىدى. ئانىسى غەم قىلغان بىلەن جاھىل مىجەزلىك دادىسى ئۇنى ئىزدەپمۇ قويمىدى. نەتىجىدە، قاسىم خۇددى «ئۆزى كەتكەن يارەي، ئۆزى كەلگەن يارەي» دېگەندەك، بوينىنى قىسىپ ئۆيگە كەلدى.

**ئۆزى كەلسە كەلسۇن،**
**بۆز خالتىسى كەلمىسۇن**

بۇ، بىرەر سورۇنغا بارغاندا مېھمانلىق
سۇپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرۇش، بالا ئەگەش-
تۈرۈۋالىدىغان ياكى توشۇق توشۇيدىغان ئا-
دەتنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىگە يارىغان خانغا يارايتۇ**

بۇ، قائىدە - يوسۇنلۇق مىجەز - خا-
راكتېرى، جان - دىل بىلەن كۆڭۈل قويۇپ
قىلىنغان ئىش ھەممىگە ياقىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى مۈزلۈقنىڭ گېپى تۈزلۈق**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مۇئامىلى-
سى قوپال، تەلەتى سۆرۈن ئادەمنىڭ گەپ
- سۆزىمۇ يېقىمسىز بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئاڭلىق، توغرا مۇئا-
مىلە قىلىپ ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان
زېرەك ئادەم قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ
ھۆرمەت - ئېتىباردىن چۈشمەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان،**
**ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ**

بۇ، ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئىش
كۆرىدىغان، زېرەك ئادەم يۇقىرى مەرتىۋە،
ئىززەت - ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ؛ ئۆزىنى بىل-
مەيدىغانلار ھامان نەزەردىن چۈشىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماس**

بۇ، ئەقىل - پاراسەتنى ئىش - ھەرد-
كىتىگە قىبلىنامە قىلىپ ئۆزىگە گەپ كەل-
تۈرمەيدىغان زېرەك ئادەمگە سوراقچىنىڭ
لازىمى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار**

بۇ، ئىنسانلىق بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا
قىلىپ، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان زېرەك
ئادەم ھۆرمەت - مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، يۈز
- ئابرۇي بىلەن ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى كەكە چېپىپتۇ**

بۇ، خەقنى قەستلەيمەن دەپ ئاقىۋەتتە
ئۆزى زىيان تارتىدىغان ئەخمەقلىقنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئۆزىنىڭ سايىسىغا ئۆزى مۈشت ئېتىپتۇ**

بۇ، خەيرخاھلىق قىلىپ بېشىنى سى-
لىغانلارغا تۈزكورلۇق پوزىتسىيىسىنى تۇ-
تىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە**

بۇ، ئىش - ئوقەت، كەسپتە يول
بىلمىگەن كىشىنىڭ سودىسى ئىلگىرى باس-
ماي، ئاپاۋىتى دەسمايىسىنى بويلىمايدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى ئۆلۈپ، ئۆزى يىغلاپتۇ**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، غېرىب - يې-
تىملەر دىشۋارچىلىقتا يولۇقۇپ، بېشىغا

كۆن چۈشسە، ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە،**
**كەشى تۆرگە چىقىپتۇ**

بۇ، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ كەمبەغەل، نامراتلارنى كەمسىتىدىغان فېئودالىق ئىدىيە - ئىستىلىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى ئۇچۇن ئۇخلىغان،**
**كىشى ئۇچۇن چۈش كۆرەر**

بۇ، ئۆز ئىش - مەنپەئىتىنى ئويلىماي، باشقىلارنىڭ ئىش - مەنپەئىتى ئۇچۇن باش قاتۇرىدىغان، كۆڭۈلچەك كىشىلەرنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى ياۋاش، ئاغزى بەڭۋاش**

بۇ، كۆرۈنۈشتە جىمغۇر، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان، ئاغزى بىزەپ كىشىلەرنىڭ مىجەز، تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى يوقنىڭ كۆزى يوق**

بۇ، ئۆزى بولمىغاندا غېمىنى يەيدىغان، گېپىنى قىلىدىغان، مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى چىقمايدىغان غەيرىي ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆستەڭ يارىشىقى تال،**
**قىز يارىشىقى خال**

بۇ، دەل - دەرەخ تەبىئەتكە ھۆسن بېغىشلاپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرسە، خال ئاياللارنىڭ چېھرىگە يارىشىدىغان زىننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئېھتىمال «ئۆستەڭنىڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» دېگەننى ئوبدان بىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئىككى مەڭزى ۋە پېشانىسىگە چەكتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئۈچ خالى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئۆكۈزنى كاردىن چىقارغان بويۇنتۇرۇق**

بۇ، جەبىر - زۇلۇم ھەرقانداق قابىل ئادەمنى خارابلاشتۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن**
**موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ**

بۇ، ھاياتلىقتا ھەر ئادەم تۈرلۈك مۈشكۈلاتقا دۇچ كېلىدۇ، ئىش - ئوقەت، تۇرمۇشى زادىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمايدىغان كىشى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆكۈز ئۆلگەندىمۇ**
**كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس**

بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە يارىشا خۇي - مىجەزى بولىدىغانلىقىنى، ھاياتى ئاخىرلاشقاندىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس**

بۇ، ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئادەتلەنگەن بەزى خۇي - مىجەزىنى ئۆمۈر بويى تاشلىيالمايدۇ، ھەتتا مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ: دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەكتەپ ساۋۇتجاننى ئوغرىلىق ئىشى تۈپەيلى

مەكتەپتىن قوغلىماقچى ئىدى. لېكىن ئانىسى زورىخان ئاچىنىڭ يىغلاپ - يالۋۇرۇشى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىپ بولدى قىلدى. لېكىن «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس» دېگەندەك، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، چوڭ ماگىزىندا يانچۇقچىلىق بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ئاخىر مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلدى.

**ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۈجمە پىشقۇچە**

بۇ، ساختىلىق، دورامچىلىقنىڭ ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆگەي ئانىنىڭ قۇشلىغىنىدىن،**
**ئۆز ئانىنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى**

بۇ، ئۆگەي ئانىنىڭ ماختاپ - ئۇچۇرۇشى، ياخشى كۆرۈشى ساختا ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئانىنىڭ ئۇرغىنى ئامراقلىق، كۆيۈنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،**
**ئاپتاپتا يېتىپ كۆتى(قۇرۇسۇن)**

بۇ، ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئۆگەي ئاتا - ئانا ناھايىتى زالىم، باغرى تاش، رەھىمسىزبولۇپ، پەرزەنتنى خارلاپ، مېھرى - شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلەرمەن ئېشەك يېتىپ تېپەر**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، يارىماس ئادەمنىڭ باشقىلارغا تۈيدۈرماي ئەدەپ بېرىدىغان خۇيى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلەر تورپاق ئۆلدى،**
**بار كېپەكنى يەپ بولدى**

بۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كېيىنلىكىنى ئويلىماي، دەماللىقنى كۆزلەپ ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلەر ئىت پالتىدىن قورقماس**

بۇ، ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشى ئۆلۈم خەۋپىگىمۇ قىلچە پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلگەن بولسا ئېڭىكىنى تاڭاي،**
**تىرىك بولسا يارىسىنى (تاڭاي)**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئادەمگەرچىلىك بۇرچىنى ئۇنتۇماي، ھەرقانداق ئەھۋالدا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن»نىڭ**
**نېمە پايدىسى**

بۇ، بىرەر ئىشقا قارىتا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈش كېرەكلىكىنى، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندىن كېيىن چارە ئىزدەشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: «ئۆلگەندىن كېيىن ‹ياسىن›نىڭ نېمە پايدىسى» دېگەندەك، ئوغرى ئالىدىغاننى ئېلىپ بولغاندا، ئەمدى قالغان مال - مۈلۈكنى ئىستىراخۋانىيە قىلىشقا قوشۇلغىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بار دەيسىلە؟ دېدى ئۇ ئايالىغا.

**ئۆلگەندىن كېيىن يىغلىغۇچە،**
**ئۆلمەستىن بۇرۇن سەۋەب قىل**

بۇ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سالامەتلىكنى ئاسراش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،**
**ئەسكى تامدىن قوقاق**

بۇ، پايدا - مەنپەئەتنى دەپ يوقسۇل - بىچارىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان نامەردلەرنىڭ ئىنساپسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس**

بۇ، بەختسىزلىك، پالاكەتكە يولۇققان ئادەمگە ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى يوقىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سەۋرلىك بىلەن قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كىشىلىك ھايات قىزىقچىلىق، ئالدىراشلىق بىلەن داۋام قىلىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس» دېگىنىدەك، ئەگەر ئانام ئۆلدى دەپ بالىسى، بالام ئۆلدى دەپ ئانىسى ئۆلىدىغان بولسا، دۇنيادا ئادەم قالامدۇ! ئادەمسىز دۇنيانىڭ قىزىقى بولامدۇ، دېدى شائىر كۆپچىلىككە.

**ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش گۇناھ**

بۇ، يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئادەمنىڭ ھايات چاغدىكى قۇسۇر، ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلاپ غەيۋىتىنى قىلىش ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ، كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان**

بۇ، ھايات — سالامەتلىككە باغلىق بولۇپ، كۆڭۈللۈك ياشاش ئۈچۈن سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى، ئۆزىنى ئاسرىمىغانلار ئۆمۈر بويى ئاغرىق ئازابىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس**

بۇ، ئۆمۈرنىڭ چەكلىكلىكىنى چۈشەنمەي، ئەبەدىي ياشاش كويىدا بولغانلارنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك**

بۇ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، پالاكەتكە ئۇچرىغىنى ئاز كەلگەندەك، تۆپىلەپ يەنە بىر كېلىشمەسلىككە دۇچار بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: يۈزلىگەن بىتابلار زامانقۇل تەرىپىدىن چىدىغۇسىز تىللار بىلەن ھاقارەتلىنەتتى. ھەتتا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، تېخى ئۇلارنى ئۇرۇپ - تېپىپ دۇمبالايتتى.

**ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار**

بۇ، ئادەم ھايات بولسىلا ئارزۇ - ئارمانلىرىغا، مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئۈمىدۋار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ياخشى ئادەملەرنىڭ شېرىن سۆھبەت، ئۇبدان مەسلىھەتلىرى، ياخشى كىتابلارنىڭ يادىمدا ساقلىنىپ قالغان قىم-

مەتلىك سۆزلىرى، ئوغلۇم پەرھات ھەققى-
دىكى ئارزۇ - ئارمانلار «ئۆلمىگەن جاندا
ئۈمىد بار» دېگەندەك روھىمغا قۇۋۋەت بولا-
تتى.

**ئۆلۈپ ئۆسكەن مال ياخشى،**
**بىلىپ ئۆسكەن جان ياخشى**

بۇ، چارۋا ماللارنى سويۇپ ئېھتىياجغا
ئىشلەتكەنسېرى ئاۋۇپ تۇرىدىغانلىقىنى؛ ئا-
دەم بىللە ياشاپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ
ئۆتكەنسېرى كىشىلىك مۇناسىۋەت كۈچىيە-
دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈپ - ئۆلۈپ ئاز قالدى،**
**ئاران ئىككى تاز قالدى**

بۇ، ئەجەلنىڭ قەرەلى، نۆۋىتى يوقلۇ-
قىنى، ھاياتلىق بار يەردە مۇقەررەر ئۆلۈم
بولىدىغانلىقىنى، سالامەتلىكنى ئاسرىما-
غان ئادەم بىئەجەل ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئۆلۈپ يېتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ،**
**چىچىپ يېتىپ كۆرپە (تىلەپتۇ)**

بۇ، ئىشلىمەي بىكار نەپ كۈتىدىغان،
تاپقىنىنى يەپ - ئىچىپ تۈگىتىپ كېيىنلى-
كىنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھۇرۇن-
لۇق، تەييارتاپلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈشتىن قورقما،**
**ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق**

بۇ، ۋىجدان - غۇرۇرغا باي ئادەم ئۆ-
لۈمدىن باش تارتمايدىغانلىقىنى، كىشىنىڭ
ئەمگىكىگە تايىنىپ، تەييارتاپلىق بىلەن
كۈن ئۆتكۈزۈشنى نومۇس بىلىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ.

**ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،**
**كۆمۈشكە چىدىساڭ تال (ئەت)**

بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق
چىقىمى، تـۆلەشكە تېگىشلىك بەدىلى، قى-
لىشقا تېگىشلىك ئەمگىكى بولىدۇ، بۇنىڭغا
چىدىمىغان ئادەم ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ
چىقالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈشكە قاراپ كۆمۈش بولار**

بۇ، ھاياتىدا ئەل - يۇرت ئۈچۈن ياخ-
شى ئىش - ئەمەللىرى بىلەن ئىز قالدۇر-
غان كىشىنىڭ ئۆلۈمى قەدىرلىك بولىدۇ،
يامانلىق قىلىپ باشقىلارنى قاقشاتقان كىشى-
نىڭ ئۆلۈمى قەدىرسىز بولىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈك چىققان ئۆيدە**
**ئۈچ كۈنگىچە سۆز - چۆچەك**

بۇ، مۇسىبەت بولغان ئۆيدە تۇرلۇك
قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن ئۆزاققىچە
غەيۋەت - شىكايەت، يالغان - ياۋىداق، ئەپ-
قاچتى گەپ تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئۆلۈككە يىغلا، تىرىكنى ئاسرا**

بۇ، ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىپ، روھىغا
دۇئا قىلىش، ھاياتلارنى قەدىرلەپ، ياخشى
كۈتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈككە يىغلىغان ئىست كۆزۈم**

بۇ، ئۆلگەن ئادەمگە هازا تۇتۇپ هەرقانچە ياش تۆككەن بىلەنمۇ تىرىلمەيدىغانلىقىنى، ئارتۇقچە هەسرەت چېكىپ قايغۇرماي ئۆزىنى ئاسراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈكنىڭ روهى، تىرىكنىڭ يۈزى**

بۇ، بىراۋنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاپ هاجىتىنى راۋا قىلىش ئادەمگەرچىلىك جۈملىسىدىن بولۇپ، ئەرۋاهلارنىڭ هۆرمىتى، هاياتلارنىڭ قەدىر - قىممىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئانا خوجا بەختىنىڭ سودىگەر دوستىنى تېپىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بالىسى بەختىيارنى ئوقۇتۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. سودىگەرمۇ «ئۆلۈكنىڭ روهى، تىرىكنىڭ يۈزى» دېگەندەك، بالىنى ئۆزگە ئەللەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

**ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئاپتۇ**

بۇ، بىرەر ئىشنى ئورۇنداشقا ئېرىنچەكلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ هورۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈكنىڭ كۆزى يامان،**
**ئورۇشقاقنىڭ سۆزى (يامان)**

بۇ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆزى سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولىدۇ؛ ئاسان سوقۇشىدىغان، جېدەلخور ئادەم يىرگىنچلىك، قەبىھ سۆزلەرنى قىلىپ، يۈرەكنى ئازابلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈك ئۆيدىن چىقار،**
**ئورنىغا سەۋر كېرەر**

بۇ، ئۆلۈملۈك بولغان ئادەم يىغا - زارە قىلىسىمۇ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈكنى ئىت يېمەس،**
**تىرىكنى پىت (يېمەس)**

بۇ، تاپتىن چىقىپ قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈك - تىرىكنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا**

بۇ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەم بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەم، كۈلپەتلەرگە چىداپ، كۆڭلىنى هېچنېمە بولمىغاندەك خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئەي خان پاشا،
چىرايلىقىم گۈل پاشا.
سېنىڭ قوينۇڭدا كىم ياشا،
ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

**ئۆلۈمگە تۇتىدىغانمۇ پۇل،**
**ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغانمۇ پۇل**

بۇ، پۇل بىلەن هەرقانداق ئىشنى قىلغىلى، هەرقانداق نەرسىگە ئېرىشكىلى هەتتا كىشىنى هاياتىدىن ئايرىغىلى؛ هاياتىنى قوغداپ قالغىلىمۇ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈمنىڭ چوڭىمۇ - كىچىكىمۇ ئۆلۈم**

بۇ، ھاياتلىقتا ئادەم قېرىپىمۇ ئۆلىدۇ، ياش، سەبىي تۇرۇپىمۇ ئۆلىدۇ، ئەجەلنىڭ چوڭ - كىچىكى، ئىلگىرى - كېيىنلىكى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق**

بۇ، ئەجەل ھەممىگە ئوخشاش بولۇپ، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ياخشى - يامان، ئەمەلدار - پۇقرا دەپ ئايرىمايدۇ، سەت - چىرايلىق دەپ تاللىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلۈمنىڭ يارىشقى يىغا، تويىنىڭ يارىشقى نەغمە - ناۋا**

بۇ، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى بولغاندەك، ماتەم - ھازا ئۆلۈمنىڭ ئىززىتى؛ نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇل تويىنىڭ داغدۇغىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆلمەن دېسە، مىنۋالاي دەيدۇ**

بۇ، بىراۋ كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ ئېغىر كۈنگە قالغاندا ھەممە كىشىنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆم ئەمگەكتە ئۇنۇم بار**

بۇ، كۆپنىڭ كۈچىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ، بىرلىشىپ قىلىنغان ئىش نەتىجىلىك بولۇپ، نۇرغۇن پايدا، دارامەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆمەكلىك ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىك**

بۇ، كەينىدە ئىگىسى بار ئىت سۈرلۈك، ئەركىن بولغىنىدەك، دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنا، ئامما بىلەن چىقىشىپ، ئىناق ئۆتكەن كىشى قورقماس كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆمرۈڭ ئۆتەر، ھۆسنۈڭ ئۆچەر**

بۇ، ئادەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىيدۇ، ھۆسن - چىرايمۇ ياشقا ئەگىشىپ گۈزەللىكىدىن كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ، ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەيدۇ**

بۇ، ھەممە ئىشتا پايدا - مەنپەئەتنى يالغۇز ئۆزىلا ئىگىلەپ، باشقىلارنىڭ نەپ ئېلىشىغا چىدىمايدىغان ئىچى تار ئادەملەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆمۈر - ئاتقان ئوق**

بۇ، ھاياتلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر قايتا يېنىپ كەلمەيدۇ، قانداق ياشاش ھەر بىر كىشى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆمىلەپ كىرگەن دومىلاپ چىقار**

بۇ، غورۇرىنى ساقلىماي، بىراۋغا بېقىندى بولۇپ ياشاشقا ئادەتلەنگەنلەر نەپرەتكە ئۇچراپ قوغلاندىلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي ئالما، قوشنا ئال**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قوشنىنىڭ رولى تۇغقاندىنمۇ چوڭ ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۆي - جاي سېتىۋېلىشتا ئالدى بىلەن قوشنىنى نەزەردە تۇتۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان**

بۇ، باي بولسىمۇ باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، كۆزى كىچىك، پىخسىق ئادەملەردىكى بېخىللىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي تۇتساڭ بالادا قالدىڭ،**
**تۇتمىساڭ تالادا (قالدىڭ)**

بۇ، ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ زىممىسىگە ئائىلىنىڭ بارلىق يۈكى، ئېغىرچىلىقى ئارتىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغاندا تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرەلەيدۇ؛ ئۆيلەنمىگەن كىشى تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي، بويتاقلىقنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ جېدىلى تولا**

بۇ، ئېرىگە كۆڭلى يوق، ئالا نىيەت خوتۇن ھەر خىل باھانە بىلەن ئۇرۇنسىز ئۇرۇش - تالاش قىلىپ ئائىلىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيۈڭگە يولاتما**

بۇ، ئائىلىگە كۆيۈنمەيدىغان ئالا كۆڭۈل خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتماسلىق، ئۆيلەنمىگەن، بويتاق ئادەم بىلەن ئارىلاشماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدە خوتۇن بولمىسا بوران چىقىدۇ**

بۇ، ئايال كىشى ئائىلىنىڭ گۈللىنىش ئامىلى ئىكەنلىكىنى، بويتاقلىق تۇرمۇش كۆڭۈلسىز، زېرىكىشلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدە ئۆگرە پىشۇرمىغان،**
**تويدا پولۇ پىشۇرار**

بۇ، ئادەتتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، غورىگىل تۇرمۇشتا ئۆتكەن كىشىلەر ۋاقتى كەلگەندە چوڭ ئىشلارنى، داغدۇغىلىق مەرىكىلەرنى قىلالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ**

بۇ، مەلۇم ئىش ھەققىدە ئالدىنئالا ئويلىغان بىرتەرەپلىمىلىك ئوي، قىلىنغان مەسلىھەت - پىلانلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەس**

بۇ، ئۆيدە قىلىنغان بىر تەرەپلىمىلىك پىلان - مەسلىھەت ئەمەلىي ئەھۋالغا، ۋەزىيەتكە لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدىن چىققانغا ئىت قاۋىماس**

بۇ، ئۇرۇق - تۇغقىنى كۆپ، جەمەتلىك ئادەمگە ھېچكىم تىل تەگكۈزەلمەيدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەڭ**
**ئوغلاقلىق ئۆچكە زىيان**

بۇ، جايدىن جايغا كۆچۈش - يۆتكىلىش

ئاۋارىچىلىكى تولا ئىش بولۇپ، ئائىلىگە ھەر جەھەتتىن سورۇقچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق چىقماس،
گۆرگە كىرگەن تىرىك (چىقماس)

بۇ، بىرەر ھاجەت بىلەن كەلگەن كىشىنى قۇرۇق قول، نائۈمىد قايتۇرماسلىقتەك مەرد، سېخىيلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە،
ئىتنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ

بۇ، يامان ئىش - ھەرىكەت، ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ قىلمىشىنى سۈرۈشتە قىلماي، ئەكسىچە چاپان يېپىپ قانات ئاستىغا ئالىدىغانلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆينىڭ چوڭى بولمىسا،
ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان

بۇ، بىلىملىك، ياخشى ئادەملەر بولمىغان يۇرتتا نادان، قارا نىيەتلەر ئاقىل، دانا ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆينىڭ ئۆلچىكى بار،
ئوتتۇرىسىدا چۆچىكى (بار)

بۇ، ھەر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇتقان يولى، قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى شۇ بويىچە ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ،
كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇرار جاي شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئۆيگە كەلگەن كىشىگە خۇش خۇي، ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى قوشناڭدىن سورا

بۇ، كۆپچىلىك ئەرلەر خوتۇنىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە قوشنىدارچىلىقتا ئائىت خۇي - مىجەز، ئەخلاقىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنى قوشنىلارنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىدىكى پۇزىتسىيىسىدىن بىلىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيۈڭگە يولاتما قېرى دەللىنى،
كىرىپ - چىقىپ بۇزىدۇ پەللىنى

بۇ، ئىش بۇزىدىغان، ھىيلە - مىكىرلىك كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقنى، ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ھەرگىز ئالدانماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيۈڭنى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن،
كۈل قىلغانمۇ خوتۇن

بۇ، خوتۇن كىشىنىڭ ئائىلىدىكى رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى خوتۇنغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا،
قاپىقىڭ قۇرۇق قالماس

بۇ، شەرت - شارائىتى ياخشى، تىرىكچىلىك قىلىشقا قولايلىق جايدا ئولتۇراقلاش-

قانلار ئىش - ئوقتىدە زىيان تارتمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيۈمدە بىر نان يوق،**
**ئېتىم مارجان بوۋى**

بۇ، باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرغۇدەك بى-
رەر ئالاھىدىلىكى يوق تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى
ھەممىدىن قالتىس چاغلايدىغان كىشىلەرنىڭ
تەكەببۇرلۇق، ماختانچاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك بولسا،**
**ئېرىم توي كۈنىدىكىدەك (بولسا)**

بۇ، خوتۇن كىشى ئىشچان، خۇش مۇ-
ئامىلە، كۆيۈملۈك ئەرگە ياتلىق بولۇشنى،
بەختلىك، باياشات، كۆڭۈللۈك ئائىلىگە ئې-
رىششنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئۆيىدە بار — ئويىدا بار**

بۇ، قول - ئىلكىدە بارنى كىشىلەرگە
خەير - ئېھسان قىلىپ، يار - يۆلەك بو-
لۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ سېخىيلىقى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ،**
**بۇرنىنى ئۇششۇتكەن قېرى**

بۇ، پايدا - مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۆزى
پايدىلىنىۋاتقان، ئېھتىياجلىق نەرسىنى
قولدىن چىقىرىۋېتىپ، زىيانغا ئۇچرايدىغان
ئىنساپسىز كىشىلەرنىڭ بېخىللىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

# ئۈ

**ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش**

بۇ، ھېچقانداق تەر ئاققۇزماي، جاپا چەكمەي تۇرۇپ راھەت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەييارتاپ، ھورۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈجمە تۈگىگەندە سوپىسوپىياڭ كەپتۇ**

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز پەسلى - مەۋسۇمىدا قىلسا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى، ۋاقتى ئۆتكەندە ھەرقانچە زورۇقسىمۇ قولىنى چىشلەپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچ ئادەم بار يەردە خىزىر بار**

بۇ، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىدىن كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ ئىكەنلىكىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە ئاقىل، دانا ئادەملەر بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچ قوي سويغان قاسساپ بوپتۇ**

بۇ، مەلۇم ئىشنى بىرنەچچە قېتىم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن ئادەم شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈچىنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ**

بۇ، كۆپنىڭ ئىچىدىن كۆپكە ئەرزىيدىغىنى چوقۇم تېپىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈزۈككە كۆز كېرەك،**
**قىزغا سۆز (كېرەك)**

بۇ، ئەسلىدىكىدىن ئاشۇرۇپ زىننەتلەنگەن نەرسە تېخىمۇ كۆركەم، نەپىس كۆرۈنىدۇ؛ ئىشق - مۇھەببەت، سۆيگۈ ئىپادىلەنگەن چىرايلىق سۆز قىزنى سۆيۈندۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە**
**تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا (تەۋە)**

بۇ، كالپىندار ئىلمى بويىچە تاڭ سەھەردە چىقىدىغان سەۋر يۇلتۇز تۇركۇمىدىكى يەتتە يۇلتۇزنىڭ يۆنىلىش ھەرىكىتى پەسىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ؛ بېشىدا كېسەللىك ئىللىتى بار ئادەم باش كىيىمىنى چۆكۈرۈپ كىيىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈگرە ئەتسەڭ تۈزۈك ئەت،**
**ئېتەلمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت**

بۇ، ئاياللار تۇتقان ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ھەر خىل تاماقنى ئېتىشنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، قاملاشتۇرالمايدىغانغا ئاۋارە بولماي، قولىدىن كېلىدىغان تاماقنى ئېتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،**
**يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ)**

بۇ، كىمىكى تاماق تاللاپ، غىزانىڭ

قەدرىگە يەتمىسە، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ دەر-
دىنى تارتىدۇ؛ يۇرتىدىن يۈز ئۆرۈسە مەڭگۈ
پۇشايمان يەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈلپەت تاپ — قۇدرەت تاپ**

بۇ، ياخشى دوست تۇتۇش ناھايىتى ئوب-
دان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئىشەنچلىك دوستى
قانچىكى كۆپ بولسا خەۋپ - خەتەردىن
قورقماي، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كېلە-
لەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈلپىتىڭ قاغا بولسا،**
**يېيىشىڭ پوق**

بۇ، قاملاشمىغان ئادەملەر بىلەن
دوست بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ كاساپىتىگە
كېتىپ، بەختسىزلىككە يولۇقىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۈمىتۈلگەن ئەرگە**
**دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس**

بۇ، بىرەر ئىشقا ئىشەنچ، ئىرادە بىلەن
كىرىشكەن ئۈمىدۋار ئادەمگە ھەرقانداق قى-
يىنچىلىق، توسالغۇلار ھېچقانچە سېزىلمەي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈممەتسىز پەيغەمبەر يوق،**
**مۇرىتسىز پىر**

بۇ، ھەر ساھە - ھەر كەسپىنىڭ ئۆزى-
گە تەۋە قوۋمى، مۇخلىسى بولىدۇ، شاگىر-
تى يوق ئۇستاز بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئۈمىد ياشىنىتار،**
**غەم قاقشىتار**

بۇ، ھەر ئىشقا ئىشەنچ - ئۈمىدۋارلىق
بىلەن قارايدىغان ئىرادىلىك ئادەم تىرىكچى-
لىكتە ئىلگىرى باسىدۇ؛ ئىشنىڭ يامان تە-
رىپىنى كۆپ ئويلايدىغان، تەشۋىشلىك
ئادەم ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ، نېمە قىلى-
شىنى بىلمەي ئېسەنكىرەيدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

# ۋ

**ۋاپا — ئاق، جاپا — جۇپ**

بۇ، سەممىلىك، مېھىر - شەپقەت مۇقەددەس، يېگانە بولىدۇ، ئازاب، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق دائىم بىر - بىرىگە ئەگىشىپ كېلىدۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاپاسىز ئادەمدىن ۋاپادار ئىت ياخشى**

بۇ، كىشىگە رەھىم قىلمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ساداقەتسىز كىشىدىن ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان، ئىگىسىگە سادىق ئىت ئەلا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاپاسىز قېرىنداشتىن**
**ۋاپادار ئاشنا ياخشى**

بۇ، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان كۆيۈمسىز تۇغقاندىن كۆرە، ياخشىلىق، رەھىم - شەپقەتنى ئۇنتۇمايدىغان سەممىي دوست ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ ئىزدىسە تېپىلار**

بۇ، ياخشىلىق، خەير - ئېھسان قىلغان كىشىگە جەبىر - زۇلۇم، يامانلىق قىلىش ئادەمگەرچىلىككە خىلاپ، نائەھلىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: پادىشاھ، قۇشقا كۆيۈنۈپ ياخشىلىق قىلغانىكەن، «ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ ئىزدىسە تېپىلار» دېگەندەك، مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپتىمەن، ۋاي ئىست، ۋاپادار قۇشۇم، دەپ قۇشنىڭ ئۆلۈكىنى قولىغا ئېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئۆمۈر بويى پۇشايمان يەپ ئۆتۈپتۇ.

**ۋاقتى كەلگەندە خانمۇ تەختتىن چۈشىدۇ**

بۇ، ئەمەل - مەنسەپ كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك، باقىمەندە بولمايدىغانلىقىنى، پەيتى كەلگەندە ئورۇن ئالمىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئەمەلدارنىڭمۇ پۇقراغا ھاجىتى چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى**

بۇ، ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمىگەن كىشى ئامەت، تەلەيدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل،**
**پۇلۇڭغا ئىشەنمە**

بۇ، ھەركىم ۋاقىتنى، ياشلىقنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى، ۋاقىتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋاقتى ئۆتكەندە قىلچىڭنى پوققا چاپ**

بۇ، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغاندا

مۇۋەپپەقىيەتلىك، نەتىجىلىك بولىدۇ، پەي-
تى ئۆتكەندە قىلغان ئىشنىڭ ھېچقانداق ئۇ-
نۇمى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت

بۇ، ۋاقىتنى سېتىۋېلىشقا بولمايدىغان-
لىقىنى، ھەركىم ۋاقىتنى قەدىرلەپ، كەل-
گەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

ۋالاقتەگكۈر گەپ بەرمەس،
سۇنۇق كەپكۈر نەپ (بەرمەس)

بۇ، تولا گەپ قىلىدىغان، كاسكا ئا-
دەمدىن باشقىلارغا گەپ ئاشمايدۇ؛ كاردىن
چىققان ئەسكى جابدۇق جانغا ئەسقاتمايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋەجىڭگە بېقىپ خەجلىك بولسۇن

بۇ، ھەركىم تۇرمۇشتا پىلانلىق، ئىق-
تىسادچىل بولۇپ، شارائىتى، تاپاۋىتىگە يا-
رىشا خىراجەت قىلىش، ئىسراپخورلۇقتىن
ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋەدىگە ۋاپا— مەردىنىڭ ئىشى

بۇ، ئېغىزدىن چىققان گەپ، قىلغان
ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم
ھەر ۋاقىت سەممىيلىك بىلەن لەۋزىگە ئە-
مەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئي

**ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقار**

بۇ، تەلەي كەلگەندە ھەرقانداق مۇشكۈل ئىش ئوڭىغا تارتىپ، قولايلىق شارائىت تۇغۇلۇش بىلەن ئۆزلۈكىدىن يورۇشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىگۈچە**
**يەم بىلەن ھەيدە**

بۇ، ئادەمنى دەككە ـ دەشنەم، تەن جازاسى بىلەن ئىدارە قىلماي ھاجەت ـ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ، ياخشى گەپ ئارقىلىق كۆڭلىنى ئۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىڭ ھارسا ئابرۇيۇڭ كېتەر،**
**قارنىڭ ئاچسا ماغدۇرۇڭ (كېتەر)**

بۇ، ئات ـ ئۇلغى ياخشى بېقىلماي، سەپەر ئۈستىدە سەپتىن چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلىدۇ؛ قورسىقى ئاچ ئادەم كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىڭ ھارسا دۆڭگە چاپ**

بۇ، مەرد، قەيسەر ئادەمنى ھەرقانچە مۇشكۈل ئىشقا سالسىمۇ قىينالغانلىقىنى چاندۇرمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىڭ ھارسا ھارسۇن،**
**ئۇلپىتىڭ ھارمىسۇن**

بۇ، سەپەر ئۈستىدە كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىمۇ، بىللە ماڭغان سەپەردىشىنى تاشلىماي، ھەمراھلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىمنى شاخقا باغلىدىم،**
**ئۆزۈمنى ھەققە (باغلىدىم)**

بۇ، بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش تۈپەيلىدىن كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى يوقىتىپ ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىم يانداق، كالام تارتماس،**
**ئىككى كېلىن بىر ئۆيگە پاتماس**

بۇ، كالا بىلەن ئات بىللە ھارۋىغا قېتىلسا يۈكنى ماسلىشىپ تارتمايدۇ، بىر ئائىلىدە ئىككى كېلىن ئورۇنسىز جېدەللىشىپ ئىناق ئۆتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېتىنى ئۇتتۇرۇپ يايداق قالدى،**
**خوتۇنىنى ئۇتتۇرۇپ بويتاق (قالدى)**

بۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاققا خىلاپ ناشايان ئىش، بولمىغۇر ھەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ئەسلىي ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، يالغۇزلۇقتا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-

دۇ.

**ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق**

بۇ، نام - ئاتاقتا ھەممىگە مەشھۇر بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە شۇنىڭغا يارىشا ئىلىم - بىلىمى يوق قۇرۇق سۆلەت، «ياغاچ پەشمەت» لىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يارىشا، خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان خوتۇن ئالىدۇ، مەلۇم ئەيىبى بار ئەرنىڭ خوتۇنىمۇ نۇقسانلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: دەرد - ئەلەمنى مەن تارتسام، راھىتى سىلىنىڭ بولىدىكەن - دە! ئۇنداق بولسا باللىرىنى قوللىرىغا ئالسىلا، ئەتە خېتىمىنى بېرىپ، مېنى قەشقەرگە يولغا سالسىلا، «ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق» بولۇپ يۈرگۈنۈمدىن كۆرە، ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا كەتكىنىم تۈزۈك دېدى ئۇ ئېرىگە قېيداپ.

**ئېرىقتىكى سۇنىڭ قەدرى يوق**

بۇ، ھېچبىر تەر تۆكمەستىنلا ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلگەن بىكارلىق نەرسىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرىقنى ئويۇپ چاپ،**
**سۇنى ئويناپ تۇت**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىشكەندە مەقسەتكە ئاڭچە جاپا تارتماي، ئوڭۇشلۇق يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرىڭدىن يامانلىماي،**
**ئەيىبىڭدىن يامانلا**

بۇ، ھەركىم ئۆزىدىكى ئەيىب - ئىللەتلەرنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىكى ئۇنداق - مۇنداق كەمچىلىك، قۇسۇرلاردىن رەنجىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە،**
**ئىشىكىڭنىڭ ئۈلگۈجىكىگە ئىشەن**

بۇ، ئەر - خوتۇنلار ئائىلە، تۇرمۇش ئىشىدا ئۆزئارا ساداقەتمەن، ئېھتىياتچان بولۇپ، كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرى ماز بولسا،**
**خوتۇنىغا كۈن يوق**

بۇ، نومۇسنى بىلمەيدىغان، تېتىقسىز ئادەم ھەدېسە خوتۇنىغا زورلۇق قىلىپ، ئارام بەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرىم سۆيمىسىمۇ قۇچقىمدا ياخشى،**
**ئوتۇنۇم كۆيمىسىمۇ ئوچىقىمدا (ياخشى)**

بۇ، ئەرنىڭ مۇئامىلىسى گەرچە دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، خوتۇن كىشى ئۈچۈن يەنىلا ئەرنىڭ بولغىنى ياخشى؛ ئوتۇن ھۆل بولسىمۇ ئۇچاققا كىرگەندە بەرىبىر كۆيىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېرىنچەك بىر ئىشنى ئىككى قىلار**

بۇ، ئىش بىلەن خۇشى يوق، ھورۇن ئادەم ھەمىشە ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرىنچەككە بۇلۇتنىڭ سايىسى يوق**

بۇ، ئىش خۇش ياقماي بىكار يۈرۈشنى
ياخشى كۆرىدىغان ھۇرۇن ئادەمگە ھەرقانداق
ئىش ئېغىر، جاپالىق بىلىنىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس**

بۇ، ھۇرۇن ئادەمنىڭ باھانىسى كۆپ
بولۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى كېچىكتۈ-
رۈشكە، ئامالىلا تاپالىسا قىلماسلىققا تىرىشى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار،
ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى (كىم قىلار)**

بۇ، ھەركىم ئۆز ئىشىغا ئىمكانىيەتى-
نىڭ بارىچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىشنى؛
دەيدىغان گېپىنى ھەرقانداق ئەھۋالدا تارتىن-
ماي ئېيتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرى يەكلىگەننى ئىلى يەكلەر**

بۇ، ئىرى ياخشى كۆرمەي خارلىغان
خوتۇننى ئەل - جامائەت، قولۇم - قوشنىلا-
ر كۆزگە ئىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئىزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل**

بۇ، ھەرقانداق ئىش ياكى گەپ - سۆز
ئۆز لايىقىدا، نورمال بولسا، ئەتىۋارى،
قىممىتى بولىدۇ؛ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن-
دە ئەتىۋار - قىممىتىنى يوقىتىپ، ئەكسى-
چە رول ئوينايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئىسىڭ باردا ئىتەك ياپ**

بۇ، ئادەم ياش چېغىدىن باشلاپ ئۆزىنى
ئۆزى باشقۇرۇپ، ناشايان ئىشلاردىن ئۆزىنى
تارتىپ، كېلەچەك تۇرمۇشنى يولغا سې-
لىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلاردا
«ئىسىڭ باردا ئىتەك ياپ» دېگەن سۆز بار،
ياراملىق كۈيئوغۇل ئالدىمدا تۇرغاندا نېمە-
دىن غەم قىلىمەن. مەخمۇت كېتىشتىن بۇ-
رۇن جەمىلەنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلى-
ۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، دېدى ھاشىم قارى-
قاش ئۆز ئىچىدە.

**ئىسىلنى ئالساڭ خاتا يوق،
ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا (يوق)**

بۇ، ياخشى يەردىن ئۆيلەنگەن كىشى-
نىڭ ئايالى پەزىلەتلىك، ۋاپادار بولىدۇ،
ناباپ يەردىن ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ ئايالى ئالا
كۆڭۈل، ۋاپاسىز بولىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئىسىلساڭ دارىنىڭ ئىگىزىگە ئىسىل،
پۇتۇڭ يەرگە تەگمىسۇن**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەر ئادەم
قولىدىن كەلسە مۇمكىنقەدەر نام - نىشانى
بار، ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىشلارنى قىلىپ،
ئەل ئىچىدە سۆرۈلۈپ قالماسلىق كېرەك،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىسىلساڭ نارغا ئىسىل،
يىقىلساڭ ناردىن يىقىل**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە يامانلار-
دىن قورقىدىغان، ئاجىز، ياۋاشلارنى بوزەك
قىلىدىغان نامەردلىكتىن ساقلىنىپ، يەڭ-

سىمۇ، يېڭىلىسىمۇ ئوخشاشلا قەددىنى كې-
رىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز**

بۇ، قەدىر - قىممەت، ئىززەت -
ئابرۇيىنى ساقلايدىغان غورۇرلۇق ئادەملەر-
نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى بولى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەك ئالدىغا چوشۇۋالسا،**
**ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار**

بۇ، ناباپ ئادەملەر بىرەر ئىشقا باشلام-
چى بولۇۋالسا، ياخشىلارنى ئازدۇرۇپ،
يولدىن چىقىرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئېشەك باينىڭ تاغار باينىڭ،**
**يېقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن**

بۇنىڭ «ئېشەك باينىڭ، تاغار باينىڭ،
يېقىلسا نېمە كارىم» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بو-
لۇپ، ئومۇمنىڭ ئىشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆل-
مەي ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىپەرۋا - بىغەم
كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەك بىلمەس تۆشەك قەدرىنى،**
**مۇشۇك بىلمەس سۆڭەك قەدرىنى**

بۇ، بىلىمسىز - نادانلار تاسادىپىي ئې-
رىشىپ قالغان ئورۇن - مەرتىۋە، بايلىق-
نىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئېشەك تەخىيىگە**

بىلمەيدىغان ئەخلاقسىز ئادەم پەرزەنتىگە ئۆز
خۇي - پەيلىنى سىڭدۈرۈپ، يامان خۇلق-
لىق قىلىپ تەربىيىلەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەك دۇلدۇل بولالماس**

بۇ، بىلىمسىز - نادان ئادەم ھەرقانچە
قىلسىمۇ ئەسلىي تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ يا-
راملىق ئادەمگە ئايلىنالمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەك سەمرىسە ئوقۇرىغا تېزەكلەر**

بۇ، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان نا-
دانلار ياخشى كۆڭگە ئېرىشكەندە ئەقلىدىن
ئېزىپ ئەل - يۇرتىغا داغ كەلتۈرى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەككە ئالتۇن ئېگەر توقۇلسىمۇ**
**يەنىلا ئېشەك**

بۇ، بىلىمسىز - نادانلار ھەرقانچە يا-
سانسىمۇ ئەقلى گەجگىسىگە مىنىۋېلىپ يەنە-
لا ئەسلىي تەبىئىتىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشەككە باش بولساڭمۇ،**
**دۈشمىنىڭگە تاش بول**

بۇ، گېزى كېلىپ بىلىمسىز ئادەملەر-
گە باشچىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەسكى-
لەرگە قاتتىق قول، رەھىمسىز بولۇش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ، ئۆزىدىن كۈچلۈكلەردىن ئاللىمى-
غان دەردىنى ياۋاش، بوزەكلەردىن ئالىدى-
غان خۇمسىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەككە مىنگەننىڭ پۇتى تىنچىماس**

بۇ، ئىجتىمائىيەتتە بىلىمسىز - نادانلا-
رغا باشچىلىق قىلغان كىشى ھەيدەكچىلىك
بىلەن تىنىم تاپمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئىشەك كۆل تاپسا ئىغنار**

بۇ، پاكىز، ياخشى مۇھىتنىڭ قەدرىگە
يەتمەي، پاسكىنا، مەينەتچىلىكنى خالايدى-
غان ئەقىلسىز، ھۇرۇنلارنىڭ ئەخمىقانە خۇ-
سۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەك مۈتتىن بولسا،**
**قوڭ چويۇندىن (بولار)**

بۇ، بىكار نەپتىن بەھرىلىنىشكە ھەممە
ئادەم جان - جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەكنىڭ تۇمشۇقى ئاق بولغان بىلەن**
**بېيىشى يوق**

بۇ، بىلىمسىز - نادانلارنىڭ ئاغزى
يۇمشاق، گەپ - سۆزى چىرايلىق بولغىنى
بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەدەپ - ئەخلاقتا، قائىدە
- يوسۇن ۋە ئادەمگەرچىلىككە خىلاپ كېلى-
دىغان ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ، دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەكنىڭ ھۈنىرى ھاڭراش**

بۇ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق،
داۋراڭ سېلىشقا ئامراق لاپچىلارنىڭ
ھاماقەتلەرچە ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەكنىڭ ئۆزى ھارام،**
**كۈچى ھالال**

بۇ، بىراۋنىڭ قان - تەرىدىن پايدىلى-
نىشنى بىلىپ، قىيىنچىلىقى، ئېھتىياجى
بىلەن كارى بولمايدىغان تۈرچىلىكنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئىشەكنى ئوتقا ھەيدىسە،**
**پوققا يۈگۈرەيدۇ**

بۇ، نادان - تەلۋىنى مەرىكە - زىياپەت-
كە تەكلىپ قىلسا، ئىززىتىنى بىلمەي،
غەلۋىگە يۈگۈرەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئىشەكنى ئورغانغا ئات بولماس**

بۇ، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان نادان-
نى ھەرقانداق قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر
بىلەن تەربىيىلىسىمۇ يارامىلىق ئادەمگە ئاي-
لانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەكنى ياراتمايسىز،**
**ئىشەكچە بولالمايسىز**

بۇ، باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن
قۇسۇر ئىزدەپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ ماختىنى-
دىغان تەكەببۇر كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى
قەبىھلىك بىلەن تولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەك ئۈلۈۋاتسا**
**كۆڭنى غېجەك تارتىپتۇ**

بۇ، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ۋەقە - ھا-
دىسىلەر بىلەن قىلچە چاتىقى بولمايدىغان بە-

زى بىغەم كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئېشەك ئېشەكتىن قالسا**
**قۇلىقىنى كەس**

بۇ، بىرەر ئىشتا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ
كەينىدە قېلىشنى خالىمايدىغان، بىر - بى-
رىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان كىشىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى بەسلىشىش رىقابىتىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئېشىغا قاراپ تاۋىقى،**
**ھۈنىرىگە قاراپ سىمىكرى**

بۇ، ھەر ئادەمنىڭ بىلىمىگە، ھۈنەر -
تېخنىكىسىغا يارىشا ئورنى، مەرتىۋىسى بو-
لىدۇ؛ ئەمەلىي ئىشتىكى ماھارىتىگە قاراپ
ھەق - دارامەت نېسىپ بولىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىكى كەينىدە، تەخىيى ئالدىدا**

بۇ، بىلىمسىز - نادانلارنىڭ پەرزەنتى
دادىنىڭ يامان ئادەت، قىلىقلىرىنى ئۆگى-
نىپ، ئىز بېسىپ داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىكىگە يارىشا توقۇمى**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ شارائىت -
ئىمكانىيىتىگە يارىشا كىيىنىپ، ياسىنىدۇ،
ئۇستۇۋاش، «گىرىم» سىز ياشايدىغان ئادەم
بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىكىڭنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە،**
**قولۇڭنى ئىسست**

بۇ، پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولغانلىكى
شەرت - شارائىت، ئامىللاردىن تولۇق پاي-
دىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك،**
**كۆتۈرۈشى تۆت تال كېسەك**

بۇ، يارامسىز - نادان ئادەمگە ياخشى-
لىق قىلسا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇۋېلىپلا
جانغا ئەسقاتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئېشىكى ئۈچ تەڭگە،**
**توقۇمى بەش تەڭگە**

بۇ، بولۇپ بولغان ياكى بولۇۋاتقان مە-
لۇم ئىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى ئېشىپ
كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ**

بۇ، زۆرۈرىيەت بولمىغان، مۇناسىۋەت-
سىز ئىشقا ئارتۇقچە ئارىلىشىش كىشىگە ئا-
ۋارىچىلىك ۋە باش ئاغرىقى كەلتۈرىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىمدا يوق پۇرچاق**
**پۇقۇمدا نېمىش قىلار**

بۇ، كۆڭۈلدە يوق، ئويلىمىغان ئىش-
نىڭ ئەمەلىيىتى بولمايدۇ، بولمىغان ئىش-
نى ھەرقانچە زورۇقۇپ سۈرۈشتۈرسىمۇ ئە-
گە چىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چېقىپتۇ**

بۇ، بىراۋنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ
«كۆۋرۈك»تىن ئۆتۈۋېلىپلا ياخشىلىققا يا-

مانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ نائەھلىلىكى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىر بولسا خىزىر بولار**

بۇ، ھەر ئىشقا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي-
دىغان، سەۋر - تاقەتلىك كىشىنى ھەممە
ئادەم ھۆرمەتلەيدۇ، خىزىردەك ئۇلۇغلايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىر چامدىغۇچە، يېنىك سەكرەيدۇ**

بۇ، قولىدىن ئاسان ئىش چىقمايدى-
غان، ھەرىكىتى سۇس ئادەم بىرەر ئىشنى
باشلىغۇچە، چەبدەس، چاققان ئادەم ئىشنى
ئورۇنلاپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىرلىق تاشقا يارالغان،**
**يېنىكلىك قامغاققا (يارالغان)**

بۇ، تاش — ئېغىر - بېسىق، سوغۇق-
قان، سالماق مىجەزلىك ئادەمگە سىمۋول
قىلىنغانلىقىنى؛ قامغاق بولسا تۇتامى يوق،
ئالدىراڭغۇ، سۇيۇق مىجەزلىك ئادەمگە
سىمۋول قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىرلىق رەھمانلىق،**
**يېنىكلىك شەيتانلىق**

بۇ، سالماق، سەۋرچان، ئېغىر -
بېسىق مىجەزلىك بولۇش ئالىيجاناب، ئۇلۇغ
خىسلەت ئىكەنلىكىنى؛ ئالدىراڭغۇلۇق، تۇ-
تامسىزلىق بولسا ئادەمنى يولدىن ئازدۇرىدى-
غان قىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىز - ئايغاق، تىل - تايغاق**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ئاغزىنى ياخشى
باشقۇرۇپ، گەپ - سۆزدە كەتكۈزۈپ قويى-
دىغان ئىشنى قىلماي، ئېھتىياتچان بولۇش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىزدىن بالا تۇغۇلماس،**
**باشقا ھەممىسى تۇغۇلار**

بۇ، ھەر ئادەم ئېغىزىنى چىڭ تۇتۇپ،
كەم سۆز، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكى-
نى، بالا - قازا، دەرد - ئەلەم، كەلگۈلۈك-
نىڭ تولىسى قالايمىقان سۆزلىگەنلىكتىن
كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىزدا بار، ئەمەلدا يوق**

بۇ، ھەممە ئىشنى ئاغزىدىلا قىلىدى-
غان، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق نەتىجىسى يوق
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئېغىزدىن چىققان سۆز**
**يەرگە سېپىلگەن سۇ**

بۇ، سىر تۇتۇلىدىغان ئىشلارنى باشقى-
لارغا دېمەسلىكنى، ئاغزى بوشلۇق قىلىپ
سۆزلەپ قويغاندا ھەممىگە تارقىلىپ
كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىزنى ساقلىغان جاننى ساقلار**

بۇ، كەم سۆز، ئېھتىياتچان ئادەم
خەۋپ - خەتەرگە يولۇقماي، بەختلىك، خا-
تىرجەم ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق،**
**تىلنىڭ سۆڭىكى**

بۇ، ئادەم ھەر ۋاقىت ئاغزىنى چىڭ

تۇتۇپ، ئويلاپ سۆزلەش، گەپ - سۆزدە كەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشنى زىنھار قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىز ئېغىزدىن قالماس**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەمتەر، گەپ - سۆزدە سالماق بولۇش، گەپ تالىشىشتىن، كىشىنىڭ زىتىغا تېگىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلار**

بۇ، بىراۋنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ياخشىلىقىنى كۆرگەن كىشى شۇنىڭغا لايىق ئادەمگەرچىلىك قىلىشنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ:

ئېغىز يېسە ئۇيالمامدۇ يۈز دېگەن،
ئىزا تارتقىن، مۇئامىلەڭ كۆپ ناچار.
بىلىپ قويغىن، يەۋاتىسەن ئەرەبنى،
ئەرەبلەرنىڭ ئانا مۇلكى — بۇ دىيار!

**ئېكەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ،**
**ھۆررەككە پوقاقنى**

بۇ، ھۇرۇن، مەككەر ئادەم گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتىكى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامال تېپىپ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشكە ماھىر كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېگىز بۇرۇننى كۆرە - كۆرە،**
**پۈچۈق بۇرۇن كىرىپ كېتىپتۇ**

بۇ، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ نام - شەرەپ قازانغان كىشىلەرگە ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچى تارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېگىز تاغدا قار بولۇر،**
**مەرد يىگىتتە ئار (بولۇر)**

بۇ، بۇلغانمىغان، پارقىراق قار كۆككە تاقاشقان ئېگىز تاغلاردا بولىدىغانلىقىنى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، سەممىي ئادەم ھايالىق، ئۇياتچان، ئار - نومۇسلۇق كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە،**
**پاكارنىڭ جېنى چىقار**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەر ئادەم تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئالدىراپ ئاچچىقلانمايدىغان مىجەزنى يېتىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغان، كەمتەر، سەممىي كىشىگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت، كۆڭۈلسىزلىك كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە،**
**غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە**

بۇ، ھەركىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە غۇرۇرلۇق بولۇپ، قەدىر - قىممەت، ئىناۋەتنى ساقلاپ، ئارىلاشقانغا ئارىلىشىشنى، ھۆرمەت قىلغانغا ھۆرمەت، چوڭلۇق قىلغانغا چوڭلۇق قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئېگىلمىگەنگە ئېگىشمە

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ، ئارىلاشمىغانغا ئارىلاشماي، تەكەببۇرلۇق، چوڭلۇق قىلغانغا يېقىنچىلىق قىلماي، غۇرۇرىنى ساقلاپ ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ،
يەپ يەتتە (بولماپتۇ)

بۇ، ئېلىم - بېرىم، سودا - تىجارەتتە راۋاج تاپالمىغان ئادەم غۇربەتچىلىك، غورىگىل تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېلىپ باقتىم، سېتىپ باقتىم،
ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتىم

بۇ، قىلغىلى بولىدىغان ئىش - ئوقەت، كەسىپتىن باش تارتماي ھەممىنى قىلىپ كۆرۈش ئارقىلىق يول تېپىپ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئېلىپ»نى تاياق دېيەلمەيدۇ،
«مىم»نى چوماق (دېيەلمەيدۇ)

بۇ، بىلىم ئېلىشنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى خالىمايدىغان، نادانلىقنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېيتقان سۆز - ئاتقان ئوق

بۇ، ئېغىزدىن چىققان سۆز ئاتقان ئوققا ئوخشاش قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېيتقان يەردىن قالما،
ئېيتمىغان يەرگە بارما

بۇ، ھەركىم كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىپ، بېرىشقا تېگىشلىك مەرىكە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، بېرىشقا تېگىشلىك بولمىغان مېھماندارچىلىقلارغا بارماي، ئىززىتى، ئىناۋىتى، غۇرۇرىنى ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ

بۇ، بىراۋنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلغانغا يارىشا ھەر جەھەتتىن شارائىت، ئىمكانىيەت ھازىرلاپ ياخشى كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئېيت، ئېيت» دېسە،
ئاتىسى ئېسىدىن چىقىپتۇ

بۇ، سۆزلەش پۇرسىتىنى تاپقاندا ھېسسىياتىنى باسالماي، ئەسلىنى، ئەجدادىنى ئۇنتۇپ، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن،
ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم (بولسۇن)

بۇ، ئېرى ۋە ئائىلىسى بار خوتۇننىڭ ھەر ۋاقىت كۆڭلى پۈتۈن بولۇپ، ھېچنېمىدىن غەم يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: باي بالىلىرىغا تەگسەم، مېنى خارلاپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەرد بولامدۇ، يامانلىسام، چىقىپ كەتسەم، ياش تۇرۇپ تول قالسام، تۆگىمەس ئازاب. ئۇ چاغدا تۇرمۇش لەززىتى قېنى؟ «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم (بولسۇن)» دېگەن-

لەر بىكار ئېيتمىغاندۇر، ئەڭ ياخشىسى ئاتا
ـ ئانىسىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يوقـ
لۇقى، ماڭا قېينانىلىق قىلىدىغىنى يوق،
دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئېيىقنى ئاغام دەپتۇ،
توڭگۇزنى تاغام (دەپتۇ)

بۇ، ئەقىلسىز، ئەسكىلەرگە ئىشىنىپ
كېتىش، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ چوڭ كۆرۈش
ئەخمەقانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئى

ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ،
مۈشۈك بىلەن تۆر (تالىشىپتۇ)

بۇ، ئىناۋەت - مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن دېمەي كىشىلەر بىلەن جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىت بىلە يولداش بولساڭ،
قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن

بۇ، ھەركىم سەپەر ئۈستىدە ھوشيار بولۇپ، يامان، ئەسكى ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىتتىن ئاشقاننى پىت يېمەس

بۇ، قەدىر - قىممىتىنى ساقلىغان غۇرۇرلۇق ئادەم نامەرد، ئەسكىلەردىن ھەرگىز پايدا - مەنپەئەت تالاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىتتىرىۋەتكەننى ئىت يېمەپتۇ

بۇ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز دەپ قارالغان نەرسىگە ھېچكىم نەزەر سالمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىتتىن سۆڭەككە قەرزدار،
چاشقاندىن كېپەككە (قەرزدار)

بۇ، تۇرمۇشتا شارائىتىغا قارىماي پىلانسىزلىق بىلەن ئىش تۇتىدىغان، ئېلىم - بېرىمدە ھېسابلىق بولماي ھەممە كىشىگە قەرزگە بوغۇلىدىغانلارنىڭ بىچارىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس

بۇ، ھاياتلىقتا جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىقتىن قاچقان كىشى غالىب بولالمايدۇ، باتۇر سانالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: مەن سۆزۈمدە تۆكۈلۈۋاتقان قانغا مىلتارىستلارنىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىقى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كېلىپ، «ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس» دېگەندەك، ئوتتىن قورققان ئىنقىلاب قىلمايدۇ، قولى كۆيۈشتىن قورققان ئادەم ئوتقا يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدىم.

ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەر

بۇ، نامەرد ئادەملەر ئاز - تولا ھاللىنىپ، ياخشى كۈنگە ئېرىشكەندە شەپقەتچىلىرىگە يۈزسىزلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىت سۆڭەك يېسە،
كۆتى بىلەن كېڭىشەر

بۇ، ھەركىم بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى كېيىنلىكىنى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ياخشى ئويلاش كېرەكلىكى-

نى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنىقا گۆش بەرسەڭ توپىغا مىلەپ يەر**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكى يوق ناكەس ئادەملەر بېرىلگەن ماددىي ياردەمنى ناشايان، هارام ئىشقا سەرپ قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنىقا ئۇيات كىرسە ئۆلتاڭ يېمەس**

بۇ، ئاچ كۆز، پەس ئادەملەر ئىزا - نومۇسنى بىلمەيدۇ، هالال - هارامنى ئىلغىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يۈزىنى قىبلىگە قىلدى، بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇدى، دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئارقىدىن مەنىلىك قىلىپ: «ئىنىقا ئۇيات كىرسە ئۆلتاڭ يېمەس» دېگەن گەپ بار. ئۇغۇ هايۋان، مەن ئادەمغۇ! دېدى - دە، شاققىدە ئاتقا مىنىپ چىپىپ كەتتى.

**ئىت قىلغاننى ئىت ئىگىسى قىلماس**

بۇ، بىراۋ پەسلىك، نائەھلىلىك قىلسىمۇ، ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ ئېسىللىقىدىن ئادەمگەرچىلىكنى تاشلىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىت كاللىسى تەخسىدە توختىماس**

بۇ، پەس تەبىئەتلىك ئادەملەر ئىززەت - هۆرمەتنى، ئەتىۋارلىغاننى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىت گادايدىن قورقىدۇ،**
**گاداي ئىتتىن (قورقىدۇ)**

بۇ، غەيرىتى يوق، توخۇ يۈرەك ئادەم مەرد، قەيسەر ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەرد، قەيسەر ئادەم پەس، نائەهلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتمۇ هەپتە يالغان قاۋايدۇ**

بۇ، يامان غەرەزلىك كىشىلەر كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دائىم باشقىلارنى ئالداش، هىيلە - مىكىر ئىشلىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتمۇ ئۆز يالىقىنى قورۇيدۇ**

بۇ، هەركىم ئۆزىنىڭ يۇرتىنى، تۇرغان يېرىنى، ئائىلىسىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىت مۈشۈكنى بۇيرۇسا،**
**مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ**

بۇ، ئىشتىن قاچىدىغان ئاقىنانچىنى ئىشقا بۇيرۇسا قىلماسلىقىنىڭ قازىنىنى ئېسىپ تۈرلۈك باهانە - سەۋەب كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتمىكىن دېسەم قۇيرۇقى يوق،**
**كالىمىكىن دېسەم مۈڭگۈزى (يوق)**

بۇ، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەتخۇي، ئەدەپسىز ئادەملەرنىڭ ئەسكى مىجەز - ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنى ئەركىلەتسەڭ ئاغزىڭنى يالايدۇ**

بۇ، ئەقىلسىز، نادانغا ياخشىلىق قىلسا، بىلەرمەنلىك بىلەن ئېغىز غېرىچلاپ،

ئاتكاچىلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنى سۆكەك بىلەن ئۇرساڭ هاۋشىماس**

بۇ، نەپسانىيەتچىلەرگە ئاز - تولا نەپ بەرسە ئەتراپىدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە،**
**دەريا سۈيى بۇلغانماس**

بۇ، رېئاللىقتىكى ئىشلار بەتنىيەت - ئەسكىلەرنىڭ قارىلىغىنىدەك شەك - شۈبھىلىك، ناپاك بولۇۋەرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ ئاغزىغا سۆكەك تاشلا**

بۇ، بەتنىيەت - ئەسكىلەرنىڭ دەرد - رەنجىگە هارام نەرسە ياقىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ چىشلىگىنى هارمۇ،**
**ئېشەكنىڭ تەپكىنىمۇ؟**

بۇ، بەتنىيەت ئەسكىلەرنىڭ بىراۋغا ئازار بېرىپ رەنجىتكىنى ئەخمەق، نادانلار قىلغان ۋاپاسىزلىق، ئەسكىلىك بىلەن ئوخشاشلا هەممىگە هار كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ سادىلىقىدىن**
**تۈلكە تۈرگە چىقىۋاپتۇ**

بۇ، ئەخمەق - نادانلارنىڭ گول، هاماقەتلىكىدىن مەككار، ئالدامچىلار نام - شەرەپ، مەرتىۋىگە ئېرىشىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە كار قىلماس**

بۇ، بەتنىيەت، ئەسكىلەرنىڭ شۇم تىلەكلىرى، يامان غەرەزلىرى مەرد، باتۇر كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس**

بۇ، بەتنىيەت، ئەسكىلەرنىڭ شۇم تىلەكلىرى، يامان غەرەزلىرى هېچكىمنى زىيانغا دۇچار قىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئاللاتائالا جاھىللارغا هەر ئىككى ئالەمدە كۆشادىلىق بەرمىگەي، دېدى رەھىم سوپى بۇنىڭغا جاۋابەن. «ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس» سوپۇم! دەپ هاشىم قارىقاش هويلا ئىشىكىنى جاققىدە ياپتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك غەزەپلەنمىگەنىدى.

**ئىتنىڭ قاۋىغىنى بىكار،**
**هايان دىۋانىنىڭ**

بۇ، ئەسكىلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋا، سۆز - چۆچەكلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۆز ترىكچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كەسىپىگە بېرىلگەن كىشى پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ كۆزى بار، خانىغمۇ قارايدۇ**

بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە هەر ئادەمنىڭ بەلگىلىك ئىختىيار، ئەركىنلىكى بولىدۇ، هېچكىم هېچكىمنىڭ ئىختىيار، ئەركىنلىكىنى توسۇش ۋە چەكلەش هوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە**

بۇ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەئىـ
شتى ئۇچۇن پۇتۇن ئەس - يادى بىلەن
باش قـاتـۇرىدىغانلىـقىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا،**
**بۆرىنىڭ خۇداسى بار**

بۇ، بەتنىيەت، ئەسكىلەرنىڭ ھىمات -
يۆلەنچۈكى بولسا، مەرد، باتۇرلارغا ئەل -
جامائەت، خەلق پاناھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر**

بۇ، ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت ئۆز
يولىدا قانۇنىيەتلىك داۋام قىلىدىغانلىقىنى،
كاشىلا - توسالغۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ-
نىڭ يۈنىلىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولالمايدىغانلى-
قىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق**

بۇ، دەشنەم - ھاقارەت ئاڭلىمىسا
كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان داۋىخور ئادەم ھە-
مىشە دەككىسىنى بەرگۈچىنى ياخشى كۆرى-
دىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ:

مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بېزەشكە
يوق كىشى،
ئىگىز قىرلاپ پەر ياستۇقنى بىغەم
ياتقانىمىز باردۇر.
ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دەپ بىزدە بار
تەمسىل،
لويى، ئامبال، ۋاڭ - غوجامنى
سېمىز باققانىمىز باردۇر.

**ئىت ئۆز ئىگىسىنى چىشلىمەس**

بۇ، ئىنساپلىق، ۋاپادار ئادەم ياخشى-
لىق قىلغان شەپقەتچىسىگە ھەرگىز يامانلىق
ئويلىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت - ۋاپا، خوتۇن - جاپا**

بۇ، ھايۋان جېنىدا باققاننى، ياخشى-
لىق قىلغاننى بىلىدۇ؛ بەتنىيەت، نائىنساپ
خوتۇن ئېرىگە كۆيۈنمەي كۆڭۈلسىزلىك
كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت ئېتەكتىن ئالار،**
**خوتۇن ياقىدىن (ئالار)**

بۇ، ھايا - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئۇ-
رۇشقاق خـوتـۇنلارنىڭ ئـەسكى خۇي -
مىجەزىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا كۆڭلى تىنماس**

بۇ، ھايا - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئىت
مىجەز ئادەملەر ئۆگىنىپ قالغان ئەسكى
خۇي - پەيلىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك**

بۇ، شەپقەت - ھىمايىچىسى، يۆلەنچۈ-
كى بار كىشى ھەر يەردە قۇدرەتلىك، مەغ-
رۇر بولۇپ، ھېچكىم بوزەك قىلىشقا پېتى-
نالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت يارىسىنى يالاپ ساقايتار**

بۇ، ھەركىم ئۆز سالامەتلىكىنى ئۆزى
ئاسراپ، كېسەللىكىنى ۋاقتىدا داۋالىتىش
كېرەكلىكىنى بىلدۇرىدۇ.

**ئىت يەپتۇ چورۇقنى،**
**ئۆزى يۈرۈپتۇ چورۇقسىز**

بۇ، بىپەرۋالىق قىلىپ، هوشيارلىقنى بوشاشتۇرغان كىشى كۆتۈلمىگەن زىيانغا ئۇچرايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىت يېنىدا سۆڭەك ياتماس،**
**سۆڭەك ياتسا بىكار ياتماس**

بۇ، ئالانىيەت، ئەسكى ئادەم بار يەردە هېچ نەرسە ئامان تۇرمايدۇ، بۇنداقلار پۇرسەت تاپسا كۆزگە چېلىققاننى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ، شۇڭا بىپەرۋالىقنى تاشلاپ، هەر ۋاقىت هوشيار بولۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچ ئات تارتسا ياندىق تارتماس،**
**ئايغىر تارتسا بايتال (تارتماس)**

بۇ، هەر ئىشتا ئۆملۈك - ئىتتىپاقلىق، پىكىر بىرلىكى بولمىسا كۈچنى ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچتىم شاراب، بولدۇم خاراب**

بۇ، يامان ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، كەيپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى سالامەتلىكىنىلا ئەمەس، ئىناۋەت ۋە ئىقتىسادىدىنمۇ ئايرىلىپ ئۆزۈل - كېسىل ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچ سىرىڭنى ئاناڭغا ئېيتما**

بۇ، ئىنسان ئۈچۈن سىر ساقلاشنىڭ، مەخپىيەتلىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا هېچكىمگە سىر بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ،**
**تاش مايماقنى تاشلاپ (قاچ)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەيىب، نۇقسانلىق كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچى تارنىڭ كۆڭلى تىنماس،**
**ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى (تىنماس)**

بۇ، باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇق مىجەز - تەبىئىتىنى؛ نادان - ھاماقەتكە ئەقىل ئۆگىتىشنى نىيەت قىلغان ئادەمنىڭ ۋاقتى ھەيدەكچىلىك بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچى تارنىڭ گۆرى تار**

بۇ، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، چىدىماس، بېخىل ئادەمنىڭ ھايات - ماماتلىق ئىشلىرىمۇ خەيرلىك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچى توشمىسا، تېشىغا چىقماس**

بۇ بىراۋغا قىلىنغان جەبىر - زۇلۇم چېكىگە يەتمىگۈچە پەيمانىسى تولمايدۇ، غەزەپ - نەپرەت ئاشكارىلانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچى كۆيمىگەننىڭ كۆتى قىچىشماس**

بۇ، بىر - بىرىنى سۆيمىگەن، ياخشى كۆرۈشمىگەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ھەم ھېسسىيات پەيدا بولمايدۇ،

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچىدە روزا تۇتۇپ،**
**تېشىدا ھېيت ئويناپتۇ**

بۇ، يەيدىغان - ئىچىدىغىنى يوق تۇ-
رۇقلۇق سۆلەتكە بېرىلىپ، ھەشەمەتچىلىك
قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس**

بۇ، بىراۋغا ھەمدەم بولۇشنى خالىماي-
دىغان، ئادەمگەرچىلىكتىن نېرى بەتنىيەت
ئادەملەر شۇم غەرىزىگە يېتەلمەي ئاچچىق
يۇتۇش بىلەن ئەمىن تاپمايدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئىزا تارتقىنىم — غىزا تارتقىنىم**

بۇنىڭ «ئىزا تارتقىنىم — غىزا يېگە-
نىم» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولۇپ،
ئۇيىلىش - تارتىنىشنى بىلمەيدىغان، دەش-
نەم - ھاقارەتكە پىسەنت قىلماي نەپسىگىلا
بېرىلگەن بىنومۇس ئادەملەرنىڭ بىغەرەزلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىززەت تاپاي دېسەڭ خىزمەت قىل**

بۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشال-
لىق بىلىپ ھاجىتىنى ھەل قىلغان كىشى
قەدىرلىنىپ، ھۆرمەت، ئابرۇيغا سازاۋەر
بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىززەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن،**
**چايناپ يېسەڭ لەززەت (كۆرىسەن)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەمتەر،
كىچىك پېئىل بولغان كىشى ئىززەت -
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ؛ تاماقنى ئالدىر-
ماي چايناپ يېگەن كىشى تاماقنىڭ ھۇزۇر-
نى كۆرەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىززەت قىلغانغا خىزمەت قىل**

بۇ، بىراۋنىڭ ئىخلاس، ئەقىدە - ھۆر-
مىتىگە جاۋابەن مەلۇم تەلەپ - ھاجىتىنى
ئورۇنداپ، كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: خۇدا ئۆمرىگە بەر-
كەت بەرگۈرنىڭ ئاتىسىغا رەھمەت! ...
كونىلاردا «ئىززەت قىلغانغا خىزمەت قىل»
دېگەن گەپ بار. ئەزالار كېچە - كۈندۈزلەپ
ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۆيدە
سالپىيىپ يېتىۋەرسەم ئەپلەشمەس ...
قانداق دېدىم، ئانىسى؟ دېدى ھاۋاز ئاخۇن
ئايالىغا.

**ئىززىتىنى بىلمىگەنلەر ئەدىبىنى يەر**

بۇ، ئەتىۋارلىغاننىڭ قەدرىگە يەتمەي،
ئابرۇي - ئىناۋىتىگە خىلاپ ئىش قىلغانلار
تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئىسراپچىلىق نەدە؟**
**پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە**

بۇ، ئىشلىمەي راھەتكە ئېرىشكەنلەر
تۇرمۇشتا پىلانسىز ئىش تۇتۇپ، تاپاۋىتىگە
باقماي بەتخەجلىك قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئىسراپ قىلىش — خاراب قىلىش**

بۇ، تۇرمۇشنى پىلانلىق، تېجەشلىك

باشقۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىش، بەتخەجلىك قىلىشتىن ساقلىنىشنى، ھەر ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىسلىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم**

بۇ، ئادەم ئۈچۈن كونا، ئەسكى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيى — ئائىلىسى ئەڭ ياخشى پاناھگاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشانى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلدىم**

بۇ، بىراۋغا ئارتۇقچە ئەقىدە باغلاپ كۆڭۈلچەكلىك قىلىش بىلەن قائىدە - يوسۇن، پرىنسىپلاردىن چەتنەش چوڭ مەنپەئەت، مەرتىۋىدىن قۇرۇق قېلىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش ئادەمگە باغلىق**

بۇ، ئىشلەشتىن ئېرىنمەيدىغان، غەيرەتلىك ئادەمگە ئىش توشمايدۇ؛ ئىشتىن قاچىدىغان، ھورۇن ئادەمگە ئاز ئىشمۇ تاغدەك ئېغىر بىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش ئاشقا تارتىدۇ،**
**ھورۇنلۇق باشقا (تارتىدۇ)**

بۇ، ئىشلىگەن ئادەم باياشات، خاتىرجەم ياشايدۇ؛ ئىش خۇش ياقمايدىغان بىكار تەلەپلىك كىشىنى خاراب قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ**

بۇ، بىرەر ئادەم ياكى ئىشتىن پايدا - نەپ ئېلىش ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

تالاغا پىل ئىكەنمىز، ھەي، بۇنى
بىلمەپتىمىز، يارەب،
قوتانغا بۆرىنى كەل دەپ، خاتا
چىللاپتىمىز، يارەب.
مۇسۇلمان دېسە بۇ شەيتان، كالامىنى
بىلىپ ھەق - راست،
دۇئا - تەكبىر بىلەن باشتا ئۇنى
يادلاپتىمىز، يارەب.
«ئىشەنگەن تاغدا ياتماپتۇ كېيىك» دەپ
بىر ماقال تۇرسا،
ئاتالار سۆزىگە دىلدىن ئەمەل
قىلماپتىمىز، يارەب

**ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا،**
**سامان تىقار پوستۇڭغا**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئەتمەي، كىشىلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، دوست تۇتقاندا ئەتراپلىق كۆزىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش بار يەردە ئاش بار**

بۇ، ئىشتىن قاچماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان كىشى ھەر ۋاقىت ئاچ قالمايدۇ، تۇرمۇشى خاتىرجەم، باياشاتچىلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا**

بۇ، ئىش بىلەن ھەۋەسنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، بىكار تەلەپلىكتىن ئەمگەك قىلىشنىڭ ياخشىلىقىنى توغرا تونۇش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش بىلمەس كەشتىچى بوپتۇ،**
**ئاش بىلمەس ئۇگۇتچى (بوپتۇ)**

بۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، كەسپتىن خەۋىرى يوقلارنىڭ كەسپ ئىگىسى بولۇۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش بىلگەن ئىشنى هاردۇرار،**
**ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى (هاردۇرار)**

بۇ، پەم - پاراسەتلىك، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەمدىن ئىش ئاشمايدۇ؛ دىتى يوق، ئىش خۇش ياقماس، هۇرۇن ئادەم ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش پەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن**

بۇ، هەرقانداق ئىش ئەقىل - پاراسەت، كاللا ئىشلىتىش ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ؛ ئىشىك پۇختا دەم - تاقاق بىلەن مەهكەم ئېتىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن**

بۇ، هەركىمنىڭ ياخشى - يامانغا تەۋە ئەمەلىي ئىشلىرى ئۆزىگە ئايان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: هەمراهبايىنىڭ شەهەردە تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى چېچىلغان، بېشى تاشتەك قاتقان، چىرايىنى پەرىشانلىق قاپلىغانىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگەن تايىن» دېگەندەك، هەممە ئىش ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

**ئىشتىن قاچساڭ قورساقتا تۇتۇلىسەن**

بۇ، ئىشلىمەي هۇرۇنلۇق قىلىپ، بىكار يۈرگەن كىشى نامراتلىشىپ، ئاچ - زارلىقتا دۇچاربولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشچاندىن تەر چىقىپتۇ،**
**هۇرۇندىن «ئۇھ!» (چىقىپتۇ)**

بۇ، ئىشتىن قاچمايدىغان ئىشچان ئادەم ساغلام، ماغدۇرلۇق بولىدۇ؛ ئىش خۇش ياقمايدىغان، بىكار تەلەپ ئادەم كېسەلمەن، هارغىن كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،**
**بەتخەجنىڭ قەرزى (تۈگىمەس)**

بۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن هارماي - تالماي ئىشلەيدىغان كىشى هېچ نەرسىدىن قىسىلماي، باياشات ياشايدۇ؛ تۇرمۇشتا ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان كىشى قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشچان ئېشىنى يەر،**
**هۇرۇن بېشىنى (يەر)**

بۇ، ئىشتىن قاچمايدىغان كىشى توق - باياشات ئۆتىدۇ؛ ئەمگەك قىلىشنى هار ئالىدىغان كىشى نامراتلىشىپ، زاۋال تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش چىڭىغا چىققاندا**
**قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپتۇ**

بۇ، زۆرۈر تېپىلغان، هالقىلىق پەيتتە جانغا ئەسقاتماي، نامەردلىك قىلىپ، لەۋزىدىن يېنىۋالىدىغان كىشلەرنىڭ هۇرۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشقا بارسا قارانچۇق،**
**بىكار يۈرسە ياسانچۇق**

بۇ، تاپشۇرۇلغان ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەي ھەدېسە ئۆزىنى كۆرسىتىپ بىكار يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ بەتخۇيىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشقا ھاجىتىڭ چۈشسە، ئۈكام دە**

بۇ، بىراۋغا ھاجەتمەن بولغان كىشى ئاغزىنى يۇمشاق قىلىپ مۇلايىملىق بىلەن يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش قورالىڭ ساز بولسا،**
**مۇشەققىتىڭ ئاز بولار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا سايمان - ئەسۋابنىڭ رولى چوڭ ئىكەنلىكىنى، سايمان - ئەسۋاب ياخشى بولسا، مۇشكۇل ئىشمۇ ئېغىر بىلىنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش قىلساڭ پۇختا قىل،**
**خام قىلما**

بۇ، بىرەر ئىشقا كىرىشكەندە قېيىنچىلىققا باش ئەگمەي، ئىشنىڭ سان - سۈپىتىگە ئەستايىدىل كاپالەتلىك قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھەر كۈنى ئۇزۇن يول بېسىپ، بازارغا ئوتۇن ئېلىپ كىرىپ ساتىمەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرلا نان كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ كېتىپ بارىمەن، دەپتۇ بوۋاي. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان يولۇچى بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ «ئىش قىلساڭ پۇختا قىل، خام قىلما» دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

**ئىش قىلىشقا بېلى بوش،**
**گەپ قىلىشقا ئاغزى قوش**

بۇ ئىش بىلەن خۇشى يوق، ھۇرۇن ئادەم گېپى چوڭ، ئاغزى باتۇر كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشق ئوتى پۈۋلىگەنگە ئۆچمەس**

بۇ، بىر - بىرىگە چىن دىلدىن كۆيۈشكەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببىتى ھەرقانداق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشقى يوق ئېشەك،**
**دەردى يوق خەشەك**

بۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدۇ، لېكىن ئىشق - مۇھەببەتسىز ئادەم بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ھەزرىتى نەۋائى جانابلىرى «ئىشقى يوق ئېشەك، دەردى يوق خەشەك» دېگەن، ئەي ناتونۇش كىشى، بىز تىرىك ئىكەنمىز ئەلۋەتتە دەردكە گىرىپتارمىز. شۇنداق، بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ كۆپى دەردمەن. دەردى يوق ئىنسان بارمۇ دۇنيادا، دېدى سازەندە بوۋاي.

**ئىشقى يوق ياردىن**
**ئىسسىق ئوچاق ياخشى**

بۇ، بىر - بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ سۆيمەيدىغان شەكلەن ئاشىق - مە-

شۇقلۇقتىن تەنھالىق ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش كۆرمىگەن خام بالا،**
**ئەقلى ـ ھوشى كەم بالا**

بۇ، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق ئادەم خۇددى ئەقلى توشمىغان، سەبىي گۆدەككە ئوخشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك،**
**تىلەپ يېگەن مىننەتلىك**

بۇ، ئەجىر قىلىپ يېگەن نېمەتنىڭ تەم ـ ھۇزۇرى بولىدۇ؛ ئىشلىمەي موھتاجلىقتا قېلىپ، كىشىدىن سوراپ يېگەن نەرسە كۆڭۈلگە زىخ، تاپا ـ تەنىلىك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلەتسەم — قۇلۇم، ساتسام — پۇلۇم**

بۇ، كىشىلىك ھوقۇق ـ ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلماي، ئاجىز، بىچارىلەرنى كەمسىتىدىغان يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ فېئوداللىق ئىنسان تەبىئىتىنى بىلدۈرىدۇ: خوتۇنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ياڭ ئاخىرى «ئىشلەتسەم — قۇلۇم، ساتسام — پۇلۇم» دەپ ئويلايدۇ ـ دە، بۇ ئىش ئۈچۈن قولىدىن ھەممە بالا ـ قازا كېلىدىغان ئايپاشاخانىنى ئاتلاندۇرىدۇ.

**ئىشلىقنىڭ ئىشى پۈتەر،**
**ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر**

بۇ، ئەمگەك قىلىشنى ھار ئالمايدىغان ئىشچان ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندىلىپ ئۆتىدۇ؛ ھېچبىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغان ھۇرۇن ئادەم نامراتلىق، يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلىگەن چىشلەيدۇ**

بۇ، ھالال تەر ئاققۇزۇشتىن ئېرىنمىگەن ئادەم ئەمگىكىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈپ، پاراغەتتە ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلىگەن چىلىق ـ چىلىق،**
**ئىشلىمىگەن قۇرغاقچىلىق**

بۇ، جاپادىن قاچماي، تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلغان كىشىنىڭ توقچۇزى تەل بولۇپ، تۇرمۇشى باياشاتچىلىقتا ئۆتىدۇ؛ ھۇرۇنلۇق ھەركىمنى نامراتلىقتا غورىگىل ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،**
**ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق**

بۇ، ئىشتىن قاچمايدىغان سەممىي ئادەم ھەممە جايدا قەدىرلىنىدۇ؛ ھۇرۇنلۇقنى ئادەت قىلغان كىشى خارلىقتا قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،**
**قىلالىساڭ قىيىنى (يوق)**

بۇ، ئىشنىڭ ھەممىسى جاپالىق، مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى، ئىشلەشنىڭ ئېپىنى بىلگەن، ئىشچان ئادەمگە ھەممە ئىش ئوڭاي توختايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشنىڭ بېشىدا تاراقلايدۇ،
ئاخىرىدا پالاقلايدۇ

بۇ، بىر ئىشنىڭ دەسلىپىدە چوڭ سۆزلەپ، داۋراڭچىلىق قىلىدىغان، ئاخىرىدا يېلى چىقىپ بوشىشىپ كېتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۇرۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشنىڭ ياخشىسى كۆتۈرە،
ئاشنىڭ ياخشىسى چۆچۈرە

بۇ، ھۆددىگەرلىك بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ مەنپەئىتى كۆپ، نەتىجىسى ياخشى بولىدىغانلىقىنى؛ چۆچۈرە تائاملار ئىچىدە ئىشتىھانى قوزغاش خاراكتېرى كۈچلۈك، مەززىلىك غىزا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىش ئوڭغا تارتسا،
ئىشتان سوڭغا تارتىدۇ

بۇ، بەخت ـ تەلىيى كەلگەن كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئەپلىشىپ، ئۇتۇقلۇق يۈرۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، كونىلاردا «ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان سوڭغا تارتىدۇ» دېگەن گەپ بار. بولمىسا، خۇدايىم بۇ قاداقچىنى ئالدىمىزغا باشلاپ كېلەرمىدى؟ بۇمۇ ئىشىمىز ئوڭغا تارتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، دېدى خۇشاللىقىدا.

ئىش ئۇستىسىدىن قورقار

بۇ، قولى ئەپچىل، ھۈنەرگە ماھىر كاسىپنىڭ ئالدىدىن ھەرقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە

بۇ، كۆڭۈلگە بىرنىيەت ـ بىر مەقسەتنى پۈكۈپ ئۇيۇشقاندىلا ھەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىش ۋاقتىدا ھەييار،
ئاش ۋاقتىدا تەييار

بۇ، ئىشلەيدىغان چاغدا ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئىشتىن قاچىدىغان، نەپ ئالىدىغان پەيت كېلىشى ھامان پەيدا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ ساختىپەزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىش ئېپى بىلەن، كەتمەن سېپى بىلەن

بۇ، ھەممە ئىش مۇئەييەن پىلان، چارە ـ ئۇسۇل ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ؛ دەستىسى ئۆزىگە ماس كەلگەن قورال ـ سايمان جانغا ئەسقاتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز

بۇ، ئىشنى چاققان قىلغان كىشىنىڭ يەيدىغىنى تەييار، تاپاۋىتى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشىكتىن موردا چىقسا،
تۈڭلۈكتىن سەۋر كىرەر

بۇ، كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازا، ھادىسىگە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، غەيرەت، چىدام بىلەن سەۋر قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ھاپىز خوجا ئۇنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن بوش تۇتۇپ «ئىشىكتىن موردا چىقسا، تۈڭلۈكتىن سەۋر كىرەر» دېگەن

گەپ بار. سەۋر قىلسىلا، خېنىم، رەھمەت-
لىكنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەن، سىلى تېخى
ياش، كېيىنكى تۇرمۇش ئىشلىرى جەزمەن
كۆڭۈللۈك، بەختلىك بولىدۇ! دېدى نازا-
كەت خېنىمغا تەسەللى بېرىپ.

**ئىشىك كۆرگەننى ئالما،**
**بۆشۈك كۆرگەننى ئال**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا
سەل قارىماي، توي قىلىشتا ئەتراپلىق ئوي-
لىنىپ، ئاتا - ئانىسى ياخشى، تەربىيە
كۆرگەن قىزغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئىشكنى ئاچ، تىنچىقتىن قاچ**

بۇ، ساقلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، سالا-
مەتلىكنى ئاسراش ئۈچۈن ساپ، سالقىن ھا-
ۋادىن نەپەسلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ، سوراپ كىر**

بۇ، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا ھەر-
كىم ئەدەپ - ئەخـلاق، قائىدە - يوسۇنغا
ئەمەل قىلىپ، ئادەمگەرچىلىكنى ئەستىن
چىقارماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشىڭ تۈزەلمىسە، چۈشۈڭ تۈزەلمەس**

بۇ، تۇرمۇشى ئوڭلانمىغان كىشىنىڭ
باشقا ئوي - خىيال، ئارزۇلىرى ئەمەلگە
ئاشمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سېسىق پاخال ئۈس-
تىدە ئولتۇرۇپ، كونىلاردا «ئىشىڭ تۈزەل-
مىسە، چۈشۈڭ تۈزەلمەس «دېگەن گەپ
بار. ئاق سۈت، بۇ بەلكى ياخشىلىقتىن بې-
شارەتتۇر ... دەپ ئويلايتتى.

**ئىشمنى ئاز دېمەڭ،**
**بېشىمنى تاز (دېمەڭ)**

بۇ، ئۆزى ئىشلىمەي بىراۋنىڭ قىلغان
ئىشىدىن ئەيىب - قۇسۇر ئىزدەيدىغان ھۇ-
رۇن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش ئىشتەينى ئاچىدۇ**

بۇ، ئىش - ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان
كىشىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ، ئاشقازى-
نى سازلىشىپ، ئىشتىھاسى ئېچىلىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش ئىگىسى بىلەن،**
**قۇش مېڭىسى بىلەن**

بۇ، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىش ماھىر-
نىڭ قولىغا چۈشسە ئاسانلىشىدۇ؛ ئەقىل -
ھوش پۈتكۈل پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلى-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشى يوقنىڭ كارى يوق**

بۇ، ھۇرۇن، بىكار تەلەپ ئادەم باشقى-
لارنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، ئادەمگەرچىلىكنى
ئەسلا بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق**

بۇ، ئىشلىمەي، بىكار تەلەپلىككە ئا-
دەتلەنگەن ئادەم ھۇرۇنلۇقى تۈپەيلىدىن تۇر-
مۇشتا قىسىلىپ، موھتاجلىقتا ئۆتىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشى يوق ئىت سۇغىرار**

بۇ، ئىشلىمەيدىغان، بىكار تەلەپ ئادەم
ھۇرۇنلۇقىدىن ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى باشنى قوشماق ساۋاب،**
**ئايرىماق گۇناھ**

بۇ، ئارازلاشقان ئىككى تەرەپنى ياراش-
تۇرۇش خەيرلىك، ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى-
نى؛ ئىناقلىقنى بۇزۇپ، ئائىلىنى ۋەيران
قىلىش نائەھلىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇقتا**
**قىسقىلى بولماس**

بۇ، قىلغىلى بولمايدىغان ئىشقا بىھۇدە
ئۇرۇنۇش ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**ئىككى سەتتىن گۈل دەستە چىقار**

بۇ، جىسمانىي جەھەتتىن تەندۇرۇس
بولمىغان، كۆرۈمسىز ئەر - خوتۇنلاردىن
چىرايلىق پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىدۇ، دې-
گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى قاغا پوق تالاشسا**
**ئۇۋچىغا پايدا**

بۇ، ئەسكى خۇيلۇق ئادەملەر جېدەل-
لەشسە، مەرد، باتۇرلاردىن ئەدىبىنى يەپ
جازاسىنى تارتىدۇ، ئەل تىنچىيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قەدىمكىلەرنىڭ «ئىككى
قاغا پوق تالاشسا ئۇۋچىغا پايدا» دېگىنىگە
ئوخشاش بىز بىر چەتتە تۇرۇپ پايدا ئېلىمۇ-
رىمىز، مۇبادا ئىسيان چىقىپ قالسا ئۇلارنى
ئۆز قىسمى بىلەن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۇ-
زۇپ قويىمىز، دېدى ئۇ.

**ئىككى قوچقارنىڭ بېشى**
**بىر قازاندا قاينىماس**

بۇ، ئىدارە - جەمئىيەت، ئورگانلاردا
باشلىق كۆپ بولسا ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالى-
شىپ، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىك تۇ-
پەيلىدىن ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ،
خىزمەت ئىلگىرى باسمايدۇ، دېگەن مەنى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى ئۆينىڭ قۇرغۇنى**
**بىر ئۆيگە ئاش بولار**

بۇ، بىرەر ئىشقا يارىمايدىغان ئاز نەر-
سىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرگەندە ياراملىق نەر-
سە ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى ياخشى ئارىسىدا**
**قىل ئۇزۇلمەس**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، ئاقىلىق كىشى-
لەر بىر - بىرىگە يامانلىق ئويلىماي، ۋاپا-
دارلىقىنى قەدىرلەپ ئىناق - ئىتتىپاق
ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى يەڭگە ئەپ ئەمەس،**
**ئۆپكە - قېرىن گۆش (ئەمەس)**

بۇ، بىر ئائىلىدىكى كېلىنلەر ئۇستۇن-
لۇك تالىشىپ بىر - بىرىنى كۆرەلمەي،
ھەدېسە زىتلىشىدىغان ئىتتىپاقسىزلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

**ئىگىسىنى ياخشى كۆرسەڭ**
**ئىتىغا سۆڭەك تاشلا**

بۇ، بىراۋنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى، يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەپ «خوش - خوش» قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن**
**رۇسلىغىلى بولماس**

بۇ، تاپتىن چىقىپ جەمئىيەتنىڭ داشقىلىغا ئايلانغانلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ، توغرا يولغا باشلاشقا ئۇرۇنۇش ئەخمەقانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىناق ئەلدە بالا يوق**

بۇ، بىرلەشكەن كۈچ تەڭداشسىز بولۇپ، يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر، ئاپەتنى توسۇپ قالالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت**

بۇ، ئىنسان ئۈچۈن ئىززەت - ئابرۇي، مەرتىۋە ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنى سېتىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنەكنى ساغىدۇ ئانىكام،**
**قايمىقىنى يەيدۇ بالىكام**

بۇ، ئاتا - ئانىلار جاپا چېكىپ تاپقان بايلىقنىڭ ھالاۋىتىنى پەرزەنتلەر كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنەكنىڭ سۈتى يېلىنىدە ئەمەس، يېمىدە**

بۇ، باقمىچىلىقتا چارۋا مالدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن ياخشى ئاسراپ، توق بېقىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنساپسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئۇتلاپتۇ**

بۇ، پايدا - مەنپەئەتكە بېرىلىپ ۋىجدانىنى يوقاتقان ئادەم ئار - نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ، ئېرىشكەن نەپكە شۈكۈر - قانائەت قىلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنساپ قالمىدى چوڭدا،**
**ئىشتان قالمىدى قوڭدا**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت، مال - دۇنيا توپلاش كويىدا چىرىكلەشكەن نائىنساپ ئەمەلدارلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلىدىن پۇقرالار نامراتلىشىپ قەد كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ**

بۇ، ۋىجدانى بىلەن ئادىل ئىش قىلىدىغان كىشىنىڭ نىيىتى تۈز، قەلبى پاك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنساپ — ئىماندىن ئۈلۈغ**

بۇ، ھايا - نومۇسلۇق، ئادىل، قانائەتلىك بولۇش مۇسۇلمانچىلىقتا ئىشەنچ، ئېتىقاد قىلىشتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ي

**يا ئەلەمدە يوق، يا قەلەمدە (يوق)**

بۇ، ھېچقانداق ھۈنەر - كەسىپ، بىلىم ئۆگەنمىگەن نادان كىشىلەر قابىلىيىتىسىز كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياپسام تۈتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ**

بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا دەرھال كۆڭۈل توختىتالماي، ئىككىلىنىپ، ئارسالدىلىقتا قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: مەن سىزگە ئوخشاش «ياپسام تۈتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئولتۇرىدىغان تالىپ مىجەز كىشى ئەمەس، ئۇنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرسام ئىش تۈگەيتتى. يىغىراق گەپ چىقارمىسىن دەپ سىزدىن مەسلىھەت سوراۋاتىمەن، دېدى ئۇ.

**ياتار قورساق - كېتەر قورساق**

بۇ، ھەركىم قەرەللىك ئوزۇقلىنىپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا كۆپ يېمەسلىككە ئادەتلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياتقانغا نان يوق، قوپقانغا ئالۋان (يوق)**

بۇ، بىكار تەلەپ، ھورۇنغا ھېچكىم نەپ بەرمەيدۇ؛ ئىشچان، چەبدەس ئادەمنىڭ ئىش - ئوقىتى كاشىلىغا ئۇچرىمايدۇ، دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

**ياتقان ئورنۇڭدىن تايىنىپ قوپما**

بۇ، ھەركىم تۇرغان يېرىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن كۆڭۈل ئۈزمەسلىكنى، ئاز - تولا جاپا - مۇشەققەت تارتىش تۈپەيلىدىن ھەمدەم خىيال بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە، ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق (دېمە)**

بۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئورنى، تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى ئىمكانىيەت - شارائىتىدىن زارلانماي، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغىما**

بۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئالاقىسىز ئىشلارغا ئارىلىشىپ بىھۇدە جېدەل پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياتنىڭ ئوتىنى پۆۋلەپ ساقلى كۆيۈپتۇ**

بۇ، قېرىنداشلىرىغا تۇغقانلىق مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزمەي، خەقنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرىدىغان كىشىلەر كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر،**

بۇ، ياتلارنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان ئەسكىلىكى ئانچە هار كەلمەيدۇ، قېرىنداشنىڭ قېرىنداشقا قىلغان ئەسكىلىكى بولسا قاتتىق هار كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: تۇغقىنىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىغان دەپ كىممۇ تەنقىد قىلالايتتى؟ تاغاممۇ «ياتنىڭ ياندىن ئۆتسە، تۇغقاننىڭ جاندىن ئۆتىدۇ» غانلىقىنى بىلىپ باقسۇن، دېدى ئايجامال ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

**ياتنىڭ يېغى چىقماس**

بۇ، ناتونۇش كىشىلەردىن بىر - بىرىگە نەپ تەگمەيدۇ، ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ قېرىنداشلىق مېھىر - شەپقىتى تۈگىمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يات يېگۈچە، تۇغقان ئۆلگۈچە**

بۇ، ياتلار بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ پايدىلىنىۋالغۇچە ئىناق، يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى؛ قېرىنداش، تۇغقانلار جاپادا، ھالاۋەتتە ئورتاق بولۇپ، بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئاتقا بىر قامچا،**
**يامان ئاتقا يۈز قامچا**

بۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان ئاڭلىق ئادەملەر بىلەن ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان، بىغەرەز، ئاڭسىز ئادەملەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەس**

بۇ، ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان، ئاڭلىق، زېرەك كىشىلەرگە ھەيدەكچىلىك كەتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاڭ چىقماس**

بۇ، پەزىلەتلىك، رەھىمدىل ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، قەدىمى خاسىيەتلىك بولۇپ، خەۋپ - خەتەر، كۆڭۈلسىزلىك يېقىن يولىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئاش ئۈستىگە كېلەر،**
**يامان گەپ ئۈستىگە (كېلەر)**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، توغرا نىيەتلىك، سەممىي كىشىلەر زىياپەت ياكى ساخاۋەتلىك ئىشقا ئۈلگۈرىدۇ؛ قارا نىيەت، ھەسەتخورلار پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەتنىڭ ئۈستىدىن چۈشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئاش ئېشىپ قالغۇچە،**
**يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن**

بۇ، پايدا - مەنپەئەت، نەپسى كويىدا ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلىمايدىغان، ئېرىشكەن نەپىكە شۈكۈر - قانائەت قىلماي ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىن يانمايدىغان نائىنساپ كىشىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،**
**يامان ئەر مالغا (ئورتاق)**

بۇ، پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەم خەلقنى، يۇرتىنى ئويلايدۇ؛ شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز ئادەم دۇنيا - دەپىنە، بايلىق يولى-

نى بويلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئەركىشى خوتۇن خارلىماس**

بۇ، ئاڭلىق ئەركىشى ئايالىغا كۆيۈ-
نۈپ، رەھىمدىللىق بىلەن ئادىل مۇئامىلە
قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى بولسا ئۆزۈڭگە بالا،**
**يامان بولسا بېشىڭغا (بالا)**

بۇ، قائىدە - يوسۇنلۇق تەربىيىلەنگەن
پەرزەنت ئاتا - ئانىغا ئەسقاتىدۇ؛ گەپكە
كىرمەيدىغان بەڭباش پەرزەنت ئاتا - ئانىغا
يۈك، يۇرتقا ئاپەت بولىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ،**
**يامان بولسا ئۆزگىدىن (كۆرىدۇ)**

بۇ، ئوتۇق - نەتىجە، شان - شەرەپنى
ئۆزىگە تەئەللۇق قىلىۋېلىپ، مەغلۇبىيەت،
ئوڭۇشسىزلىقنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدى-
غان كىشىلەرنىڭ يولسىزلىقىنى بىلدۈر-
دۇ.

**ياخشى بولسا ئېشىنى يەر،**
**يامان بولسا بېشىنى (يەر)**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە قائىدە -
يوسۇن بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەخلاقلىق
كىشىلەر ئامىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ،
خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ پىكىر -
خىيالى، ئىش - ھەرىكىتى يامانلىققا مەر-
كەزلەشكەن بۇزۇق ئادەم ئامىنىڭ غەزەپ
- نەپرىتىگە ئۇچراپ زاۋال تاپىدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى تىلەككە يامان چېچەك**

بۇ، ياخشى ئارزۇ - ئۈمىد ھەر خىل
قىيىنچىلىق، توسقۇنلۇقلار تۈپەيلىدىن ئو-
ڭاي ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈ-
چۈن چىدام، غەيرەت بولۇش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ ئىلكىدە**

بۇ، گەپ - سۆزى ئۆزىگە ئوخشاش
چىرايلىق، شېرىن سۇخەن، ۋاپادار، شەرم
- ھايالىق خوتۇن ئەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرى-
شىپ خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دۇ.

**ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،**
**تۇل بولسىمۇ يىل ئەمەس**

بۇ، مىجەز - خۇلقى ياخشى، قولى
گۈل، ئىنساپلىق خوتۇن ئېرىدىن ئايرىلماي-
دۇ، ئايرىلسىمۇ ئەرسىز قالمايدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى دوستۇڭ تاشلىماس،**
**يامان يولغا باشلىماس**

بۇ، ۋاپادار دوست جاپالىق - ئېغىر
كۈنلەردە دوستىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، قانۇنغا
خىلاپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىماي-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىدىن ئات قالىدۇ،**
**ياماندىن داد (قالىدۇ)**

بۇ، خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلى-
غان پەزىلەتلىك كىشىلەردىن شان - شۆھ-
رەت، ياخشى نام قالىدۇ. بەتنىيەت ئەسكى-

لەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە كەلتۈرگەن دەرد - ئەلەملىرى سىرتماقتا ئايلىنىپ گېلىدىن ئالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىدىن جاپا كەلمەس،**
**ياماندىن ۋاپا (كەلمەس)**

بۇ، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، پەزىلەتلىك كىشىلەر ھەرگىز بىراۋنى قاقشاتمايدۇ؛ بەتنىيەتلەردىن كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن**

بۇ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئالىيجانابلىق پەزىلىتىدىن ئىلھاملىنىپ ئۆلگە ئېلىش كېرەكلىكىنى؛ تاپتىن چىققانلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن نەپرەتلىنىش بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخش سۆز تاشنى يارار،**
**يامان سۆز باشنى (يارار)**

بۇ، ئىلھامبەخش، يېقىملىق سۆز ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىدۇ، ئەپسانە، قوپال سۆز كۆڭۈلنى ئازابلاپ، يۈرەكنى تىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەلچىلەرنىڭ چىرايى غەلىتە تۇس ئالدى. ئۇلار، كونىلار «ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى» دەپتىكەن، ئەپسۇس، سىلە ئېرىمەيدىكەنلا، ئۇستام، دېيىشتى.

**ياخشى سۆز دىلنى ئېرىتىدۇ،**
**يامان سۆز جاننى قېرىتىدۇ**

بۇ، كۆڭۈلگە ياقىدىغان، پاساھەتلىك سۆز كىشىنى شادلاندۇرىدۇ؛ كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، قوپال، ئەپسانە سۆز ئۆمۈرنى خورىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى سۆزگە قۇلاق سال،**
**يامان سۆزگە ياماق (سال)**

بۇ، قۇلاققا ياقىدىغان، ئەھمىيەتلىك سۆزنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش؛ پايدىسىز، زىيانلىق سۆزلەرگە جايىدا رەددىيە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىغا بىر سۆز، يامانغا مىڭ سۆز**

بۇ، قائىدە - يوسۇن بىلىدىغان، ئاڭلىق كىشىلەرگە كۆپ سۆزلەش ھاجەت ئەمەسلىكىنى؛ بىغەرەز، ئاڭسىز كىشىلەرگە قايتا - قايتا سۆزلەپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىغا كۈن يوق،**
**يامانغا ئۆلۈم (يوق)**

بۇ، ئادىللىقنى ياقلايدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھە دېگەندە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كۈن كۆرەلمەيدۇ؛ قارا نىيەتلەر ھەر خىل ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ خەۋپ - خەتەردىن ئامان قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىغا مەدەت، يامانغا نەپرەت**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدىغان، قائىدە-يوسۇنلۇق كىشىلەرنى قوللاپ، يار-يۆلەك بولۇش؛ بەتنىيەت، يولسىزلارغا غەزەپ - لەنەت ياغدۇرۇش كېرەك، دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشىلىق قىلىش؛ ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغانلارنىڭ پۈرسىتىنى كەلتۈرۈپ ئەدىبىنى بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى كەلسە ھوت،**
**يامان كەلسە جۇت**

بۇ، رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قەدىمى يەتكەن جاي باھاردەك ئىللىقلىققا چۆمىدۇ؛ ئىچى تار، پىتنىخورلارنىڭ قەدىمى يەتكەن جايىنى نەس بېسىپ زىمىستان زۇلمىتى قاپلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ،**
**يامان گەپ سوۋۇتقۇ**

بۇ، كىشىلىك مۇئامىلىدىكى چىرايلىق گەپ كىشىنى يېقىن قىلىپ ئىناقلاشتۇرىدۇ؛ قوپال، ئەپسانە گەپ كىشىنى تەزدۇرۇپ، زىتلاشتۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: «ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ، يامان گەپ سوۋۇتقۇ» دېگەندەك، ئوقۇتقۇچىنىڭ سەمىمىي سۆھبىتى، جايىدا قىلىنغان تەربىيىسىدىن تەسىرلەنگەن ھېلىقى ساۋاقداش ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى دەرھال تونۇپتۇ ـ دە، ئوقۇتقۇچىغا: ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، سىلىنىڭ ئاتا ـ ئانامدىن ئارتۇق يېقىنچىلىق بىلەن قىلغان تەربىيىلىرىدىن دىلىم يورۇدى، دەپتۇ.

**ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ،**
**يامانلىق گۆرگە (باشلايدۇ)**

بۇ، ئادەمگەرچىلىك، سەمىمىي مېھىر ـ شەپقەت كىشىنىڭ ئۆمۈر دەپتىرىگە ئىززەت ـ ئابرۇي، مەرتىۋە نەقىشى سىزىدۇ؛ قارا نىيەتلىك، شۇملۇق ئىللەتلىرى كىشىگە ھالاكەت گۆرى قازىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى،**
**يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى**

بۇ، ياخشىلىق قىلغانغا تېگىشلىك ياخشىلىق قىلىش ھەممە كىشىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى؛ يامانلىق قىلغانغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياخشىلىق قىلىش مەرد، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىلىق قىل، يامانلىق كۈت**

بۇ، ھەركىم ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرگە رەھىمدىل، خەيرخاھ بولۇشى، شۇنداقلا ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆڭۈلسىزلىك، كېلىشمەسلىككە يولۇقۇشتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىلىق مىڭ يىللىق،**
**يامانلىق بىر دەملىك**

بۇ، كىشىگە خەيرخاھلىق قىلىپ، ئادەمگەرچىلىك بۇرچىنى ئارتقۇزۇش ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان خاسىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى؛ سۇيىقەست، زىيانكەشلىك بىلەن

شۇغۇللىنىش ئاز داۋاملىشىدىغان قاباھەت-
لىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىلىق يەردە قالماس،**
**يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس**

بۇ، بىراۋغا قىلغان خەيرخاھلىق، رە-
ھىم - شەپقەت ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ؛
سۇيىقەست، زىيانكەشلىك ھامان ئۆزىگە يا-
نىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى مال ئۆزىنى ئۆزى ماختار**

بۇ، ئەلا سۈپەتلىك نەرسە ئۆزىنىڭ
قىممىتىنى ئۆزى بەلگىلىگەندەك، ئاق كۆ-
ڭۈل، رەھىمدىل ئادەم ئېسىل پەزىلىتى بى-
لەن ماختىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كىشىلەر
بىراۋنى قاقشىتىشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەي-
دۇ، ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزغىمۇ ئازار يەت-
كۈزمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنىڭ سۆزى، يامانىنىڭ كۆزى**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كىشىلەر-
نىڭ سۆزى يېقىملىق، پاساھەتلىك بولىدۇ؛
قارا نىيەت، ھەسەتخورلارنىڭ كۆزى ئىچىدە
قايناغان زەھەرنىڭ تەسىرىدە جاللاتنىڭكى-
دەك قانغا تولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر،**
**يامانىنىڭ كاساپىتى (تېگەر)**

كىشىلەر بىراۋغا نەپ يەتكۈزۈشنى خۇشال-
لىق دەپ بىلىدۇ؛ قارا نىيەت، رەھىمسىز
كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە مالامەت -
زىيىنى تېگىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كىشىلەر-
نىڭ ياخشىلىقىنى رەھىمسىز، ھەسەتخورلار
چۈشەنمەيدۇ، قەدرىگە يەتمەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنىڭ يولى يەتتە**

بۇ، باشقىلارغا ياخشىلىق ئويلايدىغان
ساخاۋەتلىك كىشىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا مۇ-
ناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، چارە - تەدبىر،
ئامالى كۆپلۈكتىن ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق،
نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ،**
**يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ**

بۇ، ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك كىشى-
لەرنى ماختىسا ئىلھاملىنىپ كەمتەرلىك بى-
لەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەيدۇ؛ قارا نىيەت، نا-
دانلارنى ماختىسا ئەقلىدىن ئېزىپ ئايني-
دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،**
**يامانىنى ئۆز ئىكەن دېمە**

بۇ، رەھىمدىل، پەزىلەتلىك كىشىلەر-
نىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ يات كۆرمەسلىك؛
نىيىتى يامان، پەزىلەتسىز كىشىلەرنىڭ نەي-
رەڭلىرىگە ئالدىنىپ، ئىشىنىپ كەتمەس-
لىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى نىيەت ئاشقا،**
**يامان نىيەت باشقا**

بۇ، پايدىلىق مەقسەت، ئارزۇ - تىلەك كىشىنى بەخت ۋەسلىگە يەتكۈزىدۇ؛ سۇيىقەستنى چىقىش قىلغان مەقسەت، ھىيلە - مىكىر، شۇملۇق كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس**

بۇ، ئەقىللىق، دانا كىشى ھەرقانچە بەتتەر كۈنگە قالسىمۇ ئىچىنىشلىق ئەھۋالنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئاكىلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە ئۇلارغا: ئاكىلار! مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپسىلەر، بۇ شەھەر ئەمدى بىزگە ھارام بوپتۇ. دادىمىز تەقۋادار ياخشى كىشى ئىدى. دادىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەيلى. «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس» دەپتىكەن. بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا بىر شەھەرگە چىقىپ كېتەيلى، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

**ياخشى يارغا ئەلچى كېرەك ئەمەس**

بۇ، كۆڭۈلگە يارىغان، سۆيگۈنگە سادىق مەشۇق بىلەن ئارىغا كىشى قويمايمۇ ئۇچرىشىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يارا ئاغرىقىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى يامان**

بۇ، ھەر كىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىكتە ئەھمىيەت بېرىپ، گەپ - سۆز، مۇئامىلىدە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يارنى تاپقاندا گەپ يوق،**
**گەپنى تاپقاندا يار (يوق)**

بۇ، سۆيگەن كىشىسىنى ئۇچراتقاندا يۈرەك تېپچەكلەپ مەقسىتىنى دېيەلمەي پەيتىنى ئۆتكۈزىۋېتىدىغان، كۆڭلىدىكىنى دېمەكچى بولغاندا مەشۇقىنى تاپالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببەتتىكى ئارمانلىق كەچۈرمىشىنى بىلدۈرىدۇ.

**يارنىڭ سۈرىتىگە قارىما، خۇلقىغا قارا**

بۇ، قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالى، چىرايىغا كۆڭۈل بەرمەي، مىجەز - خۇيىغا، ئەخلاق - پەزىلىتىگە قاراپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يار ئۆتىنىڭ يارىسى يوق**

بۇ، چىن كۆڭۈلدىن ياخشى كۆرۈپ سۆيگەن كىشىسىنىڭ ھىجران تۇپەيلى كەلتۈرگەن ئىشق ئازابى مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق**

بۇ، چىن دىلىدىن سۆيگەن مەشۇقى ئۈچۈن تارتقان جەبىر - جاپا، دەرد - ئەلەم ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي تېخى نازىنى كۆرەي، قەدىمكىلەردە «يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق» دېگەن تەمسىل بار. يولى كەلگەندە ئۇنىڭ تايىقىمۇ دورا بولىدۇ، دېدى ئۇ.

**يارىتىش خۇدادىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن**

بۇ، ياشاش، ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۈ-
چۈن غەيرىيىنىڭ ياردىمىنى كۈتمەي، ئاللا
بەرگەن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ھەرىكەت قى-
لىش ئارقىلىق بايلىق يارىتىش كېرەكلىكى-
نى بىلدۈرىدۇ.

**يارىم يامانلىغانغا خۇش،**
**مەن قۇتۇلغانغا (خۇش)**

بۇ، ئەر - خوتۇن، قىز - يىگىتلەر-
نىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان مۇھەببەتلىك
خۇلق - نازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: كو-
نىلارنىڭ «ئۆزى كەتكەن يارەي، ئۆزى كەل-
گەن يارەي» دېگىنى راست ئىكەن - دە،
يامانلىسا يامانلاۋەرسۇن، ماڭا نېمىدى؟ «يا-
رىم يامانلىغانغا خۇش، مەن قۇتۇلغانغا» دې-
گەندەك، بەك يامانلىسا ئۇزاققا كەتسۇن،
بىر تاۋاق ئېشىم قازىنىمدا قالىدۇ، دېدى
گۇلبوستان ئاچچىقلاپ.

**ياز بار، قىش بار،**
**ئالدىرىماڭ ئىش بار**

بۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراڭغۇلۇق
قىلماي، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاپ،
ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاتلىنىش
كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياز بولسا قىش بولمىسا،**
**ئاش بولسا ئىش بولمىسا**

بۇ، ئىش خۇش ياقمايدىغان، ئىشلىمەي
راھەت كۆرۈشنى ئىزدەيدىغان، تەييارغا ئام-
راق كىشىلەرنىڭ پسخىكىسىنى بىلدۈر-
دۇ.

**يازدا چاناڭنى تەييارلا،**
**قىشتا ھارۋاڭنى (تەييارلا)**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ھەر بىر ئىشنىڭ
ئېھتىياجى بويىچە يازنىڭ تەييارلىقىنى قىش-
تا قىلىش، قىشنىڭ تەييارلىقىنى يازدا قى-
لىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلار**

بۇ، تىرىكچىلىكتە تەر تۆكۈپ ئىشلى-
مەي، ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى-
نى ئۆزى قىيىنچىلىققا تۇتۇپ بېرىدىغان
كىشىلەرنىڭ ھۇرۇنلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يازدا ئېرىنچەك بولساڭ،**
**قىشتا دۇمچەك بولىسەن**

بۇ، تىرىكچىلىكتە كەلگۈسى ئۈچۈن
جاپا چېكىپ ئاساس ياراتماي پۇرسەتنى كەت-
كۈزۈۋەتكەنلەر تۇرمۇشتا قىيىن ئاقىۋەتكە
قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر،**
**قىشتا ئوزۇقۇڭنى (ئېلىپ يۈر)**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ھەر ئېھتىمالغا قار-
شى ئالدىنئالا پۇختا تەييارلىق بولۇش كې-
رەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: يازدا يې-
پىنچاڭنى ئېلىپ يۈر، قىشتا ئوزۇقۇڭنى،
دەپ سۆز باشلىدى ھامىدىن غۇلجا كۆلكى-
نىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ، تاغقا چىققاندا يېپىنچا
يېتەرلىك بولمىسا، قازى ئاخۇنۇمدەك «ئې-
تىنى ئاتىماي ياپ» دەيدىغان ئىش چىقىدۇ.

**يازدا بىسىل، قىشتا قىسىل**

نىڭ ئېھتىياجى، ئەمەلىي ئەھۋالى، شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياز – دۆلەت، قىش – مەينەت**

بۇ، يازدا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، تىرىكچىلىك قىلىش ھەر جەھەتتىن قۇلايلىق ئىكەنلىكىنى؛ قىشتا ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى تىرىكچىلىك قىلىشقا ھەر جەھەتتىن ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا**

بۇ، ياز پەسلى يىلنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئالتۇن مەزگىلى بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا قۇلايلىق نۇرغۇن پايدىلىق ئەۋزەللىكلەرگە تولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلار «يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا» دېگەندەك، جەمىلەمنىڭ تەرگەن چاۋار - چاتقال، تېزەكلىرى ئەمدى قىش قىيىنچىلىقىدا قالغان ئائىلىگە بىردىنبىر يېقىلغۇ بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

**يازنىڭ كېلىشىنى باھاردىن بىل**

بۇ، ياز پەسلىدىكى ئىشلارنىڭ نەتىجىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنى باھار پەسلىدە باشلانغان ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن مۆلچەرلەش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياز بول يۇر تاڭ ئاتماستا،**
**قىش بول يۇر كۈن چىققاندا**

بۇ، سەپەر ياكى باشقا ئىشنى يازلىقى تاڭ يورۇماستا، قىشلىقى كۈندۈزدە باشلىسا نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان**

بۇ، مەلۇم نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جاپالىق، مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە تەييارنى يېمەك، يوقاتماقنىڭ تولىمۇ ئوڭايلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياسانچۇق توخمايدۇ، تىترەيدۇ**

بۇ، ھەدېسە ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ چەكتىن ئاشقان ياسانچۇقلۇق ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياش تۆككىچە مۇشت تۈگ**

بۇ، باشقىلارنىڭ ئىلكىدە بويۇن قىسىپ كۆز يېشى قىلغاندىن كۆرە، غۇرۇرلۇق بولۇپ، زوراۋانلىققا قارشى ئېلىشىش كېرەك دېگەن، مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياش قوماچقا ئامراق،**
**قېرى ئۇماچقا (ئامراق)**

بۇ، ياشلىقتا ئادەمنىڭ چىشى، ئاشقازىنى ياخشى بولۇپ، قاتتىق - يىرىك نەرسىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قېرىلىقتا ئادەمنىڭ چىشى، ئاشقازىنى ئاجىزلاشقاچقا، يۇمشاق، سۇيۇق - سەلەڭ نەرسىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياش قېرىتماس، غەم قېرىتار**

بۇ، ئارتۇقچە دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت، تىرىكچىلىك ئەندىشىسى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى تېز خورىتىدۇ، دېگەن مەنە-

نى بىلدۈرىدۇ.

**ياش كۆچەتنىڭ مېۋىسى سەرخىل**

بۇ، يېڭىدىن مېۋىگە كىرگەن كۆچەتنىڭ مېۋىسى سۈپەتلىك، خىل بولغىنىدەك؛ ياشلىقتا تۇغۇلغان پەرزەنت بەردەم، قاۋۇل ئادەم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار،**
**قېرى ئۆلىمەن دەپ (قورقۇتار)**

بۇ، قۇرامىغا يەتكەنلەر تۇرمۇش، تىرىكچىلىك پائالىيىتىگە ئالدىرايدۇ، ياشانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرەت غېمىدە قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياشلىقنىڭ قەدرى قېرىغاندا ئۆتۈلەر**

بۇ، ياشلىق ئىنسان ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ياشلىقنى قەدىرلەپ، ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياشلىقىڭدا بىلىم ئال،**
**قېرىغاندا ئىشقا سال**

بۇ، ئادەم ياش ۋاقتىدا بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ ماھارەت ئىگىلەش لازىملىقىنى، ياشانغاندا ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياشلىقىڭدا گۈل قىس،**
**قېرىغاندا غىت قىس**

بۇ، ھەركىم ياشلىقنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆمۈرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش، ياشانغاندا تۈرلۈك خىيال، ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، ھالىغا يارىشا ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياشلىقىڭدا ئىشلە،**
**قېرىغاندا چىشلە**

بۇ، ياشلىقتا جاپادىن قاچماي، ئىگىلىك يارىتقان كىشى ياشانغاندا ئەمگىكىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياشنىڭ سەتى يوق،**
**قېرىنىڭ چىرايلىقى (يوق)**

بۇ قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاچ گۈزەل، چىرايلىق، جەلپ قىلارلىق بولىدۇ. ياشانغاندا ھەر تەرەپتىن زەئىپلىشىپ بارغاچقا، چىرايى پۈرلىشىپ ھۆسنىدىن قالىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغاچ پىچاقتا تۆمۈر غىلاپ**

بۇ، ھال - ئەھۋالى ناچار، تۇرمۇشى غورىگىل تۇرۇقلۇق ھەشەمەتنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ياسانچۇقلۇق، ئابرۇيپەرەسلىك ئادەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغاچ قازاندا ئاش بىر پىشار،**
**ئىككى پىشماس**

بۇ، بىراۋنى ئالدايدىغان ھىيلە - مىكىرلىك ئىشلار دەماللىقتا يۈرۈشسىمۇ، داۋاملىق يۈرۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر ياشاپ ئۆتىدۇ، شۇنداق كىشىلەر باركى، يالغاننى راست قىلىپ، ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەرنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىممۇ ئىشەندۈرەلەيدۇ، كونىلار «ياغاچ قازاندا ئاش بىر پىشار، ئىككى پىشماس» دەيدىكەن، لېكىن بەزى كىشىلەر ئىككى ئۈچ قېتىممۇ قايىنىتالايدىكەن، ساۋۇتجان مانا شۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ چىقتى!

**ياغاچ قولاققا گەپ ئۆتمەس**

بۇ، بىراۋنىڭ سەمىمىي نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان بىغەرەز كىشىلەرنىڭ كاجلىق، ئۆز بېشىمچىلىق مىجەزىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،**
**تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا (كەس)**

بۇ، ھەر ئىشنى ئالدىنئالا پۇختا پىلانلاپ، ياخشى ئۆلچەپ، كۆپ كېڭىشىش ئارقىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما**

بۇ، ھېچبىر شەپە - ئۇچۇرى بولمىغان، تايىنى يوق ئىشقا ئالدىراپ جابدۇنماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغ يەپ يالىڭاچ يات**

بۇ، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ساغلاملىقتا مۇھىملىقىنى، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلانغاندا سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇپ، بەدەن تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياغ يېگەندە يات،**
**دەرد تارتقاندا قېرىنداش**

بۇ، ئامىتى كېلىپ راھەت كۆرگەندە ھەممىدىن يۈز ئۆرۈپ، يېقىنلىقتىن كېچىدىغان، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە تۇغقان ئىزدەپ قىلمىغىنى قالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يا قايىنامدىن چىقسۇن،**
**يا سايرامدىن (چىقسۇن)**

بۇ، كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرماي تەۋەككۈل قىلىپ كىرىشكەن ئىش ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ھامان بىر نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياقىلار ئېتەك بولدى،**
**ئېتەكلەر ياقا (بولدى)**

بۇ، قىسمەتنىڭ تەتۈرلۈكىدىن ئاق كۆڭۈل، ئەتىۋارلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر خارلىنىپ، قارا نىيەت، ئالدامچىلارنىڭ قەدىرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالاقچى يالاپ تويماس،**
**غالچا غاجاپ (تويماس)**

بۇ، خۇشامەتچىلىك بىلەن ئەسكىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ ياخشىلارغا ئۇۋال قىلىدىغان، غەيۋەت - شىكايەت، گەپ تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەرنىڭ غورۇرسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالاقچى يالاق تۆۋىدە،**
**تېجىمەل تاياق تۆۋىدە**

بۇ، خۇشامەت بىلەن جان باقىدىغان كىشىلەر پايدا - مەنپەئەتكە يېقىن ئىكەنلە-كىنى، ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەر تىل - ھاقارەت، دۇمبادىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالجىمساق يەر يۆتكەل**

بۇ، تىرىكچىلىكتە روناق تاپمىغان، تۇرمۇشى ئىلگىرى باسمىغان كىشى باشقا ياقلارغا كۆچۈپ بېرىپ تىرىكچىلىك قەدىمە-نى يېڭىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-دۇ: سەپەر قىلماق بوۋايلاردىن قالغان، يال-جىمساق يەر يۆتكەل، دەپتىكەن، يۆتكە-لىپ كۆرەي، ئىككىمىزنىڭ بەختى، بىر ئايلىنىپ كېلەي، دەپتۇ ئۇستىقۇل.

**يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى**

بۇ، ئادەم ھەرقانداق ئەھۋالدا توغرا، راستچىل، سەمىمىي بولۇش كېرەكلىكى-نى؛ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىش ئىنساني ئەخلاققا خىلاپ، پەزىلەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام**

بۇ، راست سۆزلىمەيدىغان سەمىمىيەت-سىز ئادەم ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلەر بىلەنمۇ ساختىپەزلىكىنى يوشۇرۇپ قالالماي-دۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى تەييار**

بۇ، راست سۆزلىمەيدىغان، ساختىپەز ئادەمنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئاساسقا ئىگە قى-لىدىغان شاھىت - دەلىللىرى تەخ ئىكەنلە-كىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغانچى ئۆلۈمنى گۇۋاھچىلىققا تارتار**

بۇ، راست سۆزلىمەيدىغان مەككار ئا-دەم ئۆز ئويدۇرمىسىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنىمۇ شېپى كەلتۈرىدۇ، دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغانچى يالجىماس،**
**ئوغرى بېيىماس**

بۇ، ھەق گەپ قىلمايدىغان ساختىپەز ئادەم ھەرگىز راۋاج تاپمايدۇ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-دۇ.

**يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن،**
**راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن**

بۇ، ھەر ئىشتا سەمىمىي، راستچىل بولۇش كېرەكلىكىنى، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلغان كىشىنىڭ چىقىش يولى تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،**
**چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس**

بۇ، ئاممىدىن ئايرىلىپ تەنھا ئىش باش-لىغان كىشى چوڭ نەتىجە قازىنالمايدۇ، بىرلىشىپ ئۆملۈكتە قىلغان ئىشنىڭ نە-تىجىسى زور بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-رىدۇ.

**يالغۇز چاۋاكنىڭ ئۈنى چىقماس**

بۇ، بىرلەشمەي، ئاممىدىن ئايرىلىپ تەنھا قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسى، شەرىپى

بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغۇز خىش تام بولماس**

بۇ، ئاز نەرسە ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ، كۆپچىلىك بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقاندىلا ھەممە ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغۇز دەرەختىن قوش تېزىپتۇ**

بۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن يىراقتا يەككە - يېگانە ياشاش كىشىگە دىشۋارچىلىق كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بەخت - ئامەت قاچىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغۇزلۇقتا يار ياخشى**

بۇ، تەنھالىق كىشىگە چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشتا مۇھەببەتلىك ھەمراھ، دوستىنىڭ بولۇشى ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە چىشىڭ تۆكۈلەر**

بۇ، تىرىكچىلىكتە ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن ئىشلار بىرلىك، ئىتتىپاقلىقتىن بەرپا بولىدىغانلىقىنى، تەنھالىقتا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈللۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالىڭاياغ سۇدىن قورقماس**

بۇ، خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايدىغان، شىر سۈپەت كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى بىلدۈرىدۇ: بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قوزغالدۇق، كونىلاردا «يالىڭاياغ سۇدىن قورقماس» دېگەن گەپ بار. ئۆتۈكنى سالدۇقمۇ، بولدى، ئەمدى ھەرقانداق سۇ بولسىمۇ كېچىۋېرىمىز! دېدى سالى دورغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

**ياماق ياماپ، يارماق تاپ**

بۇ، پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق مۈشكۈل ئىش بولسىمۇ، جاپادىن قاچماي، ھالاللىق بىلەن تەر تۆكۈپ بېيىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان ئادەم يۇرت بۇزار،**
**يامان ھارۋا يول (بۇزار)**

بۇ، ئەل - يۇرتقا زىيان سالىدىغان، يامان نىيەتلىك ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان بولساڭ ئاسىدۇ،**
**ياۋاش بولساڭ باسىدۇ**

بۇ، مۇرەككەپ جەمئىيەتتە ھەر ئادەم ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ قەدەم بېسىشى، يېنىكلىك قىلىپ ئاممىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، شۇنداقلا يەنە بىچارىلىقتىن كەينىدە قېلىپ بوزەك بولۇپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان خوتۇن ئالغۇچە،**
**بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە**

بۇ، ھەركىم توي ئىشىغا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، مىجەز - خۇلقى، ئەخلاق - پەزىلىتى

ياخشى، ھايالىق ئايالغا ئۆيلىنىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىدىن جىن قورقىدۇ**

بۇ، باشقىلارغا دائىم يامانلىق قىلىشنى ئويلايدىغان، قارا نىيەت، سۈيىقەستچىدىن ھەممە ئادەم ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانغا ئاتا بولغۇچە،**
**ياخشىغا ھاسا بول**

بۇ، ئادەمگەرچىلىك، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان، ھەدېسە جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىدىغان ئەسكىلەرگە خەيرخاھلىق قىلغاندىن كۆرە، پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەرگە چاكار بولۇش ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما**

بۇ، كىشىلەرگە دائىم يامانلىق ئويلايدىغان، قارا نىيەت، ئەسكىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانغا ياغ ياراشماس،**
**ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت**

بۇ، خەيرخاھلىق، رەھىم - شەپقەت قىلغاننى بىلمەيدىغان نادانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆيۈنۈشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا: يامانغا ياغ ياراشماس، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت! ھەي ئەقىلسىز ئەخمەق! ئەمدى مۈشۈ گېپىڭنى بېگىمگە ئېيتىپ، سېنى قانداق قىلدۇرۇۋېتىدىغانلىقىمنى كۆر! بىردەمدىلا جازاڭنى تارتىسەن! دېدى.

**يامانغا يانتاياق بولما**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان بەتنىيەتلەرگە يار - يۆلەك، ھەمدەم بولماسلىقنى، ئىچ ئاغرىتىپ مەدەت بەرمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار،**
**قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يۇقار)**

بۇ، قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا ئۇۋال قىلىدىغان سۈيىقەستچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانغا يېلىن، ئاغزىغا نېرىن**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان نەپسانىيەتچىلەرگە گېزى كەلگەندە يوللۇق يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئاز - تولا نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن خەلق مەنپەئىتى يولىدا پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى**

بۇ، تەربىيە كۆرمىگەن ساياق قىز ئۆز بەختىگە زامىن بولۇپ، لايىقسىز قالىدۇ، ئۇنىڭ دەردىنى ئانىسى تارتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان كالا يار بويىدا مۈزايلاپتۇ**

بۇ، ھەدېسە سۈيىقەستلىك ئىشلار بې-

لەن شۇغۇللىنىدىغان، بەتنىيەت ئادەم ئې-
غىر كۈنلەردە ھەممىگە دىشۋارچىلىق كەل-
تۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان كۆرگەن ياغاچ**
**مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈۋرۈك بوپتۇ**

بۇ، كۆزگە ئىلماي ياراتمىغان، ئۆچ كۆرگەن ئادەم ياكى نەرسە ئويلىمىغاندا مۇھىم ئىشقا لازىم بولۇپ ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان كۈنلەر ياخشى بولار،**
**يامان ئادەم ياخشى بولماس**

بۇ، خەلق بېشىغا كۈلپەت، دىشۋارچىلىق كەلتۈرگەن كۈنلەر تارىخ سۈپىتىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ سۇيىقەستلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەتنىيەت ئادەم خۇي - پەيلىدىن ئاسان يانمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان كىشى سىيلىغاننى بىلمەس**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان، نادان ئادەم قەدىرنى قىلىپ ئەتىۋارلىغاننى بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان**

بۇ، ئەجرىگە يارىشا ئېرىشكەن نەپ - نېسىۋىسىگە قانائەت قىلماي، ئورۇنسىز قېيىدىغان ئىنساپسىز كىشى قولغا كېلىۋاتقان مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانلىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى**

بۇ، ئورۇنسىز قېيىدايدىغان، مىجەزى غەلىتە كىشىنىڭ خۇي - پەيلىگە يارىشا چارە - تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردۇ.

**يامانلىقنىڭ يولى يېنىك،**
**ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر**

بۇ، ئەل - يۇرتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىش ناھايىتى ئوڭاي ئىكەنلىكىنى؛ خەيرلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ بەكمۇ تەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياماننى ئايىساڭ، ياخشىلىق يوق**

بۇ، تەرتىپ — ئىنتىزام، قانۇنغا بويسۇنماي خەلققە زىيانلىق ئىش قىلىدىغان بۇزۇقلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، قانات ئاستىغا ئالغان كىشى يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ، ئۆزىگە بالا تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياماننى قويۇپ بەرسەڭ ئەركىگە،**
**كۈندە چىچىدۇ بۆكىگە**

بۇ، قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلمايدىغان، ئەخلاقسىز كىشىلەرنى مەيلىگە قويۇپ بەرمەي، چىڭ تۇتۇپ، قاتتىق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى، يۈز - خاتىر قىلغاندا ئىشنى بۇزۇپ چاتاق چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

**ياماننى كۆرمەي،**
**ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان نائەھلىلەرنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان كىشى

رەھىمدىل، ئالىيجاناپ كىشىلەرنىڭ ياخشى-
لىقىنى بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىنىڭ توقمىقى يېنىدا**

بۇ، باشقىلارغا يامانلىق ئويلايدىغان قا-
را نىيەتلەرنىڭ ئەسكىلىكى گېپى كەلگەندە
ئۆز بېشىغا توقماق بولۇپ تېگىدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىنىڭ تۈزغا بارغىنى – قىزغا بارغىنى**

بۇ، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر ئادەملەر
كۆرۈنۈشتە بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇ-
ۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە
ئۆزىنىڭ شۇم غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا
ئۇرۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىنىڭ سۈيىنى ئىچكۈچە،**
**قاپىقىنى چېقىۋەت**

بۇ، جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىش قىلىدى-
غان، نىيىتى يامان كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە
تايانغۇچە، ھىيلە ـ مىكىر تۇزاقلىرىنى بىت-
چىت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىنىڭ ئوتى يامان**

بۇ، مىجەزى ئىتتىك، خۇلقىلىق، شوخ
ئايال جەلىپكار، ئىشقى ـ مۇھەببىتى كۈچ-
لۈك بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامانىنىڭ يامانلىقى بار،**
**كىشى بىلمەس ھىيلىسى (بار)**

بۇ، نىيىتى يامان كىشىلەر تۈرلۈك
نەيرەڭلەر بىلەن يوشۇرۇن ھالدا باشقىلارنى
قەستلەش، ئورىغا ئىتتىرىش ھەرىكىتى بى-
لەن شۇغۇللىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**يامانىنى ئېشىكىڭگە يولاتساڭ يولات،**
**قېشىڭغا يولاتما**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان،
پەزىلەتسىز كىشىلەرگە ئاش ـ ئوزۇق بەر-
گەندىمۇ، ئۇلار بىلەن ئارىلاشماي، يىراق
تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان ئۇرۇقتىن ياخشى مېۋە بولماس**

بۇ، يولدىن چىققان، ئادەمگەرچىلىكى
يوق نادان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئەھ-
مىيەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان ئۆزىنى بىلمەس،**
**ياخشىنى كۆزىگە ئىلماس**

بۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان،
ئاڭسىز كىشىلەر ئۆزىنى چۈشەنمىگەننىڭ
ئۈستىگە، ھەددىدىن ئېشىپ، ئاق كۆڭۈل،
ياخشى كىشىلەرنى ياراتماي تۆۋەن كۆرىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامان ئىشنى يامان تاپار،**
**سېسىق گۆشنى چىۋىن (تاپار)**

بۇ، يولدىن چىققان ئەسكى ئادەملەر
قائىدە ـ يوسۇنغا، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا خىلاپ
ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ، ھە دېسە پىتنە ـ
ئىغۋا تۇغدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**يامان ياماندىن قورقىدۇ،**
**كەتمەن ساماندىن (قورقىدۇ)**

بۇ، قائىدە ـ يوسۇن، قانۇن ـ تۈزۈم-

گە ئەمەل قىلمايدىغان، ئاڭسىز ئادەم ئۆز-
گە ئوخشاش ھەر بالادىن يانمايدىغان، بىشەم
ئەسكىلەردىن قورقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**يامغۇردا يەپ يات،**
**بوراندا دۇم (يات)**

بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقىت، شارائىت،
ئەھۋالغا بېقىپ ماسلاشتۇرغان ئا-
ساستا ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**يامغۇرنىڭ قەدرىنى تاش بىلمەس**

بۇ، ئېھتىياج چۈشمىگەن نەرسىنىڭ
قەدىر - قىممىتى، ئەتىۋارى بولمىغاندەك؛
باغرى قاتتىق ئادەم رەھىم - شەپقەت، ياخ-
شىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامغۇر ياغدى - باغ ياغدى،**
**قار ياغدى - نان ياغدى**

بۇ، ھۆل - يېغىننىڭ تەبىئەتكە، دېھ-
قانچىلىققا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىنتايىن پاي-
دىلىق ئىكەنلىكىنى، ھۆل - يېغىن كۆپ
بولسا زىرائەت ئوخشاپ ھوسۇل مول، دارا-
مەت كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامساڭ يېڭى بولار، يېڭىنىڭ تېگى بولار**

بۇ، تۇرمۇشتا ئىسراپخورلۇق قىلماي،
پىلانلىق، ئىقتىسادچانلىق، تېجەشلىك بى-
لەن ئاددىي - ساددا ئىش كۆرگەن كىشى
قىيىنچىلىقتا ئۇچرىماي باياشات ياشايدۇ،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يامىننى ئېيتماي، ياخشىلىق يوق**

بۇ، گۇناھىنى پاش قىلماي، قىلمىشى-
غا ئىقرار بولماي تۇرۇپ، كەڭچىلىككە،
خەيرخاھلىق ۋە شەپقەتكە ئېرىشىش مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يانچۇقتا پۇلۇم - چىمەندە گۈلۈم**

بۇ، ياندا پۇل بولسا ھەرقانداق نەرسى-
نى سېتىۋالغىلى، تىجارەت كەسىپىنى يۈ-
رۈشتۈرگىلى، كۆزلىگەن مەقسەت - مۇراد-
قا يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈر-
دۇ.

**ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق**

بۇ، باشقىلارنىڭكىنى يارامىلىق، قال-
تىس چاغلاپ ئەتىۋارلايدىغان، ئۆزىنىڭكىنى
يارامسىز ھېسابلاپ كۆزگە ئىلمايدىغان ھاما-
قەتلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**يان يەرنى شامال قاقىدۇ،**
**چىرايلىقنى ھەركىم باقىدۇ**

بۇ، بىر چەتتىكى نەرسە كۆزگە —
تەسىرگە يېقىن بولغاندەك، شەرم - ھايا-
لىق، ساھىبجامال قىزغا ھەممە كىشىنىڭ
كۆزى چۈشىدۇ، ھەۋىسى كېلىدۇ، سۆيگۈ-
مۇھەببىتى ئۇرغۇيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

**يان يەر يەر ئەمەس،**
**كىچىك بالا ئەر ئەمەس**

بۇ، قورامىغا يەتمىگەن، ئەقلى ۋە كۈچ
- قۇۋۋىتى توشمىغان گۆدەك بالا چوڭ ئادەم
ھېسابلانمايدۇ، ئۇنى باتۇر يىگىت دېگىلى

تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**ياۋاش بولسا بوش دېمەك،**
**يۇمشاق بولسا گۆش (دېمەك)**

بۇ، ياۋاشلارنى بوشاڭ، قابىلىيەتسىز،
قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئاددىي چاغ-
لاپ، كەمسىتمەسلىك كېرەكلىكىنى؛ يې-
گىلى بولىدۇ دەپلا ھالال - ھارامنى پەرق
ئەتمەي نەپسانىيەتچىلىكتە بېرىلمەسلىكنى
بىلدۈرىدۇ.

**ياۋاشتىن قاپلان چىقىدۇ**

بۇ، بىراۋغا ئۇۋال قىلىپ زىيان سال-
مايدىغان، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم قا-
بىل، يارامىلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە**

بۇ، نورمال شارائىتتا بىراۋنىڭ تەقى
- تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى، جىمغۇرلۇ-
قىغا قاراپلا خاراكتېرىنى بېكىتكىلى بولماي-
دۇ، كۆرۈنۈشتە ياۋاش بىلىنگەن ئادەم ئاچ-
چىقى كېلىدىغان ئەھۋالغا يولۇققاندا ھەر
بالادىن يانمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**باياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر**

بۇ، سەپەرگە چىققان كىشى زۆرۈرىيەت-
سىز نەرسىلەرنى ئېلىۋالماي، يېنىك سە-
رەمجانلىق يولغا چىقىش كېرەكلىكىنى،
ئارتۇقچە يۈك سەپەردە ئاۋارىچىلىك كەلتۈ-
رىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەپ تويمىغان يالاپ تويماس**

بۇ، پايدا - مەنپەئەتكە بېرىلىپ، باش-
قىلارغا قىلچە نەپ بەرمەيدىغان بېخىللارنىڭ
ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەپ تۇر، بەك تۇر**

بۇ، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىنىشقا
سەل قارىماي، تاماقنى ۋاقتىدا، تويغۇدەك
يەپ، ساغلام ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرى-
دۇ.

**يەپ نېمەڭ قالدى -**
**ئىككى تال ئۈجمەڭ قالدى**

تۇرمۇشتا پىلانلىق، ئىقتىسادچىل بو-
لۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، تاپقىنىنى بۇزۇپ
- چېچىپ، بەتخەجلىك قىلىدىغان ئىسراپ-
خور كىشى يوقسۇل - نامراتلىق كوچىغا قا-
لىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەتتە يېشنى ئەسلىشەر،**
**يەتمىش يېشىدىن رەنجىشەر**

بۇ، ئادەم ياشانغاندا قېرىپ ئاجىزلاپ
كەتكەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ، باللىق، ياشلىق
چاغلىرىنى ياد ئېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىل-
دۈرىدۇ.

**يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا،
ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئىشەنچلىك،
ياخشى پىلانلاپ، كۆڭۈل توختاتقاندىن كې-
يىن، ئاندىن ئىشنى پۇختا قىلىش كې-
رەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر ئالتۇن قوزۇق،**
**غاجاپ يېسەڭ تۈگىمەس**

بۇ، يەر - زېمىن كىشىلەرگە بەخت ۋە بايلىق بېرىدىغان خورىماس خەزىنە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دېھقانچىلىقتا يەرنى ھەممىدىن بەك ئاسراپ، قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار،**
**خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق (بولار)**

بۇ، يەرنى ئوغۇتلاپ، پەرۋىشنى كۈچەيتكەندە مۇنبەتلىشىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى چۈشەنگەن، مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئىناقلىقى بۇزۇلمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۈرەر**

بۇ، دېھقانچىلىقتا يەر ياخشى ئاسرالسا ئىنساننىڭ ئاش - ئوزۇققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇپ تۇرمۇشىغا بەخت ئاتا قىلىدۇ؛ ئوت ئاپەتكە سەل قارالسا ھەممىنى ئۆرتەپ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر تويمىغۇچە، ئەل تويماس**

بۇ، دېھقانچىلىقتا يەرنى ئوغۇتقا قاندۇرۇپ، ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرغاندا مول ھوسۇل بېرىپ كىشىلەرنى ئاش - ئوزۇققا تويدۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر قوشنا - تام قوشنىدىن يېقىن**

بۇ، تېرىلغۇ يېرى ئۆزئارا يېقىن - تۇتاش بولغان كىشىلەر ئىش - ئەمگەكتە سىنىڭ - مىنىڭ دېيىشمەي بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ، ھەمكارلىق ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەرگە ئىشلە ئايانما،**
**يوق ئامەتكە تايانما**

بۇ، دېھقانچىلىقتا قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەي، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھىممىتىنى كۈتمەي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەرنىڭ يېمى ئوغۇت،**
**ئانا غېمى تۇغۇت**

بۇ، دېھقانچىلىقتا تېرىلغۇ يەر ئوغۇتقا تەشنا ئىكەنلىكىنى، يەرنى ئوغۇتلىماي تېرىغىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ ئوڭۇشلۇق، ئامان - ئېسەن تۇغۇش ئانا بولغۇچىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە،**
**كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە**

بۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ھەرقايسى پەيتلىرىدە قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنى كېچىكتۈرمەي ئورۇنداپ، كېيىنكى قېتىملىق تېرىقچىلىققا ئاساس يارىتىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭغا سەل قارالسا تەكرار ئىشلەش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر ھوسۇلنىڭ ئانىسى،**
**ئەمگەك ھوسۇلنىڭ ئاتىسى**

بۇ، دېھقانچىلىقتا يەر ئاشلىق ئىشلەپ-

چىقىرىشىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى؛ ئەمگەك بولسا ھوسۇل ئېلىشىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەر يامان ئەمەس، ئەر يامان**

بۇ، دېھقانچىلىقتا يەرلا بولۇپ ئەمگەك بولمىسا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى يەرگە ئىشلىمىسە ھەرقانداق مۇنبەت يەرمۇ ھوسۇل بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ،**
**بىر كۆزۈڭنى قىس**

بۇ، ھەر يەرنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا يارىشا ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەڭگەن سۇلتان، يېڭىلگەن ئۇلتاڭ**

بۇ، باشقا كەلگەندە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ غەلىبە قىلغان كىشى شان - شۆھرەت، مەرتىۋىگە ئېرىشىپ ھۆرمەتلىنىدۇ، ئىرادىسىزلىك، قورقۇنچاقلىق قىلىپ مەغلۇب بولغان كىشى نەزەردىن چۈشۈپ خارلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەنە دېسەم يەنە دەيدۇ،**
**ئاستا دېسەم بەكرەك دەيدۇ**

بۇ، ئۆزئارا مۇئامىلىدە بىر ئىشنى قايتا - قايتا زىغىرلاپ سورايدىغان، ياخشىلىقچە گەپ قىلسا ئەزۋەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىغەرەزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ،**
**بېرەي دېسە ئىچى (ئاغرىيدۇ)**

بۇ، بايلىقنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە كۆزى قىيمايدىغان، باشقىلارغا نەپ بېرىشكە تېخى چىدىمايدىغان پىخسىق كىشىلەرنىڭ بېخىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزات**

بۇ، ھەر ئادەم تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، ماددىي شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يورغا مىنگەن يولدا قاپتۇ**

بۇ، سەپەردە ئالدىراپ يول يۈرگەن كىشى تۇرلۇك كاشىلىغا ئۇچراپ مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار،**
**كۆپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن (ئايرىلار)**

بۇ، سەپەردە ئالدىرىغان كىشى ھەمراھىنى تاشلاپ ماڭىدۇ، زىيادە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشى دوستلىرىدىن، تەڭ دېمەتلىكلىرىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر**

بۇ، قول - ئىلكىدە بار، ھال - ئەھۋالى ياخشىلار بايلىقىغا ئىشىنىپ كېرىلىدىغانلىقىنى، يوقسۇل - نامراتلار موھتاجلىقتا بويۇن قىسىپ قىيىنچىلىق تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كىچىكنى شىلىپ (يە)
يوغاننى يونۇپ يە، ئىلكىدە بارلارنى ئالدىدى.
بۇ، قول - ئىلكىدە بارلارنى قاقتى - سوقـ.
غان، يوقسۇل - نامراتلارنى قاقتى - سوقـ.
تى، بوزەك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ نائىنسـ.
ساپلىق خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوق دېسە يېتىپ يەڭ**

بۇ، ئىشلىمەي قول - ئىلكىدىكىنى
چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىـ.
غان، ھۇرۇن كىشىلەرنىڭ راھەتپەرەسلىـ.
كىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق**

بۇ، قول - ئىلكىدە يوق، موھتاجلىق
غېمى تاغدەك باسقان نامراتلىق تۇرمۇش
ھەممىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوقسۇزلۇق مەردنىڭ قولىنى باغلار**

بۇ، قول - ئىلكىدە بولماسلىق تۈپەيلى
ھېچنېمىگە قۇدرىتى يەتمەيدىغان كەمبەغەلـ.
چىلىك لەۋزىدە تۇرىدىغان مەرد - سېخىي
ئادەمنى مات قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈـ.
رىدۇ.

**يوققا نېمە يوق، ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق**

بۇ، ئادەم بىرەر تاپاۋەتكە ئېرىشەلمەي
موھتاجلىق كۈنگە قالغاندا ھېچكىمدىن
ھېچنېمە تېپىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يوقنىڭ بىر دەردى بار،**
**بارنىڭ مىڭ دەردى (بار)**

بۇ، كەمبەغەل ئادەم يوقسۇزلۇق،
موھتاجلىقنىڭ دەردىدە غەم يەيدۇ؛ قول -

ئىلكىدە بار بايلار مال - دۇنياسىنى
ساقلاشنىڭ، ئۇنى ئاۋۇتۇشنىڭ كويىدا كۆـ.
زىگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈـ.
رىدۇ.

**يول ئازابى — گۆر ئازابى**

بۇ، سەپەر قىلىش ناھايىتى جاپالىق
بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتىن مۇشكۇل ئىكەنـ.
لىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئوتتەك كۆيدۈرۈپ
تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا، قورال - ياراغ
ۋە بىر قۇر يول لازىمەتلىكلىرىنى كۆتۈرۈپ
پىيادە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن بۇ «يول ئازابى»
«گۆر ئازابى» دېنمۇ ئېغىرراق بىلىنەتتى.

**يول بۇياققا، ھارۋا ئۇياققا**

بۇ، نام - ئاتاقتا بىر خىل سۆزلەپ،
ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان، سۆز
- ھەرىكىتى ماسلاشمايدىغان كىشىلەرنىڭ
يالغانچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس**

بۇ، سەپەر جەريانىدا يول ئۈستىدە قوـ.
شۇلغان ھەمراھ ھېچقاچان ئىشەنچلىك يولـ.
داش بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ**

بۇ، مەرد ئادەم قائىدە - يوسۇن، ئاـ.
دەمگەرچىلىكتە يېڭىلسىمۇ، ئەل - يۇرتىـ.
دىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈـ.
رىدۇ.

**يولدىن چىقما، خاندىن قورقما**

بۇ، قائىدە - يوسۇن، قانۇن - ئىنتىـ.

زامغا خىلاپ ئىش قىلماي، ئادالەتتە چىڭ تۇرغان كىشى ھېچكىمگە بوزەك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يول سورىماي يولغا چىقما**

بۇ، بىرەر سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال چوڭلارنىڭ ئەقىل - مەسلىھەتىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولسىزنىڭ تىلى قىسقا**

بۇ، قائىدە - يوسۇن، تەرتىپ - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ئاما ئالدىدا گېپى ئۆتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولغا چىقساڭ ئەتىگەن چىق**

بۇ، سەپەرگە ئاتلانغاندا يول يۈرۈشنى مۇمكىنقەدەر سەھەردىن باشلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ**

بۇ، سەپەرگە چىققاندا زېرىكمەي - تېرىكمەي، توختاۋسىز ماڭسىلا ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ مەنزىلگە يېتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولۋاسقا يولۇقما، يولۇقساڭ ھودۇقما**

بۇ، پەيلى يامانلار بىلەن ئىمكان بار ئۇچراشماسلىق، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا تەمتىرىمەي تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر**

بۇ، بىرەر دەرد - ئەلەم، خاپىلىققا دۇچ كەلگەن كىشى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئاچچىققا ھاي بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: پادىشاھ قاچىنى ئاغزىغا ئېلىپ بېرىشىغا قۇش سول قانىتى بىلەن بىرنى قويۇپ سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، لېكىن يەنە «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن ماقالنى ئەسلەپتۇ - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ.

**يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (قايتماس)**

بۇ، ئادەم ھەرقانداق ئىشتا مەرد، ئادىل، سەمىمىي بولۇپ، قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى، لەۋزىدىن يانماسلىقنى ئەركەكلىك بۇرچى ھېسابلاشنى بىلدۈرىدۇ: شاھزادە ئۇلاردىن كۈنچىقىشقا ماڭسا ئۆز يۇرتىغا، كۈنپېتىشقا ماڭسا ئاشىقى مەلىكىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. ئۇ «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (قايتماس)» دەپتىكەن، مەنمۇ مۇشۇ يولدىن يانماي، بىر ئىلاج قىلىپ مەلىكە بىلەن ياغاچ ئاتنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن يۇرتۇمغا قايتاي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، چوڭ يولغا چۈشۈپ كۈنپېتىشقا قاراپ يەنە مېڭىپتۇ.

**يولى باشقا، مەنزىلى بىر**

بۇ، قىلىۋاتقان ئىش - ئوقىتى، كەسپى ئوخشاشمايدىغانلارنىڭ كۆزلىگەن نىشانى، قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجىسى ئوخشاش

بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا**

بۇ، قىلىۋاتقان ئىش - ھەرىكىتى، كەسپى ئوخشاشمايدىغان ئىككى كىشىنىڭ ئوي - پىكرى، مەقسەت، مۇددىئالىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولنى بىلسەڭ سۇ ئۆگزىگە چىقار**

بۇ، ئەقىل ئىشلىتىپ پەم - پاراسەت بىلەن ئىش كۆرگەندە ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يول يۈرسەڭ باشقا چىق،**
**سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (چىق)**

سەپەرگە چىققان ياكى بىرەر ئىشقا تۇتۇنغان كىشى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق نىشانغا يېتىپ نەتىجە قازىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دادام رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا: «بالام سەن مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ قالغىن!» دېگەنىدى، مەنمۇ خۇددى «يول يۈرسەڭ باشقا چىق، سۇ ئۈزسەڭ قاشقا چىق» دېگەندەك، دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى چوقۇم ئورۇندايمەن، دېدى ئۇ.

**يۇرت بولسا ئالۋان بولمىسا،**
**تىنچ بولسا مالىمان بولمىسا**

بۇ، چېكىدىن ئاشقان تۈرلۈك خىراج، سېلىقلار بولمىغان يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، ئاۋات، خەلقى خاتىرجەم، باياشات بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،**
**قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن**

بۇ، ئەل - يۇرت، ۋەتىنىنى ھىمايە قىلغان كىشى ھۆرمەت، ئالقىشقا ئېرىشىپ، كۈنسېرى راۋاج تاپىدۇ، ئەل - يۇرتنى سۆيمىگەنلەر زاۋال تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇرت ئېتىكى كەڭ**

بۇ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنى، يۇرت - ماكانى چەكسىز، بىپايان ئىكەنلىكىنى، تىرىكچىلىك ئىمكانىيىتى قولايلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس**

بۇ، ئەل - يۇرتىغا زىيانلىق ئىش قىلغان كىشى ئۆز قىلمىشى تۈپەيلىدىن ھېچقانداق يەرگە سىغمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ،**
**ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان (يەپتۇ)**

بۇ، ھەركىم يۇرتىغا مۇھەببەت باغلاپ، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش كېرەكلىكىنى؛ خام خىيالغا بېرىلىپ يۇرتىدىن ۋاز كەچكەنلەر پۇشايمان يەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۆلەكلىك نام يېقىلماس**

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا قوللايدىغان ھامىيسى بار ئادەم يېڭىلمەيدۇ، ئوڭۇش-

سىزلىقتا ئۇچرىمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ**

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا قېرىنداشلار ھەر ۋاقىت تۇغقانچىلىقنى ئۇنتۇماي، مەڭگۈ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا**

بۇ، ھەرقانداق ئىش، گەپ - سۆز ئەمەلىيەت ئارقىلىق مۇئەييەنلىشىدۇ، ئەمەلىيەتنى كۆرمىگۈچە دەبدەبىلىك گەپ - سۆزلەرمۇ ئىشەنچلىك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ**

بۇ، دوستنىڭ كۆپ بولۇشى جەمئىيەتتە، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، دائىم يامانلىقنى ئويلايدىغان بەتنىيەت ئادەملەر بىرە - بىرە بولسىمۇ جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە**

بۇ، جەمئىيەتتە، ئاممىغا پايدىسى تەگمەيدىغان يارامسىز ئادەملەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، باتۇر - پالۋاندىن بىرسىگە تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈزۈڭدە قارا بولسا،**
**ئەينەكتىن كۆرمە**

بۇ، ھەركىم تازىلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ ئۆزىنى پاكىز تۇتۇش كېرەكلىكىنى، تازىلىقتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈزۈم قېلىن، كۆڭلۈم نازۇك**

بۇ، ئىزا تارتىش، ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم كۆرۈنۈشتە ئەدەپلىك، تارتىنچاق بولۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈزۈم كەتسىمۇ كەتسۇن،**
**جېنىم قالسۇن**

بۇ، قانداقلا بولمىسۇن جان ساقلاش، تىرىكچىلىك قىلىش ئابرۇي، مەرتىۋىدىن ئەلا دەيدىغانلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى - جېنىمنىڭ راھىتى**

بۇ، ئار - نومۇسنى يوقاتقان ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، پايدا - مەنپەئەت، ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان ھاياتلىق پەلسەپىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈز يۈزگە چۈشىدۇ،**
**مېھىر كۆزگە (چۈشىدۇ)**

بۇ، ئىشق - مۇھەببەت - يۈرەكتىن، ياخشى كۆرۈش بىلەن سۆيۈش - كۆزدىن ئىپادىلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار**

بۇ، ھەر ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ، سەۋر

- تاقەت، تەمكىنلىك بىلەن كىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېپىشقان خوتۇندىن قاچ،**
**قاچقان خوتۇننى قوغلا**

بۇ، ئۇچرىغانغا ھىجىيىدىغان، ھايا، نومۇس، ئىزانى بىلمەيدىغان، ساياق خوتۇندىن نېرى بولۇپ، ھايالىق، نومۇسچان، ئەخلاقلىق خوتۇننى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېپىقلىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن**

بۇ، دەماللىققا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان مەخپىي ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەسلىدىكى پېتىچە ساقلىنىپ قېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل**

بۇ، قورقۇنچاقلىق بىلەن رەقىبىگە تىز پۈكۈپ دەرد - ئەلەم، خارلىق تارتقۇچە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ: تالتېرەكتە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆز ھاياتىنىڭ ئاشۇ ئۆچمەس خاتىرىلىرىنى ئەسلەپ: «يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل» دەپتىكەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا پۇخادىن چىققۇدەك ئۆچ ئېلىپ ئۆلەي! دېدى ئۇ.

**يېتىپ يېسە تاغ توشۇماس**

بۇ، ھەركىم ھالىغا يارىشا ئەمگەك قىلىپ ياشاش كېرەكلىكىنى، تەييارنى يەپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندە ھەرقانچە كۆپ نەرسىمۇ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەر ئۆزىنىڭ يېتىملىكىگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىم تايدىن يورغا چىقار،**
**يېتىم بالىدىن دورغا (چىقار)**

بۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، ئىگە - چاقىسىز، يېتىملىكتە چوڭ بولغانلار ئىچىدىنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىلىيەتلىك خادىملار چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەرگە يۇرت - جامائەت ئىگە بولۇپ، خەيرخاھلىق، ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كىشىلەر ئۇ چوقۇر ئەپەندىنى كەمبەغەللەرگە ئەجەب كۆيۈمچان ئىكەن دەپ تەرىپلىشىۋاتىدۇ، «يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە» دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان - دە.

**يېتىم خۇداغىمۇ ئۆگەي**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىر بالىنى ھەممە كىشى كۆزگە ئىلماي، چەتكە قېقىپ خارلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن**
**كۆڭلى ھېيت بولار**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەر يېتىملىك تۈپەيلىدىن بىرەر قۇر كىيىم كىيگەن، قورساقلىرى تويغان كۈنى تەنتەنە قىلىپ شادلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنىڭ ئانىسى يوق،**
**بېلىدە پوتىسى (يوق)**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەر بىرەر يۆلەنچۈك، ھىمايىچىگە ئېرىشەلمەي يېتىملىك تۈپەيلىدىن غېرىبسىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە،**
**بېشى تاشقا تېگىدۇ**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەر ياخشى كۈن، ياخشى شارائىتقا ئېرىشكەندە يېتىملىك تۈپەيلىدىن پېشكەللىك، پالاكەتكە يولۇقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، بىز نېمىدېگەن بەختسىز خەلق، ھەر زامان - ھەر زامان بىز يېتىمنىڭ ئاغزىمىز ئاشقا تېگەر - تەگمەيلا بېشىمىز تاشقا تېگىۋاتىدۇ. بىزگە ھەمىشە «يېغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن كېلىدۇ» دەپ ئىچ - قارىنىدىكىنى سۆزلەپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

**يېتىمنىڭ ئاغزى بالدۇر ئاشقا تېگەر**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەر ياخشىلارنىڭ خەيرخاھلىق قىلىشى بىلەن بالدۇرلا ياخشى كۈن، ياخشى شارائىتقا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: سارىخان ئاچا، كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلمىسىلا، رىشىت ھەممىمىزنىڭ بالىسى، «يېتىمنىڭ ئاغزى بالدۇر ئاشقا تېگەر» دېگەن گەپ بار. ئۇ يەنە ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۇنى بىزنىڭ ئېمىرغا قوشۇپ قويايلى، ئىككىسى بىللە ئوقۇسۇن، دېدى سايىمخان.

**يېتىمنىڭ زارى يامان،**
**قازاننىڭ ھورى (يامان)**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، بىچارىلەرنىڭ نالىسى شەكسىز ئىجابەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ يىغلاتقانلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز بىچارىلەرگە كۆپچىلىك ئاما پاناھ، خەيرخاھ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنى يولاتما قېشىڭغا،**
**ئوغا تاشلايدۇ ئېشىڭغا**

بۇ، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەرنى كەمسىتىدىغان، يات كۆرىدىغان، ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قارايدىغان ياۋۇز نىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىمنى يېتىپ ئۇرار،**
**بولمىسا پۇتىدىن تۇتۇپ ئۇرار**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ تىل - ھاقارىتى، تاياق - دۇمباسىغا ئۇچراپ خارلىنىدى-

غانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېتىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ،**
**كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ**

بۇ، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىن، بىچارىلەر ئۆز ئەجرىگە تايىنىپ جان باقسىمۇ، شور پېشانىلىقىدىن رەھىمسىز كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسى، تىل - ھاقارىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېرى باينىڭ ئېلى باي**

بۇ، قېزىلمىلىرى مول، تۇپرىقى مۇنبەت ئەلنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى مۇستەھكەم، خەلقى شاد، باياشات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېرىڭ تاش بولسىمۇ،**
**ئېچىقىڭ باش بولسۇن**

بۇ، دېھقانچىلىق سۇدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، يەر مۇنبەت بولسىمۇ، سۇدىن يىراق بولسا ياخشى ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ناچار يەر سۇغا يېقىن بولسا ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى،**
**ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى**

بۇ، دېھقانچىلىقتا يەرگە توڭ ياتقۇزۇلسا ياكى قار كۆپ يېغىپ يەر ئۈستى قاپلانسا، زىرائەت ئوخشايدىغانلىقىنى، ھوسۇل كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس،**
**كېيىمى يېلىڭنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس)**

بۇ، بېيىغان كىشى تېخىمۇ كۆپ بېيىش كويىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدۇ، شارائىتى ناچار، نامرات ئادەم قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ھەرىكەت قىلىشقا قىزىقمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېرىم كۈننىڭ يېنىشى يوق**

بۇ، ۋاقىتنى كۆزگە ئىلماي، بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېشىغا قارىماي، ئىشىغا قارا**

بۇ، بىراۋنىڭ قولىدىن ئىش كېلىش - كەلمەسلىكى، پەزىلەتلىك ياكى پەزىلەتسىزلىكى ياش قۇرامىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا باغلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى،**
**ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى**

بۇ، ئوتتۇز ياشقا كىرىش بىلەن ئادەمنىڭ ياشلىق باھارى ئاخىرلىشىپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمى تۈگەيدىغانلىقىنى، قېرىلىققا قەدەم قويىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېشىنى يوشۇرغان ياش بولماس**

بۇ، ياش يوشۇرۇش ھەر بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىر خىل سەممىيەتسىزلىك، ساختىلىق بولۇپ، بۇنىڭلىق بىلەن ياشلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغا كەلسە، ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر**

بۇ، يۇرتنى پالاكەت باسقاندا، خەلق بىر نىيەتكە كېلىپ، بەختسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: راست ئېيتىدىلا، ھاجىم، بىزنىڭ تاغلاردا «يېغا كەلسە، ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بۇ چېرىكلەر ھەممىنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر بالا بولدى، دېدى ئۇ.

**يېغا ياندىن قوپار،**
**بالا قېرىنداشتىن**

بۇ، يېقىن كىشىلەرمۇ دوست - بۇرادەر، قېرىنداشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ، كۆڭۈل ئاغرىقى، بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئاردىغىنى يامان. مەن ئۆز ئىچىمىزدىن مۇنداق ئادەملەرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. «يېغا ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن» دېگەن راست گەپ ئىكەن.

**يېغا ياندىن قوپار،**
**دۈشمەن تاپاندىن (قوپار)**

بۇ، بالا - قازا، سۇيىقەست، دۈشمەنلىك يېقىن كىشىلەردىن، ئۆز ئىچىدىن چىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغى توگىسە، دۇغى بار**

بۇ، باشقىلاردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان، قولى ئوچۇق، مەرد ئادەم قول ئىلكىدە ھېچنېمىسى قالمىغان ھالدىمۇ، سېخىيلىق، ساخاۋەتلىك پەزىلىتىنى يوقاتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغىدىن يار بويى قاچ**

بۇ، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، تىنچ - ئامانلىق، خاتىرجەملىككە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇرۇش - جېدەل، ماجىرادىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغىر قەيەردە، چىۋىن شۇ يەردە**

① تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، مەينەتچىلىك باسقان جايغا زىيانداش ھاشارەتلار ئولىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ② كۆچمە: ناشايان ئىشلار بار يەرگە يولدىن چىققان، يامان ئادەملەر يىغىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغىلىق كۆندە يات ياخشى**

بۇ، ئەلدە ئۇرۇش - جېدەل، خاتىرجەمسىزلىك ئەۋج ئالغان چاغلاردا ناتونۇش كىشىلەردىن رەھىم - شەپقەت، ۋاپا كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېغىنى يان باسىدۇ،**
**ئوغرىنى دام (باسىدۇ)**

بۇ، يېقىن - يورۇق، ياخشىلار ئۇرۇش - جېدەلنى ھەل قىلىدۇ؛ ناتوغرا كەسپتىكى ئادەملەرنى تۇزاق، پالاكەت باسىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېقىن توغقان خىزمەتتە،**
**يىراق توغقان ئىززەتتە**

بۇ، قېرىنداش - تۇغقانلار بىر يەردە

ئولتۇراقلاشسا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۆز ئارا ئەسقاتىدىغانلىقىنى، يىراقتا بولسا بىر - بىرىنى ئەسلەپ يوقلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېگەن كۆرۈنمەس،**
**كىيگەن كۆرۈنەر**

بۇ، تاپقاننى قورساققىلا يېمەي، تۇرمۇشنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوزۇقلىنىش بىلەن كىيىنىشكە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېگەننىڭ يېلى بار،**
**يېمىگەننىڭ دەردى (بار)**

بۇ، تاماقنى نورمال يېيىش كېرەكلىكىنى، ھەددىدىن ئارتۇق يېيىلگەن تاماق كىشىگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى، تاماق يېمەي ئاچ يۈرۈش سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېگەن ئېغىز، كۆرگەن كۆز**

بۇ، ① گېلىغا ئامراق كىشى ھەدېسە يېگەن - ئىچكىنىنى سۆزلەيدۇ، كۆپ كۆرگەن كىشى كۆرگىنىنى سۆزلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ② يەپ ئۆگىنىپ قالغان كىشى نەپسىدىن كېچەلمەيدۇ، كۆزىگە چېلىققاننى ئالماي ئارام تاپمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېڭىسى ياندا، كونىسى جاندا**

بۇ، قىز تەگكەن تۇنجى خوتۇن ئەرگە ۋاپادار ، سادىق بولىدىغانلىقىنى، ئەردىن ئاجرىشىپ تەگكەن يېڭى خوتۇن ئەرگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەھەللىمىزدە ئەرنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئايدىن بىر يىلغىچە ئولتۇرۇپ ئاجرىشىپ كەتكەن تۆتەيلەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى «چالا چوكانلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارغا بىرەر يەردىن لايىق چىقسىمۇ «يېڭىسى ياندا، كونىسى جاندا» بولاتتى. «ئوبدان بولسا كونا ئەرنىڭ نېنىنى يېمەمتى» دەپ يېنىشىپ كېتەتتى.

**يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق**

بۇ، سىردىشىشقا ئۈلگۈرمىگەن، ناتونۇش ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى سۇرلۇك، تەبىئىتى غەيرىي بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېڭىنى ئايىغان كونا،**
**كىگىزنى ئايىغا بورا**

بۇ، تۇرمۇشتا ئىسراپچىلىق قىلماي، پىلانلىق، ئىقتىسادچان بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سەرەمجانلىرىنى ئاياپ ئىشلەتكەن كىشى تىرىكچىلىكتە بەرىكەت تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېڭى ئىدىشنىڭ سۈيى تاتلىق**

بۇ، دەسلەپتە ياخشى كۆرۈپ سۆيگەن كىشىسى بىلەن توي قىلغانلار بىر - بىرىگە قىممەتلىك، مۇھەببىتى كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمەس يەردە ئوت بار،**
**ئىچمەس يەردە سۇ (بار)**

بۇ، ھەرقانداق شەرت - شارائىت، ئىمكانىيەت ئارزۇغا باقمايدىغانلىقىنى، ئۇ-

نىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھارماي تىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمەيمەن دەپ تۇرۇپ،**
**يەتمىش قويماق يەپتۇ**

بۇ، كۆرۈنۈشتە تارتىنچاق، ئىنساپلىق بولۇۋېلىپ، پايدا - مەنپەئەتنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمەي - ئىچمەي بول بېخىل،**
**باي بولمىساڭ مەن كېپىل**

بۇ، تۇرمۇشتا بېيىش ئۈچۈن ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پىخسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بېخىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمەي يىغقاننىڭ يېگۈچىسى چىقار،**
**كىيمەي يىغقاننىڭ كىيگۈچىسى (چىقار)**

بۇ، تۇرمۇشتا پىخسىقلىق قىلىپ، ئۆزىنى زورمۇزور قىيناپ، غورىگىل ياشاش ئارقىلىق بايلىق توپلاشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمىسەڭمۇ ھەسەلنىڭ گېپىنى قىل**

بۇ، بىرەر ئىشنى قىلالمىغان كىشى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چىدام، غەيرەت بىلەن ياخشى ئارزۇ، تىلەكلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۈمىدۋار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش**

بۇ، تۇرمۇشتا يېمەي - ئىچمەي بېخىللىق بىلەن غورىگىل ياشاپ توپلىغان بايلىق ئىگىسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمىگىنىم پوق، كۆرمىگىنىم گۆر**

بۇ، ئۆمرىدە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، تۇرمۇشى غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھايات قىسمەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇكام، شۇنداققۇ دەيسىز، مېنىڭ «يېمىگىنىم پوق، كۆرمىگىنىم گۆر» قالدى. مېنىڭ كۆرگەن كۈنۈم شۇ تۇرسا ئەۋلادلىرىم نېمە كۈن كۆرەر، ئۆلسەم كۆزۈم قانداق يۇمۇلار؟! دېدى دېھقان بوۋاي.

**يېنىدا بىر پۇلى يوق،**
**تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ**

بۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، ماددىي شارائىتى كەمچىل تۇرۇقلۇق ھالىغا باقماي چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن دەيدىغان ماختانچاقلارنىڭ چوڭچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېيىشلىك ئات ھارماس**

بۇ، يېرىك - يۇمشاق دېمەي يەيدىغان ئىشتەيلىك ئۇلۇغ ساغلام، كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئىشقا سالغاندا چارچىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېپىڭ ئېشىكلىك بولسا،**
**ئىشىڭ پۈتۈكلۈك بولۇر**

بۇ، ئالدىنئالا ئەتراپلىق پىلانلىنىپ پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىشكەن ئىش ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يىتكەن پىچاقنى
ئاتقان پىچاق تاپار

بۇ، قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىنى يوقاتقان كىشى تاپالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن

بۇ، ھەرقانداق ئىشتا سەممىي، راستچىل بولۇش، كىشىگە يالغان ئېيتىپ تۆھمەت قىلماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراق بولسا كىشىنىشەر،
يېقىن بولسا چىشلىشەر

بۇ، مىجەز - خۇلقى ھەر خىل بولغان تۇغقانلار بىر - بىرىنى كۆرمىسە سېغىنىدىغانلىقىنى، يۈز كۆرۈشۈپ جەم بولغاندا چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
يېقىندىكى قوشنا ياخشى

بۇ، يانمۇ يان ئولتۇراقلىشىپ كىرىش - چىقىش قىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشتىن يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى رەنجىتمەي، ئىناق ئۆتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماس

بۇ، دەماللىققا قولغا كەلمەيدىغان، نېسى نەپ زۆرۈر تېپىلغاندا جانغا ئەسقاتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغۇڭ تىنماس،
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىقىڭ تىنماس

بۇ، ھەركىم بەھۇدە ئاۋارىچىلىك، گەپ - سۆز، باش ئاغرىقىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالغا، شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەردىن ئۆيلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يىراقنىڭ يېقىنى بار،
ساراڭنىڭ ماقۇلى (بار)

بۇ، بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە تېگىرقىماي، گەپ - سۆزدە سالماق بولۇپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ ئىپادە بىلدۈرىدىغان مىجەز - خۇلققا ئادەتلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يىغلاپ يۈرۈپ قىر ئەت،
ئويناپ يۈرۈپ يەر سۇغار

بۇ، دېھقانچىلىقتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەييارلىقى پۇختا ئىشلەنسە، كېيىنكى ئىشلارغا ئاسانلىق تۇغۇلۇپ، ئادەم جاپا تارتمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يىغلىغاندىن سورىما،
كۈلگەندىن سورا

بۇ، كەسىپ - تىجارەت، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا زىيان تارتقان كىشى كۆڭلى پەرىشان بولغاچقا، گەپ - سۆز خالىمايدۇ، كۆڭۈل ئاچقۇدەك پايدا - تاپاۋەتكە ئېرىشكەن كىشىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولۇپ، مۇڭدىشىشنى خالايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىغلىغاندىن قورقما،**
**كۈلگەندىن قورق**

بۇ، دەردمەن كىشىنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ، باشقىلارغا يامانلىق ئويلىمايدىغانلىقىنى؛ كۈل-گۈن-چەك ئادەم ھىيلىگەر كەلگەچكە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ، ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىغلىغاندىن ھال سورا،**
**كۈلگەندىن پۇل (سورا)**

بۇ بىرەر ئىشتىن ئازار يېگەن كۆڭلى يېرىم، دەردمەن ئادەمگە تەسەللى بېرىپ، روھلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى؛ كەيپىياتى ياخشى، خۇشال ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشىغا ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىغلىماقنىڭ كۈلمىكى بار**

بۇ، جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەمنىڭ ئورنىنى مۇقەررەر ھالدا شادلىق، راھەت - پاراغەت ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىقىلغان تام دىۋانىنى باسار**

بۇ، خاپىلىق، پېشكەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىز، بىچارە، يوقسۇللارغا يېپىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: «يىقىلغان تام دىۋانىنى باسار» دېگەندەك، يەنە دېھقانلارغا چارۋا سېتىپ بېرىش سېلىقى چۈشتى. غەزەپلەنگەن دېھقانلار بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، قۇرۇق گەپ بىلەن بولىسمۇ، قورساق كۆپۈكىنى چىقا-

**يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ**

بۇ، يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان كىشىلەر زىيان تارتىسمۇ، توختاپ قالماي، يەنىلا ئېلىشىش كويىدا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىقىلغانغا يۆلەك بول،**
**يىرتىلغانغا ياماق (بول)**

بۇ، كۈتۈلمىگەن پالاكەت، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان دەردمەنلەرگە يار - يۆلەك بولىدىغان، رەھىم - شەپقەت قىلىدىغان كىشىلەردىكى ئادەمگەرچىلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**يىقىلغاننى تەپمە،**
**قاچقاننى قوغلىما**

بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاپ، ئاجىز، ياۋاشلارنى بوزەك قىلماي، كەڭ قورساقلىق بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىقىلغاننى يەر كۆتۈرەر**

بۇ، بىرەر كېلىشمەسلىك تۈپەيلىدىن يېڭىلگەن كىشىلەرگە ئەل - يۇرت مەدەتكار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىگىتنىڭ مەردلىكى كەلگۈچە،**
**جۇۋاننىڭ سېخىيلىقى تۈتۈپتۇ**

بۇ، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ قىزغىنلىقى بولۇش كېرەكلىكىنى، بىر تەرەپنىڭ قىزغىنلىقى بولۇشىنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىڭنە قاياققا ماڭسا،**
**يىپ شۇ ياققا ماڭار**

بۇ، باشلامچىلار قايسى يولغا باشلىسا، ئەگەشكۈچىلەر شۇنىڭغا ماسلىشىدۇ، بىلىش لىقلارغا قول ئاستىدىكى پۇقرالار بويسۇنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس**

بۇ، ئەجىرسىز قولغا كەلگەن ھارام نەرسە ئاز بولسىمۇ كىشىنىڭ ھەققى بولغاچ سىڭمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىلان - چايان ئىزدىسەڭ**
**قازىنىڭ گۆرىنى ئاچ**

بۇ، ھوقۇق - ئىمتىيازغا تايىنىپ ئادالەتسىز يول تۇتقان، پارا يەپ كىشىگە ئۇۋال قىلغان ئەمەلدارلار ئۆلگەندە خۇدانىڭ قەھرىگە ئۇچراپ، گۆرىدە ھاشارات ئۇۋىلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن،**
**ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ**

بۇ، كۆرۈنگەنلىكى نەرسىدىن خۇدۇكسىرەپ چۆچۈيدىغان، ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ يۈرەكسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىلاننىڭ تۆشۈكى تۈز،**
**ئۆزى ئەگرى**

بۇ، ھەدېسە يامانلىقلا ئويلايدىغان، قارا نىيەت كىشىلەر ياخشىچاق قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ، بەرىبىر رەزىل خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىلاننىڭ تېشى سىلىق،**
**ئىچى زەھەر**

بۇ، مەككار ئادەملەر ھىيلىگەرلىكىدىن كۆرۈنۈشتە شېرىنسۇخەن، مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۇرسەت تاپسىلا دۈشمەنلىك قىلىش قەستىدە بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىلتىز سۇدا بولمىسا،**
**ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە**

بۇ، دېھقانچىلىقتا ھوسۇلنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ئالدى بىلەن سۇغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، زىرائەتلەر سۇغا قانمىسا يەردىن ھوسۇل چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يول يۈر، ئامان يۈر**

بۇ، ھەركىم پۇختا تەييارلىق بىلەن سەپەرگە چىقىپ، ساق - سالامەت، تىنچ - ئامان يول يۈرۈشكە تىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇردى يامغۇر
جاۋابكار كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچى: ئابلىز ئەمەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تار بوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 ×850مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 13.75
قىستۇرما ۋارىقى: 1
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000

---

ISBN7—5373—0819—5/H. 24